سۇلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى

ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن

# لازىملىق دىنى ئىلىملەر

## قۇرئان-ھەدىس پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا فىقھ

- 1 -

ئەنەس ئالىم

2017

# كىرىش سۆز

بىزنى ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. ياخشى ئاقىۋەت ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان كىملىكىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلانغان تەقۋادارلارغا بولسۇن. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى نەبىي مۇھەممەد (ئە.س) نىڭ شەنى ئۇلۇغ، دەرىجىسى ئۈستۈن بولسۇن. ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكە قەدەر بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى رەھمەت ۋە بەرىكەتكە چۆمسۇن.

مۇسۇلمانلىق ئىبادەت دەپ تونۇلغان بىر قىسىم پائالىيەتلەرنى قىلىش ۋە بەزى دىنى قائىدە-يوسۇنلارغا رىئايە قىلىش بىلەن چەكلىنىك ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلىق ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىنى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتىغا توغرىلاشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ ادْخُلُواْ فِي السِّلْمِ كَآفَّةً وَلاَ تَتَّبِعُواْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ﴾

«ئى مۇئمىنلار! تىنچلىققا تولۇق كىرىڭلار، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. چۈنكى شەيتان سىلەرنىڭ ئاشكارا دۈشمىنىڭلاردۇر». بەقەرە 208/2.

بۇ يەردىكى «تىنچلىق» ئىككى تۈرلۈك مەنا ئىپادىلەيدۇ: بىرى ئىسلام، يەنە بىرى سۈلھى (يارىشىش، كېلىشىش، ئەپلىشىش).

بىرىنچى مەنىگە ئاساسەن ئايەتنىڭ تەپسىرى:

«ئى مۇئمىنلار! ئىسلامنىڭ ھەممىسىگە كىرىڭلار، يەنى ئىسلامنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە ئىجرا قىلىڭلار، بەزىسىنى قوبۇل قىلىش ۋە بەزىسىنى رەت قىلىش ئارقىلىق شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار».

ئىككىنچى مەنىگە ئاساسەن ئايەتنىڭ تەپسىرى:

«ئى مۇئمىنلار! سۈلھىنىڭ ھەممىسىگە كىرىڭلار، يەنى ئاللاھ بىلەن سۈلھى ئىچىدە بولۇڭلار، كائىنات بىلەن سۈلھى ئىچىدە بولۇڭلار، ھايۋانلار بىلەن سۈلھى ئىچىدە بولۇڭلار، ئىنسانلار بىلەن سۈلھى ئىچىدە بولۇڭلار، ئۆزۈڭلار بىلەن سۈلھى ئىچىدە بولۇڭلار».

«تىنچلىق» قايسى مەنىنى ئىپادىلىسە ئىپادىلىسۇن نەتىجە ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ ھەممىسگە كىرگەن كىشى سۈلھىنىڭ ھەممىسگە كىرگەن بولىدۇ، سۈلھىنىڭ ھەممىسگە كىرگەن كىشى ئىسلامنىڭ ھەممىسگە كىرگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشتا، باشقۇرۇشتا، بېقىشتا ۋە ئىبادەتكە لايىق بولۇشتا يالغۇز ئىكەنلىكى، ھەر ئىنساننىڭ بىرەر ئاجىز مەخلۇق ۋە ھەر جەھەتتىن ئاللاھقا موھتاج ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ۋەزىپىسى ۋە بىر-بىرىگە بولغان ھەقلىرى، كائىناتتىكى ھەر جانلىقنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىلدە ياشاش، يەرلىشىش ۋە مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئەركىنلىكى بارلىقى، تەبىئەتتىكى ھەر نەرسىنىڭ ئۆز تەبىئىيلىكىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققى بارلىقى قاتارلىق ھۆكۈملەر قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەۋھىد ۋە ئىبادەت، ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دوستلۇق ۋە ئادالەت، ھايۋانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۆيگۈ ۋە مەرھەمەت، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياشىتىش ۋە گۈللىتىش بولغان كىشى ھەم ئىسلامنىڭ ھەممىسگە ھەم سۈلھىنىڭ ھەممىسگە كىرگەن بولىدۇ، شۇنداقلا مۇكاپاتلىنىشقا تېگىشلىك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحاً مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾**

«ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن كىم مۇئمىن بولغان ھالدا ياخشى ئىش قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارنى ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مۇكاپاتلايمىز»- نەھل 97/16.

مەزكۇر ھۆكۈملەرگە بويسۇنمىغان ياكى قىسمەن بويسۇنغان كىشى ھەم ئىسلامغا ھەم سۈلھىگە كىرمىگەن ياكى تولۇق كىرمىگەن بولىدۇ، شۇنداقلا جازالىنىشقا تېگىشلىك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ
لِيُذِيقَهُم بَعْضَ الَّذِي عَمِلُوا لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾

«ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا بۇزۇقلۇق مەيدانغا كەلدى. بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەزى قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىتىشى ئۈچۈن بولدى. ئاللاھ ئۇلارنى قايتسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلدى». رۇم 41/30.

﴿وَمَا أَصَابَكُم مِّن مُّصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُو عَن كَثِيرٍ﴾

«سىلەرگە قانداق مۇسىبەت يەتسە، ئۆز قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن يېتىدۇ. ئاللاھ تولىسىنى ئەپۇ قىلىدۇ». شۇرا 30/42.

دېمەككى، مۇسۇلمان نەپسىنى پاكلىغان، مۇھىتنى ئاسرىغان ۋە ھايۋانلارنى قوغدىغان كىشىدۇر. نەپسىنى پاكلاش- دىلنى شېرىك ئېتىقاد، بۇزۇق نىيەت ۋە خاتا تەسەۋۋۇردىن پاكىزلاپ، ئورنىغا خالىس تەۋھىد، ياخشى نىيەت ۋە توغرا تەسەۋۋۇرنى يەرلەشتۈرۈش، تىلنى يالغان ۋە يامان سۆزلەردىن توسۇپ، ئۇنى راست ۋە چىرايلىق سۆزلەرگە ئادەتلەندۈرۈش، پۇت-قول ئەزالارنى بىھۇدە ۋە يامان قىلىقلاردىن ساقلاپ، ئۇلارغا پايدىلىق ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلدۇرۇش قاتارلىقلار بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇھىتنى ئاسراش- تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ تەبىئىيلىكىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ھەققىگە رىئايە قىلىش دېمەكتۇر. ماددىي جەھەتتىن ھاۋانى، سۇنى ۋە ئەتراپنى پاك تۇتۇش، مەنىۋى جەھەتتىن ھەر تۈرلۈك ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن، قالايمىقان ياكى ھەددىدىن زىيادە ئاۋاز چىقىرىشتىن ساقلىنىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھايۋاننى قوغداش- پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ياشاش، يەرلىشىش، نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىق ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھەقتە يېتەرلىك دەرىجىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا ئاممىباب ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى ۋە بېسىپ تارقىتىلىشى ناھايىتى زۆرۈر. بۇ ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان قولى ئۇزۇن كىشىلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىدۇر.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنداق كىتابلار بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئىش ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا تولدۇرۇشقا تېگىشلىك بىر بوشلۇق ئىدى. شۇڭا مەن بۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتلارنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن «**ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن لازىملىق دىنى ئىلىملەر**» ناملىق بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم.

كىتابتا دىنىمىزدىكى كۈندىلىك ئىبادەت ۋە لازىملىق مەلۇماتلار، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، ئىنسانىي مۇناسىۋەت ۋە ھەق-ھوقۇقلار، ھايۋان ھەقلىرى ۋە پايدىلىرى قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسىلىلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتىم. مۇناسىۋەتلىك تۇرۇقلۇق دەلىل قىلىنمىغان ئايەت-ھەدىس ئۇچراتقانلارنىڭ ئەسكەرتىپ قويۇشىنى، ئىملا خاتالىقى كۆرگەنلەرنىڭ تۈزىتىپ قويۇشىنى، مەسىلە بىلەن دەلىل ئوتتۇرىسىدا بىرەر زىتلىق بايقىغانلارنىڭ ئىلمي تەنقىد بېرىشىنى سەمىمىيلىك بىلەن سورايمەن.

ئاللاھ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغاي!

- ئەنەس ئالىم

10/07/2017

## مۇندەرىجە

**مۇندەرىجە ........................................................................................ VII**
**شاھادەت ........................................................................................ 1**
**تاھارەت (پاكىزلىق) ........................................................................ 4**
ئا. مەنىۋى پاكىزلىق.................................................................................. 8
ئە. ماددىي پاكىزلىق.................................................................................. 9
1. پاكىزلىق قوراللىرى .......................................................................... 9
2. نىجاسەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلاردىن پاكلىنىش.............................................. 10
3. تەرەت سۇندۇرۇشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ............................................... 14
4. تاھارەت (تەرەت).................................................................................. 17
5. تاھارەتنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئامىللار .................................................... 23
ب. مەسىھ.................................................................................................. 24
پ. تەيەممۇم................................................................................................ 25
1. تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ............................................................... 26
2. تەيەممۇمنىڭ شەكلى.............................................................................. 26
3. تەيەممۇمنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئامىللار ................................................. 28
ت. سوئال-جاۋابلار .................................................................................... 28
تۆگە گۆشى تەرەتنى سۇندۇرامدۇ؟............................................................... 28
قان چىقسا تەرەت سۇنامدۇ؟........................................................................ 29
غۇسۇلدىن ئىلگىرى تەرەت ئېلىش شەرتمۇ؟................................................ 30
**بەش ۋاخ ناماز ................................................................................. 34**
ئا. بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ........................................................... 35
ئە. بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى.................................................................. 37
1. پېشىنىنىڭ ۋاقتى .................................................................................. 38
2. نامازدىگەرنىڭ ۋاقتى.............................................................................. 38
3. نامازشامنىڭ ۋاقتى ................................................................................ 38
4. خۇپتەننىڭ ۋاقتى.................................................................................... 39
5. بامداتنىڭ ۋاقتى .................................................................................... 39
ب. نامازلارنىڭ رەكئەت سانى ...................................................................... 41

پ- ئەزان ............................................................................. 45
1- ئەزاننىڭ يولغا قويۇلۇشى ............................................................ 45
2- ئەزاننىڭ پەزىلىتى................................................................. 45
3- مۇئەززىننىڭ ۋەزىپىسى ............................................................ 46
4- ئەزاننى ئاڭلىغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى.................................................. 46
ت- جامائەت.................................................................................. 48
1- جامائەتنىڭ ھۆكمى ................................................................ 48
2- جامائەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتى ............................................... 49
ج- رەۋاتىب سۈننەتلەر...................................................................... 50
1- پېشىننىڭ سۈننىتى ................................................................ 55
2- نامازدىگەرنىڭ سۈننىتى ............................................................ 56
3-، 4- نامازشامنىڭ ۋە خۇپتەننىڭ سۈننەتلىرى ........................................ 56
5- بامداتنىڭ سۈننىتى ................................................................ 56
چ- ۋىتىر نامىزى .......................................................................... 57
**زاكات .................................................................................... 60**
ئا- «زاكات» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى .................................................. 62
ئە- زاكاتنىڭ ھۆكمى........................................................................ 62
ب- زاكاتنىڭ ھېكمىتى....................................................................... 63
1 ـ رەھمەتكە لايىق بولۇش ........................................................... 63
2- دۇنيادا بېخىللىقتىن، ئاخىرەتتە دوزاختىن قۇتۇلۇش .................................. 64
3-پاكلىنىش ۋە يۈكسىلىش ............................................................ 64
4- ئېھتىياجلارنى قامداش.............................................................. 65
پ- زاكاتنىڭ شەرتلىرى .................................................................... 66
1 ـ ئېھتىياجدىن ئاشقان بولۇشى ...................................................... 66
2- بىر يىلنىڭ ئۆتۈشى ................................................................ 66
3- نىسابقا يېتىشى .................................................................... 68
ت- زاكات كېلىدىغان ماللار ۋە ئۇلارنىڭ زاكاتلىرى......................................... 69
1- ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ زاكىتى........................................................ 69
2- قەغەز پۇل ۋە چەكلەرنىڭ زاكىتى.................................................... 70
3- زىننەت بويۇملىرىنىڭ زاكىتى ...................................................... 70
4- تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى ....................................................... 71

5ـ ھايۋاننىڭ زاكىتى ........................................ 71

6ـ يەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتى........................................ 74

7ـ يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى........................................ 75

ج- زاكات بېرىلىدىغان كىشى ۋە ئورۇنلار ........................................ 77

1ـ پېقىر ........................................ 78

2ـ مىسكىن........................................ 78

3ـ زاكات خادىملىرى........................................ 78

4ـ دىللىرى ئىسلامغا مايىل قىلىش مەقسەت قىلىنغان كىشلەر ........................................ 78

5ـ قۇل ئازاد قىلىش........................................ 78

6ـ قەرزدارلار ........................................ 79

7ـ ئاللاھنىڭ يولى........................................ 79

8ـ ئىبىن سەبىل........................................ 79

چ- زاكاتقا ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەر ........................................ 79

1ـ مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ھەق بار ........................................ 79

2ـ يېتىم بالىنىڭ زاكىتى ........................................ 80

3ـ قەرزدارنىڭ زاكىتى ........................................ 80

4ـ مېيىتنىڭ زاكىتى ........................................ 80

5ـ ۋاقتىدا ئادا قىلىش كېرەك ........................................ 81

6ـ ۋاقتىدىن ئىلگىرى بېرىش ........................................ 81

7ـ ياخشىسىنى ئېلىۋالماسلىق كېرەك........................................ 81

خ- پىتىر سەدىقىسى ........................................ 82

1ـ ھۆكمى........................................ 82

2ـ ھېكمىتى ........................................ 83

3ـ پىتىر سەدىقىسى پەرز بولغانلار ........................................ 83

4ـپىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى ........................................ 88

5ـ ئادا قىلىش ۋاقتى ........................................ 89

6ـ پىتىر سەدىقىسى بېرىلىدىغانلار ........................................ 89

**روزا ........................................ 90**

ئا- روزىنىڭ ھۆكمى ۋە تارىخى........................................ 91

ئە- روزىنىڭ ئېيى ۋە پەزىلىتى ........................................ 91

ب- روزىنىڭ ۋاقتى ۋە ماھىيىتى........................................ 92

پ- روزىنىڭ نىيىتى ................................................ 93
ت- روزىنى ۋاقتىدا تۇتماسلىققا رۇخسەت بېرىلگەنلەر .............................. 94
ج- روزىنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئامىللار.............................................. 94
چ- روزىغا ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەر ................................................ 94
1- ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ-ئىچىپ سالغانلارنىڭ روزىسى ............................. 94
2- ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ................................................................. 95
3- قەدىر كېچىسى ................................................................... 96
خ- بەزى نەپلە روزىلار................................................................ 100
1- ئەرەفە كۈنى......................................................................... 100
2- شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن............................................................ 101
3- دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى..................................................... 101
4- ھەر ئايدا ئۈچ كۈن.................................................................. 101
5- ھەر ئىككى كۈننىڭ بىرى........................................................ 102
6- ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار........................................................ 103
د- سوئال-جاۋابلار ..................................................................... 104
روزىنىڭ قازاسىنى قانداق تۇتىمىز؟ ................................................ 104
شەۋۋالدا ئالتە كۈن روزا............................................................... 106
**ھەج ۋە ئۆمرە ................................................................ 108**
ئا- ھەجنىڭ شەرتى ۋە ھۆكمى.................................................... 110
ئە- ھەجنىڭ پەزىلىتى ................................................................ 110
ب- مەككىگە كىرىش................................................................. 111
1- ئېھرام ............................................................................... 111
2- نىيەت.............................................................................. 113
3- لەببەيك ............................................................................. 114
4- مەسجىدى ھەرەمگە كىرىش ....................................................... 115
5- تاۋاپ............................................................................... 116
6- تاۋاپ ئەسناسىدا قىلىش ياخشى بولغان ئىشلار ................................. 117
7- سەئيى ............................................................................ 120
پ- ھەج ............................................................................... 124
1- مىناغا چىقىش........................................................................ 124
2- ئەرەفاتتا تۇرۇش (ۋۇقۇف)............................................................ 125

3. مۇزدەلىفەدە قونۇش ........................................ 127
4. مىناغا كېلىش ........................................ 129
5. مەسجىدى ھەرەمگە كىرىش ........................................ 136
6. مىناغا قايتىش ........................................ 137
7. مىنادىن قايتىش ........................................ 141
8. ۋىدا تاۋاپى ........................................ 142
ت. ھەجنىڭ تۈرلىرى ........................................ 143
1. ھەججۇئىفراد ........................................ 144
2. ھەججۇلقىران ........................................ 144
3. ھەججۇتتەمەتتۇئ ........................................ 145
ج. ئۆمرە ........................................ 147
1. ھۆكمى ........................................ 147
2. پەزىلىتى ........................................ 148
3. ئەركانلىرى ........................................ 148
چ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەججى ........................................ 149
خ. سوئال-جاۋابلار ........................................ 154
بەدەل ھەج ........................................ 154
ھاجىم دېيىش كېرەكمۇ؟ ........................................ 157
بۇرۇنمۇ ھەج بارمىدى؟ ........................................ 158
**قۇربانلىق ........................................ 160**
ئا. قۇربان (قۇربانلىق)نىڭ مەنىسى ........................................ 162
1. قۇربان «قربان» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ........................................ 162
2. قۇربان «قربان» سۆزىنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى ........................................ 163
3. قۇربانلىق قىلىشنىڭ شەرئىي مەنىسى ........................................ 164
ئە. قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھۆكمى ........................................ 164
ب. قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھېكمىتى ........................................ 166
1. ئاللاھقا يېقىنلىشىش ........................................ 166
2. گۆش يېيىش ۋە يېگۈزۈش ........................................ 167
3. ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ........................................ 167
4. ئىبراھىم (ئە.س)نىڭ سۈننىتىنى تىرىلدۈرۈش ........................................ 167
پ. قۇربانلىقنىڭ شەرتلىرى ........................................ 168

ج. قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋانلار ........................................170
چ. قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدىغان ھايۋانلار .......................................171
خ. قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاقتى.......................................................172
د. قۇربانلىققا ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەر ...........................................174
**نەزىر ۋە قەسەملەر..........................................................................176**
ئا. نەزىر .................................................................................176
ئە. قەسەملەر.............................................................................176
1. تەرىپى ۋە ماھىيىتى ..........................................................176
2. قەسەمنىڭ تۈرلىرى...........................................................178
**يېمەك-ئىچمەك ...............................................................................181**
ئا. ئىچىملىكلەر...........................................................................182
1. سۇ...............................................................................182
2. سۈت ...........................................................................183
3. ھەسەل.........................................................................184
ئە. يېمەكلىكلەر .........................................................................184
1. ئاشلىقلار ۋە مېۋىلەر ..........................................................184
2. گۆشلەر .........................................................................185
پ. يېمەك-ئىچمەكلەرگە تەم كىرگۈزگۈچى ماددىلار ...........................188
1. دورا-دەرمەك ۋە ئوتياشلار ....................................................188
2. زەنجىۋىل ......................................................................189
3. كافۇر............................................................................189
4. زەيتۇن ۋە زەيتۇن يېغى.......................................................189
**كىيىم-كېچەك ۋە زىننەتلىنىش ............................................................191**
ئا. كۈندىلىك كىيىملەر ...................................................................191
1. كىيىنىشنىڭ سەۋەبلىرى.........................................................192
2. كىيىمنىڭ ماددىلىرى ...........................................................192
3. كىيىمنىڭ تۈرلىرى .............................................................192
4. كىيىنىشنىڭ شەرتلىرى..........................................................193
ئە. ياغلىق.................................................................................196
1. ئايال كىشىنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر.......................................198
2. ئايال كىشىنىڭ يۈزى ئەۋرەت ئەمەستۇر .......................................200

ب- زىبۇزىننەت بىلەن ياسىنىش ......................... 204
پ- مەڭ چەكتۈرۈش ۋە قاش تەردۈرۈش ......................... 205
ت-ساقال – بۇرۇت ......................... 205
**ئىجتىمائىي هايات ......................... 209**
ئا-جەمئىيەت ۋە مۇسۇلمان ......................... 209
ئە- زالىم پادىشاھ ۋە مەزلۇم مۇسۇلمان ......................... 209
ب- مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلىشى ......................... 215
پ- ئىش ۋە ئىشچى ......................... 220
1- رۇخسەت بېرىلگەن ئىشلار ......................... 222
2- چەكلەنگەن ئىشلار ......................... 233
3- كاپىردىن ھەق ئېلىپ ئىشنى قىلىش ......................... 236
4- كاپىرغا ھەق بېرىپ ئىش قىلدۇرۇش ......................... 237
ت- كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى ......................... 239
ج- سەيلە-ساياھەت ......................... 242
1- سەپەر ......................... 242
2- ئايالّلارنىڭ سەپىرىدە مەھرەم شەرتى ......................... 244
3- ئاياللارنىڭ ماشىنا ھەيدىشى ......................... 247
چ- ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ ياشىشى ......................... 248
خ- قوشنا ھەققى ......................... 252
د- توي مۇراسىمى ......................... 253
ر- ھېيت (بايرام) ......................... 257
**ئائىلىۋى هايات ......................... 261**
ئا- ئەر-خوتۇن ھەقلىرى ......................... 261
1- ئورتاق ھەق - ھوقۇقلار ......................... 261
2 – ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ......................... 263
3- ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ......................... 265
ئە- ئاتا-ئانا ھەقلىرى ......................... 267
1- ماددىي ياخشىلىق ......................... 268
2- مەنىۋى ياخشىلىق ......................... 268
3- ئەسلىتىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ......................... 268
ب- بالا تەربىيەسى ......................... 270

1. تەربىيە سۆزىنىڭ مەنىسى ........................................272
2. تەربىيە...................................................................273
**بىدئەت ۋە خۇراپاتلار...........................................................294**
ئا. پال ...............................................................................294
ئە. كۆز تېگىش.....................................................................295
1. كۆز تېگىشكە دەلىل قىلىنغان ئايەتلەر ....................................296
2. كۆز تېگىشكە دەلىل قىلىنغان ھەدىسلەر.....................................298
3. كۆز تەگمەيدىغانلىقىغا دائىر دەلىللەر ......................................299
ب. تۇمار ئېسىش ....................................................................301
پ. دېمىدە قىلىش.....................................................................303
ت. خەتمە ئوقۇش ...................................................................309
ج. مەۋلۇت ئوقۇش ...................................................................311
1. «مەۋلۇت»نىڭ لۇغەت مەنىسى ...............................................311
2. مەۋلۇت ئوقۇش ئادىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى................................312
3. مەۋلۇت ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇشنىڭ شەرئىي ھۆكمى..............................312
**ھايۋانلار ............................................................................314**
ئا. ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن پايدىلىرى .................................314
1. ئىنسانلارغا قۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئەسلىتىش ..................................314
2. ھەقتىن يۈز ئۆرىگەنلەرنى ھوشىنى تېپىشقا دەۋەت قىلىش.....................315
3. قاتناش ۋە ئۇرۇش ۋاستىسى بولۇش .........................................316
4. گۆش-ياغ ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش.............................317
5. شىپالىق ئىچىملىك بىلەن تەمىنلەش ...........................................319
6. خام ماددا بىلەن تەمىنلەش .....................................................319
7. خۇش پۇراقلىق ماددا، يىپەك ۋە ئۈنچە-مارجانلار بىلەن تەمىنلەش ...........319
8. ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋاستىسى بولۇش .........................................321
9. ئوۋ تۇتۇپ بېرىش ..............................................................321
10. زىننەت بولۇش ۋە زوق بېرىش.................................................322
11. قاراۋۇللۇق قىلىش................................................................323
12. ئىلىم ئۆگىتىش ..................................................................323
ئە. ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي ھەقلىرى...................................................324
1. ياشاش ھەققى ...................................................................324

2- نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققى ........................................324
3- يەرلىشىش ھەققى ........................................325
4- داۋالىنىش ھەققى........................................326
ب- ھالال ھايۋانلار........................................326
پ- ھارام ھايۋانلار ........................................327
ت- ھەدىسلەردە چەكلەنگەن ھايۋانلار ........................................328
1- يىرتقۇچ ھايۋانلار........................................328
2- ئەھلىي ئېشەك........................................329
ج- ئايەت-ھەدىستە زىكىر قىلىنمىغان ھايۋانلار........................................333
چ- سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ........................................334
خ- نىجاسەت يېگەن ھايۋاننىڭ ھۆكمى........................................335
د- ھايۋاننى سويلاپ بېقىش ۋە ئېلىپ سېتىش........................................336
**پايدىلانغان كىتابلار........................................338**

# شاھادەت

«مۇسۇلمان بولۇش ئاسان، مۇسۇلمانلىقنى ساقلاش تەس» دەپ بىر سۆز بار. ئەسلىدە مۇسۇلمان بولۇشمۇ تەس، مۇسۇلمانلىقنى ساقلاشمۇ تەس. چۈنكى مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ھەقنى كۆرۈش، ھەقىقەتنى چۈشىنىش، ھەققانىيەتنى تونۇش ۋە مۇسۇلماننىڭ بالىسى بولۇش يەتمەيدۇ. مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن تاشقى ئالەمگە قاراپ تەپەككۇر سەپىرىگە ئاتلىنىش لازىم.

ئىنسان بۇ سەپىرى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ ئالەمنىڭ بىر ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ بۇ تەپەككۇر سەپىرىدە بايقىغان ھەر بىر يېڭىلىق ئالدىدا ئۇ ياراتقۇچىنىڭ كائىناتنى باشقۇرۇۋاتقۇچى، پۈتۈن جانلىققا رىزىق بېرىۋاتقۇچى، كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچى ۋە ئۆلتۈرۈپ-تىرىلدۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ چۈشەنچىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ ئىشەنچ باسقۇچىغا يۈكسىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنسان بۇ ئىشەنچنى تىلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ، دىلى بىلەن تەستىقلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى بولىدۇ. بۇ «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ (ۇ) ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھ (ۇ)» دېگەن سۆزنى مەنىلىرىنى چۈشىنىپ ۋە چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ تۇرۇپ سۆزلەش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ تەرجىمىسى: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر» دېگەن بولىدۇ. مەنىسى بولسا مۇنداق بولىدۇ: «مەن ئىبادەتكە يەنى قۇل بولۇشۇمغا ۋە قۇلچىلىق قىلىشىمغا ئاللاھتىن باشقا ھېچ شەيئىنىڭ ۋە ھېچ شەخسنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئاللاھنىڭلا لايىق ئىكەنلىكىنى كۆزۈم بىلەن كۆرگەندەك بىلدىم، تەستىقلىدىم، ئىشەندىم.

مەن يەنە مۇھەممەد (ئە.س )نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى (قۇلى) ئىكەنلىكىنى[1]، قىيامەتكىچە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە[2]، جۈملىدىن ماڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشىم[3] ۋە ئۇنى ئۆلگە ئېلىشىم[4] كېرەكلىكىنى كۆزۈم بىلەن كۆرگەندەك بىلدىم، تەستىقلىدىم، ئىشەندىم».

مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ئەنە شۇ باسقۇچلاردىن ئۆتۈپ ئاخىرقى پەللىگە يېتىش كېرەك. مۇسۇلمانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن بولسا ئىبادەتلەرنى ئاللاھقىلا قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1ـ قەلبىي ئىبادەت. بۇ ئىخلاس[5]، مۇھەببەت[6]، سەۋر[7]، قورقۇش، ئەيمىنىش، تەپ تارتىش[8]، ئۈمىد قىلىش[9] ۋە تەۋەككۇل[10] قىلىشقا ئوخشاش قەلب بىلەن قىلىنغان ئىبادەتلەردۇر.

---

1 ئاللاھ تائالا بىرقانچە ئايەتتە قۇرئاننى بەندىسىگە نازىل قىلغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بەقەرە 23/2، كەھف 1/18، فۇرقان 1/25، نەجم 10/53، ھەدىد 9/57. بىرقانچە ئايەتتە بولسا ئۇ بەندىنىڭ مۇھەممەد (ئە.س) ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ئال ئىمران 144/3، ئەھزاب 40/33، مۇھەممەد 2/47. فەتىھ 29/48.

2 «مۇھەممەد سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلاردىن بىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس. لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر ۋە نەبىيلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر» (ئەھزاب 40/33)؛ «بىز سېنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق» (ئەنبىيا 107/21. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: ئەنئام 19/6، 90، 92، ئەئراف 158/7، يۇسۇف 104/12،فۇرقان 1/25، سەبەئ 28/34، ساد 87/38، جۇمۇئە 2/62، قەلەم 52/68، تەكۋىر 27/81). تارىق 13/86.

3 «بۇ بىز نازىل قىلغان كىتابتۇر، مۇبارەكتۇر. ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، رەھمەتكە ئېرىشەلەيسىلەر» (ئەنئام 6/155. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: ئال ئىمران 3/139، ئىسرا 17/9، 10، 82، ئەنبىيا 21/50، ساد 38/29، ئەئراف 7/157).

4 «ئاللاھنىڭ رەسۇلى سىلەرگە- ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە- ھەقىقەتەن ياخشى ئۆلگىدۇر»- ئەھزاب 21/33.

5 بەيyينە 8/98.

6 مۇھەببەت ئاللاھنى، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان تائەت-ئىبادەتلەرنى ياخشى كۆرۈش. ئاللاھ يامان كۆرىدىغان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى يامان كۆرۈش. تەۋبە 24/9.

7 بەقەرە 45/2، 153؛ بەلەد 17/90؛ ئەسر 3/103.

8 بەقەرە 40/2.

9 ئۈمىد ئاللاھنىڭ ساۋابىنى، رەھمىتىنى ۋە مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىش دېمەكتۇر- بەقەرە 218/2، ئەئراف 56/7، سەجدە 16/32، ئىسرا 57/17، زۇمەر 9/39، ئەنبىيا 90/23.

10 تەغابۇن 13/64.

2ـ قەۋلى ئىبادەت. بۇ زىكىر-تەسبىھ ئوقۇش[11]، ھەمدۇسانا ۋە ئىستىغفار ئېيتىش[12]، دۇئا قىلىش[13]، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش[14]، ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش[15]، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش[16] قاتارلىق تىل بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردۇر.

3ـ بەدەنىي ئىبادەت. بۇ ناماز[17]، روزا[18]، ھەج، تاۋاپ ۋە سەئيى[19]، جىھاد[20]قاتارلىق بەدەن بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردۇر.

4ـ مالىي ئىبادەت. بۇ سەدىقە[21]، زاكات[22]، قۇربانلىق[23] قاتارلىق مال بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردۇر.

ئەسكەرتىش: بۇ تۆت تۈرلۈك ئىبادەتنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئاللاھنىڭ بىرەر ئەمرى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئورنى ۋە نومۇرى ئىزاھاتتا بېرىلدى. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۇلار بىلەن چەكلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

11 ئەھزاب 33/41ـ42.
12 نەسر 3/110.
13 غافىر 60/40.
14 كەھف 27/18، ئەنكەبۇت 45/27.
15 نەھل 125/16، فۇسسىلەت 33/40.
16 ئال ئىمران 104/3، 110، تەۋبە 71/9، لۇقمان 17/31.
17 بەقەرە 238/2، ھۇد 114/11، ئىسرا 78/17، تاھا 130/20.
18 بەقەرە 183/2ـ187.
19 بەقەرە 158/2، 196 ئال ئىمران 97/3، ھەج 27/22ـ29.
20 ھەج 78/22.
21 تەۋبە 104/9، ئەھزاب 35/33، ھەدىد 18/57.
22 نۇر 56/24.
23 ھەج 34/22، 67، كەۋسەر2/108.

# تاھارەت (پاكىزلىق)

## ئومۇمىي بايان

«تاھارەت» دېگەن سۆز ئەسلىدە ئەرەبچە بولۇپ، لۇغەت مەنىسى پاكلانماق، تازىلانماق، دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىستىلاھىي (تېرمىن) مەنىسى بولسا ماددىي كىرنى (نىجاسەتنى، خۇبسنى) ياكى مەنىۋى كىرنى (ھەدەسنى) يوقىتىش دېگەن بولىدۇ[24]. بىرىنچىسى ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى بەدەننى، كىيىمنى ۋە ئورۇننى ماددىي نىجاسەتتىن تازىلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىككىنچىسى ھاجەتخانىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن بىرى يۈز بەرگەندىن كېيىن نامازغا تۇرۇشتىن ئىلگىرى كىچىك تاھارەت ئېلىش بىلەن، جۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ۋە ھەيز ياكى نىفاس توختىغاندىن كېيىن نامازغا تۇرۇشتىن ئىلگىرى چوڭ تاھارەت (غۇسۇل تاھارەت) ئېلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ ئىككى تاھارەت سۇ تاپالمىغان ياكى سۇنى ئىشلىتىشكە قادىر بولالمىغان تەقدىردە تەيەممۇم قىلىش بىلەنمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۆزۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى باشقا بارلىق دىن ۋە پۈتكۈل نىزاملارنىڭ ئىچىدە پاكىزلىققا ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان يېگانە دىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىن ئۆز مەنسۇبلىرىنى ئىچىنى، تېشىنى، كىيىمنى ۋە مۇھىتىنى پاكلاشقا ۋە پاك تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى دىلىنى باتىل ئېتىقاد، يامان نىيەت ۋە ھەسەت قاتارلىق مەنىۋى كىرلەردىن، تىلىنى يالغان سۆز، يامان سۆز ۋە يالغان قەسەم قاتارلىق مەنىۋى كىرلەردىن، پۈت-قول ئەزالىرىنى يامان ئىش، ھارام ئىش، ناتوغرا ئىش ۋە ناھەق ئىش قاتارلىق مەنىۋى كىرلەردىن، بەدىنىنى، كىيىم-كېچەكنى ۋە مۇھىتىنى نىجاسەت، مەينەتچىلىك، پاسكىنىچىلىق قاتارلىق ماددىي كىرلەردىن پاكلاشقا ۋە پاك تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ[25]. ھەتتا بۇ دىندا بەزى ئىبادەتلەر پاكىزلىقنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان.

---

24 تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 39- جىلد، 382- بەت، ئىستانبۇل 2010.

25 ئاللاھ تائالانىڭ مۇددەسسىر (74-) سۈرىسىنىڭ 4- ئايىتىدىكى (وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ (كىيىملىرىڭنى پاك تۇت)) دېگەن بۇيرۇقى كىيىملەرنىڭ ھەر دائىم پاكىز بولۇشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. نامازنىڭ سىرتىدا پاكىز بولۇشى شەرت قىلىنغان كىيىمنىڭ دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىبادىتى بولغان نامازدا پاكىز بولۇشىنىڭ نامازنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى بولۇشى ئېنىق. ئاللاھ

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلاَتَكَ سَكَنٌ لَّهُمْ وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾

«ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن سەدىقە ئالغىن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى پاكلايسەن ۋە يۈكسەلدۈرىسەن. ئۇلارغا دۇئا قىلغىن. چۈنكى سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»- تەۋبە 103/9.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ھەر نەرسىنىڭ بىر زاكىتى (پاكلىغۇچىسى) بار. بەدەننىڭ زاكىتى بولسا، روزا تۇتۇشتۇر»[26].

قىسقىسى بۇ دىندا ھايات پاكىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان، مەسىلەن:

1- شېرىك بىلەن بۇلغانغان ئىماننىڭ[27]، رىيا بىلەن كىرلەنگەن ئىبادەتنىڭ[28]، ناتوغرا يوللاردىن تاپقان پۇل-مال بىلەن قىلىنغان سەدىقىنىڭ[29] قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

---

تائالانىڭ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 222- ئايىتىدىكى ۋە تەۋبە سۈرىسىنىڭ 108- ئايىتىدىكى «ئاللاھ پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئايەتلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نىڭ: «كىشىلەرنىڭ سىلەرگە لەنەت ئوقۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ئۈچ ئىشتىن ساقلىنىڭلار: ئىنسانلار (كۆل، قۇدۇق، ئېرىق ۋە ئۆستەڭ قاتارلىقلارغا ئوخشاش) سۇ ئالىدىغان جايلارغا تەرەت سۇندۇرۇش، يولغا تاھارەت سۇندۇرۇش، سايىغا تاھارەت سۇندۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار» (ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 26؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 21 (328)، «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ سۈرەتلىرىڭلارغا ۋە ماللىرىڭلارغا قارىمايدۇ. لېكىن سىلەرنىڭ قەلبلىرىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ»- مۇسلىم، سەھىھ، بىرر 33؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، زۇھد؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 285/2، 539)، دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسلىرى يۇقىرىدىكى پاكىزلىقلارنىڭ مۇھىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

26 ئىبنى ماجە، سىيام 44.

27 مائىدە سۈرىسىنىڭ 82- ئايىتى، لۇقمان سۈرىسىنىڭ 13- ئايىتى، زۇمەر سۈرىسىنىڭ 65- ئايىتى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

28 بەقەرە سۈرىسىنىڭ 264- ئايىتى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

29 رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن : «كىمكى ھالال كەسىپ بىلەن تاپقان مېلىدىن خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلسا (ئاللاھ تائالا پەقەت ھالالنىلا قوبۇل قىلىدۇ) ئاللاھ تائالا ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن شۇ خورما چاغلىق نەرسىسنى خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆز تايچىقىنى ئوبدان بېقىپ ئۆستۈرگەندەك ئۆستۈرۈپ، سەدىقە قىلغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ ساۋابىنى تاغدەك زورايتىپ بېرىدۇ»- بۇخارى، سەھىھ، تەۋھىد 23 (7430)؛ مۇسلىم، سەھىھ، زاكات 63/19 (1014)؛ تىرمىزى، سۇنەن، زاكات 661/28؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، زاكات 1842/28.

2ـ بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەر بىرىنى ئادا قىلىدىغان چاغدا ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىنى ۋە تېشىنى پاكلىشى پەرز قىلىنغان[30]. ھەج بىلەن روزىدا تىلىنىڭ ۋە دىلىنىڭ پاكلىقى شەرت قىلىنغان[31].

3ـ غۇسۇل قىلىش چوڭ تاھارەتسىزلىك شەرتىگىلا باغلىق قىلىنماستىن، بەلكىدە ھەر بىر مۇسۇلمان ھەپتىدە ئەڭ ئاز بىر قېتىم يۇيۇنۇشقا تەشۋىق قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن جۈمە نامىزىغا كېلىدىغان كىشى يۇيۇنسۇن»[32]، «جۈمە كۈنى يۇيۇنۇش بالاغەتكە يەتكەن ھەرقانداق كىشىگە زۆرۈردۇر»[33].

30 مائىدە سۈرىسىنىڭ 6ـ ئايىتى ۋە رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ: «نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەت»ـ (ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تاھارەت 31 (61)؛ تىرمىزى، سۈنەن، تاھارەت 3)، «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق. كىم نېمىنى نىيەت قىلسا شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ھىجرەتنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۈچۈن قىلغانلار، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولىدۇ. ھىجرەتنى، بىر دۇنيالىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ياكى بىر خوتۇننى ئېلىش ئۈچۈن قىلغانلار، شۇ دۇنيالىق ئۈچۈن ياكى شۇ خوتۇن ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولىدۇ»ـ (بۇخارى، سەھىھ، بەدئۇلۋەھيى 1، ئىتق 6، مەناقىبۇلئەنسار 45، نىكاھ 5، ئەيمان 23، ھىيەل 1؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمارەت 155، (1907)؛ ئەبۇداۋۇد، سۈنەن، تالاق 11، (2201)؛ تىرمىزى، سۈنەن، فەزائىلۇلجىھاد 16، (1647)؛ نەسائى، سۈنەن، تاھارەت 60، (1، 59، 60)، «تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز قوبۇل قىلىنمايدۇ»ـ بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 2 (135)؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 2 (224)؛ تىرمىزى، سۈنەن، تاھارەت 1.

31 بەقەرە سۈرىسىنىڭ 197ـ ئايىتى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ ھەدىسلىرى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ: «كىمكى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجدە ناشايان سۆزلەرنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلماي ھەجنى تاماملاپ قايتسا، خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلاردىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ» (بۇخارى، سەھىھ، ھەج 1521/4؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 438/79 (1350)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ھەج 811/2؛ نەسائى، سۈنەن، مەناسىك 2627/4؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، مەناسىك 2889/3)، «كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەكنى تەرك ئېتىشىگە ئاللاھ تەئالا موھتاج ئەمەس»ـ (بۇخارى، سەھىھ، سەۋم 1903، ئەدەب 6057؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سەۋم 2362؛ تىرمىزى، سۈنەن، سەۋم 707)، «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق...»، بۇ ھەدىسنىڭ مەنبەسى 3ـ ئىزاھاتتا زىكىر قىلىندى.

32 بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 4؛ مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە 3؛ مالىك، مۇۋاتتا، جۇمۇئە 3؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تاھارەت 129؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 255.

33 بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 2، 3، 12، ئەزان 161، شاھادات 18؛ مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە 5؛ مالىك، مۇۋاتتا، جۇمۇئە 4؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تاھارەت 129؛ نەسائى، سۈنەن، جۇمۇئە، 6، 8.

4. تاھارەت بولسۇن، غۇسۇل بولسۇن مۇكەممەل بولۇشى تەكىتلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش تەشۋىق قىلىنغان[34].

5. مۇسۇلمانلارغا تاھارەت سۇنمىغۇچە بىر قانچە ۋاقىتنىڭ نامىزىنى بىرلا تاھارەت بىلەن ئوقۇشقا رۇخسەت بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەر بىر ناماز ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم تاھارەت ئېلىشقا تەشۋىق قىلىنغان[35].

6. مۇسۇلمانلار قول بىلەن ئېغىزغا ئوخشاش تەن سالامەتلىك نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەزالارنى تاھارەت ئالغاندىلا ئەمەس، ئەكسىچە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىمۇ، تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرىمۇ يۇيۇشقا بۇيرۇلغان[36].

7. مۇسۇلمانلار قول بىلەن ئېغىزنى تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن يۇيۇشتىن باشقا، سۈتكە ئوخشاش ياغلىق نەرسىلەرنى يەپ-ئىچكەندىن كېيىنمۇ يۇيۇشقا بۇيرۇلغان[37]. بولۇپمۇ يېتىشتىن بۇرۇن قوللارنىڭ پاكىز بولۇشى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن[38]. تاھارەت بىلەن يېتىشمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلاردىن بىرى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان[39].

8. مۇسۇلمانلار ئېغىز تازىلىقى ئۈچۈن مىسۋاك ئىشلىتىشكە تەشۋىق قىلىنغان[40]. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بۇ تەشۋىقنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن قىلغان. چۈنكى ئۇ مىسۋاكنى ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئىشلىتىپلا قالماستىن، باشقا ۋاقىتلاردىمۇ پات-پات ئىشلىتىپ تۇراتتى[41]. ھەتتا ھەر قېتىم نامازغا چىقىشتا،

---

34 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 24؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تاھارەت 50؛ تىرمىزى، سۈنەن، تاھارەت 37؛ نەسائى، سۈنەن، تاھارەت 75.

35 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تاھارەت 32.

36 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 26؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 87؛ مالىك، مۇۋاتتا، تاھارەت 9؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تاھارەت 49؛ تىرمىزى، سۈنەن، تاھارەت 19؛ نەسائى، سۈنەن، تاھارەت 1.

37 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 51، 52. ئەشرىبە 12؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەيز 95؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەتئىمە 12؛ تىرمىزى، سۈنەن، تاھارەت 66، ئەتئىمە 39؛ نەسائى، سۈنەن، تاھارەت 124؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، تاھارەت 68.

38 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەتئىمە 54؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەتئىمە 48؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئەتئىمە 22.

39 تىرمىزى، سۈنەن، ساۋابۇلقۇرئان 22، دەئەۋات 9، 21، جۇمۇئە 78؛ دارىمى، سۈنەن، فەزائىلۇل قۇرئان 19.

40 بۇخارى، سەھىھ، سەۋم 27؛ نەسائى، سۈنەن، تاھارەت 4؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، تاھارەت 7؛ دارىمى، سۈنەن، ۋۇدۇ 19.

41 تىرمىزى، سۈنەن، سەۋم 29؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 3/445-446، 455.

ھەر قېتىم ئۆيگە كىرگەندە، كېچە ئۇيقۇدىن ئويغانغان چاغلىرىدا بىرىنچى قېتىم قىلىدىغان ئىشى چىشلىرىنى مىسۋاكلاش ئىدى[42].

9. مۇسۇلمانلار تەرەت سۇندۇرغاندىن كېيىن بەدەنگە ۋە كىيىم-كېچەككە نىجاسەت يۇقۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تاھارەت يوللىرىنى سۇ بىلەن[43]، سۇ يوق يەردە باشقا تازىلىق ۋاستىلىرى بىلەن تازىلاشقا بۇيرۇلغان[44].

10. بۇ دىندا بەدەن، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرالغۇ جايلارنىڭ پاكىز بولۇشىدىن باشقا ناماز ئوقۇلىدىغان يەرلەرگە ئوخشاش ئاممىۋى ئىبادەت ۋە پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭمۇ ھەر خىل نىجاسەتتىن پاكىزلىنىشى تەلەپ قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) يوللارغا، ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە ئوخشاش سۇ ئاقىدىغان يەرلەرگە، تۇرغۇن سۇغا، كۆل ۋە قۇدۇق باشلىرىغا، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە، كىشىلەر سايىدايدىغان دەرەخلەرنىڭ سايىلىرىغا تەرەت سۇندۇرۇشنى مەنئى قىلغان، شۇنداقلا قاتتىق لەنەتلىگەن[45].

### ئا. مەنىۋى پاكىزلىق

مەنىۋى پاكىزلىق- مەنىۋى نىجاسەت بولغان شېرىك، شەك، ھەسەت، ئاداۋەت، ساختىلىق، تەكەببۇرلۇق، ماختانچاقلىق، رىياكارلىق، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە باشقا پۈتۈن گۇناھلاردىن پاكلانماق دېمەكتۇر. بۇ قەلبنى شېرىك، شەك، ھەسەت، ئاداۋەت ۋە يامان نىيەتلەردىن پاكىزلاپ ئۇنىڭغا تەۋھىد، ئىخلاس ۋە كەسكىن ئىلىم قاتارلىقلارنى يەرلەشتۈرۈش بىلەن نەپسنى سەممىي تەۋبە قىلىش ئارقىلىق گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن پاكىزلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مانا بۇ مەنىۋى پاكىزلىقتۇر، شۇنداقلا ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. تۆۋەندىكى ئايەتلەر ۋە ھەدىس بۇ مەنىۋى نىجاسەتلەرگە دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّمَا الْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ فَلاَ يَقْرَبُواْ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ بَعْدَ عَامِهِمْ هَذَا﴾

---

42 ئەبۇ داۋۇد، تاھارەت 25، 30؛ ئەھمەد بىن ھەنبەل، 116/4، 236/193،6/5.

43 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 17؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 70؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 40؛ دارىمى، سۇنەن، ۋۇدۇئ 11.

44 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 15، 20، ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 21، 22، 23؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 12، 13، 15؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 40؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 16، 28؛ دارىمى، سۇنەن، ۋۇدۇئ 14، 15.

45 مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 68؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 14.

«ئى مۇئمىنلار! شۈبھىسىزكى، مۇشرىكلار نىجىستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ يىلدىن كېيىن مەسجىدى ھەرامغا يېقىنلاشمىسۇن»- تەۋبە 28/9.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلار! مەست قىلغۇچى نەرسە، قىمار، تىكلەپ قويۇلغان تاشلار، پال ئوقلىرى ھەقىقەتەن پاسكىنا نەرسىلەردۇر، شەيتاننىڭ ئىشىدىندۇر. ئۇلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر»- مائىدە 90/5.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «مۇئمىن نىجىس بولمايدۇ» دېگەن »[46].

## ئە- ماددىي پاكىزلىق

ماددىي پاكىزلىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى ھەدەستىن (ھۆكمىي نىجاسەتتىن)، يەنە بىرى خۇبستىن (ماددىي نىجاسەتتىن) پاكلىنىشتۇر. ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ پاكىزلىق قوراللىرىنىڭ بىرى بىلەن بۇ ئىككى كىردىن پاكلىنىشى شەرتتۇر.

### 1- پاكىزلىق قوراللىرى

#### سۇ

سۇ پاك ۋە باشقا نەرسىلەرنى پاكىزلاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سۇيۇق جىسىمدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَنزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً طَهُوراً﴾

«بىز ئاسماندىن پاك ۋە پاكلىغۇچى سۇ چۈشۈردۇق»- فۇرقان 48/25.

بۇ ئايەتتىكى سۇ- يامغۇر، قار ۋە مۆلدۈر سۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ «دېڭىز سۈيى بىلەن تاھارەت ئالساق بولامدۇ» دەپ سورىغان كىشىگە: «دېڭىزنىڭ سۈيى پاكتۇر ۋە پاكلىغۇچىدۇر»[47] دېگەن

46 بۇخارى، سەھىھ، غۇسل، 23، 34؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەيز 115 (371)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 97 (231)، تىرمىزى، تاھارەت 89 (121)؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 172 (1، 145، 146)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 80 (534).

47 مالىك، مۇۋاتتا، تاھارەت 12، ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 41، تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت، 52، نەسائى، سۇنەن، مىياھ 5.

سۆزىدىن دېگىز-ئوكيان سۇلىرىنىڭمۇ پاكلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ بىر چېلەك زەمزەم سۈيى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىچكەنلىكى ۋە تاھارەت ئالغانلىقى مەلۇم [48]. بۇ قۇدۇق ۋە بۇلاق سۇلىرىنىڭ پاكىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە دەريالارنىڭ سۇلىرى قار، يامغۇر ياكى بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلارمۇ پاك ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ.

### پاك تۇپراق

تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىغان ياكى سۇنى ئىشلىتىشكە قادىر بولالمىغان كىشى ئۈچۈن پاك تۇپراق سۇنىڭ ئورنىدا بولىدۇ ۋە ئۇ كىشى پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىپ نامىزىنى ئوقۇسا بولىدۇ. بۇ ھەقتە كېيىنچە قايتا توختىلىمىز.

## 2- نىجاسەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلاردىن پاكلىنىش

### ھەدەس ۋە ئۇنىڭدىن پاكلىنىش

ھەدەس- تاھارەتسىزلىك ياكى جۇنۇپلۇق سەۋەبىدىن ئىنساندا پەيدا بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنغان پاسكىنىلىق (ھۆكمي نىجاسەت) دېگەن بولىدۇ[49]. بۇنى يوقىتىش ئەھۋالغا قاراپ تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىش ۋە ياكى تەيەممۇم قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ وَإِنْ كُنْتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُوا وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ مِنْهُ مَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلَكِنْ يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

---

48 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، دارۇلفىكر باسمىسى، 1 - توم، 76 - بەت.

49 رەھمى ياران، «ھەدەس»- تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 1997، 15- جىلد، 1- بەت.

«ئى مۇئمىنلار! نامازغا تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار يۇيۇنۇپ پاكلىنىڭلار، ئەگەر كېسەل بولساڭلار ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى تاھارەت سۇندۇرغان بولساڭلار ۋە ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر يەردە بولۇشقان بولساڭلار، ئاندىن تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار: پاك تۇپراق بىلەن يۈزۈڭلارغا ۋە قولۇڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ سىلەرنى پاك قىلىشنى ۋە سىلەرگە نېمىتىنى تاماملاشنى خالايدۇ. شۈكۈر قىلغايسىلەر!»- مائىدە 6/5.

بۇ ئايەتتە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن چاغدا ئۇ نامازنى ئادا قىلماقچى بولغانلار تاھارەتسىز بولسا تاھارەت ئېلىشقا، جۇنۇپ بولسا غۇسۇل قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان باشقا بىر ھۆكۈم، كېسەللىك ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇ تاپالمىغان ياكى سۇنى ئىشلىتەلمەيدىغانلارنىڭ تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىشلىرىغا رۇخسەت بېرىلىشىدۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككى ھەدىسى مۇنداق:

«تاھارەتسىز ئوقۇلغان ھېچبىر ناماز قوبۇل قىلىنمايدۇ»[50].

«تاھارىتى سۇنغان كىشىنىڭ نامىزى قايتا تاھارەت ئالمىغۇچە قوبۇل قىلىنمايدۇ»[51].

يۇقىرىدىكى ئايەت مەزكۇر ھەدىستىن پاكلىنىشنى (تاھارەتنى) تەرىپلەش بىلەن بىرگە تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىللارنىمۇ تونۇشتۇرىدۇ. ئايەتكە ئاساسەن، تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىللار ھاجەتخانىدا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ئاز دېگەندە بىرىنىڭ يۈز بېرىشىدۇر. يەنى ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىدىن چىققان ھەر نەرسە تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. بۇ نەرسىلەر ھاجەتخانىنىڭ سىرتىدا چىقسىمۇ ئوخشاشلا تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ.

50 مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 2 (224)؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 1؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 103، زاكات 48؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 2؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 51/2، 73.

51 بۇخارى، سەھىھ، ھىيەل 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 2 (225)؛ تىرمىزى، سۇنەن تاھارەت 56؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 318/2.

كىشى ئۇخلىغان چېغىدا تۇيماستىن تاھارىتى سۇنۇپ كەتكەن بولۇش ئېھتىمالىنىڭ دەرىجىسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن يېتىپ ياكى بىر نەرسىگە يۆلىنىپ ئۇخلاش تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. ئولتۇرغان ياكى ئۆرە تۇرغان ھالەتتە مۈگدەش بولسا تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ.

غۇسۇل پۈتۈن بەدەننى ئالا قويماي يۇيۇش دېمەكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى جۇنۇپلۇقتۇر. سۇ تاپالمىغانلىقتىن ياكى سۇنى ئىشلىتەلمىگەنلىكتىن تاھارەت ئالالمىغان ياكى غۇسۇل قىلالمىغان كىشى پاك تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. تاھارەتنىڭ ئورنىغا قىلىنىدىغان تەيەممۇم بىلەن غۇسۇلنىڭ ئورنىغا قىلىنىدىغان تەيەممۇم ئوخشاشتۇر.

## خۇبس ۋە ئۇنىڭدىن پاكلىنىش

خۇبس- ماددىي نىجاسەت دېگەن بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەردىكى پاكىزلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلار ناماز ئوقۇلىدىغان جاينىڭ، ناماز ئوقۇلىدىغان كىيىمنىڭ ۋە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ بەدىنىنىڭ بۇ نىجاسەتتىن پاكىز بولۇشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَعَهِدْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ أَنْ طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْعَاكِفِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾

«بىز ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا: ‹ئۆيۈمنى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاكىز تۇتۇڭلار› دەپ تاپىلىغان ئىدۇق»- بەقەرە 125/2.

﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ أَنْ لَا تُشْرِكْ بِي شَيْئًا وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾

«بىز ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى بەيتۇللاھنىڭ ماكانىغا ئورۇنلاشتۇرغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن ئىدۇق: ‹ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلما، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار ۋە رۇكۇ-سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆيۈمنى پاك تۇت›»- ھەج 26/22.

بۇ ئايەتلەر ناماز ئوقۇلىدىغان جاينىڭ پاكىز بولۇشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇددەسسىر سۈرىسىنىڭ 4- ئايىتىدىكى «كىيىملىرىڭنى پاك تۇت)» دېگەن مەنىدىكى سۆزى كىيىملەرنىڭ ھەر دائىم پاكىز بولۇشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. نامازنىڭ سىرتىدا پاكىز بولۇشى كېرەك بولغان كىيىمنىڭ دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىبادىتى بولغان نامازدا پاكىز بولۇشىنىڭ نامازنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى بولۇشى ئېنىق.

ئاللاھ تائالانىڭ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 222- ئايىتىدىكى ۋە تەۋبە سۈرىسىنىڭ 108- ئايىتىدىكى «ئاللاھ پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن مەنىدىكى سۆزلىرى يۇقىرىدىكى پاكىزلىقلارنىڭ مۇھىملىقىغا دالالەت قىلىش بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ بەدىنىنىڭ پاكىز بولۇشىنىڭ لازىملىقىغىمۇ دالالەت قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[52] دېگەن سۆزى پۈتۈن بۇ پاكىزلىقلارنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## مۇناسىۋەتلىك بەزى ھەدىسلەر:

1- ئەنەس (r.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىلەن بىرلىكتە مەسچىتتىكى چېغىمىزدا بىر سەھرالىق ئەرەب كېلىپ، مەسچىتنىڭ ئىچىگە سىيىشكە باشلىدى. ساھابىلەر ئۇنىڭغا: «ئۇنداق قىلما، ھەي! ئۇنداق قىلما!» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇلارغا «ئۇنى توسماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. ئۇ كىشى ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇنى يېنىغا چاقىردى ۋە: «بۇ مەسچىتلەر سىيىش ۋە بۇلغاش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئاللاھنى زىكىر قىلىش، ناماز ئۆتەش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈنلا سېلىنغان» دېدى، ئاندىن جامائەتتىن بىرىنى بۇيرىدى، بۇيرۇقتا ئاساسەن ئۇ كىشى دەرھال بىر چېلەك سۇ ئەكېلىپ، سىيدۈكنىڭ ئۈستىگە تۆكۈۋەتتى[53].

2- ئۇممۇ سەلەمە (r.ئە) مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال ماڭا: مەن ئۇزۇن كىيىم كىيىمەن ۋە پاسكىنا يەردە ماڭىمەن دېدى. مەن ئۇ ئايالغا رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نىڭ: «ئۇنى كېيىنكىسى پاكىزلايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېيتىپ بەردىم[54].

---

52 مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 1 (223).

53 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 57 ـ 58، ئەدەب 35؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 99؛ نەسائى، سۈنەن، تاھارەت 45.

54 مالىك، مۇۋاتتا، تاھارەت 16؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تاھارەت 140؛ تىرمىزى، سۈنەن، تاھارەت 109.

3ـ بەنى ئابدۇل ئەشھەل قەبىلىسىدىن بىر ئايال مۇنداق دەيدۇ: مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىزنىڭ مەسچىتكە بارىدىغان يولىمىز سېسىقچىلىق بىر يول. يامغۇر ياغسا قانداق قىلىمىز؟» دېدىم. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئۇ يولدىن كېيىن باشقا پاكىزراق يول بارمۇ؟» دېدى. مەن: «ھەئە، بار» دېگەن ئىدىم. ئۇ، «مانا بۇنىڭ بىلەن ئۇ پاكلىنىدۇ» دېدى[55].

4ـ ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن بىر كىشى ئاياغ كىيىمى بىلەن نىجاسەتكە دەسسىگەن بولسا، بىلسۇنكى توپا ئۇنى پاكلايدۇ»[56].

5 ـ ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ كىيىمىگە يۇقۇپ قالغان مەنىينى يۇياتتىم. ئۇ كىيىمنىڭ يۇيۇلغان يېرى قۇرۇماستىن نامازغا چىقاتتى»[57].

6 ـ ئەسما بىنتى ئەبى بەكر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ يېنىغا كېلىپ، كىيىمگە ھەيزنىڭ قېنى يۇقۇپ قالغان ئايال قانداق قىلىدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئاۋۋال سۈرتىۋېتىدۇ، ئاندىن كېيىن سۇ تۆكۈپ بارمىقىنىڭ ئۇچى بىلەن قاننىڭ ئىزى يوقالغانغا قەدەر ئۇۋۇلايدۇ، ئاندىن يۇيىدۇ. ئاندىن ئۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ»[58].

بۇ ھەدىسلەر تەرەت يوللىرىدىن چىققان ھەر نەرسىنىڭ نىجاسەت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

## 3ـ تەرەت سۇندۇرۇشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى

1ـ رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ھاجەتخانىغا كىرگەندە «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دەپ نەقىش ئويۇلغان تامغا ئۈزۈكىنى چىقىرىۋېتەتتى[59].

---

55 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 140.

56 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 141.

57 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 64ـ65؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 108؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 136؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 85ـ86؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت، 187ـ188.

58 بۇخارى، سەھىھ، ھەيز 9، ۋۇدۇئ 63؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 110؛ مالىك، مۇۋاتتا، تاھارەت 103؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 132؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 104؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 185.

59 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 10؛ تىرمىزى، سۇنەن، لىباس 16؛ نەسائى، سۇنەن، زىينەت 54.

2- رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تەرەت سۇندۇرماقچى بولغاندا ئىنسانلاردىن يىراقلىشاتتى[60]. يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ تەرەت سۇندۇرماقچى بولغاندا ھېچكىم كۆرمەيدىغان دەرىجىدە يىراق جايلارغا كېتىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[61].

3- رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ھاجەتخانىغا كىرمەكچى بولغاندا «بىسمىللاھ ئاللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇبىكە مىنەلخۇبسى ۋەلخەبائىس» دەيتتى[62].

4- رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تەرەت سۇندۇرۇۋاتقان چېغىدا سالام قىلغان كىشىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالمايتتى[63].

5- رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «تەرەت سۇندۇرىدىغان چېغىڭلاردا قىبلىگە ئالدىڭلارنىمۇ قىلماڭلار، ئارقاڭلارنىمۇ قىلماڭلار. لېكىن شەرق ياكى غەرب تەرەپكە[64] قاراپ ئولتۇرۇڭلار»[65].

ئەگەر ھاجەت قىلىدىغان يەرنىڭ ئەتراپى ئېتىكلىك بولسا، قىبلىگە ئالدى ياكى ئارقىسى بولۇپ قېلىشىنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. چۈنكى ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)نىڭ ھەفسەنىڭ ئۆگزىسىدىن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ شامغا ئالدىنى قىلىپ، قىبلىگە ئارقىسىنى قىلىپ، تەرەت سۇندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكى[66] ۋە «تەرەت سۇندۇرغۇچى بىلەن قىبلىنىڭ ئارىسىدا بىر نەرسە بولسا، ئالدىنى

60 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 1، تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 16؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 16.

61 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 1.

62 تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئى ئاللاھ! مەن ئەركەك ۋە چىشى جىنلاردىن قېچىپ ساڭا سېغىنىمەن. ياكى ئى ئاللاھ، مەن پاسكىنىچىلىقتىن ۋە پاسكىنا نەرسىلەردىن قېچىپ ساڭا سېغىنىمەن»- (بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇ 9، دەئەۋات 15؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەيز 122؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 4؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 3؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 18).

63 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 8؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 67، ئىستىئزان 27؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 32-33؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 27؛ دارەمى، سۇنەن، ئىستىئزان 13.

64 مەدىنىدە قىبلىگە ئالدىنى ياكى ئارقىسىنى قىلماسلىق ئۈچۈن شەرق ياكى غەربكە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. باشقا جايلاردا ياشايدىغان ئىنسانلار شەرق ياكى غەربنى ئۆلچەم قىلماي، قىبلىگە ئالدى ياكى ئارقىسىنىڭ بولۇپ قالماسلىقىنى ئاساس قىلىشى لازىم.

65 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇ 11، سالاھ 29؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 59؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 4؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 6؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 19؛ 20 ۋە 21.

66 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇ 12، 14، خۇمۇس 4؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 62؛ مالىك، مۇۋاتتا، قىبلە 3؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 5؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 7؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 22.

ياكى ئارقىسنى قىبلىگە قىلىپ تەرەت سۇندۇرۇشنىڭ زىيىنى يوق» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[67].

6. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۆۋىغا سىيىشتىن توسقان[68].

7. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «لەنەتكە قېلىشقىلارغا سەۋەبچى بولىدىغان ئۈچ ئىشتىن يەنى سۇ مەنبەلىرى ۋە ئۆلارنىڭ ئەتراپىغا، يوللارغا ۋە سايىلارغا تەرەت سۇندۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەن[69].

8. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنچىغا ۋە سۇغا سىيىشتىن توسقان[70].

9. ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مېنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سىيگەنلىكىمنى كۆرۈپ، «ئى ئۆمەر! ئۆرە تۇرۇپ سىيمىگىن!» دېگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئۆرە تۇرۇپ سىيمىدىم[71].

10. ئائىشە (ر.ئە)مۇنداق دەيدۇ: سىلەرگە كىم «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۆرە تۇرۇپ سىيگەن» دېسە، ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭلار. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) داۋاملىق ئولتۇرۇپ سىيەتتى[72].

11. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ھاجەتخانىغا بارسا، ئۈچ دانە تاش بىلەن تەرەت يوللىرىنى تازىلىسۇن. چۈنكى ئۈچ دانە تاش ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ[73].

12. ئەنەس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تەرەت سۇندۇرغىلى چىقسا، مەن ۋە بىزدىن بىر بالا ئىستىنجا قىلىشى ئۈچۈن بىر قاچىدا سۇ ئېلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقاتتۇق[74].

---

67 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 4.

68 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 16؛ ئەھمەد بىن ھەنبەل، مۇسنەد 82/5.

69 مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 68؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 14.

70 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 239؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 94، 96؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 15؛ 36؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 17، 51، نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 31، 45، 146؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 12، 25؛ ئەھمەد بىن ھەنبەل، مۇسنەد 4/ 110-111؛ نۇرۇددىن ئەلى ئىبنى ئەبى بەكرى ئەلھەيسەمي، مەجمەئۇززەۋائىد ۋە مەنبەئۇل فەۋائىد، بېيرۇت 1988، 1 – توم، 204 – بەت.

71 تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 8.

72 تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 8؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 25.

73 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 21؛ نەسائى، سۇنەن تاھارەت 40؛ داره قۇتنىي، سۇنەن، ئىستىنجا 4.

74 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 15- 16- 17، 56، سالات 93؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 70؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 23؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 41.

مەقسەت تەرەت يوللىرىنى پاكىزلاش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشنى سۇ بىلەن ئادا قىلىش ياخشى. لېكىن تاش، چالما ۋە تازىلىق قەغىزى قاتارلىق ئۆزى پاكىز، نىجاسەتنى چىقىرالايدىغان نەرسىلەر بىلەنمۇ ئادا قىلىشقا بولىدۇ.

13- رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «بىرىڭلار تەرەت سۇندۇرسا ئوڭ قولى بىلەن ئىستىنجا قىلمىسۇن ۋە قاچىنىڭ ئىچىگە تىنمىسۇن» دېگەن[75].

14- رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىپ بولۇپ، قولىنى يەرگە سۈرتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[76].

بۇ يەردە قولنىڭ تېخىمۇ پاكىز بولۇشى مەقسەت قىلىنغان. ھازىرقى زاماندا بۇ مەقسەتنى سوپۇن بىلەن يۇيۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

15 ـ ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) خالادىن چىققاندا «رەببىم! مېنى كەچۈرگىن» دەيتتى[77].

## 4- تاھارەت (تەرەت)

ئاللاھ تائالا مائىدە سۈرىسىنىڭ 6- ئايىتىدە (بۇ ئايەت يۇقىرىدا ئۆتتى) ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنى كىچىك تاھارەتتى بولمىسا كىچىك تاھارەت ئېلىشقا، چوڭ تاھارەتتى (غۇسۇل تاھارەتتى) بولمىسا چوڭ تاھارەت ئېلىشقا، ناۋادا سۇ تاپالمىسا بۇ ئىككى تاھارەتنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار تەرەت سۇندۇرسا، قايتا تاھارەت ئالمىغۇچىلىك ئاللاھ ئۇنىڭ ھېچبىر نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[78].

«تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ»[79].

### 1 ـ كىچىك تاھارەت (تەرەت)نىڭ شەكلى:

ئوسمان (ر.ئە)نىڭ خىزمەتچىسى مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان (ر.ئە)سۇغا بۇيرۇغان ئىدى مەن سۇ ئەكەلدىم. ئۇ ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن

75 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇ 19.

76 نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 43؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 29.

77 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 17؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 5؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 10؛ دارىمى، سۇنەن، ۋۇدۇ 17.

78 بۇخارى، سەھىھ، تاھارەت 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 2.

79 بۇخارى، سەھىھ، تاھارەت2؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 2.

ئوڭ قولىنى قاچىغا تىقىپ سۇ ئېلىپ، ئېغىز-بۇرنىنى چايقىدى. ئاندىن ئۈچ قېتىم يۈزىنى يۇدى، ئاندىن بىلىكىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن بېشىغا مەسىھ قىلدى. ئاندىن ئىككى پۇتىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ماڭا: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم دېدى[80].

ئابدۇ خەير مۇنداق دەيدۇ: ئەلي (ر.ئە) يېنىمىزغا كەلدى ۋە ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن سۇغا بۇيرۇدى. بىز، ئۇ تاھارەت سۈيىنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ئۇ ناماز ئوقۇپ بولغان تۇرسا. بەلكى بىزگە ئۆگىتىپ قويماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشتۇق. دەرھال بىر قاچا سۇ ۋە بىر دانە داس كەلتۈرۈلدى. ئاندىن ئۇ قاچىدىن ئوڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ، ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ئېغىز-بۇرنىنى سۇ ئالغان قولى بىلەن سۇ بېرىپ ئۈچ قېتىمدىن چايقىدى، ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ئوڭ بىلىكىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن سول بىلىكىنى ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن قولىنى سۇ قاچىسىغا تىقىپ، بېشىغا بىر قېتىم مەسىھ قىلدى، ئاندىن ئوڭ پۇتىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، سول پۇتىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن: «كىمكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ تاھارىتىنى بىلمەكچى بولسا، بىلسۇنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ تاھارىتى مانا مۇشۇنداق ئىدى» دېدى[81].

ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىر قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالدى[82].

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئىككى قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالدى ۋە: «نۇر ئۈستىگە نۇر» دېدى[83].

دېمەك، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نىڭ تاھارەتنى بىر قېتىمدىن، ئىككى قېتىمدىن ۋە ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ ئالغان، لېكىن ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇمىغان[84].

80 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 24، 28، سەۋم 27؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 3، 4؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 50؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 27، 28، 93.

81 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 50؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 37؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 75.

82 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 22؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 53؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 84-85.

83 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 23.

84 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 1، 22، 23.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۈممىتىمگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشتىن قورقمىغان بولسام، ئۇلارنى ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇغان بولاتتىم[85].

ئەنەس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تاھارەت ئالغاندا قولىغا سۇ ئېلىپ گېلىغا كىرگۈزدى، ساقىلىنىڭ ئارىسىغا سۇ ئۆتكۈزدى ۋە رەببىم مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى، دېدى[86].

مۇستەۋرىد ئىبنى شەدداد (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ تاھارەت ئالغاندا پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى چىمچىلاق بارمىقى بىلەن ئارىلاپ يۇيغانلىقىنى كۆردۈم[87].

رەبىئ بىنتى مۇئەۋۋىز (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تاھارەت ئالدى. بۇ ئەسنادا بارمىقىنى قۇلاقلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىگە تىقتى[88].

ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ بىر پارچە رەختى بار ئىدى. تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئەزالىرىنى سۈرتۈۋېتەتتى[89].

## 2 ـ چوڭ تاھارەت (غۇسۇل)

غۇسۇل- پۈتۈن بەدەننى پاكىز يۇيۇش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان بىر خىل تاھارەت بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا جُنُبًا إِلَّا عَابِرِي سَبِيلٍ حَتَّى تَغْتَسِلُوا﴾

«جۇنۇپ چېغىڭلاردىمۇ غۇسۇل قىلغىنىڭلارغا قەدەر نامازغا يېقىنلاشماڭلار»- نىسا 43/4.

﴿وَإِنْ كُنْتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُوا﴾

«ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار ئوبدان پاكلىنىڭلار»- مائىدە 6/5.

85 مالىك، مۇۋاتتا، تاھارەت 32.

86 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 56.

87 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 148؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 30.

88 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 50.

89 تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 40.

ئاللاھ تائالا بۇ سۆزلىرىدە ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنى چوڭ تاھارىتى بولمىسا (يەنى جۇنۇپ بولسا) غۇسۇل تاھارەت ئېلىپ ئوبدان پاكلىنىپ ئاندىن ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ.

ھەيزدارلىق ۋە نىفاسدارلىقمۇ چوڭ تاھارەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُوا النِّسَاءَ فِي الْمَحِيضِ وَلَا تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّى يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾

«ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق سورايدۇ. ئېيتقىنكى: ئۇ بىر ئەزىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللىرىڭلار ھەيز كۆرۈۋاتقان مەزگىلدە ئۇلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، پاك بولمىغىچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. ئۇلار ئوبدان پاكلانغان چاغدا ئاللاھ بۇيرۇغان يەردىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئوبدان پاك بولغۇچىلارنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ»- بەقەرە 222/2.

بۇ ئايەتتىكى «ئوبدان پاكلىنىش»نىڭ مەنىسى غۇسۇل قىلىش دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى «ئوبدان پاكلىنىش» بىلەن مائىدە سۈرىسىنىڭ 6- ئايىتىدىكى «ئوبدان پاكلىنىش» ئوخشاش ئىپادىلەردۇر. ئۇ ئىپادىنىڭ غۇسۇل قىلىش مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى نىسا سۈرىسىنىڭ 43- ئايىتى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

### چوڭ تاھارەتنىڭ (غۇسۇلنىڭ) شەكلى

غۇسۇل تاھارەت ئالماقچى بولغان ئادەم ئاۋۋال ئىككى قولىنى يۇيىدۇ. ئاندىن نامازغا ئالغاندەك تاھارەت ئالىدۇ. ئاندىن چاچلىرىنىڭ تېگىنى ئارىلاپ يۇيىدۇ. ئاخىردا پۇتۇن بەدىنىنى ئالا قويماي يۇيىدۇ. ئەگەر غۇسۇل قىلغان سۇ پۇتلىرىنىڭ ئەتراپىدا يىغىلىپ قالىدىغان ئىش بولسا پۇتلىرىنى ئەڭ ئاخىردا يۇيىدۇ. ئايال كىشى ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى غۇسۇل قىلغاندا چۇۋۇمىسىمۇ بولىدۇ. چېچىنىڭ تېگىگە سۇ ئۆتكۈزسە كۇپايە. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر بۇنى كۆرسىتىدۇ:

ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) جىنابەتتىن غۇسۇل قىلغاندا ئاۋۋال قوللىرىنى يۇياتتى. ئاندىن كېيىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بارماقلىرىنى سۇغا تىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن چېچىنىڭ تېگىنى ئارىلايتتى. بېشىنىڭ تېرىسىگە سۇ يەتكەنلىكىگە قانائەت

قىلغاندا ئۇستىگە ئۈچ قېتىم سۇ تۆكەتتى. ئاندىن بەدىنىنىڭ قالغان قىسمىنى يۇياتتى. ئاندىن ئىككى پۇتىنى يۇياتتى»[90].

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: ھەر بىر تۈكنىڭ تېگىدە جۇنۇپلۇق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن چاچلارنى يۇيۇڭلار، تېرىنى پاكىزلاڭلار[91].

سەۋبان (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن جىنابەت ئۈچۈن قىلىنىدىغان غۇسۇل توغرىسىدا سوئال سورالغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: غۇسلى قىلىدىغان كىشى ئەر بولسا، چېچىنى چۇۋۇپ سۇ چاچلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەنگە قەدەر يۇسۇن. ئايال بولسا، چېچىنى چۇۋۇمىسىمۇ بولىدۇ. بېشىغا ئۈچ ئوچۇم سۇ تۆكسۇن[92].

ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن، بىر كىشى كىيىم-كېچىكىدە ھۆللۈك ئۇچراتسا، لېكىن ئېھتىلام بولغانلىقى ئېسىدە بولمىسا، غۇسۇل قىلىشى كېرەكمۇ؟ دەپ سورالغان ئىدى، «ھەئە، غۇسۇل قىلىشى كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئېھتىلام بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھۆللۈك ئۇچراتمىسىچۇ؟ دەپ سورالدى، «غۇسلى قىلىشى كېرەك ئەمەس» دېدى. ئۇممى سۇلەيم (ر.ئە) بۇنى ئايال كىشى كۆرسىمۇ غۇسۇل قىلىشى كېرەكمۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، بۇنىڭغىمۇ «ھەئە، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى[93].

ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايالنىڭ غۇسلى قىلىشىمۇ جۇنۇپىنىڭ غۇسلى قىلىشىغا ئوخشايدۇ. لېكىن ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللار غۇسۇل قىلىش جەريانىدا پاكىز بىر لاتا بىلەن قاننىڭ ئىزلىرىنى سۈرتىدۇ ۋە خۇشپۇراق نەرسە ئىشلىتىدۇ[94].

90 بۇخارى، سەھىھ، غۇسل 1، 15، 19؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەيز 35؛ مالىك، مۇۋاتتا، تاھارەت 67؛ ئەبۇ داۋدۇد، سۇنەن، تاھارەت 98؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 76؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 152، 153، 155، 156، 157.

91 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 98؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 78.

92 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 100.

93 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 95؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 82.

94 بۇخارى، سەھىھ، ھەيز 13، 14، ئىئتىسام 24؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەيز 60، 61؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 122، نەساى، سۇنەن، تاھارەت 159.

قەيس ئىبنى ئاسىم مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇسۇلمان بولماقچى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدىم. ئۇ مېنى سۇ ۋە سىدىر بىلەن غۇسۇل قىلىشقا بۇيرىدى[95].

تىرمىزى بىلەن نەسائى، ئۇ كىشى مۇسۇلمان بولۇپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئۇنى غۇسلى قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئۇممۇ ئەتىييە ئەل ئەنسارىيە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نىڭ قىزى (زەينەپ) ۋاپات بولغاندا يېنىمىزغا كىرىپ، ئۇنى سۇ ۋە سىدىر بىلەن ئۈچ ياكى بەش ۋە ياكى زۆرۈر دەپ قارىساڭلار ئۇنىڭدىن كۆپرەك يۇيۇڭلار. ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا كافۇر قويۇڭلار. يۇيۇش ئاخىرلاشقاندا ماڭا خەۋەر قىلىڭلار، دېدى. بىز ئىشنى تۈگىتىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدۇق. ئۇ بىزگە تاشقى كىيىمنى بەردى. ئاندىن «ئۇنى ئاۋۋال بۇنىڭ بىلەن كېپەنلەڭلار» دېدى[96]. بۇخارى بىلەن مۇسلىم يۇغۇچى ئاياللارنىڭ رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ قىزىنىڭ چېچىنى ئۈچ ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ ئارقىسىغا قويغانلىقىنىمۇ رىۋايەت قىلىدۇ.

دېمەككى، ئىسلامغا كىرگەن كىشىمۇ غۇسۇل قىلىدۇ، ئۆلۈپ قالغان مۇسۇلمانمۇ يۇيۇلىدۇ.

**غۇسۇلدىن ئىلگىرى قىلىش ياخشى بولغان ئىشلار:**

1ـ نىيەت قىلىش. لېكىن نىيەتنى ئاغزىدا تەلەپپۇز قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. غۇسۇل بىلەن چوڭ تاھارەتسىزلىكنى يوقىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈش نىيەت ھېسابلىنىدۇ.

2ـ ئىككى قولنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش.

3ـ نىجاسەت يۇقۇپ قالغان يەرلىرىنى يۇيۇش.

4ـ نورمال ئەھۋالدا نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىش. غۇسلى قىلغان يەرگە سۇ يىغىلىپ قالىدىغان ئەھۋال بولسا، ئىككى پۇتنى كېيىن يۇيۇش.

---

95 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 131؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 429؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 127.

96 بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز، 8ـ 17؛ مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز 36؛ مالىك، مۇۋاتتا، جەنائىز 2؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جەنائىز 33؛ تىرمىزى، سۇنەن، جەنائىز 15؛ نەسائى، سۇنەن، جەنائىز 28، 30ـ36.

5ـ بېشىغا سۇ قۇيۇش ۋە ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ پۈتۈن بەدەننى مۇكەممەل ئۈچ قېتىم سىلاپ يۇيۇش.

6ـ غۇسلى قىلىش جەريانىدا ئىككى قۇلاقنىڭ ئىچى، كىندىك، پۇتنىڭ بارماقلىرىنىڭ پاكىزە بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش.

7ـ ئايال كىشىنىڭ غۇسلى قىلىشى ئەركىشىنىڭ غۇسلى قىلىشىغا ئوخشاش. لېكىن چېچى ئۆرۈلگەن بولسا، ئۆرۈلگەن چاچنى چۇۋۇش شەرت ئەمەس، پەقەت چاچنىڭ تېگىگە سۇ ئۆتسە كۇپايە قىلىدۇ.

## 5ـ تاھارەتنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئامىللار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا﴾

«ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار يۇيۇنۇپ پاكلىنىڭلار، ئەگەر كېسەل بولساڭلار ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى ھاجەتخانىدىن كەلگەن بولساڭلار ۋە ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر يەردە بولۇشقان بولساڭلار، ئاندىن تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار». مائىدە 6/5.

بۇ ئايەتتە ھاجەتخانىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئاز دېگەندە بىرىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن كىچىك تاھارەتنىڭ، ئايالى بىلەن بىر يەردە بولۇش بىلەن چوڭ تاھارەتنىڭ سۇنۇپ كېتىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. شۇنىڭدەك، بۇ ئىككى تاھارەتنى ئېلىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىغان كىشىگە تەيەممۇم قىلىش رۇخستىنىڭ بېرىلگەنلىكى بايان قىلىنماقتا[97].

ئەبباد ئىبنى تەمىم تاغىسى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيددىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ (ئە.س)غا ناماز ئوقۇۋېتىپ يەل چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدىغان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئاۋازىنى ئاڭلىغانغا ياكى پۇرىقىنى پۇرىغانغا قەدەر نامىزىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن» دېگەن[98].

97 نىسا سۈرىسىنىڭ 43 ـ ئايىتىدىمۇ بۇ ھۆكۈملەر بايان قىلىنىدۇ.

98 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇ 4، 34، بۇيۇ 5؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەيز 98؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 68؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 116.

بۇ ھەدىستىن مەقئەتتىن يەل چىقارغان كىشىنىڭ ھاجەتخانىدىن كەلگەن كىشىنىڭ ھۆكمىدە بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا تاھارىتى سۇنۇپ كېتىدىغانلىقى چىقىدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئىككى كۆز مەقئەتنىڭ بوغقۇچىسىدۇر. ئۇنداقتا ئۇخلاپ ئويغانغان كىشى قايتىدىن تاھارەت ئالسۇن»[99].

بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇخلاش، ئايلىنىپ كېتىش ياكى دورا ئىستېمال قىلىش.... ئارقىلىق تەرەت يوللىرىدىن بىر نەرسە چىققانلىقىنى ھېس قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئەقىل-ھوشىنىڭ يوقىلىشى تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ.

### ب- مەسىھ

ئۆتۈك، مەسە، بەتىنكە ۋە پايپاقتا ئوخشاش ئاياغ كىيىملىرىنى بۇرۇن تاھارىتى بار ۋاقىتتا كىيگەن بولسا، كېيىن تاھارەت ئالغاندا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەسىھ قىلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، يارا، جاراھەت، ۋە سۇنۇق قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە تېڭىلغان تېڭىق ئۈستىگىمۇ مەسىھ قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن تېڭىق ئۈستىگە مەسىھ قىلىشتا، تېڭىشتىن بۇرۇن تاھارەتلىك بولۇش شەرت ئەمەس، ھەمدە بۇنىڭ مۇددىتى يوق.

مەسىھنى، تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان نەرسىلەردىن باشقا مۇددەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ۋە ئاياغ كىيىمنى سېلىۋېتىش سۇندۇرىدۇ.

**مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:**

1 ـ سەئىد ئىبنى ئەبى ۋاققاس ۋە مۇغىرە ئىبنى شۇئبە (ر.ئە) رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۈستىگە مەسىھ قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ[100].

2- مۇغىرە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تاھارەت ئالدى، پايپاقلىرىنىڭ ۋە نەئلىلىرىنىڭ[101] ئۈستىگە مەسىھ قىلدى[102]. نەئلىنىڭ (ساپما

---

99 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 80.

100 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 35، 48، 49، سالات 7، 25، جىھاد 90، مەغازىي 80، لىباس 10 ـ 11؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 77، 79، 81، 82؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 59؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 72؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 96، 97100؛ مالىك، مۇۋەتتا، تاھارەت 42.

101 نەئل، ئۈستىگە ئىككى قولدەك تاسما تىكىلگەن بىر خىل يازلىق كەش.

102 تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 74.

كەشنىڭ) تاسمىلىرى پايپاق كىيىلگەن ئاياغنىڭ ھەممىسىنى يۆگىۋالمىغانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نەئلىنى چىقارمايلا ئۈستىگە مەسىھ قىلغان.

3ـ ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇساپىرغا ئۈچ كېچە كۈندۈز، مۇقىمغا بىر كېچە كۈندۈز مەسىھ مۇددىتى بەلگىلەپ بەرگەن[103].

4ـ ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ (ر.ئە): «قولۇمنىڭ بېغىشى سۇنۇپ كەتكەن ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن سورىدىم. ئۇ ماڭا تېڭىق ئۈستىگە مەسىھ قىلىشىمنى ئېيتتى» دەيدۇ[104].

### پ- تەيەممۇم

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنْ كُنتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ مِنْهُ﴾

«ئەگەر كېسەل بولساڭلار ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى تاھارەت سۇندۇرغان بولساڭلار ۋە ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر يەردە بولۇشقان بولساڭلار، ئاندىن تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار: پاك تۇپراق بىلەن يۈزۈڭلارغا ۋە قولۇڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار»- مائىدە 6/5.

نىسا سۈرىسىنىڭ 43- ئايىتىنىڭ بىر قىسمىمۇ بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، تاھارەت ۋە غۇسۇل ئۈچۈن سۇ ئىشلىتەلمىگەن ياكى سۇ تاپالمىغانلارنى توپا بىلەن تەيەممۇم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، تەيەممۇم ھەم كىچىك تاھارەتنىڭ ھەمدە غۇسۇل تاھارەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. غۇسۇلنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان تەيەممۇم بىلەن تاھارەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان تەيەممۇم ئوخشاشتۇر.

---

103 مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 85؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 99؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 86.

104 ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 134.

## 1. تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىلەن بىر سەپەرگە چىققانىدۇق. بەيدا ياكى زاتۇلجەيش دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەن چېغىمىزدا بۇلاپكام چۈشۈپ قالدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇنى تېپىش ئۈچۈن توختىدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ توختىدى. يېقىن ئەتراپتا سۇ يوق ئىدى. يېنىمىزدىمۇ سۇ قالمىغان ئىدى. كىشىلەر ئەبۇ بەكرى سىددىق (ر.ئە)نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئائىشىنىڭ قىلغان ئىشىغا قارىمامسەن؟ ئۇ رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نى ۋە باشقىلارنى بۇ يەردە كاشىلا قىلدى. يېقىن ئەتراپتا سۇ يوق. يېنىمىزدىكى سۇمۇ تۈگەپ قالغان تۇرسا! دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى (ر.ئە) يېنىمغا كەلدى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بېشىنى يوتامنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئۇخلاپ قالغان ئىدى. ئۇ، سەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىلەن ھەممەيلەننى بۇ يەردە توختىتىپ قويدۇڭ. يېقىن ئەتراپتا سۇ يوق. يېنىمىزدىكى سۇمۇ تۈگەپ قالغان تۇرسا، دەپ ماڭا كايىدى ۋە ئاغزىغا كەلگەننى دەپ قولى بىلەن بېقىنىمغا نوقۇشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ بېشى يوتامنىڭ ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن مەن مىدىرلىيالمىدىم. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تاڭ ئاتقىچە سۇ يوق ھالەتتە ئۇخلىدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا تەيەممۇم ئايىتىنى نازىل قىلدى ۋە ئۇلار تەيەممۇم قىلدى[105].

ئىمران ئىبنى ھۈسەيىن (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇماي بىر تەرەپتە ئايرىم تۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈپ، «ئى پالانى! نېمىشقا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇمايسەن» دېگەن ئىدى، ئۇ كىشى ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن جۇنۇپ بولۇپ قالدىم، سۇ يوق، دېدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) «پاك تۇپراق ئىشلەتكىن، ئۇ ساڭا كۇپايە قىلىدۇ» دېدى[106].

## 2. تەيەممۇمنىڭ شەكلى

تەيەممۇم ئىككى قولنى پاك تۇپراققا ئۇرۇپ يۈزنى سىلاش ۋە يەنە بىر قېتىم ئۇرۇپ ئىككى قولنى سىلاشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تەيەممۇمدا قولنى يەرگە ئۇرۇپ، يۈزنى ۋە ئىككى قولنى سىلىغان[107].

---

105 بۇخارى، سەھىھ، تەيەممۇم 2، فەزائىلۇسساھابە 5، 30، تەپسىر، نىسا 10، مائىدە 3، نىكاھ 65، 125، لىباس 52، ھۇدۇد 39؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەيز 108، مالىك، مۇۋاتتا، تاھارەت 89؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 123؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 194.

106 بۇخارى، سەھىھ، تەيەممۇم 6، 8، مەناقىب 25؛ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 317؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 203.

107 بۇخارى، سەھىھ، تەيەممۇم 6، مۇسلىم، سەھىھ، ھەيز 111.

ئىبنى ئابباس (ر.ئە) تەيەممۇم ھەققىدە سوئال سورالغاندا مۇنداق دېدى: ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا تاھارەتنى بايان قىلغاندا «يۈزلىرىڭلارنى ۋە جەينەكلىرىڭلارغىچە قوللىرىڭلارنى يۇيۇڭلار» دېدى. تەيەممۇمدا بولسا، «يۈزلىرىڭلارنى ۋە قوللىرىڭلارنى سىلاڭلار» دېدى، ئوغرىلىق ھەققىدە «ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قوللىرىنى كېسىڭلار» دېدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) قولنى بېغىشىدىن كەسكەن ئىدى. ئۇنداقتا تەيەممۇمدا سىلىنىدىغان يەر پەقەتلا يۈز ۋە ئىككى قولدۇر[108].

سۇ سوغۇق بولۇپ غۇسۇل قىلسا كېسەل بولۇپ قېلىشتىن قورققانلارمۇ كېسەلنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

ئەمر ئىبنى ئاس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن زاتۇسسەلاسىل ئۇرۇشىدا سوغۇق بىر كېچىدە ئېھتىلام بولۇپ قالدىم. غۇسۇل قىلسام ھالاك بولۇپ كېتىشىمدىن قورقتۇم. شۇنىڭ بىلەن تەيەممۇم قىلىپ ھەمراھلىرىمغا ئىمام بولۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم. ئۇلار بۇ ھادىسىنى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)غا مەلۇم قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئى ئەمر! سەن جۇنۇپ تۇرۇپ ھەمراھلىرىڭغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا مېنى غۇسۇل قىلىشتىن توسقان نەرسىنى ئېيتىپ بەردىم ۋە ئاللاھ تائالانىڭ «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) كۈلدى ۋە ھېچ نەرسە دېمىدى[109].

ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ زامانىسىدا ياردار بىر كىشى ئېھتىلام بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ كىشى غۇسۇل قىلىشقا بۇيرۇلدى ۋە غۇسۇل قىلدى. ئاندىن ئۆلۈپ قالدى. بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھ (ئە.س) غا يەتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالسۇن! بىلمىسە سورىسا بولمامدۇ؟ بىلمەسلىكنىڭ داۋاسى سوراشتۇر. ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى ياكى يارىسىنى تېڭىپ، ئۈستىگە مەسھ قىلىشى ۋە بەدىنىنىڭ قالغان قىسمىنى يۇيۇشى كۇپايە قىلاتتى»[110].

108 تىرمىزى، سۈنەن، تاھارەت 110.

109 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تاھارەت 126.

110 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تاھارەت 127؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، تاھارەت 93.

سۇ تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇغانلار ناماز ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن سۇ تاپقان بولسا تاھارەت ئېلىپ نامىزىنى قايتا ئوقۇشى كېرەك ئەمەس. ئەگەر تاھارەت ئېلىپ قايتا ئوقۇسا ئىككى ئەجرگە ئېرىشىدۇ.

ئەبۇ سەئىد (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: ئىككى كىشى بىر سەپەرگە چىققان ئىدى. سەپەر ئەسناسىدا نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا سۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاك تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن سۇ تاپتى. بۇ ئىككى كىشىدىن بىرى تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتا ئوقۇدى. يەنە بىرى ئۇنداق قىلمىدى، كېيىن بۇ ئىككى كىشى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتا ئوقۇمىغان كىشىگە «سەن سۈننەت بويىچە توغرا ئىش قىلدىڭ ۋە نامىزىڭ يېتەرلىكتۇر» دېدى، تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتا ئوقۇغان كىشىگە بولسا: «ساڭا ئىككى ئەجىر بار» دېدى[111].

## 3. تەيەممۇمنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئامىللار

1 ـ تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان نەرسىلەر تەيەممۇمنىمۇ سۇندۇرىدۇ.

2 ـ سۇنىڭ تېپىلىشى تەيەممۇمنى سۇندۇرىدۇ.

3 ـ تەيەممۇم قىلىشقا سەۋەب بولغان نەرسىلەرنىڭ يوقىلىشى تەيەممۇمنى سۇندۇرىدۇ.

## *ت. سوئال-جاۋابلار*

### تۆگە گۆشى تەرەتنى سۇندۇرامدۇ؟

سوئال: مەن بۈگۈن بىر ماقالە ئوقۇدۇم. ئۇ ماقالىدە تۆگە گۆشى يېگەن كىشىنىڭ تاھارىتى سۇنىدۇ، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قايتا تاھارەت ئېلىش كېرەك دەپ يېزىلغان ئىكەن. (بۇنداق گەپنى بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن)، ئەمما مەن تازا ئىشەنچ قىلالماي سىلەردىن بۇ ھەقتە تەلىم ئېلىشنى توغرا كۆردۈم، مالال كۆرمەي چۈشەندۈرۈش بەرگەن بولساڭلار، رەھمەت.

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىزنىڭ «تۆگە گۆشى يېگەن كىشىنى قايتا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقى» توغرۇلۇق سەھىھ مۇسلىمدا بىر ھەدىس بار.

111 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تاھارەت 128؛ نەسائى، سۈنەن، غۇسل 27.

بۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ ھەنبەلىي مەزھەپى ئۆلىمالىرى «تۆگە گۆشى يېيىش تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىللاردىندۇر» دەپ قارايدۇ[112]. بۇگۇنكى ئەرەبىستان ئۆلىمالىرىمۇ مۇشۇ كۆز قاراشتا[113].

ھەنەفىيە، شافىئىيە ۋە مالىكىيە مەزھەپلىرىنىڭ ئۆلىمالىرى تۆگە گۆشى يېيىش بىلەن تاھارەت سۇنمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ «تۆگە گۆشى يېگەن كىشى تاھارەت ئالسۇن» دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسىنى «تۆگە گۆشى يېگەن كىشى قوللىرىنى يۇيۇۋەتسۇن» دېگەن بولىدۇ ياكى «تۆگە گۆشى يېگەن كىشىنىڭ تاھارەت ئېلىۋېتىشى ياخشى بولىدۇ» دېگەن بولىدۇ دەپ چۈشىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆت خەلىپىسى (ئەبۇ بەكىر، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىي (ر.ئە) ۋە ئۆلىما ھېسابلىنىدىغان نۇرغۇن ساھابە (ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەيي ئىبنى كەئب (ر.ئە)) قاتارلىقلارنىڭمۇ بۇ كۆز قاراشتا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايىتى (مائىدە 6/5) تاھارەتنى ئىككى تۈرلۈك ئامىلنىڭ سۇندۇرۇدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئايەتتە مەسىلە بۇ قەدەر ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ئۈچ مەزھەپنىڭ ئالىملىرى، تۆت خەلىپە ۋە نۇرغۇنلىغان ساھابە تۆگە گۆشى يېيىش تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆگە گۆشى يېگەن كىشىنى تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇشى، ئۇنى قوللىرىنى يۇيۇۋېتىشقا ۋە ئېغىزىنى چايقىۋېتىشقا بۇيرۇغانلىقىدۇر، دەپ قارايدۇ[114].

## قان چىقسا تەرەت سۇنامدۇ؟

سوئال: تەرەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بۇرنى قانىسا تەرەت سۇنۇپ كېتەمدۇ؟ تەرەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بەدەندىن ئاز مىقداردا قان چىقىپ كەتسە تەرەت سۇنۇپ كېتەمدۇ؟

جاۋاب: تاھارەت ئىككى تۈرلۈك ئىشنىڭ بىرىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن سۇنۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى خالادا بولىدىغان ئىشلاردۇر، يەنە بىرى جۇنۇپ بولۇشتۇر. بۇنى مائىدە سۈرىسىنىڭ 6- ئايىتى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

112 ۋەھبە زۇھەيلى، ئەلفىسۇلئىسلامىي ۋە ئەدىللەتۇھۇ، 381/1.

113 فەتاۋا ھەيئەتى كىبارىل ئۆلىما، 164/1.

114 بەدرۇددىن ئەينى، شەرھۇ سۇنەنى ئەبى داۋۇد، 430/1.

ئۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى، تەرەت يوللىرىدىن باشقا يەردىن چىققان قانىنىڭ تاھارەتنى سۇندۇرمايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

يارىدار بولغان ساھابىلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا تاھارەت ئالماستىن ياكى تەيەممۇم قىلماستىن نامازلىرىنى ئوقۇۋېرىشى، ئۆمەر (ر.ئە)نىڭ نەيزە سانجىلغان يېرىدىن قان ئېقىپ تۇرسىمۇ نامىزىنى ئوقۇۋېرىشى بۇنى تەكىتلەيدۇ[115].

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ھەنەفىيە مەزھىپى ھەرقانداق يەردىن قان چىقسا تاھارەت سۇنۇپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇلار دەلىل قىلغان رىۋايەتلەر توغرىسىدا بۇ مەزھەپنىڭ ئالىملىرىدىن زەيلەئى دېگەن كىشى «نەسبۇررايە» ناملىق كىتابىنىڭ «تاھارەت» بۆلۈمىدە «زەئىپ (دەلىل بولالىغۇدەك كۈچتە ئەمەس)» دەپ يازىدۇ[116].

### غۇسۇلدىن ئىلگىرى تەرەت ئېلىش شەرتمۇ؟

سوئال: ھەيىزدىن ياكى نىفاستىن (تۇغۇت قېنىدىن) پاك بولغۇچى ئايالنىڭ غۇسۇل قىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم تاھارەت ئېلىشى كېرەك بولامدۇ؟ غۇسۇل قىلغان كىشى شۇ غۇسلى بىلەن ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟ ياكى غۇسۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئايرىم بىر تاھارەت ئېلىشى كېرەك بولامدۇ؟

جاۋاب: غۇسۇل بىلەن ناماز ئوقۇۋەرسە بولىدۇ. ئايرىم تاھارەت ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ وَإِنْ كُنْتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُوا﴾

«ئى مۇئمىنلار! نامازغا تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھە قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار ئوبدان پاكلىنىڭلار»- مائىدە 6/5.

---

115 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ، سەييىد سابىق، فىقھۇسسۇننە 41/1.

116 جەمالۇددىن ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇف ئىبنى مۇھەممەد زەيلەئى (ۋاپاتى: 762 ھ)، نەسبۇررايە 37/1.

﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُوا النِّسَاءَ فِي الْمَحِيضِ وَلَا تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّى يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾

«ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق سورايدۇ. ئېيتقىنكى: ئۇ بىر ئەزىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللىرىڭلار ھەيز كۆرۈۋاتقان مەزگىلدە ئۇلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، پاك بولمىغىچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. ئۇلار ئوبدان پاكلانغان چاغدا ئاللاھ بۇيرۇغان يەردىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئوبدان پاكلانغۇچىلارنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ»- بەقەرە 222/2.

بىرىنچى ئايەتتە، ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى تاھارىتى بولمىسا تاھارەت ئېلىشقا، جۇنۇپ بولسا ئوبدان پاكلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ. نىسا سۈرىسىنىڭ 43- ئايىتىدىكى: «جۇنۇپ بولساڭلار غۇسۇل قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار» دېگەن ئىپادە بۇ ئايەتتىكى «ئوبدان پاكلىنىش» نىڭ غۇسۇل قىلىش ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى ئايەتتە، ھەيز ياكى نىفاس (ئايەتتىكى ھەيز كەلىمىسى نىفاسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆرۈۋاتقان ئاياللىڭ پاك ئەمەسلىكىگە ۋە پاك بولغان چېغىدا غۇسۇل قىلىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتتىكى: «ئوبدان پاكلىنىش» مۇ غۇسۇل قىلىش دېگەن بولىدۇ.

يەنى بۇ ئىككى ئايەت جۇنۇپنىڭ، ھەيزدىن پاك بولغۇچى ئاياللىڭ ۋە نىفاستىن پاك بولغۇچى ئاياللىڭ غۇسۇل قىلىشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىرىنچى ئايەتتە ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ، تاھارىتى بولمىسا، تاھارەت ئېلىشقا، جۇنۇپ بولسا غۇسۇل قىلىشقا بۇيرۇلۇشى، ناماز ئوقۇماقچى بولغان جۇنۇپ كىشىنىڭ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا ئەمەس، غۇسۇل قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىغا ۋە بۇ غۇسۇل بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولىدىغانلىقىغا ناھايىتى ئېنىق دالالەت قىلىدۇ.

تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم يا تاھارەتلىك بولىدۇ، بۇ تەقدىردە ئۇ بار بولغان تاھارىتى بىلەن نامىزىنى ئوقۇۋېرىدۇ ياكى

تاھارەتسىز بولىدۇ، بۇ تەقدىردە ئۇنىڭ تاھارەتسىزلىكى تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك تاھارەتسىزلىكتىن بىرى بولىدۇ:

1- كىچىك تاھارەتسىزلىك، بۇ تەقدىردە ئۇ كىچىك تاھارەت ئالىدۇ. بۇ كىچىك تاھارەت، بىرىنچى ئايەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك يۈزىنى يۇيۇش، قوللىرىنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش، بېشىغا مەسھ قىلىش ۋە پۇتلىرىنى ئوشۇقلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ.

2- چوڭ تاھارەتسىزلىك، بۇ تەقدىردە ئۇ چوڭ تاھارەت ئالىدۇ. بۇ چوڭ تاھارەت، پاكلىنىش نىيىتى بىلەن ئېغىز - بۇرنىنى ئوبدان چايقاش ۋە پۈتۈن بەدەننى ئالا قويماي يۇيۇش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ.

كىچىك تاھارەت بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولغاندەك، چوڭ تاھارەت بىلەنمۇ ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدىكى بىرىنچى ئايەت بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك بەزى ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

1- ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) غۇسۇلدىن كېيىن تاھارەت ئالمايتتى»[117].

2- ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: يا رەسۇلەللاھ! مەن چېچىمنى بەك قاتتىق ئۆرىمەن؛ ئۇنى غۇسۇل ئۈچۈن چۇۋۇيمەنمۇ؟ دەپ سورىغان ئىدىم. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «چېچىڭنىڭ تېگىگە ئۈچ قېتىم سۇ تۆككىن، ئاندىن بەدىنىڭنى يۇغىن. پاكلىنىسەن»[118].

يۇقىرىدا رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ فاتىمە بىنتى ھۇبەيشكە: «ھەيزىڭ توختىغاندا غۇسۇل قىل ۋە ناماز ئوقۇ» دېگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان رىۋايەت زىكىر قىلىندى. بۇ ھەدىسلەرمۇ غۇسۇلنىڭ پاكلىنىش نىيىتى بىلەن ئېغىز - بۇرۇنى ئوبدان چايقاش ۋە پۈتۈن بەدەننى ئالا قويماي يۇيۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ غۇسۇل بىلەن ناماز ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

117 تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 107؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 252، غۇسۇل ۋە تەيەممۇم 430؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 96، 579؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 454/40.

118 مۇسلىم، سەھىھ، ھەيز، 12، 58 (330)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تاھارەت 257؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 105؛ نەسائى، سۇنەن، تاھارەت 241؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 108، 603.

شۇنداقتىمۇ غۇسۇلنىڭ بىرقانچە سۈننىتى بار. غۇسۇل قىلغاندا بۇ سۈننەتلەرمۇ ئادا قىلىنسا ياخشى بولىدۇ، ئادا قىلىنمىسا غۇسۇلغا ھېچقانداق دەخلى يەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ سۈننەتلەر غۇسۇلنىڭ بولمىسا بولمايدىغان شەرتلىرى ئەمەس. يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

ئۇ سۈننەتلەر: ئالدى بىلەن «بىسمىللاھ...» دېيىش، ئاندىن ئىككى قولنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش، ئاندىن بەدىنىدە نىجاسەت بولسا يۇيۇش، ئاندىن نامازغا ئالغاندەك بىر كىچىك تاھارەت ئېلىش، ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش، سۇنى بېشىدىن باشلاپ قۇيۇش، يۇيۇشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش، قولى يەتكەن يەرلەرنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇش قاتارلىقلاردۇر. بۇ ھەقتە كىتابنىڭ «غۇسۇل» بۆلۈمىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

بۇ سۈننەتلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا غۇسۇل قىلغان كىشى ئەۋزەلنى قىلغان بولىدۇ. يۇقىرىدىكى شەكىلدە غۇسۇل قىلغان كىشى پەرزلەرنى ئادا قىلىپ غۇسۇل قىلغان بولىدۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككىسى غۇسۇل قىلغان بولىدۇ، شۇنداقلا جۇنۇپلۇقتىن ياكى ھەيزدىن ۋە ياكى نىفاستىن پاكلانغان بولىدۇ. ھەر ئىككى تۈرلۈك غۇسۇل بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ.

# بەش ۋاخ ناماز

بەش ۋاخ ناماز دىنىمىز «ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكىدۇر»[119]، «كىشىنىڭ مۇشرىك، كاپىر، مۇناپىق، دەپ سۈپەتلىنىشىنىڭ ئالدىدىكى توسالغۇدۇر»[120]، «نۇردۇر»[121]، كىشىنىڭ كۆڭلىنى يورۇتىدۇ. «مەنىۋى ئۆستەڭدۇر»[122]، كىشىنى گۇناھ كىرلىرىدىن پاكلايدۇ. مەنىۋى نەسىھەتچىدۇر، «ھاياسىزلىقتىن ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ»[123].

بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانلىق[124]، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەنلىك[125]، ئۇنىڭ بىر ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلغانلىق[126] ۋە ئۆزىنىڭ بەندىلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر[127].

ئىبادەت ئىتائەتتىن ھاسىل بولىدۇ[128]. ئىتائەت بۇيرۇلغاننى قىلىش، توسۇلغاندىن يېنىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەنە شۇ ئىبادەتنى قىلغان كىشى

119 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 36/387؛ بەيھەقى، سۇنەنى كۇبرا 9/35، شۇئەبۇلئىمان 6/93، 7/33.

120 مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 35/134 (82)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئىمان 2621؛ نەسائى، سۇنەن، سالات 463؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىقامەتۇسسالات 77/1079.

121 مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 1 (223).

122 ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىر كۈنى يېنىدىكى ساھابىلىرىگە: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! بىرىڭلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇ كۈنىگە بەش قېتىم شۇ ئۆستەڭگە سۇغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپ تۇرسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟» دېگەن ئىدى، ئۇلار: «ياق، ئۇنىڭ كىرلىرىدىن ھېچ نەرسە قالمايدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «مانا بۇ بەش ۋاخ نامازنىڭ مىسالىدۇر. ئاللاھ بەش ۋاخ ناماز بىلەن خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ» دېدى- (بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىت 6؛ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 282؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەمسال 5؛ نەسائى، سۇنەن، سالات 7).

123 ئەنكەبۇت 45/29.

124 ئاللاھ تائالا نىسا سۈرىسىنىڭ 103- ئايىتىدە نامازنىڭ ۋاقىتلىرى بەلگىلەنگەن پەرز ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەقەرە سۈرىسىنىڭ 238- ئايىتى ھۇد سۈرىسىنىڭ 114- ئايىتى ۋە ئىسرا سۈرىسىنىڭ 78- ئايىتى قاتارلىق ئايەتلەردە ئۇ پەرزنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

125 رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇغان ۋە باشقىلارنى ئوقۇشقا بۇيرۇغان.

126 رەسۇلۇللاھنىڭ ۋىدا خۇتبىسىدىكى ۋەسىيەتلىرىدىن بىرى «ناماز، ناماز!» ئىدى.

127 باشنى سەجدىگە قويۇپ «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا- ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىم پاكتۇر» دېيىش مەن تۆۋەن، مەن ئاجىز، مەن موھتاج، دېگەن بولىدۇ.

128 «دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلىش» مەزمۇنىدىكى ئايەتلەر بۇ مەنىگە دالالەت قىلىدۇ.

ئاللاھقا تەسلىم بولغۇچى بەندە (ئاللاھنىڭ قۇلى) ھېسابلىنىدۇ. تارىخ بويىچە ئەقىدىسىگە شېرىك، ئىبادىتىگە بىدئەت ئارىلاشتۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى ۋە ئازابىغا دۇچار بولغانلار، پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان مانا بۇ ئىنچىكىلىككە دىققەت قىلمىغان، شۇنداقلا نەپسى بىلەن شەيتانغا ئەگەشكەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەت قىلغانلىقىنى ئويلاپ قالغان كىشىلەردۇر[129].

شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم (ئە.س)دىن تارتىپ مۇھەممەد (ئە.س)غىچە پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۈلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە پەرز قىلىنغان[130] بەش ۋاخ نامازنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ بەش ۋاخ نامازنىڭ شەرت ۋە شەكىللىرىنى، ئەركان ۋە زىكىرلىرىنى، دۇئا ۋە تەسبىھلىرىنى توغرا رەۋىشتە ئۆگىنىش بىلەن بولىدۇ. تۆۋەندە مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلىدۇ:

### ئا- بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَّوْقُوتًا﴾

«شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلارغا ۋاقىتلىرى بەلگىلەنگەن پەرزدۇر»- نىسا .103/4

بۇ ئايەت مۇئمىنلارغا مۇئەييەن ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇشنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفًا مِّنَ اللَّيْلِ﴾

---

129 ئەئراف 30/7، كەھف 104/18، زۇخرۇف 36/43-37.

130 سۈرە ئەئرافنىڭ 31- ئايىتىدە ئاللاھ تائالا ئادەم باللىرىنى ھەر سەجدە قىلىدىغان چېغىدا چىرايلىق كىيىنىشكە بۇيرۇغان. بۇ نامازنىڭ يەر يۈزىگە ئادەمزات پەيدا بولغاندىن تارتىپ پەرز قىلىنغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. جىبرىئىل (ئە.س) رەسۇلۇللاھ (ئە.س)غا ئىككى كۈن ئىماملىق قىلىپ، بەش ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئەمەلىيەتتە تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھەممەد! مانا بۇ سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقتىدۇر. سېنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقتىڭ مۇشۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتتۇر». بۇ دالالەت قىلىدۇكى، پۈتۈن رەسۇلۇللاھ ۋە بارلىق ئۈممەتلەر بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇغان.- (بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىت 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 166-167؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 1؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن،سالات 2).

«نامازنى كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا كامىل ئۆتىگىن». ھۇد 114/11.

بۇ ئايەت بولسا، يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۆتكەن ۋاقىتلارنىڭ بىر كېچە-كۈندۈزنىڭ بۆلۈملىرىدىن بەش بۆلۈم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىزاھى مۇنداق:

ئايەتنىڭ «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە» دەپ تەرجىمە قىلىنغان قىسمى تەرەفەيىنناھار ﴿طَرَفَيِ النَّهَارِ﴾ بولۇپ، بۇ ئىزافەتلىك بىرىكمىدۇر. بۇ بىرىكمىدە مۇزاف (ئېنىقلانغۇچى) تەرەفەي ﴿طَرَفَي﴾ دۇر. تەرەفەي، تەرەف ﴿طَرَف﴾ كەلىمىسىنىڭ ئىككىلىك شەكلىدۇر. تەرەپ كەلىمىسى ئەرەبچىدە بىر تەرەپ، بىر توپ، بىر تۈركۈم، چېگرا، ياكى دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ[131]. بۇ كەلىمە قۇرئان كەرىمدە مۇزاف (ئېنىقلانغۇچى) بولۇپ كەلگەندە مۇزافۇن ئىلەيھ (ئېنىقلىغۇچى)نىڭ بىر پارچىسى بولىدۇ[132]. بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتتە ئۆتكەن «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپى» كۈندۈزگە تەۋە بولغان ۋاقىتلاردىن ئىككى بۆلۈمنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسرا سۈرىسىنىڭ 78- ئايىتىدىكى ﴿لِدُلُوكِ الشَّمْسِ (كۈندۈزى كۈن قايرىلغاندىن تارتىپ)﴾ ئىپادىسى بۇ «ئىككى تەرەپ»نىڭ، كۈندۈزنىڭ چۈشتىن كېيىن كۈن پاتقۇچىلىق بولغان ئارىلىقتىكى بۆلۈمدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئايەتنىڭ «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان قىسمى زۇلەفەن مىنەللەيل ﴿زُلَفاً مِّنَ اللَّيْلِ﴾ دۇر. زۇلەف ﴿زُلَف﴾، زۇلفە ﴿زُلْفَة﴾نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك كۆپلۈك ئەرەبچىدە ئەڭ ئاز ئۈچنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ كەلىمىنىڭ لۇغەت مەنىسى يېقىنلىق دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا زۇلەفەن مىنەللەيل ﴿زُلَفاً مِّنَ اللَّيْلِ﴾نىڭ مەنىسى «كېچىدىن بولۇپ كۈندۈزگە يېقىن بولغان ئۈچ ۋاقىت» دېگەن بولىدۇ.

ئىسرا سۈرىسىنىڭ 78- ئايىتىدىكى ﴿إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ (كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقۇچىلىك)﴾، ﴿وَقُرْآنَ الْفَجْرِ (سەھەرنىڭ قۇرئانىنىمۇ)﴾ دېگەن ئىپادىلىرى

131 ئىبنى فارىس، مەقايىسۇللۇغە؛ راغىب ئىسفەھانى، مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان؛ ئىبنى، مەنزۇر، لىسانۇل ئەرەب ط ر ف.

132 مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر: ئال ئىمران 127/3؛ رەئد 41/13؛ تاھا 130/20؛ ئەنبىيا 44/21

بۇ ئۈچ ۋاقىتنىڭ ئىككىسىنىڭ ئاخشامدا، بىرىنىڭ سەھەردە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئايەتتىكى ﴿أَقِمِ الصَّلاَةَ (نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگىن)﴾ دېگەن بۇيرۇق، كۈندۈزگە تەۋە ئىككى ۋاقىتتا ۋە كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ئۈچ بۆلۈمىدە يەنى بەش ۋاقىتتا نامازنى ئۈزلۈكسىز ئادا قىلىش بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

دېمەك، بۇ ئايەتتىكى «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە» ئوقۇلۇشى پەرز بولغان ئىككى ۋاقىت ناماز بامدات بىلەن نامازشام ئەمەس، پېشىن بىلەن نامازدىگەردۇر. چۈنكى بامدات ۋە نامازشامنىڭ ۋاقىتلىرى كېچىگە تەۋە ۋاقىتلاردۇر. بۇ ۋاقىتلارغا كۈندۈزنىڭ تەرەپلىرى دېيىلمەيدۇ. «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا» ئوقۇلۇشى پەرز بولغان ئۈچ ناماز بولسا، نامازشام، خۇپتەن ۋە بامدات نامازلىرىدۇر. چۈنكى بۇ ئۈچ ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقىتلىرى كېچىگە تەۋە ۋاقىتلاردۇر، ھەمدە كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلاردۇر.

### ئە- بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى

مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر

**﴿أَقِمِ الصَّلاَةَ لِدُلُوكِ الشَّمْسِ إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ وَقُرْآنَ الْفَجْرِ إِنَّ قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُوداً﴾**

ئى مۇھەممەد! نامازلارنى كۈندۈزى كۈن قايرىلغاندىن تارتىپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگىن. سەھەرنىڭ قۇرئانىنىمۇ[133] ئوقۇغىن، چۈنكى سەھەرنىڭ قۇرئانى كۆرۈلگۈچىدۇر»- ئىسرا 78/17.

**﴿فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا وَمِنْ آنَاءِ اللَّيْلِ فَسَبِّحْ وَأَطْرَافَ النَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرْضَى﴾**

«ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىل. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيت. كېچىنىڭ ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ تەرەپلىرىدىمۇ تەسبىھ ئېيت. رازى بولۇشىڭ مۇمكىن»- تاھا 130/20.

133 بامدات نامىزىنى.

﴿فَسُبْحَانَ اللَّهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَعَشِيًّا وَحِينَ تُظْهِرُونَ﴾

«ئاخشامغا ئۇلاشقان ۋە ئاخشامدا بولغان، ئەتىگەنگە ئۇلاشقان ۋە ئەتىگەندە بولغان چاغلىرىڭلاردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىلماقتىدۇر. كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدىمۇ، چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتقا ئۇلاشقان ۋە بۇ ۋاقىتتا بولغان چاغلىرىڭلاردىمۇ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار»- رۇم 17/30، 18.

﴿فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ﴾

«ئى مۇھەممەد! كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭگە ھەمد ئېيتىپ تەسبىھ ئېيتقىن»- قاف 39/50.

### 1- پېشىننىڭ ۋاقتى:

پېشىننىڭ ۋاقتى كۈن تىكلىنىپ غەرب تەرەپكە قايرىلغاندا باشلىنىدۇ. ئىسرا سۈرىسىنىڭ 78- ئايىتىدە ئۆتكەن ﴿لِدُلُوكِ الشَّمْسِ (كۈن قايرىلغاندىن تارتىپ)﴾ دېگەن ئىپادە بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

### 2- نامازدىگەرنىڭ ۋاقتى:

نامازدىگەرنىڭ ۋاقتى كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدۇر. رۇم سۈرىسىنىڭ 18- ئايىتىدە ئۆتكەن ﴿عَشِيّاً (كۈندۈزنىڭ ئاخىرى)﴾ دېگەن ئىپادە بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. تاھا سۈرىسىنىڭ 130- ئايىتىدىكى ۋە قاف سۈرىسىنىڭ 39- ئايىتىدىكى ﴿ قَبْلَ غُرُوبِهَا، قَبْلَ الْغُرُوبِ (كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى)﴾ دېگەن ئىپادە نامازدىگەرنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

### 3- نامازشامنىڭ ۋاقتى:

نامازشامنىڭ ۋاقتى كۈن كىرىپ كەتكەن ھامان باشلىنىدۇ. رۇم سۈرىسىنىڭ 17- ئايىتىدىكى ﴿حِينَ تُمْسُونَ (ئاخشامغا ئۇلاشقان ۋە ئاخشامدا بولغان چېغىڭلاردا)

﴾ دېگەن ئىپادە نامازشام بىلەن خۇپتەننىڭ ھەممە ۋاقتىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، نامازشامنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

### 4. خۇپتەننىڭ ۋاقتى:

خۇپتەننىڭ ۋاقتى نامازشامنىڭ ۋاقتىدىن كېيىنلا كىرىپ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا ئاخىرلىشىدۇ. ئىسرا سۈرىسىنىڭ 78- ئايىتىدىكى ﴿إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ (كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقۇچىلىك)﴾ دېگەن ئىپادە بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

### 5. بامداتنىڭ ۋاقتى:

بامداتنىڭ ۋاقتى تاڭنىڭ يورۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. رۇم سۈرىسىنىڭ 17- ئايىتىدىكى ﴿حِينَ تُصْبِحُونَ (ئەتىگەنگە ئۇلاشقان ۋە ئەتىگەندە بولغان چېغىڭلاردا) ﴾ دېگەن ئىپادە بامدات نامىزىنىڭ ھەممە ۋاقتىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئاۋۋالقى ۋاقتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

تاھا سۈرىسىنىڭ 130- ئايىتىدىكى ۋە قاف سۈرىسىنىڭ 39- ئايىتىدىكى ﴿قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ (كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى)﴾ دېگەن ئىپادە بولسا، بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسرا سۈرىسىنىڭ 78- ئايىتىدىكى ﴿الْفَجْرِ (بامدات)﴾ ئىپادىسى بامدات نامىزىنىڭ ھەممە ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بامدات تاڭ سۈزۈلگەندىن باشلاپ كۈن چىققۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتتۇر.

مۇناسىۋەتلىك ئىككى ھەدىس:

1. ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل كەبىنىڭ يېنىدا ماڭا ئىككى قېتىم ئىمام بولدى. بىرىنچى قېتىمدا، پېشىننى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئاياغىنىڭ بوغقۇچىسىدەك بولغاندا ئوقۇدى، نامازدىگەرنى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزى بىلەن تەڭ بولغاندا ئوقۇدى، نامازشامنى كۈن پاتقان ۋە روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلغان چاغدا ئوقۇدى، خۇپتەننى شەپەق يوق بولغاندا ئوقۇدى، بامداتنى تاڭ يورۇپ روزا تۇتقۇچىغا يېمەك-ئىچمەك ھارام بولغان چاغدا ئوقۇدى. ئىككىنچى قېتىمدا پېشىننى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ بويىغا تەڭ كېلىدىغان بولغاندا يەنى بىرىنچى

قېتىمدا نامازدىگەرنى ئوقۇغان ۋاقىتتا ئوقۇدى، نامازدىگەرنى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئىككى ئوخشىشىغا تەڭ بولغاندا ئوقۇدى. نامازشامنى يەنە بىرىنچى قېتىم ئوقۇغان ۋاقىتتا ئوقۇدى، خۇپتەننى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەندە ئوقۇدى، بامداتنى ئەتراپ ئاقارغاندا ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن ماڭا قاراپ مۇنداق دېدى: «ئى مۇھەممەد! مانا بۇ سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقتىدۇر. سېنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقتىڭ مۇشۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتتۇر» دېدى[134].

2ـ بۇرەيدە (ر.ئە) مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇ كىشىگە: «بۈگۈن ۋە ئەتە نامازلارنى بىز بىلەن بىللە ئوقۇغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈنى كۈن قايرىلغاندا رەسۇلۇللاھ بىلالنى بۇيرۇدى، ئۇ ئەزان ئوقۇدى. ئاندىن يەنە بىلالنى بۇيرۇدى، ئۇ پېشىنگە تەكبىر ئوقۇدى. ئاندىن كۈن تېخى خېلىلا ئېگىز، نۇر چېچىپ تۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا بىلالنى بۇيرۇدى. ئۇ ئەسىرگە تەكبىر ئوقۇدى. ئاندىن بىلالنى بۇيرۇدى. ئۇ كۈن پاتقان ھامان نامازشامغا تەكبىر ئوقۇدى. ئاندىن بىلالنى بۇيرۇدى. شەپەق (كۈن پېتىش ئۇپۇقىدا كۈن پاتقاندىن كېيىن كۆرۈنىدىغان قىزىللىق) يوقالغان ۋاقىتتا خۇپتەنگە تەكبىر ئوقۇدى. ئاندىن بىلالنى بۇيرۇدى. ئۇ تاڭنىڭ يورۇشى بىلەن بامداتقا تەكبىر ئوقۇدى.

ئىككىنچى كۈنى بىلالنى بۇيرۇدى. ئۇ پېشىننى ھاۋا خېلى يانغان بىر ۋاقىتقا كېچىكتۈردى. رەسۇلۇللاھ ئەسىرنى كۈن خېلى ئېگىز بىر ۋاقىتتا، لېكىن تۈنۈگۈنكىدىن بىرئاز كېيىن ئوقۇدى. نامازشامنى شەپەق يوقۇلۇشتىن ئىلگىرى ئوقۇدى. خۇپتەننى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەندە ئوقۇدى. بامداتنى تاڭنى خېلى يورۇتۇپ ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن ناماز ۋاقىتلىرىنى سورىغان كىشى قېنى؟ دېگەن ئىدى. ھېلىقى كىشى: «مانا مەن، يارەسۇلەللاھ!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ: «نامىزىڭلارنىڭ ۋاقتى كۆرگىنىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر» دېدى[135].

---

134 بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىت 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 166ـ167؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 1؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 2.

135 مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 176، 177 (613)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 115 (152)؛ نەسائى، سۇنەن، مەۋاقىت 12 (258/1).

## ب- نامازلارنىڭ رەكئەت سانى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي الأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَقْصُرُواْ مِنَ الصَّلاَةِ إِنْ خِفْتُمْ أَن يَفْتِنَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُواْ إِنَّ الْكَافِرِينَ كَانُواْ لَكُمْ عَدُوًّا مُّبِينًا. وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلاَةَ فَلْتَقُمْ طَآئِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُواْ فَلْيَكُونُواْ مِن وَرَآئِكُمْ وَلْتَأْتِ طَآئِفَةٌ أُخْرَى لَمْ يُصَلُّواْ فَلْيُصَلُّواْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً وَاحِدَةً وَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن كَانَ بِكُمْ أَذًى مِّن مَّطَرٍ أَوْ كُنتُم مَّرْضَى أَن تَضَعُواْ أَسْلِحَتَكُمْ وَخُذُواْ حِذْرَكُمْ إِنَّ اللّهَ أَعَدَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا﴾

«ئى مۇئمىنلار! سەپەرگە چىققان چېغىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقساڭلار، نامازدىن قىسقارتىشىڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. شۈبھىسىزكى، كاپىرلار سىلەرگە ئوچۇق- ئاشكارا دۈشمەندۇر. ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارغا ئىمام بولۇپ نامازنى تولۇق ئوقۇغان چېغىڭدا، ئۇلاردىن بىر پىرقە سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن ۋە قورال- ياراغلىرىنى تۇتسۇن. بۇلار سەجدە قىلىپ بولغاندا ئارقاڭلاردىن قوغدىغۇچى بولۇپ تۇرسۇن. ناماز ئوقۇمىغان يەنە بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇسۇن. بۇلارمۇ ھوشيار تۇرسۇن ۋە قورال- ياراغلىرىنى تۇتسۇن. كاپىرلار سىلەرنىڭ قورال-ياراغلىرىڭلاردىن ۋە نەرسە- كېرەكلىرىڭلەردىن خەۋەرسىز قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر سىلەرگە يامغۇردىن بىر ئەزىيەت بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، قورال- ياراغلىرىڭلارنى قويۇپ قويۇشۇڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. شۇنداق بولسىمۇ ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كاپىرلار ئۈچۈن خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدى»- نىسا 4/101ـ102.

بۇ ئايەتلەردە قورقۇش نامىزىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى، رەكئەت سانى ۋە ئوقۇلۇش شەكلى بايان قىلىنىدۇ. سەپەر ئۈستىدە كاپىرلارنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورققان مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇشى كېرەك بولغان ناماز پەقەتلا بىر رەكئەتلىك نامازدۇر. بۇ بىر رەكئەتلىك ناماز ئادەتتە سەپەر ئۈستىدە ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ قەسىر قىلىنىپ (قىسقارتىلىپ) ئوقۇلغان شەكلىدۇر.

سەپەر ئۈستىدە دۈشمەننىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن قورقۇش ئەسناسىدا، نورمال سەپەر ئۈستىدە ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت نامازنىڭ بىر رەكئەتكە چۈشۈرۈلىشى، ئۇ نامازنىڭ مۇقىملىقتىكى خاتىرجەملىك ئەسناسىدا تۆت رەكئەت بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى سەپەر ئۈستىدە بولۇشقا قورقۇش قوشۇلغاندا ئادەتتىكىنى كېمەيتىشكە بولىدىغانلىقى سەپەر ئۈستىدە قورقۇش يوقالغاندا ئادەتتىكىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ، سەپەر ئۈستىدە بولۇشمۇ يوقالغاندا ئادەتتىكىگە زىيادە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

باشقا بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿حَافِظُواْ عَلَى الصَّلَوَاتِ والصَّلاَةِ الْوُسْطَى﴾

«نامازلارنى ۋە ئوتتۇرا نامازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار». بەقەرە 238/2.

بۇ ئايەتتە مۇقىم بولسۇن مۇساپىر بولسۇن، پۈتۈن مۇسۇلمانلار «نامازلارنى ۋە ئوتتۇرا نامازنى» مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئۇ «ئوتتۇرا ناماز» سەپەردە قورقۇش بولمىغاندا «نامازلار»نى 2 رەكئەتتىن ئوقۇغان مۇساپىرلار ئۈچۈنمۇ، «نامازلار»نى مۇقىملىقتا تولۇق ئوقۇۋاتقان مۇقىملار ئۈچۈنمۇ «ئوتتۇرا ناماز» بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ ئايەتتىكى ئىلاھى بۇيرۇق ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە چۈشۈرۈلگەن.

شۇنداق بولغاندا بەش ۋاخ نامازنىڭ ئىچىدە سەپەردىمۇ، مۇقىملىقتىمۇ 3 رەكئەتلىك بىر نامازنىڭ بولۇشى، مۇقىملىقتا بىر نامازنىڭ ئىككى رەكئەتلىك، ئۈچ نامازنىڭ تۆت رەكئەتلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى 3، ئىككى دانە 2 نىڭمۇ ئوتتۇرىسىدۇر (2 **3** 2)، ئىككى دانە 4 نىڭمۇ ئوتتۇرىسىدۇر (4 **3** 4)، بىر دانە 2 بىلەن بىر دانە 4 نىڭمۇ ئوتتۇرىسىدۇر (2 **3** 4).

بامداتنىڭ 2، نامازشامنىڭ 3، پېشىن، نامازدىگەر ۋە خۇپتەننىڭ 4 رەكئەتلىك بولۇشى بۇنى كۆرسىتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ 5 ۋاقىت نامازنى بۇ شەكىلدە ئوقۇغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېمەككى، مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە بەش ۋاقىت نامازنىڭ رەكئەت سانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

رەكئەت سانى ئېتىبارى بىلەن «ئوتتۇرا ناماز» بولغان 3 رەكئەتلىك نامازنىڭ ئورنى ئېتىبارى بىلەنمۇ «ئوتتۇرا ناماز» بولۇشى لازىم. ھۇد سۈرىسىنىڭ 114- ۋە ئىسرا سۈرىسىنىڭ 78- ئايەتلىرىدە تۈنجى نامازنىڭ پېشىن، ئاخىرقى

نامازنىڭ بامدات ئىكەنلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى نامازشامنىڭ «ئوتتۇرا ناماز» ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. چۈنكى نامازشام ئۈچ رەكئەتلىك بىر ناماز بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئىككى ۋاخ ناماز، ئۆزىدىن كېيىن ئىككى ۋاخ ناماز بولغان نامازدۇر.

**مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:**

1ـ ئەنەس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: بىز پېشىننى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىلەن مەدىنىدە تۆت رەكئەت ئوقۇدۇق. رەسۇلۇللاھ مەككىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدى، زۇلھۇلەيفەگە كەلگەندە نامازدىگەرنى ئىككى رەكئەت ئوقۇدى[136].

دېمەك، پېشىن بىلەن نامازدىگەر قىسقارتىلماستىن ئوقۇلغاندا تۆت رەكئەتتىن ئوقۇلىدىغان نامازلاردۇر.

2ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نامازدىگەرنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇپ سالام بەردى ۋە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. خىرباق دېيىلىدىغان ۋە ئىككى قولى ئۇزۇنراق بولغان بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: يارەسۇلەللاھ! دېدى ۋە نامازدىگەرنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى ئەسلەتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ رىداسىنى سۆرەپ خاپا ھالدا چىقىپ كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە: «بۇ توغرا سۆزلەۋاتامدۇ؟» دېدى، ھەممەيلەن: ھەئە، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىر رەكئەت ئوقۇدى، ئىككى سەجدە قىلدى ۋە سالام بەردى[137].

3ـ رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ پېشىن بىلەن نامازدىگەرنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىنىڭ ھەر بىرىدە فاتىھە بىلەن بىر سۈرە ئوقۇيدىغانلىقى، ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە پەقەت فاتىھەنىلا ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[138]. بۇ رىۋايەتمۇ پېشىن بىلەن نامازدىگەرنىڭ تۆت رەكئەتتىن ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4ـ ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)غا دەسلەپتە نامازشامدىن باشقا نامازلار ئىككى رەكئەتتىن پەرز قىلىنغان. نامازشام ئۈچ

136 بۇخارى، سەھىھ، تەقسىرۇسسالات 5، ھەج 24، 25، 27، 117، 119، جىھاد 104، 126؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 11 (690)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 271 (1202)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 391 (546)؛ نەسائى، سۇنەن، سالات 17، 1، (237).

137 مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 19 (101 ـ (574))؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، فەرزۇسسالات 1018؛ نەسائى، سۇنەن، سەھۋ 1237، 1331؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىقامەتۇسسالات ۋەسسۇننەتۇ فىيھا 134 (1215).

138 بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 107؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 155 (451).

رەكئەت ئىدى. كېيىن ئاللاھ تائالا سەپەر ئۈستىدە بولمىغانلار ئۈچۈن پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەننى تۆت رەكئەتتىن قىلىپ تاماملىدى، سەپەر ئۈستىدىكىلەر ئۈچۈن نامازنى دەسلەپكى ھالىتى بىلەن مۇقىملاشتۇردى[139].

5ـ قەيس ئىبنى ئەمر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىر كىشىنىڭ بامداتتىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ: «بامدات نامىزى ئىككى رەكئەتتۇر» دېدى. ئۇ كىشى: مەن ئىككى رەكئەت بامداتتىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەتنى ئوقۇمىغان ئىدىم، ھازىر ئۇنى ئوقۇدۇم، دېدى. رەسۇلۇللاھ گەپ قىلمىدى[140].

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان پۈتكۈل دەلىللەر دالالەت قىلىدۇكى، پېشىن 4 رەكئەت، نامازدىگەر 4 رەكئەت، نامازشام 3 رەكئەت، خۇپتەن 4 رەكئەت، بامدات 2 رەكئەتتۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ زامانىسىدىن تارتىپ، تا كۈنىمىزگىچە پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ بەش ۋاخ نامازنى رەسۇلۇللاھتىن ئۆگىنىشى ۋە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا شۇ بويىچە ئوقۇپ كېلىشىمۇ مەزكۇر رەكئەت سانىنىڭ توغرىلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھتىن كېيىن تا كۈنىمىزگىچە بولغان ئارلىقتا يەر يۈزىدە بەش ۋاخ ناماز جامائەت بولۇپ ئوقۇلمىغان ھېچبىر كۈن ئۆتمىگەن. بۇنى تارىخ ئىسپاتلايدۇ، ئەمەلىيەت ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېمەككى، بەش ۋاخ نامازنىڭ شەكلى، رەكئەت سانى ۋە ۋاقىتلىرى... نەسلىدىن نەسلىگە، جامائەتتىن جامائەتكە، ئەسىردىن ئەسىرگە ئەينەن نەقىل قىلىنىپ كۈنىمىزگە كەلگەن، بۇ قىيامەتكىچە مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. چۈنكى بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بىر ئەمرىدۇر. قۇرئان كەرىمنى ساقلاشنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

«شۈبھىسىزكى، قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئەلۋەتتە بىز قوغدايمىز».- ھىجر 9/15.

139 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 357/43.

140 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1267؛ بەيھەقى، سۈنەنى كۇبرا، سالات 4228.

### پ. ئەزان

#### 1. ئەزاننىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الَّذِينَ اتَّخَذُوا دِينَكُمْ هُزُوًا وَلَعِبًا مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ وَالْكُفَّارَ أَوْلِيَاءَ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ. وَإِذَا نَادَيْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ اتَّخَذُوهَا هُزُوًا وَلَعِبًا ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَعْقِلُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلار! سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن دىنىڭلارنى كەمسىتىپ، ئۇنى ئويۇنچۇق قىلىۋالغانلارنى ۋە كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار. سىلەر نامازغا ئەزان ئوقۇغان چېغىڭلاردا، ئۇلار نامازنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئەقىللىرىنى ئىشلەتمەيدىغان قەۋمدۇر». مائىدە 5/57-58.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بەش ۋاخ نامازنى مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەت بولۇپ ئوقۇشىنىڭ ۋە ئۇ نامازلارغا ئەزان ئوقۇشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جۇمۇئە سۈرىسىنىڭ 9- ئايىتىدە بولسا جۈمە نامىزى ئۈچۈن ئەزان ئوقۇشنىڭ لازىملىقىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەزكۇر ئايەت مۇنداق:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِي لِلصَّلَاةِ مِن يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلار! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، دەرھال ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ئالدىراڭلار، ئېلىم- سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر». جۇمۇئە 62/9.

#### 2. ئەزاننىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلار ئەگەر ئەزان ئېيتىشنىڭ ۋە ئاۋۋالقى سەپتە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشتىن باشقا چارە تاپالمىسا ئىدى، چوقۇم چەك تاشلىغان بولاتتى»[141].

«نامازغا ئەزان ئېيتىلسا، شەيتان ئەزاننى ئاڭلىماي دەپ ئوسۇرغان پېتى كەينىگە قاراپ تىكىۋېتىدۇ»[142].

## 3- مۇئەززىننىڭ ۋەزىپىسى

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) «مۇئەززىن ئامانەتچىدۇر»[143]، دېگەن. چۈنكى مۇئەززىنگە نامازنىڭ ۋاقىتلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن ئامانەت قويۇلغان، ئۇ بۇ ئامانەتنى ھەر نامازنىڭ ۋاقتىدا ئەزان ئوقۇش ئارقىلىق ئامانەت ئىگىلىرى بولغان مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرىدۇ.

شۇڭا مۇئەززىن نامازنىڭ ۋاقتىغا دىققەت قىلىپ تۇرۇپ ۋاقىت كىرگەن ھامان ئەزان ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەر ساھەسىدە ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتكەنلەر تۇيۇقسىز ئەزاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ-دە، ناماز ۋاقتى بوپتۇ دەپ تاھارەت ئېلىپ مەسچىت-جامەلەرگە يۈگۈرىدۇ. ھېچبولمىسا تۇرغان يەرلىرىدە بولسىمۇ نامازلىرىنى ئادا قىلىدۇ.

## 4- ئەزاننى ئاڭلىغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس (ر.ئە)تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئەزاننى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دەڭلار. ئاندىن ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار. كىمكى ماڭا بىر دۇرۇت ئېيتسا، ئۇنىڭ بىر دۇرۇتى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئون رەھمەت ئاتا قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالادىن مەن ئۈچۈن ۋەسىلىنى سوراڭلار، ۋەسىلە جەننەتتىكى

141 بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 9، 32، شاھادەت 30؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 129 (437)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 166 (225)؛ نەسائى، سۇنەن، مەۋاقىت 22 (1، 269)، ئەزان 31 (2، 23)؛ مالىك، مۇۋەتتا، نىدا 3 (1، 68).

142 بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 49، ئەمەل فىسسالات 18، سەھۋى 6، بەدئۇلخەلق 11؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 19 (389)، مەساجىد 83 (389)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 31 (516)؛ نەسائى، سۇنەن، ئەزان 30 (2، 21)؛ مالىك، مۇۋەتتا، نىدا 6 (1، 69).

143 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 32 (517)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 153 (207)؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 485/14، 390/16.

بىر ئورۇن بولۇپ، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىرلا بەندىگە نېسىپ بولىدۇ. شۇ بەندىنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن، كىمكى ئاللاھ تائالادىن ماڭا شۇ ئورۇننى تىلەيدىكەن، ئۇنىڭغا شاپائىتىم نېسىپ بولىدۇ»[144].

ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەندە، سىلەردىن كىم سەمىمىيلىك بىلەن: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېسە، مۇئەززىن: «ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەندە، «ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېسە، مۇئەززىن: «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېگەندە، «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېسە، مۇئەززىن: «ھەييە ئەلەسسالاھ» دېگەندە، «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دېسە، مۇئەززىن: «ھەييە ئەلەلفەلاھ» دېگەندە «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دېسە، مۇئەززىن: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەندە، «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېسە، مۇئەززىن: «لا ئىلاھە ئىللاھ» دېگەندە، «لا ئىلاھە ئىللاھ» دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ[145].

جابىر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ بولۇپ تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇيدىكەن، قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ:

**«اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ، وَالصَّلاَةِ القَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الوَسِيلَةَ وَالفَضِيلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ»**

«ئى بۇ كامىل دەۋەتنىڭ ۋە ھازىر ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋەسىلىنى ۋە پەزىلەتنى ئاتا قىل. ئۇنى، سەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان ياخشى مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگىن»[146].

---

144 مۇسلىم، سەھىھ، سالات 7، 11 (384)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 523؛ تىرمىزى، سۇنەن، مەناقىب 3614؛ نەسائى، سۇنەن، ئەزان 678.

145 مۇسلىم، سەھىھ، سالات 12 (385)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 36 (527).

146 بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 8؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 28 (529)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 157 (211)؛ نەسائى، سۇنەن، ئەزان 38 (2، 26)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەزان 4 (722).

### ت ـ جامائەت

جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش ئاللاھنىڭ ئەمرى، رەسۇللاھنىڭ سۈننىتى ۋە ئىسلامنىڭ شۇئارىدۇر. بىر كىشىنىڭ نامازلىرىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى ئۇنىڭ تەقۋادارلىقىنىڭ ئالامىتى، نەپسى خاھىشىغا بويۇن ئەگمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شۇنىڭدەك، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش بەدەننىڭ راھىتىنى روھنىڭ ئارامىغا قۇربان قىلغانلىقنىڭ نامايەندىسى، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانلىقتا ۋەدە قىلىنغان ساۋابقا ئىشەنگەنلىكىنىڭ ۋە ئۇنى ئۈمىد قىلغانلىقنىڭ ئىسپاتىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مۇسۇلماننىڭ جامائەتكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، جامائەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى مۇھىم، نامازلىرىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى كېرەك.

#### 1ـ جامائەتنىڭ ھۆكمى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە «نامازنى ئىقامە قىلىش»قا ئەمر قىلغان[147]. ئىقامە ئۆرە تۇرماق مەنىسىدىكى ئۆتۈلمىسز مەسدەر بولغان «قىيام»دىن تۈرلەنگەن ئۆتۈملۈك مەسدەر بولۇپ مەنىسى ئۆرە تۇرغۇزماق دېگەن بولىدۇ. نامازنى ئۆرە تۇرغۇزماق، نامازنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىتا، شەرتلىرىگە ۋە شەكىللىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا، تەلەپكە لايىق رەۋىشتە ئادا قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) سەپلەرنى تۈزلەشنى نامازنى ئىقامە قىلغانلىقنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىغان. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

ئەنەس ئىبنى مالىك (ر.ئە)تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار. چۈنكى سەپلەرنى تۈز قىلىش ‹نامازنى ئىقامە قىلىش›تىن ھېسابلىنىدۇ»[148].

جامائەتنىڭ نامازدا قاتار، رەتلىك ۋە تۈز تۇرۇشىنىڭ «نامازنى ئىقامە قىلىش»تىن ھېسابلىنىشى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئەمرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى يالغۇز ناماز ئوقۇماقچى بولغان

---

147 بەقەرە 43/2، 83، 110؛ نىسا 77/4، 103؛ ئەنئام 72/6، ئەئراف 29/7؛ يۇنۇس 87/10؛ ھۇد 114/11؛ ئىسرا 78/17؛ ھەج 78/22، نۇر 56/24، ئەنكەبۇت 45/29؛ رۇم 31/30، مۇجادەلە 13/58، مۇززەممىل 20/73.

148 بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 723.

كىشى سەپنى تۈز قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. بەش ۋاخ نامىزىنى جامائەتكە قېتىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سەپلەرنى تۈز قىلىشقا چۈشۈرگەن بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرگەن ھالەتتە ئوقۇغان كىشى ئاللاھنىڭ «نامازنى ئىقامە قىل» دېگەن ئەمرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمرلەردىن بىرىنى ئىجرا قىلغان بولىدۇ.

## 2ـ جامائەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتى

ئىبنى ئۇمەر (ر .ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى يالغۇز ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىدىن 27 ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ»[149].

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزى، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ياكى بازىرىدىكى (دۇكىنى، ئىش يېرى) ئوقۇغان نامىزىدىن 25 ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ. سەۋەبى شۇكى، ئۇ كىشى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن مەسچىتكە پەقەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا كەلسە، مەسچىتكە كەلگۈچە ئۇنىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ. ئۇ ناماز ئوقۇپ بولۇپ تاھارىتى سۇنماستىن مەسچىتتە ئولتۇرسىلا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئاللاھتىن رەھمەت تىلەپ: ‹ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا رەھمەت ياغدۇرغىن، مەرھەمەت قىلغىن› دەيدۇ. سىلەردىن بىرى نامازنى كۈتۈپ تۇرغان مۇددەتتە ناماز ئىچىدە ھېسابلىنىدۇ»[150].

«مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز خۇپتەن بىلەن بامداتتۇر. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، بۇ نامازلارنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشقا ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئوتۇنغا بۇيرۇسام، ئوتۇن ئېلىپ كېلىنسە، ئاندىن ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇسام، ئەزان ئېيتىلسا، ئاندىن بىر كىشىنى بۇيرۇسام ئىمام بولسا، ئاندىن ناماز ئوقۇۋاتقانلارنى قالدۇرۇپ، نامازغا كەلمىگەنلەرنىڭكىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىسام دەيمەن»[151].

149 بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 30؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 272.

150 بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 30، جۇمە 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 272 (649)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 49 (559)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 245 (330)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەساجىد 16 (788).

151 بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 29، خۇسۇمات 5، ئەھكام 52؛ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 252 (651)؛ مالىك، مۇۋەتتا، سالاتۇل جۇمۇئە 3 (1، 129ـ160)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 47 (548، 549)؛

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە) ئېيتىدۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بىر ئەما كىشى كېلىپ: يارەسۇلەللاھ! مېنى مەسچىتكە يېتىلەپ ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم يوق دەپ رەسۇلۇللاھتىن نامازنى ئۆيىدە ئوقۇشقا رۇخسەت سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئۇ كىشى كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلامسەن؟» دېدى. ئۇ كىشى: ھەئە دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق بولسا نامازغا كەلگىن» دېدى[152].

ئەبۇ دەردائ (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مەيلى ئاۋات جاي بولسۇن ياكى ئاھالىسى شالاڭ جاي بولسۇن، ئۈچ نەپەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلار جامائەت بولماي ناماز ئوقۇيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار، چۈنكى پادىدىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەپ كېتىدۇ»[153].

ئوسمان (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىمكى خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، گويا كېچىنىڭ يېرىمىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەندەك بولىدۇ. كىمكى بامداتنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، گويا كېچىچە ناماز ئوقۇغاندەك بولىدۇ»[154].

### ***ج- رەۋاتىب سۈننەتلەر***

بەش ۋاخ نامازنىڭ ئالدى-كەينىدە ئوقۇلۇشى تەرغىب قىلىنغان نەپلە نامازلار رەۋاتىب سۈننەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. رەۋاتىب- راتىبنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى دائىم دېگەن بولىدۇ. رەۋاتىب سۈننەتلەر بەش ۋاخ نامازنىڭ ئالدى-كەينىدە داۋاملىق ئوقۇلۇشى پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان نەپلە نامازلار دېگەن بولىدۇ. بۇ نامازلارغا ئەمىر قىلىنماستىن، بەلكىدە تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئوقۇغانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئوقۇمىغانلار گۇناھكار بولمايدۇ. چۈنكى تۆۋەندىكى ھەدىس بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ:

---

تىرمىزى، سۈنەن، سالات 162 (217)؛ نەسائى، سۈنەن، ئىمامەت 49 (2، 107).

152 مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 255 (653)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 47 (552)؛ نەسائى، سۈنەن، ئىمامەت 50 (2، 109).

153 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 547.

154 مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 260 (656)؛ مالىك، مۇۋەتتا، سالاتۇلجۇمۇئە 7 (1، 132)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 48 (555)؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 165 (221).

تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ (ر.ئە)تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نەجدىلىك چاچلىرى چۇۋۇق بىر كىشى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. بىز ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. يۇ، لېكىن نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدۇق، ئۇ رەسۇلۇللاھ (ئە.س)غا يېقىن كېلىپ، بىردىنلا ئىسلام توغرۇلۇق سوراپ قالدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ: «ئۇ نامازلاردىن باشقا يەنە ناماز ئوقۇمدىمەن؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ياق، ئوقۇيمەن دېسەڭ نەفلى ناماز ئوقۇغىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش» دېدى. ئۇ: «ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا روزىمۇ بارمۇ؟» دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «يوق، تۇتماقچى بولساڭ نەفلى روزا تۇتقىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇنىڭغا زاكاتنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدى. ئۇ كىشى: «مەن بېرىشكە تېگىشلىك ئۇنىڭدىن باشقىسى بارمۇ؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «يوق، بەرمەكچى بولساڭ سەدىقە بەرگىن» دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەيمەن، كېمەيتىپمۇ قويمايمەن» دېگەن پېتى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئۇ راستىنلا دېگىنىدەك قىلسا نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ» دېدى[155].

مەزكۇر سۈننەتلەر بامداتتىن ئىلگىرى ئىككى، پېشىندىن ئىلگىرى ئىككى ياكى تۆت، پېشىندىن كېيىن ئىككى ياكى تۆت، نامازدىگەردىن ئىلگىرى ئىككى ياكى تۆت، نامازدىگەردىن كېيىن ئىككى، نامازشامدىن كېيىن ئىككى ۋە خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەتتۇر. تۆۋەندىكى ئايەت بۇ نامازلارغا ئىشارەت قىلىدۇ:

**﴿فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا وَمِنْ آنَاءِ اللَّيْلِ فَسَبِّحْ وَأَطْرَافَ النَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرْضَى﴾**

«شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىل. كۈننىڭ چىقىشىدىن ۋە پېتىشىدىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيت. كېچىنىڭ ۋاقىتلىرى بىلەن كۈندۈزنىڭ تەرەپلىرىدىمۇ تەسبىھ ئېيت، رازى بولۇشىڭ مۇمكىن». تاھا 130/20.

155 بۇخارى، سەھىھ، ئىمان 34؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 8؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1؛ نەسائى، سۈنەن، سىيام 1؛ مالىك، مۇۋەتتا، قەسرۇسسالاتى فىسسەفەر 94.

بۇ ئايەتتە يىگىرمە تۆت سائەتلىك بىر زامان پارچىسىنىڭ مۇئەييەن بۆلۈملىرىدە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىش ئەمىر قىلىنىدۇ. بۇ تەسبىھ ۋاقىتلارغا باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتنىڭ ﴿لَعَلَّكَ تَرْضَى (رازى بولۇشىڭ مۇمكىن)﴾ دېگەن شەكلىدە ئاخىرلىششى بۇ ئەمىرنىڭ پەرز (قەتئىي بۇيرۇق) ماھىيىتىدە ئەمەس، بەلكى تەشۋىق ماھىيىتىدە بىر ئەمىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ بۇ نامازلار توغرىسىدىكى، «كىم كۈندە ئون ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇ نامازلارنىڭ سەۋەبىدىن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىنىدۇ»[156] دېگەن ھەدىسىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ. ئەمدى يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئىشارەت قىلىنغان ۋاقىتلار ئۈستىدە توختىلىمىز:

### ئا)- كۈننىڭ چىقىشىدىن ئىلگىرى:

بۇ بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ ۋاقتىدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىماق ئۇ سۈننەتنى ئوقۇماقتۇر. ھۇد سۈرىسىنىڭ 114- ئايىتىدىكى «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا نامازنى كامىل ئادا قىل» دېگەن بۇيرۇقنىڭ ئەقىم «أَقِم (ئۆرە تۇرغۇزغىن)» شەكلىدە كېلىشى بۇ ۋاقىتلاردا ئوقۇلىدىغان نامازلارنىڭ پەرز نامازلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن بىرى بولغان سۇبھى ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان پەرز نامازنىڭ كېچىنىڭ «كۈندۈزگە يېقىن» بۆلۈمىدە ئوقۇلۇشىنىڭ، سۈننەتنىڭ بولسا پەرزدىن ئىلگىرى ئوقۇلۇشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ سۈننەت ئەگەر پەرزدىن كېيىن ئوقۇلسا «كۈندۈزگە يېقىن» ۋاقىتتا پەرز ئەمەس، سۈننەت ناماز ئوقۇلغان بولىدۇ. بۇ مەزكۇر ئايەتنىڭ (ھۇد سۈرىسىنىڭ 114- ئايىتىنىڭ) مەزمۇنىغا خىلاپ كېلىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بامداتنىڭ سۈننىتىنى دائىم پەرزدىن ئىلگىرى ئوقۇشى بۇنى تەكىتلەيدۇ.

---

156 مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇل مۇسافىرىن 101-103 (728)؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 306؛ نەسائى، قىيامۇل لەيل 66؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 100. ھەدىستە سۆزلەنگەن 12 رەكئەت ناماز مۇنۇ نامازلاردۇر: بامداتنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت، پېشىننىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت، كېيىن ئىككى رەكئەت، نامازشام ۋە خۇپتەننىڭ پەرزلىرىدىن كېيىن ئىككىدىن تۆت رەكئەت. بۇلار ئەينى ۋاقىتتا سۈنەنى مۇئەككەدە (تەكىتلەنگەن سۈننەتلەر، كۈچلۈك سۈننەتلەر)، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلار پەيغەمبىرىمىز كۆپىنچە ئوقۇغان، ئاندا-ساندا تەرك ئەتكەن نامازلاردۇر.

## ئە)ـ كۈننىڭ پېتىشىدىن ئىلگىرى

بۇ نامازدىگەردىن كېيىن ئوقۇلۇشى تەرغىب قىلىنغان نەپلە نامازنىڭ ۋاقتىدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتماق ئۇ نەپلە نامازنى ئوقۇماقتۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامازدىگەردىن كېيىن داۋاملىق ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇغانلىقىمۇ بۇ مەنىنى تەكىتلەيدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ نامازدىگەردىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇمىغان كۈن يوق»[157].

## ب)ـ كېچىنىڭ ۋاقىتلىرى

بۇ يەردە ۋاقىتلار دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە ئانائ **«آنَاءَ»** دۇر. ئانائـ ئان **«آن»**نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ئانـ ۋاقىت، سائەت، مەزگىل دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرەبچىدە جەمئىي (بىر كەلىمىنىڭ كۆپلۈك شەكلى)نىڭ مەنىسى ئاز بولغاندا ئۈچتۇر. بۇ يەردىكى ئانائ **«آنَاءَ»** دېگەن كەلىمە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنىڭ دالالەت قىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىلىرىدىن بىرى بولغان «ئۈچ ۋاقىت» نى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۈچ ۋاقىت نامازشام ۋە خۇپتەنىنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى بىلەن تەھەججۇد نامىزىنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيىش، ئۇ نامازلارنى ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

157 بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىتۇسسالات 31، 33؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 299ـ301 (835)؛ تىرمىزى، سۈنەن، مەۋاقىت 21؛ نەسائى، سۈنەن، مەۋاقىت 36. ھەدىس كىتابلىرىدا نامازدىگەردىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇشنى چەكلەيدىغان ھەدىسلەرمۇ بار. ئۇلاردىن بىرى مۇنداق: ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن كۈن چىقىپ يۈكسەلگەنگە قەدەر ناماز يوق، نامازدىگەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن كۈن پېتىپ بولغانغا قەدەر ناماز يوق. (بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىت 31؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 288 (827)؛ نەسائى،سۈنەن، مەۋاقىت 35). بىرـبىرىگە زىت كۆرۈنگەن بۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامازدىگەردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلىدىغان ھەدىسلىرىنىڭ كۈن پېتىۋاتقان چاغدا ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلىدىغانلىقىنى، نامازدىگەردىن كېيىن ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت بېرىدىغان ھەدىسلىرىنىڭ نامازدىگەردىن كېيىن كۈن تېخى يۇقىرىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا يەنى كۈن سارغىيىپ كەتمىگەن ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈنەنى ئەبى داۋۇد ۋە سۈنەنى نەسائىدە بۇنى تەكىتلەيدىغان مۇنداق ھەدىسلەر بار: ئەلى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ نامازدىگەردىن كېيىن كۈن يۇقىرىدا بولمىغان چاغلاردا ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلغانـ (ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 299)، «رەسۇلۇللاھ كۈن نۇرلۇق ۋە ئېگىز بولمىسا نامازدىگەردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلاتتىـ (نەسائى، سۈنەن، مەۋاقىت 18، 36).

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، شام بىلەن خۇپتەننىڭ سۈننەتلىرى پەرزلەردىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. چۈنكى ھۇد سۈرىسىنىڭ 114 ـ ئايىتىدە بۇ ئىككى ناماز ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت كۈن پاتقاندىن كېيىن كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن بولغان ئىككى ۋاقتىدۇر. ئەگەر بۇ نامازلاردىن ئىلگىرى سۈننەت ئوقۇلسا بۇ نامازلار «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرى»دا ئوقۇلمىغان بولىدۇ.

دېمەككى، بىر كېچىدە تۆت ۋاقىت نەپلە (سۈننەت) ناماز بار. ئۇلار نامازشامنىڭ سۈننىتى، خۇپتەننىڭ سۈننىتى، تەھەججۇد ۋە بامداتنىڭ سۈننىتى قاتارلىق نامازلاردۇر. بۇ نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرىنى يۇقىرىدىكى ئايەت (تاھا سۈرىسىنىڭ 130ـ ئايىتى) «كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى»، «كېچىنىڭ ۋاقىتلىرى» دەپ بايان قىلماقتىدۇر.

**پ)ـ كۈندۈزنىڭ تەرەپلىرى**

بۇ يەردە تەرەپلەر دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە ئەتراف **«أَطْرَافْ»**دۇر. بۇ كەلىمىمۇ جەمئىي بولغانلىقى ئۈچۈن كۈندۈز ۋاقىتلىرىدىن ئاز دېگەندە ئۈچ ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى ئەتراف **«أَطْرَافْ»** دېگەن كەلىمە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنىڭ دالالەت قىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىلىرىدىن بىرى بولغان «ئۈچ ۋاقىت»نى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۈچ ۋاقىت چاشگاھ ۋاقتى، پېشىن ۋاقتى ۋە نامازدىگەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتماق چاشگاھ نامىزى، پېشىننىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى سۈننەتلىرى، نامازدىگەرنىڭ سۈننىتى قاتارلىق نەپلە نامازلارنى ئوقۇماقتۇر.

دېمەككى، بىر كۈندۈزنىڭ ئىچىدە تۆت ۋاقىت نەپلە (سۈننەت) ناماز بار. ئۇلار چاشگاھ نامىزى، پېشىننىڭ ئالدى-كەينىدىكى سۈننەتلىرى، نامازدىگەرنىڭ سۈننىتى ۋە نامازدىگەردىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت نەپلە قاتارلىق نامازلاردۇر. بۇ نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرىنى يۇقىرىدىكى ئايەت (تاھا سۈرىسىنىڭ 130ـ ئايىتى) «كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى»، «كۈندۈزنىڭ تەرەپلىرى» دەپ بايان قىلماقتىدۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا تاھا سۈرىسىنىڭ 130ـ ئايىتى 24 سائەتلىك بىر زامان ئىچىدە ئاز دېگەندە سەككىز ۋاقىت نەپلە (سۈننەت) ناماز بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. تۆۋەندە بۇ نامازلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

## 1ـ پېشىننىڭ سۈننىتى

پېشىننىڭ سۈننىتىنىڭ رەكئەت سانى توغرىسىدا ئۈچ تۈرلۈك پەرقلىق رىۋايەت بار: بىرىنچىسى تۆت رەكئەت، ئىككىنچى ئالتە رەكئەت، ئۈچىنچىسى سەككىز رەكئەت دېگەن رىۋايەتلەر.

**تۆت رەكئەت دېگەن رىۋايەت:**

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن ئون رەكئەت نامازنى ئۆگىنىپ ئېسىمدە ساقلىۋالدىم: پېشىندىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، نامازشامدىن كېيىن ئۆيىدە ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىن ئۆيىدە ئىككى رەكئەت، بامداتتىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت[158].

تىرمىزىنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىلەن پېشىندىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ۋە پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم»[159].

**ئالتە رەكئەت دېگەن رىۋايەت:**

ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: كىمكى بىر كېچە-كۈندۈزدە ئون ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىنىدۇ: پېشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت، كېيىن ئىككى رەكئەت، نامازشامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، بامداتتىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت[160].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) پېشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت، بامداتتىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت نامازنى تەرك ئەتمەيتتى[161].

---

158 بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1180؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 433.

159 تىرمىزى، سۈنەن، سالات 425.

160 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1269؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 414؛ نەسائى، سۈنەن، قىيامۇللەيل 1801، 1812، 1814، 1815، 1816.

161 بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1182؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1253؛ نەسائى، سۈنەن، قىيامۇللەيل 1758.

**سەككىز رەكئەت دېگەن رىۋايەت:**

ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمكى پېشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت، پېشىندىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوزاخقا ھارام قىلىدۇ»[162].

**2ـ نامازدىگەرنىڭ سۈننىتى**

ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ نامازدىگەردىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە رەھىم قىلسۇن»[163].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ نامازدىگەردىن ئىلگىرى ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى»[164].

**3ـ، 4ـ نامازشامنىڭ ۋە خۇپتەننىڭ سۈننەتلىرى**

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مېنىڭ ئۆيۈمدە پېشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن مەسچىتكە چىقىپ ئىنسانلار بىلەن پېشىننى ئوقۇيتتى، ئاندىن كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئىنسانلار بىلەن نامازشامنى ئوقۇيتتى، ئاندىن كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئىنسانلار بىلەن خۇپتەننى ئوقۇيتتى ۋە ئۆيۈمگە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى»[165].

**5ـ بامداتنىڭ سۈننىتى**

بۇ ئىككى رەكئەتلىك بىر ناماز بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

162 تىرمىزى، سۈنەن، سالات 427؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات ۋەسسۈننەتى فىيھا 108، 1160.

163 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1271؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 430.

164 تىرمىزى، سۈنەن، سالات 429؛ نەسائى، سۈنەن، ئىمامەت 874.

165 مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىنە ۋە قەسرىھا 16، 105 ـ (730). ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1251

ئائىشە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر»[166].

«رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نەپلە نامازلارنىڭ ئىچىدە بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرەتتى»[167].

«رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بامدات نامىزىنىڭ ئەزان ۋە تەكبىرى ئارىسىدا يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى»[168].

## چ- ۋىتىر نامىزى

«ۋىتىر»نىڭ مەنىسى تاق دېگەن بولۇپ، ۋىتىر نامىزى تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر رەكئەت نامازنى كۆرسىتىدۇ. تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش رەسۇلۇللاھقا پەرز، ئۈممەتكە نەپلە (سۈننەت) بولغان بىر كېچە نامىزىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَّكَ عَسَى أَن يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَّحْمُودًا﴾

«كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويغىنىپ قۇرئان بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن، بۇ ناماز ساڭا ئارتۇقچە بىر ۋەزىپىدۇر. شۇنداق قىلساڭ رەببىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ماقامغا ئېرىشتۈرىشى مۇمكىن»- ئىسرا 79/17.

بۇ ئايەتتىكى ﴿نَافِلَةً لَّكَ (ساڭا ئارتۇقچە بىر ۋەزىپىدۇر)﴾ دېگەن ئىپادە يۇقىرىدىكى مەزمۇنغا دالالەت قىلىدۇ.

**مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىس:**

ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كېچىنىڭ نامىزى (تەھەججۇد نامىزى) ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدۇ.

166 مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 14، 96 (725)؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 416؛ نەسائى، سۈنەن، قىيامۇللەيل 1759.

167 بۇخارى، سەھىھ، جۇمە 1169؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىنە ۋە قەسرىھا 14، 94 - (724)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1254.

168 بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 619؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 14، 91 (724).

تاڭ سوزۇلۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلساڭ، بىر رەكئەت ئوقۇپ ئوقۇغان نامىزىڭنى تاق قىلىۋالغىن»[169].

## ۋاقتى

ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتى خۇپتەندىن كېيىن تاڭ سوزۇلغىچىلىك بولغان ئارىلىقتۇر. لېكىن ئۇنى خۇپتەندىن كېيىن بىر مۇددەت ئۇخلاپ، كېچىسى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾**

«ئۇلار تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن كېچىدە ياتاقلىرىدىن تۇرىدۇ، قورقۇنچ ۋە ئۈمىد ئىچىدە رەببىگە دۇئا قىلىدۇ ۋە بىز ئاتا قىلغان رىزىقتىن ياخشى يولغا سەرپ قىلىدۇ». سەجدە 16/32.

**﴿وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالْأَسْحَارِ﴾**

«ئۇلار سەھەرلەردە مەغپىرەت تىلىگۈچىلەردۇر». ئال ئىمران 17/3.

**﴿وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾**

«ئۇلار سەھەرلەردە مەغپىرەت تىلەيتتى». زارىيات 18/51.

«ياتاقتىن تۇرۇش» ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېتىش لازىم. «سەھەرلەردە مەغپىرەت تىلەش» دېگەن ئىپادە ۋىتىردا ئوقۇلىدىغان قۇنۇت دۇئاسىغا ئىشارەت قىلىدۇ. قۇنۇت دۇئاسىنىڭ سەھەرلەردە ئوقۇلىشى ۋە بۇ دۇئا ئوقۇلىدىغان ۋىتىر نامىزىنىڭ تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئاخىرىدىكى تاق رەكئەت ئىكەنلىكى بۇنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەرەبچىدە تاڭ سوزۇلۇشقا ئاز قالغاندىكى ۋاقىت سەھەر دەپ ئاتىلىدۇ[170].

## دۇئايى قۇنۇت

بۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ قايسىسىنى ئوقۇسا بولىدۇ، ھەر ئىككىسىنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

---

169 بۇخارى، سەھىھ، ۋىتىر 990؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 20، 145 (749).

170 لىسانۇل ئەرەب، ئەسسىھاھ فىللۇغە، ئەلقامۇسۇل مۇھىت، مۇئجەمۇ مەقايىسىل لۇغە.

1– ﴿اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ، وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنُثْنِي عَلَيْكَ الْخيرَ، وَلَا نَكْفُرُكَ وَنَخْلَعُ وَنَتْرُكُ مَنْ يَفْجُرُكَ. اللَّهُمَّ إِيَّاكَ نَعْبُدُ، وَلَكَ نُصَلِّي، وَنَسْجُدُ، وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ، وَنَرْجُو رَحْمَتَكَ، وَنَخْشَى عَذَابَكَ، إِنَّ عَذَابَكَ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ﴾

«ئى ئاللاھ! بىز سەندىن ياردەم تىلەيمىز، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز، ساڭا ئىمان كەلتۈرىمىز، سېنى پۈتكۈل ياخشىلىقلار بىلەن ماختايمىز، ساڭا تۇزكورلۇق قىلمايمىز، ساڭا ئاسىيلىق قىلغانلار بىلەن ئادا-جۇدا بولىمىز ۋە ئۇلارنى تاشلىۋېتىمىز. ئى ئاللاھ! بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەن ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز، ساڭىلا سەجدە قىلىمىز، سەن تەرەپكىلا يۈگۈرىمىز ۋە ئالدىرايمىز، رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، ئازابىڭدىن قورقىمىز، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ئازابىڭ كاپىرلارغا تېگىشلىكتۇر»[171].

2– ﴿اللَّهُمَّ اهْدِنِي فِيمَنْ هَدَيْتَ، وَعَافِنِي فِيمَنْ عَافَيْتَ، وَتَوَلَّنِي فِيمَنْ تَوَلَّيْتَ، وَبَارِكْ لِي فِيمَا أَعْطَيْتَ، وَقِنِي شَرَّ مَا قَضَيْتَ، إِنَّكَ تَقْضِي وَلَا يُقْضَى عَلَيْكَ، وَإِنَّهُ لَا يَذِلُّ مَنْ وَالَيْتَ، وَلَا يَعِزُّ مَنْ عَادَيْتَ، تَبَارَكْتَ رَبَّنَا وَتَعَالَيْتَ﴾.

«ئى ئاللاھ! سەن ھىدايەت بەرگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ماڭىمۇ ھىدايەت بەرگىن، سەن سالامەتلىك بەرگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ماڭىمۇ سالامەتلىك بەرگىن، سەن دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا مېنىمۇ دوست تۇتقىن، سەن ماڭا بەرگەن نەرسىلەرنى مەن ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلىپ بەرگىن، مېنى ھۆكۈملىرىڭنىڭ يامىنىدىن ساقلىغىن، سەن ھۆكۈم قىلىسەن، ساڭا ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، سەن دوست تۇتقان كىشى خار بولمايدۇ، سەن دۈشمەن تۇتقان كىشى ئەزىز بولمايدۇ، ئى رەببىمىز! سەن ئۇلۇغسەن ۋە ئۈستۈنسەن»[172].

---

171 بۇ دۇئانىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ر.ئە)نىڭ بامدات نامىزىدا ئوقۇغان دۇئاسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى رىۋايات قىلىنىدۇ. (ئابدۇ راززاق سەنئانىي، مۇسەننەف، سالات، قۇنۇت 4968؛ ئىبنى ئەبى شەيبە، مۇسەننەف، سالاتۇتتەتەۋۋۇئ ۋەلئىمامە ۋە ئەبۋابى مۇتەفەررىقە 7027). شۇنىڭدەك، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (ر.ئە)نىڭ باشقىلارغا ئۆگەتكەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. (ئىبنى ئەبى شەيبە، مۇسەننەف، سالاتۇتتەتەۋۋۇئ ۋەلئىمامە ۋە ئەبۋابى مۇتەفەررىقە 6893، دۇئا 29708).

172 بۇ دۇئانى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ھەسەن ئىبنى ئەلى (ر.ئە)غا ۋىتىر نامىزىنىڭ دۇئاسىدا ئوقۇشى ئۈچۈن ئۆگىتىپ قويغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات، ۋىتىردا قۇنۇت 1425؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەبۋابۇلۋىتىر 464؛ نەسائى، سۈنەن، قىيامۇللەيل ۋە تەتەۋۋۇئۇننەھار، ۋىتىردا دۇئا 1745؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات ۋەسسۈننەتۇ فىيھا 117/1178؛ تەبەرانى، دۇئا، ۋىتىرنىڭ

# زاكات

## ئومۇمي بايان

ئىنسانلار يارىتىلىشىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىجتىمائىي ھالدا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان جانلىقلاردۇر[173]. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەسەب، قۇدا-باجىلىق ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى ئاللاھنىڭ بىر نېمىتىدۇر[174]. كۈچ-قۇۋۋەت، ئىمكان-پۇرسەت ۋە مال-مۈلۈك جەھەتتىن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش سەۋىيەدە بولماسلىقى بىر ھۆكمى ئىلاھىدۇر[175]. جەمئىيەتتە كۈچلۈك، ئاجىز، باي، كەمبەغەل، زەردار، نامرات، دۆلەتمەن، ھاجەتمەن دېگەندەك سىنىپلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇ ھۆكمى ئىلاھىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر[176]. بىر-بىرىگە ياخشىلىق قىلىش ۋە بىر-بىرىگە ياردەم قىلىش مەزكۇر تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىدۇر[177].

ئاللاھ تائالا ئەنە شۇ ئېھتىياجنىڭ قامدىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈكلەرنى ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، بايلارنى كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشقا، زەردارلارنى نامراتلارنى يۆلەشكە، دۆلەتمەنلەرنى ھاجەتمەنلەرگە خەيرخاھلىق قىلىشقا تەشۋىق ۋە ئەمر قىلغان[178].

---

قۇنۇتى ھەققىدە سۆز 735، ئەلمۇئجەمۇلكەبىر، بابۇلھائ 2700). شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ دۇئانى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس (ر.ئە) بامداتنىڭ قۇنۇت دۇئاسىدا ئوقۇشى ئۈچۈن ئۆگىتىپ قويغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. (بەيھەقى، سۇنەنى كۇبرا، سالات، قۇنۇت دۇئاسى 3141).

173 ھۇجۇرات 49/13.

174 نىسا 4/1؛ نەھل 16/72؛ فۇرقان 25/54؛ رۇم 30/21؛ شۇرا 42/11.

175 بەقەرە 2/266، 237؛ ئال ئىمران 3/40؛ نىسا 4/32، 54؛ ھۇد 11/27؛ ئىبراھىم 14/39؛ ھىجر 15/54؛ نەھل 16/70؛ ئىسرا 17/23؛ مەريەم 19/8؛ ھەج 22/5؛ نۇر 24/22؛ ياسىن 36/68؛ شۇرا 42/27؛ زۇخرۇف 43/32؛ تىن 95/5؛ فەلەق 113/5.

176 قۇرئان كەرىمدىكى «پېقىر، باي، مىسكىن، موھتاج» دېگەندەك ئاتالغۇلار بۇنى كۆرسىتىدۇ.

177 چۈنكى ئۆزىنىڭ مېلىنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن باشقىسىغا بېرىش بىلەن بايلار بېخىللىقتىن قۇتۇلىدۇ ۋە كەمبەغەللەرنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ، كەمبەغەللەر ئېھتىياجىنى قامدايدۇ ۋە بايلارغا قارشى مۇھەببەت ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋىتى پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەت ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىدۇ.

178 بەقەرە 261/2، 265، 274؛ ئىسرا 726/17؛ رۇم 38/30؛ زارىيات 19/51؛ مەئارىج 24/70-25. شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىمدىكى «ماللىرىڭلاردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىڭلار» دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتلەرمۇ بۇ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، نەق پۇلى ۋە تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلىرى مەلۇم ئۆلچەمگە يەتكەنلەرنى يىلدا بىر قېتىم مەزكۇر پۇل ۋە ھايۋانلىرىدىن مۇئەييەن بىر مىقدارنى (زاكات سۈپىتىدە) ئايرىشقا[179]، يەردىن ئالغان مەھسۇلاتى مەلۇم ئۆلچەمگە يەتكەنلەرنى مەھسۇلاتىنى يىغقان كۈنى ئۇ مەھسۇلاتىنىڭ 10 دىن بىرىنى (ئۆشرە سۈپىتىدە) ئايرىشقا[180]، شۇنداقلا ئۇلارنى بەلگىلەنگەن كىشى ۋە ئورۇنلارغا بېرىشكە بۇيرۇغان[181].

شۇڭا ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا غەمخورلۇق قىلىش، يېتىم-مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىش ۋە يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش ئىسلامنىڭ پەرزلىرىدۇر[182]. شۇنىڭدەك، ئۆشرە-زاكات ئايرىپ، تېگىشلىك يەرلەرگە بېرىش ئىسلامنىڭ بىر پەرزىدۇر، ھەتتا بىر ئەركانىدۇر[183].

ئۇ پەرزلەرنى لايىق رەۋىشتە ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇ پەرزلەرنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىنى[184]، شەرت ۋە شەكىللىرىنى، مىقدار ۋە ئۆلچەملىرىنى قۇرئان-ھەدىستىن ئۆگىنىش كېرەك[185]. چۈنكى ئۆزىنىڭ قايسى ئەمەلنى، نېمىشقا ۋە قانداق قىلىشىنى بىلمەيلا ئىشقا كىرىشكەن كىشى شەكلۋازلىق ۋە دورامچۇقلۇق قىلغان بولىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ[186].

---

179 بەقەرە 2/267.

180 ئەنئام 6/141.

181 تەۋبە 9/60.

182 بەقەرە 2/83، 177، 215؛ نىسا 4/36؛ ئەنئام 6/151؛ نەھل 16/90؛ ئىسرا 17/23، 26؛ رۇم 30/38؛ لۇقمان 31/14؛ ئەھقاف 46/15.

183 بەقەرە2/43، 83، 110، 267، 277؛ نىسا 4/77؛ ئىنئام 6/141؛ تەۋبە 9/60؛ ھەج 22/78؛ نۇر 24/56؛ مۇجادەلە 58/13؛ مۇززەممىل 73/20. ئىبنى ئۆمەر (ر.ز)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى بەش ئەركان ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىرىنچىسى ‹ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ئىككىنچىسى ناماز ئوقۇش، ئۈچىنچىسى زاكات بېرىش، تۆتىنچىسى ھەج قىلىش، بەشىنچىسى روزا تۇتۇش».- (بۇخارى، سەھىھ، ئىمان 1؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 22؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئىمان 3؛ نەسائى، سۇنەن، ئىمان 13).

184 بەقەرە 2/112، نىسا 4125، بەييىنە 98/5. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق».- (بۇخارى، سەھىھ، بەدئۇل ۋەھيي 1، ئىمان 41؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمارەت 155 (1907)

185 چۈنكى ئىبادەت ئىتائەتتىن ھاسىل بولىدۇ. ئىتائەت بۇيرۇلغاننى قىلىش، توسۇلغاندىن يېنىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەنە شۇ ئىبادەتنى قىلغان كىشى ئاللاھقا بەندە (قۇل) ھېسابلىنىدۇ.- «دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىش» مەزمۇنىدىكى ئايەتلەر بۇ مەنىگە دالالەت قىلىدۇ.

186 مائىدە 5/27؛ تەۋبە 9/53.

تۆۋەندە ئايەت-ھەدىس پۇتۇنلۇكى ئاساسىدا يۇقىرىدىكى ئىلاھى پەرمانلارنىڭ ئۆشرە، زاكات ۋە سەدىقە پىتىر قىسمى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلىدۇ.

## ئا- «زاكات» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

«زاكات» كەلىمىسى لۇغەتتە پاكلانماق، پاكلىماق، ئۆسمەك، ئۆستۈرمەك، ئاۋۇماق، كۆپەيمەك، مەدھىيەلىمەك، پاك، پاكلىق، بەرىكەت دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ[187]. ئىستىلاھى مەنىسى (فىقھىتىكى ئاتالغۇ مەنىسى) ئىسلام دىنىدا باي ھېسابلىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىدىن قۇرئاندا بەلگىلەنگەن[188] شەخس ۋە ئورۇنلارغا سەرپ قىلىنىش ئۈچۈن ئېلىنغان مۇئەييەن مىقدار دېگەن بولىدۇ[189].

## ئە- زاكاتنىڭ ھۆكمى

زاكات بېرىش يەنى پۇلى (ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قەغەز پۇلى)، زىرائەت مەھسۇلاتى ۋە تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلىرى مۇئەييەن مىقدارغا يەتكەنلەرنىڭ مەخسۇس شەرتلەر ئاستىدا مەلۇم مىقدارىنى ئايرىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ بەلگىلىگەن سىنىپلارغا بېرىشى پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُم مِّنَ الأَرْضِ وَلاَ تَيَمَّمُواْ الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنفِقُونَ وَلَسْتُم بِآخِذِيهِ إِلاَّ أَن تُغْمِضُواْ فِيهِ وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾

«ئى مۇئمىنلار! قازانغان مال-مۈلكۈڭلارنىڭ ياخشىلىرىدىن ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىڭلار.

---

187 ئەبۇلھۇسەيىن ئەھمەد ئىبنى فارىس ئىبنى زەكەرىييا، مۇئجەمۇل مەقايىس فىللۇغە، تەھقىق: شىھابۇددىن ئەبۇ ئەمر، دارۇلفىكر، بېيرۇت. ز ك و ماددىسى؛ راغىب ئىسفەھانى: مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان (تەھقىق: سەفۋان ئەدنان داۋۇدى)، دەمەشىق، بېيرۇت 1992/1412، 380- بەت، ز ك و ماددىسى؛ مۇھەممەد ئىبنى مۇكەررەم ئىبنى مەنزۇر، لىسانۇلئەرەب، دارۇ سەدر بېيرۇت 1990/1410. 1- باسما، 14- جىلد، 358-359- بەتلەر.

188 تەۋبە 9/60.

189 مەھمەت ئەركال، «زەكات» تۈركىيە ديانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 2013، 44- جىلد، 197- بەت.

ئۆزۈڭلار كۆز يۇممساڭلار ئالمايدىغان ناچارلىرىنى سەرپ قىلىشقا ئۇرۇنماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر». بەقەرە 267/2.

بۇ ئايەت تىجارەت ماللىرىغا، ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا نەخ پۇللارغا، يەر مەھسۇلاتلىرىغا، تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارغا زاكات كېلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

﴿وَهُوَ الَّذِي أَنشَأَ جَنَّاتٍ مَّعْرُوشَاتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَاتٍ وَالنَّخْلَ وَالزَّرْعَ مُخْتَلِفًا أُكُلُهُ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُتَشَابِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ كُلُواْ مِن ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَآتُواْ حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ وَلاَ تُسْرِفُواْ إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى، تەمى ھەر خىل خورما ۋە ئېكىنلەرنى، بىر-بىرىگە ئوخشىشىدىغان ۋە ئوخشاشمايدىغان زەيتۇنلارنى ۋە ئانارلارنى بار قىلدى. ھەر بىرى مېۋە بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەڭلار، ئۇنى يىغقان كۈنى ھەققىنى بېرىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ». ئەنئام 141/6.

بۇ ئايەت يەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتىنى ئايرىشنىڭ پەرزلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ئۇنى ئايرىش ۋاقتىنىمۇ بايان قىلىدۇ.

### ب- زاكاتنىڭ ھېكمىتى:

### 1 - رەھمەتكە لايىق بولۇش

زاكات بېرىش زاكات بەرگۈچىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ فَسَأَكْتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَالَّذِينَ هُم بِآيَاتِنَا يُؤْمِنُونَ﴾

«رەھمىتىم ھەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. يېقىندا ئۇنى تەقۋادارلىق قىلىدىغان، زاكاتنى بېرىدىغانلارغا ۋە ئايەتلىرىمىزگە ئىشىنىدىغانلارغا يازىمەن». ئەئراف 156/7.

## 2ـ دۇنيادا بېخىللىقتىن، ئاخىرەتتە دوزاختىن قۇتۇلۇش

زاكات بېرىش ئىنسانىيەتنىڭ نەپسىنى بېخىللىق ۋە پىخسىقلىقنىڭ، ئاچكۆزلۈك ۋە تەمەخورلۇقنىڭ رەزىللىكلىرىدىن پاكلايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْراً لَّهُمْ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُواْ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلِلّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾

«ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە بېخىللىق قىلىدىغانلار، بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىسۇن. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۇلار ئۈچۈن يامان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىلىرى قىيامەت كۈنى بوينىلىرىغا ئېسىلىدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاخىرى ئاللاھقا قالىدۇ. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»ـ ئال ئىمران 180/3.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ كَثِيرًا مِنَ الْأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ. يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنْفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَا كُنْتُمْ تَكْنِزُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلار! ھاخام ۋە راھىبلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىنسانلارنىڭ ماللىرىنى چوقۇم ھەقسىزلىق بىلەن يەيدۇ ۋە ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ[190]. ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى يىغىپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. يىغىلغان بۇ ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇ كىشىلەرنىڭ پېشانىلىرى، بېقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدىغان كۈنى ئۇلارغا: ‹مانا بۇ سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان خەزىنىدۇر. مانا ئەمدى يىغقان خەزىنەڭلەرنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار!› دېيىلىدۇ»ـ تەۋبە 34/9ـ35.

## 3ـ پاكلىنىش ۋە يۈكسىلىش

زاكات بېرىش زاكات بەرگۈچىنى گۇناھدىن، مېلىنى ھارامدىن پاكلايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۈكسەلدۈرىدۇ، مېلىنى كۆپەيتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

190 ھاخام يەھۇدىيلارنىڭ موللىسى، راھىب خرىستىئانلارنىڭ موللىسىدۇر.

﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلَاتَكَ سَكَنٌ لَهُمْ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾

«ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن سەدىقە ئالغىن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى پاكلايسەن ۋە يۇكسەلدۈرىسەن. ئۇلارغا دۇئا قىلغىن. چۈنكى سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»- تەۋبە 103/9.

﴿وَمَا آتَيْتُم مِّن رِّباً لِّيَرْبُوَ فِي أَمْوَالِ النَّاسِ فَلَا يَرْبُو عِندَ اللَّهِ وَمَا آتَيْتُم مِّن زَكَاةٍ تُرِيدُونَ وَجْهَ اللَّهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُضْعِفُونَ﴾

«سىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ماللىرى ئىچىدە كۆپەيسۇن، دەپ بەرگەن جازانە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆپەيمەيدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن زاكاتلار ئۇنداق ئەمەس. زاكات بەرگەنلەر كۆپەيتكۈچىلەردۇر»- رۇم 39/30.

## 4- ئېھتىياجلارنى قامداش

زاكات بىلەن جەمئىيەتتىكى پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش، ئۈممەتنىڭ ھاياتى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئاممىۋي مەنپەئەتلەرنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾

«زاكاتلار پەقەت پېقىرلەرگە، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا ۋە قەلبلىرى ئىسلامغا مايىل قىلىنىدىغانلارغا بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك، قۇللارنى ئازاد قىلىش ۋە قەرزدارلارنى قەرزدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ يولى ۋە ئىبنى سەبىللەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ[191]. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن پەرز قىلىندى. ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[192]»- تەۋبە 60/9.

---

191 ئىبنى سەبىل مۇساپىر، يولۇچى ۋە يولدا يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشى، قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. زاكاتلار «ئىبنى سەبىللەر ئۈچۈن»مۇ سەرپ قىلىنىدۇ، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى زاكاتلارنىڭ بىر قىسمى يولۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

192 بۇ ئايەتتە زاكات بېرىلىدىغان كىشى ۋە ئورۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدىن

## *پ- زاكاتنىڭ شەرتلىرى*

### 1 ـ ئېھتىياجدىن ئاشقان بولۇشى

زاكات كېلىدىغان مالنىڭ زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلاردىن ئارتۇق بولۇشى. مەسىلەن: يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي، مىنىدىغان ئۇلاغ (موتوسكىلىت، خۇسۇسىي ماشىنا) ۋە ھۈنەر-كەسىپ سايمانلىرى قاتارلىقلار زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلِ الْعَفْوَ كَذَلِكَ يُبيِّنُ اللّهُ لَكُمُ الآيَاتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ﴾

«ئۇلار سەندىن ئاللاھ يولىدا نېمىنى سەرپ قىلىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئەپۇنى سەرپ قىلىڭلار›. ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئايەتلىرىنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ. تەپەككۇر قىلغايسىلەر!»- بەقەرە 219/2.

«ئەپۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئېھتىياجدىن ئاشقان نەرسە، بېرىش ئاسان بولغان نەرسە دېگەن بولىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا بېرىلىدىغان سەدىقە، ئۆشرە ۋە زاكاتلار بەرگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن ئاشقان قىسمىدىن بېرىلىدۇ، شۇنداقلا مىقدارى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى بېرىش ئۇلارغا ئاسان كېلىدۇ.

### 2- بىر يىلنىڭ ئۆتۈشى

زاكات كېلىدىغان مالنىڭ ئۈستىدىن ھىجرىيە ھېسابىدا بىر يىل ئۆتۈشى لازىم. بۇ بىر يىل مالغا ئىگە بولغان كۈندىن باشلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُم مِّنَ الأَرْضِ﴾

«ئى مۇئمىنلار! تاپقان مېلىڭلارنىڭ ياخشىلىرىدىن ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىڭلار»- بەقەرە 267/2.

---

مەلۇم بولغاندەك، ئۇلار سەككىز بولۇپ ئاۋۋالقى تۆتىدە لام («ل») ھەرپى، ئاخىرقى تۆتىدە فىي («في») ھەرپى كېلىدۇ. دېمەككى، زاكات بىرىنچى تۆت كىشىنىڭ قولىغا بېرىلىدۇ، ئىككى تۆت كىشى ئۈچۈن زاكاتتىن بىر فوند ئاجرىتىپ ئۇلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. تەرجىمىدە بۇ ئىنچىكىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتۇق.

بۇ ئايەت تىجارەت ماللىرىغا، ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا نەخ پۇللارغا، يەر مەھسۇلاتلىرىغا، تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارغا زاكات كېلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَهُوَ الَّذِي أَنشَأَ جَنَّاتٍ مَّعْرُوشَاتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَاتٍ وَالنَّخْلَ وَالزَّرْعَ مُخْتَلِفًا أُكُلُهُ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُتَشَابِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ كُلُواْ مِن ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَآتُواْ حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ﴾**

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى، تەمى ھەر خىل خورما ۋە ئېكىنلەرنى، بىر-بىرىگە ئوخشىشىدىغان ۋە ئوخشاشمايدىغان زەيتۇنلارنى ۋە ئانارلارنى بار قىلدى. ھەر بىرى مېۋە بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەڭلار، ئۇنى يىغقان كۈنى ھەققىنى بېرىڭلار». ئەنئام 141/6.

بۇ ئايەتتىكى «يىغقان كۈنى ھەققىنى بېرىڭلار» دېگەن ئىپادە يەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتى بولغان ئۆشرىنى، زىرائەتنى يىغقان (خامان ئالغان) كۈندە، مېۋىلەرنىڭ زاكىتى بولغان ئۆشرىنى، ئۇ مېۋىلەرنى توپلىغان كۈندە ئايرىپ تېگىشلىك يەرلەرگە بېرىۋېتىشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. خورما، ئېكىن، زەيتۇن، ئانار ۋە باغلارنى تەشكىل قىلغان دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىر يىلدا بىر قېتىم مېۋە بېرىدۇ ۋە بىر قېتىم يىغىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەققى (ئۆشرىسى) بىر يىلدا بىر قېتىم ئايرىلىدۇ.

بۇ ئىپادە يەنە، ئالتۇن، كۈمۈش، تىجارەت ماللىرى ۋە تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ زاكىتىنى بېرىش ۋاقتىنىڭمۇ بىر يىل ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدىكى بىرىنچى ئايەتتە (بەقەرە 267/2) قازىنىلغان مال-مۈلۈك، يەر مەھسۇلاتلىرى ۋە مېۋىلەر بىرلىكتە زىكىر قىلىنماقتا. باشقا بىر ئايەتتە بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىغا يۈكلەنگەن پەرقلىق ھۆكۈم، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە يۈكلەنگەن بولىدۇ.

**مۇناسىۋەتلىك ئىككى ھەدىس:**

ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مال پايدا ئالىدىكەن، ئۇنىڭغا يىل ئۆرۈلمىگىچە زاكات يوق»[193].

193 تىرمىزى، سۈنەن، زاكات 631/10.

ئەمرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ئاڭلىدىم: «ھېچبىر مالغا يىل ئۆرۈلمىگىچە زاكات كەلمەيدۇ»[194].

## 3. نىسابقا يېتىشى

زاكات كېلىدىغان مالنىڭ نىسابقا يەتكەن بولۇشى. يەنى ئېھتىياجدىن ئېشىپ، مەلۇم مىقدارغا يەتكەن ۋە ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتكەن مال نىسابقا يەتسە زاكات كېلىدۇ، يەتمىسە زاكات كەلمەيدۇ. نىساب، زاكات كېلىش ئۈچۈن ھەر مالنىڭ يېتىشى كېرەك بولغان ئەڭ ئاز ئۆلچەم بولۇپ،ماللارغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: ئالتۇننىڭ نىسابى 20 دىنار (85 گىرام ئالتۇن)، كۈمۈشنىڭ نىسابى 200 دىرھەم (595 گىرام كۈمۈش)، يەر مەھسۇلاتىنىڭ نىسابى 5 ۋەسق[195]. تۆگىنىڭ نىسابى 5 تۆگە، كالىنىڭ نىسابى 30 كالا، قوينىڭ نىسابى 40 قويدۇر.

ئەلى (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ 200 دىرھەمىڭ بولۇپ ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتسە، 5 دىرھەم زاكات كېلىدۇ. ئالتۇنۇڭ 20 دىنارغا يەتمىگىچە ساڭا زاكات يوق، لېكىن 20 دىنار ئالتۇنۇڭ بولۇپ ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتسە يېرىم دىنار ئالتۇن زاكات كېلىدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسا، زاكىتى بۇ ھېساب بويىچە بولىدۇ»[196].

ئەبۇ سەئىد خۇدرى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بەش ئۇقىيەدىن[197] ئاز كۈمۈشكە زاكات كەلمەيدۇ، بەش تۆگىدىن ئاز تۆگىگە زاكات كەلمەيدۇ، بەش ۋەسقتىن ئاز ئاشلىققا زاكات كەلمەيدۇ»[198].

---

194 ئىبنى ماجە، سۇنەن، زاكات 1792/5.

195 بىر ۋەسق 60 سائدۇر. بىر سائ تۆت مۇددۇر. بىر مۇد 560 گىرامدۇر. شۇنداق بولغاندا بەش ۋەسق 672 كىلوگىرام بولىدۇ. دېمەككى، مېۋە ۋە ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ نىسابى (زاكات كېلىش ئۆلچىمى) 300 سائ يەنى 672 كىلوگىرامدۇر.

196 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 1573/4.

197 بىر ئۇقىيە 40 دىرھەمدۇر.

198 بۇخارى، سەھىھ، زاكات 4، 33، 42، 56، بۇيۇئ 83، مۇساقات 17؛ مۇسلىم، سەھىھ، زاكات 1، 3، 4، 6، 7، بۇيۇئ 71؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 2، بۇيۇئ 20، 98، 296؛ تىرمىزى، سۇنەن، زاكات 7، بۇيۇئ 63؛ نەسائى، سۇنەن، زاكات 5، 18، 21، 24؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، زاكات 6؛ مالىك، مۇۋاتتا، زاكات 1، 2، بۇيۇئ 14؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 92/2، 237، 86/3؛ دارىمى، سۇنەن، زاكات 11.

كالا بىلەن قويىنىڭ نىسابى توغرىسىدىكى ھەدىس «ھايۋانلارنىڭ زاكىتى»دا زىكىر قىلىنىدۇ.

زاكات مەسىلىسىدە ھايۋانلارنىڭ باشقا ماللارغا ئوخشىمايدىغان بىر يېرى شۇكى، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قەغەز پۇلنىڭ سانى قانچىلىك كۆپ بولسا بولسۇن ئېلىنىدىغان زاكات ئۆزگەرمەيدۇ (يەنى قىرىقتىن بىر نىسبەت بويىچە زاكات ئېلىنىدۇ)، لېكىن ھايۋانلارنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى ئېلىنىدىغان زاكات مىقدارى كېمىيىدۇ. بۇ ئىسلامنىڭ چارۋىچىلىققا تەشۋىق قىلىشىدۇر. پۇل بىلەن ھايۋان زاكىتىدىكى پەرقنىڭ مۇنداق ھېكمەتلىرى بار:

ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قەغەز پۇل ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ئۇلاردا 40 تا بىر زاكات پەرز بولۇشى ئۇ پۇللارنى سودا، تىجارەت، سانائەت، زىرائەت ۋە باشقا ساھەلەردە ئايلاندۇرۇپ ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بولغان ھەر خىل ماللارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئىشسىز كىشىلەرگە ئىش ئىمكانلىرى يارىتىشقا تەشۋىق قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئېلىم-سېتىمدا ئىشلىتىلمىگەن پۇلنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى بولمايدۇ.

ئەمما ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالى تامامەن پەرقلىقتۇر. چۈنكى ھايۋانلار كۆپەيگەنسېرى خاپىلىقى بىرلىكتە كۆپىيىدۇ. ئىگىسى ئۇلارنى يايلاقتا باقىدۇ، يېتىشەلمىسە ئادەم ياللايدۇ، ئۇلارنىڭ سۈت، قايماق، قېتىق ۋە پىشلاقلىرىنى ئۆزى ئىستېمال قىلىپ تۈگىتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۇڭ، تىۋىت، چۈپۈر ۋە تېرىلىرىنى ئۆزى ئىشلىتىپ بولالمايدۇ، ئۇلارنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ ۋە ساتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ئۇ نەرسىلەر كۆپ بولىدۇ، شۇنداقلا ئەرزان بولىدۇ. نەتىجىدە ئىنسانلار ئەرزان باھادا سۈت مەھسۇلاتلىرى، يۇڭ، تىۋىت، چۈپۈر ۋە تېرە مەھسۇلاتلىرى ئالالايدۇ، (توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر).

## ت- زاكات كېلىدىغان ماللار ۋە ئۇلارنىڭ زاكاتلىرى

### 1- ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ زاكىتى

ئالتۇن قەرزدىن ۋە زۆرۈر ئېھتىياجلاردىن ئېشىپ زاكات كېلىش ئۆلچىمىگە يەتسە ھەمدە بۇنىڭ ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتسە زاكىتىنى بېرىش پەرز بولىدۇ. ئالتۇننىڭ پۇل شەكلىدە بولۇشى، نوكچا ئالتۇن ياكى رودا ئالتۇن بولۇشىنىڭ پەرقى يوق.

ئالتۇنىنىڭ زاكات ئۆلچىمى 20 دىنار بولۇپ، بىر دىنار 4,25 گىرامغا تەڭ. 20 دىنار بولسا، 85 گىرامغا تەڭ.

كۈمۈشنىڭ زاكات ئۆلچىمى 200 دىرھەم بولۇپ، بىر دىرھەم 2,975 گىرامغا تەڭ. 200 دىرھەم بولسا، 595 گىرامغا تەڭ.

بۇ مىقدارلاردىكى ئالتۇنغا ياكى كۈمۈشكە ئىگە بولغان كىشى 2,5% زاكات بېرىدۇ. زاكات بېرىش ئۆلچىمىدىن ئارتۇق بولغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش قانچىلىك بولسا، بۇ نىسبەت بويىچە زاكىتى ئايرىلىدۇ. مەسىلەن:

30 دىنار ئالتۇنغا ئىگە بولغان كىشى، 0,75 دىنار ئالتۇن، 300 دىرھەم كۈمۈشكە ئىگە بولغان كىشى، 7,5 دىرھەم كۈمۈش زاكات ئايرىيدۇ. دېمەك، زاكات بېرىش ئۆلچىمىدىن ئارتۇق بولغان ھەر قانداق مىقداردىكى ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە 2,5% لىك نىسبەت بويىچە زاكات ئايرىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس «نىساب»تا زىكىر قىلىندى.

## 2. قەغەز پۇل ۋە چەكلەرنىڭ زاكىتى

85 گىرام ئالتۇن قىممىتىدىكى قەغەز پۇل ۋە چەككە ئىگە بولغان كىشى 2,5% نىسبەت بويىچە زاكات ئايرىيدۇ. قولىدىكى پۇل ۋە چەكنىڭ قىممىتى 85 گىرام ئالتۇنغا يەتمەيدىغان كىشى زاكات ئايرىمايدۇ. چۈنكى قەغەز پۇل ئەسلىدە پۇل ھېسابلانمايدۇ، لېكىن ئۇ ئېلىم-سېتىمدا خەزىنىدىكى ئالتۇنغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەغەز پۇلدا ئەسلى پۇل بولغان ئالتۇن ئاساس قىلىنىدۇ.

## 3. زىننەت بويۇملىرىنىڭ زاكىتى

ئالماس، گۆھەر، ياقۇت، مەرۋايىت، مارجان، زەبەرجەد ۋە قىممەتلىك تاش قاتارلىق نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ. لېكىن بۇ نەرسىلەر تىجارەت مېلى قىلىپ ئىشلىتىلسە زاكات كېلىدۇ. ئاياللارنىڭ زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە زاكات كېلىدۇ. ئۆلچەم يەنىلا 85 گىرام، زاكات مىقدارى 2,5% بويىچە بولىدۇ. تويلۇق ئالتۇنمۇ ئۆلچەمگە يەتسە، مۇشۇ بويىچە زاكات كېلىدۇ.

ئەمر ئىبىن شۇئەيب دادىسىدىن، دادىسى چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئايال قىزى بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ يېنىغا كەلدى. قىزنىڭ قولىدا ئالتۇندىن ياسالغان قېلىن ئىككى بىلەزۈك بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇ ئايالغا: «بۇلارنىڭ زاكىتىنى بەردىڭىزمۇ؟» دېدى، ئايال: ياق، دېدى،

رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ساڭا بۇ ئىككىسىنى ئوتتىن ئىككى بىلەزۈك قىلىپ سېلىپ قويۇشنى ياقتۇرامسىز؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئايال ئۇ ئىككى بىلەزۈكنى چىقىرىپ، رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئالدىدا قويدى ۋە: بۇ ئىككىسى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۈچۈندۇر، دېدى[199].

ئەتائ (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇممۇسەلەمە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئالتۇندىن زىننەت بۇيۇملىرى سالاتتىم، بىر كۈنى: يارەسۇلەللاھ! بۇ قۇرئاندا چەكلەنگەن كەنز (ساقلىغانلىق)[200] ھېسابلىنامدۇ؟ دەپ سورىدىم، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «زاكات كېلىدىغان ئۆلچەمگە يېتىپ زاكىتى بېرىلگەن نەرسە كەنز ھېسابلانمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى[201].

دېمەككى، ئالتۇن-كۈمۈشدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى زاكات كېلىش ئۆلچىمىگە يەتمىسە زاكات كەلمەيدۇ.

### 4- تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى

تىجارەت ماللىرى زاكات كېلىش ئۆلچىمىگە يېتىپ ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتسە، زاكىتى بېرىلىدۇ. بۇ ماللارنىڭ زاكات بېرىدىغان كۈندىكى سېتىلىش باھاسى ئاساس قىلىنىپ، قىممىتى ئەڭ ئاز 85 گىرام ئالتۇنغا تەڭ بولسا، زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولىدۇ. زاكىتى 2,5% بويىچە ئايرىلىدۇ. چۈنكى تىجارەتتە ئەسلى سەرمايە پۇلدۇر، پۇلنىڭ ئەسلى ئالتۇندۇر.

### 5- ھايۋاننىڭ زاكىتى

ھايۋانلارنىڭ زاكىتى توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يازدۇرۇپ مەمۇرلىرىغا ئەۋەتمەكچى بولغانلىقى، لېكىن ئەۋەتىپ بولغۇچە ۋاپات بولۇپ كېتىپ ئەۋەتەلمەي قالغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان پەرماننامىسىنى زىكىر قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

سالىم دادىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ھايۋانلارنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارى توغرىسىدا بىر

---

199 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 3 (1563)؛ نەسائى، سۇنەن، زاكات 19 (38/5)؛ تىرمىزى، سۇنەن، زاكات 12 (637).

200 تەۋبە 9/34-35.

201 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 3 (1564).

پەرماننامە يازدۇرۇپ ئۇنى مەمۇرلىرىغا يوللاپ بولغۇچە ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئەبۇ بەكىر (ر.ئە) ۋاپاتىغىچە ئۇ پەرماننامىنى ئىجرا قىلدى. ئۆمەر (ر.ئە)مۇ ۋاپاتىغىچە ئۇ پەرماننامىنى ئىجرا قىلدى. ئۇ پەرماننامىدە مۇنۇلار يېزىلغان:

**ئا)- تۆگىنىڭ زاكىتى**

5 تۆگىنىڭ زاكىتى 1 قويدۇر.

10 تۆگىنىڭ زاكىتى 2 قويدۇر.

15 تۆگىنىڭ زاكىتى 3 قويدۇر.

20 تۆگىنىڭ زاكىتى 4 قويدۇر.

25 تىن 35 كىچە بولغان تۆگىنىڭ زاكىتى 1 بىنت مەخازدۇر[202].

36 دىن 45 كىچە بولغان تۆگىنىڭ زاكىتى 1 بىنت لەبۇندۇر[203].

46 دىن 60 قىچە بولغان تۆگىنىڭ زاكىتى 1 ھىققەدۇر[204].

61 دىن 75 كىچە بولغان تۆگىنىڭ زاكىتى 1 جەزەئىدۇر[205].

76 دىن 90 غىچە بولغان تۆگىنىڭ زاكىتى 2 بىنت لەبۇندۇر.

91 دىن 120 گىچە بولغان تۆگىنىڭ زاكىتى 2 ھىققەدۇر.

تۆگە 120 دىن كۆپ بولسا ھەر 50 تۆگىگە 1 ھىققە، ھەر 40 تۆگىگە بىر بىنت لەبۇن زاكات كېلىدۇ.

**ئە)- قوينىڭ زاكىتى**

40 تىن 120 گىچە بولغان قوينىڭ زاكىتى بىر قويدۇر.

121 دىن 200 گىچە بولغان قوينىڭ زاكىتى 2 قويدۇر.

201 دىن 300 گىچە بولغان قوينىڭ زاكىتى 3 قويدۇر.

قوينىڭ سانى 300 دىن كۆپ بولسا ھەر 100 قوينىڭ زاكىتى 1 قويدۇر. 100 نىڭ ئاستىدىكى پارچە قويلارغا زاكات كەلمەيدۇ.

---

202 بىنت مەخاز 1 ياشنى تولۇقلاپ 2 ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدۇر.

203 بىنت لەبۇن 2 ياشنى تولۇقلاپ 3 ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدۇر.

204 ھىققە 3 ياشنى تولۇقلاپ 4 ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدۇر.

205 جەزەئە 4 ياشنى تولۇقلاپ 5 ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدۇر.

زاكاتتىن قورقۇپ توپ قويلار ئايرىلمايدۇ، تارقاق قويلار بىرلەشتۈرۈلمەيدۇ.

ئىككى شېرىكنىڭ مېلىدىن ئېلىنغان زاكاتتا ئىككىسى ئۆزئارىسىدا ئادىللىق بىلەن كېلىششى لازىم.

قېرى ۋە ئەيىبلىك ھايۋانلار زاكاتقا ئېلىنمايدۇ[206].

**ب)۔ كالىنىڭ زاكىتى**

ئىبنى مەسئۇد (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ھەر 30 كالىنىڭ زاكىتى بىر تەبىئ ياكى بىر تەبىئەدۇر[207]. ھەر 40 كالىنىڭ زاكىتى بىر مۇسىننەدۇر[208]»[209].

**ئەسكەرتىش:**

1۔ ھايۋانلارغا زاكات كېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا يايلاقتا ئەركىن ئوتلىغان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. سولاپ بېقىلغان ھايۋانلارغا زاكات كەلمەيدۇ.

ئەبۇ بەكىر سىددىق (ر.ئە)نىڭ يېزىپ، ئۈستىگە رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نىڭ مۆھۆرىنى بېسىپ: «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، بۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇسۇلمانلارغا ئەمر قىلغان پەرز زاكاتتۇر» دەپ ئەنەس (ر.ئە) ئارقىلىق بەھرەينگە ئەۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان پەرماننامىنىڭ ئىچىدە «قوينىڭ زاكىتى يايلاقلاردا ئەركىن ئوتلىغانلىرىدىن ئېلىنىدۇ... كىشىنىڭ يايلاقلاردا ئەركىن ئوتلىغان قويلىرى 40 تىن 1 كەم بولسا ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ» دېگەن ماددىلار يېزىلغان[210].

---

206 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 4 (11568، 1569، 1570)؛ تىرمىزى، سۇنەن، زاكات 4 (621)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، زاكات 9 (1798).

207 تەبىئ 1 ياشنى تولۇقلاپ 2 ياشقا كىرگەن ئەركەك كالىدۇر، تەبىئە بىر ياشنى تولۇقلاپ 2 ياشقا كىرگەن چىشى كالىدۇر.

208 مۇسىننە 2 ياشنى تولۇقلاپ 3 ياشقا كىرگەن چىشى كالىدۇر.

209 تىرمىزى، سۇنەن، زاكات 5 (622). ئوخشاش مەنىدىكى ھەدىس ئۈچۈن قاراڭ: تىرمىزى، سۇنەن، زاكات 5 (623)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 4 (1576، 1577، 1578)؛ نەسائى، سۇنەن، زاكات 8 (5، 25، 26).

210 بۇخارى، سەھىھ، زاكات 33، 34، 35، 37، 38، 39، 40، شىركەت 2، ھىيەل 3؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 4؛ نەسائى، سۇنەن، زاكات 5.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ تۆگىنىڭ زاكىتى ھەققىدە: «يايلاقلاردا ئەركىن ئوتلىغان 40 تۆگىگە 1 بىنت لەبۇن[211] زاكات كېلىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[212].

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ: «يەر ئاغدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كالىغا زاكات كەلمەيدۇ، ئىشلىتىلگۈچى كالىلارغا زاكات كەلمەيدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[213].

2. ئۆچكە قوي ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۆچكىنىڭ زاكىتىنىڭ شەرتى، نىسابى ۋە مىقدارى قوينىڭ زاكىتى بىلەن ئوخشاشتۇر، ئۆچكىنىڭمۇ يايلاقلاردا ئەركىن ئوتلىغان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

**پ). باشقا ھايۋانلارنىڭ زاكىتى**

يۇقىرىدىكى ماللاردىن باشقا ماللارغا زاكات كەلمەيدۇ. مەسىلەن: ئات، قېچىر ۋە ئېشەككە زاكات كەلمەيدۇ. لېكىن بۇ ماللار تىجارەت مېلى بولسا، پۇلغا سۇندۇرۇپ 2,5% بويىچە زاكات كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿**وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً وَيَخْلُقُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ**﴾

«ئاللاھ ئاتلارنى، قېچىرلارنى، ئېشەكلەرنى سىلەر ئۇچۇن ئۇلاغ ھەمدە زىننەت قىلىپ ياراتتى. ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىدۇ». نەھل 8/16.

ئۇلاغ ۋە زىننەت ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسە ئىشلىتىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولىدۇ. ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ.

**6. يەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتى**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُم مِّنَ الأَرْضِ**﴾

---

211 بىنت لەبۇن 2 ياشنى تولدۇرۇپ 3 ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدۇر.

212 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 4؛ نەسائى، سۇنەن، زاكات 4، 7.

213 بەيھەقى، سۇنەنى كۇبرا، زاكات 43؛ دارەقۇتنى، سۇنەن، زاكات 6؛ ئەبۇلقاسىم ئەتتەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇلكەبىر، ئىبىن (10974).

«ئى مۇئمىنلار! تاپقان مېلىڭلارنىڭ ياخشىلىرىدىن ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىڭلار»- بەقەرە 267/2.

﴿وَهُوَ الَّذِي أَنشَأَ جَنَّاتٍ مَّعْرُوشَاتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَاتٍ وَالنَّخْلَ وَالزَّرْعَ مُخْتَلِفًا أُكُلُهُ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُتَشَابِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ كُلُواْ مِن ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَآتُواْ حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى، تەمى ھەر خىل خورما ۋە ئېكىنلەرنى، بىر-بىرىگە ئوخشىشىدىغان ۋە ئوخشاشمايدىغان زەيتۇنلارنى ۋە ئانارلارنى بار قىلدى. ھەر بىرى مېۋە بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەڭلار، ئۇنى يىغقان كۈنى ھەققىنى بېرىڭلار»- ئەنئام 141/6.

بۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن بارلىق زىرائەت ۋە مېۋە مەھسۇلاتلىرىغا زاكات كېلىدۇ. بۇ نەرسىلەرگە زاكات پەرز بولۇشتىكى ئۆلچەم 5 ۋەسقتۇر[214]. بۇ ئۆلچەمگە يەتكەن ھەر مەھسۇلاتتىن زاكات ئايرىش پەرزدۇر. يەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارى باشقا ماللارنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارىغا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: دەريا (ئۆستەڭ)، ۋە بۇلۇت (يامغۇر) سۇلىرى بىلەن سۇغىرىلغان يەرنىڭ مەھسۇلاتىغا ئوندا بىر زاكات (ئۆشرە) كېلىدۇ. قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ سۇغىرىلغان يەرنىڭ مەھسۇلاتىغا يىگىرمىدە بىر زاكات (يېرىم ئۆشرە) كېلىدۇ.

جابىر (ر.ئە) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئۆستەڭ ۋە يامغۇرنىڭ سۇلىرى بىلەن سۇغىرىلغان يەرنىڭ مەھسۇلاتىدىن 10 دا بىر زاكات (ئۆشرە) ئېلىنىدۇ. قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ سۇغىرىلغان يەرنىڭ مەھسۇلاتىدىن يىگىرمىدە بىر زاكات (يېرىم ئۆشرە) ئېلىنىدۇ[215].

### 7- يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى

يەر ئاستى بايلىقلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى كاپىرلار تەرىپىدىن يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ، ئۇ يەر فەتىھ قىلىنغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن تېپىلغان خەزىنىلەردۇر. بۇلار رىكاز دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ بەشتىن بىرى زاكاتقا ئايرىلىدۇ.

---

214 بىر ۋەسقنىڭ كۆنىمىز ئېغىرلىق ئۆلچىمىدە قانچىلىك كېلىدىغانلىقى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

215 مۇسلىم، سەھىھ، زاكات 7 (981)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، زاكات 11 (1597)؛ نەسائى، سۈنەن، زاكات 25 (42/5).

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ھايۋان گۇناھسىزدۇر، قۇدۇق گۇناھسىزدۇر، كان گۇناھسىزدۇر[216]، رىكازدا بەشتىن بىرىنى زاكاتقا ئايرىش لازىمدۇر»[217].

يەنە بىرى ئاللاھ تائالا يەر ئاستىدا ياراتقان تەبىئىي مەھسۇلاتلار بولۇپ، ئۈچكە ئايرىلىدۇ:

1- ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، ئالىيۇمىن ۋەھاكازاغا ئوخشاش ئوتتا ئېرىيدىغان قاتتىق نەرسىلەر،

2- ياقۇت، ئالماس، سۈرمە، قاشتېشى، تۇز، گەج ۋە ھاك قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئوتتا ئېرىمەيدىغان قاتتىق نەرسىلەر،

3- نېفىت، ئاسفالت، گاز ۋەھاكازاغا ئوخشاش سۇيۇق نەرسىلەر.

بۇ مەھسۇلاتلاردىن تېپىلىپ چىقىرىلغىنى زاكات كېلىش ئۆلچىمىگە يەتسە، زاكىتى ئايرىلىدۇ. زاكات 2,5% بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُم مِّنَ الأَرْضِ﴾

«ئى مۇئمىنلار! تاپقان مېلىڭلارنىڭ ياخشىلىرىدىن ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىڭلار»- بەقەرە 267/2.

مەزكۇر مەھسۇلاتلار ئاللاھ تائالا زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن، شۇنداقلا زاكات ئايرىشنى پەرز قىلغان نەرسىلەردۇر.

﴿وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ﴾

«ئۇلارنىڭ ماللىرىدا مەلۇم ھەق بار»- مەئارىج 24/70.

---

216 يەنى، بىر ھايۋان بىر كىشىگە زىيان سالغان بولسا، بىر كىشى بىر قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، بىر كاندىن بىر كىشى زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، تارتقان زىيان ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ھايۋاننىڭ ئىگىسىگە تۆلەم كەلمەيدۇ، قۇدۇقنى ۋە كاننى كولىغان، كولاتقان ۋە ئىشلەتكەن كىشىلەرنىڭ ھېچبىرى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ.

217 بۇخارى، سەھىھ، زاكات 66، شىربە 3، دىيات 28، 39؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھۇدۇد 45؛ مالىك، مۇۋەتتا، زاكات 9؛ تىرمىزى، سۇنەن، زاكات 16، ئەھكام 37؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئىمارەت 40؛ نەسائى، سۇنەن، زاكات 28؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، دىيات 27.

﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾

«ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن سەدىقە ئالغىن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى پاكلايسەن ۋە يۈكسەلدۈرىسەن»۔ تەۋبە 103/9.

كان مەھسۇلاتلىرىمۇ مالدۇر، ئۇلاردا مەلۇم ھەق يەنى زاكات بار. ئۇنى ئايرىش لازىم.

كاندىن چىقىرىلغان نەرسە ئەگەر ئالتۇن ياكى كۈمۈش بولسا ۋە نىسابقا يەتسە زاكىتى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەكىلدە 2,5% بويىچە ئايرىلىدۇ. ناۋادا كاندىن چىقىرىلغان نەرسە ئالتۇن-كۈمۈشتىن باشقا نەرسىلەر بولسا ۋە ئۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتى نىسابقا يەتسە (ئاز بولغاندا 85 گىرام ئالتۇننىڭ قىممىتىگە يەتسە) 2,5% بويىچە زاكات ئايرىلىدۇ.

ئۇ نەرسىلەرنى قېزىپ تاپقۇچىلار تاپقان چېغىدا ياكى سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرغان چېغىدا زاكىتىنى ئايرىيدۇ. بولۇپمۇ قاشتېشىغا ئوخشاش قىممىتى ساتقاندا مەلۇم بولىدىغان مەھسۇلاتنى قېزىپ تاپقۇچىلار ئۇنى ساتقان چېغىدا پۈتۈن چىقىملارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قالغىنىغا 2,5% زاكات ئايرىشى لازىم، ئاندىن پۇلغا بىر يىلدا بىر قېتىم 2,5% زاكات ئايرىشى كېرەك.

## ج- زاكات بېرىلىدىغان كىشى ۋە ئورۇنلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾

«زاكاتلار پەقەت پېقىرلەرگە، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا ۋە قەلبلىرى ئىسلامغا مايىل قىلىنىدىغانلارغا بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك، قۇللارنى ئازاد قىلىش ۋە قەرزدارلارنى قەرزدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ يولى ۋە ئىبنى سەبىللەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن پەرز قىلىندى. ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[218]»۔ تەۋبە 60/9.

---

218 بۇ ئايەتتە زاكات بېرىلىدىغان كىشى ۋە ئورۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدىن مەلۇم بولغاندەك، ئۇلار سەككىز بولۇپ ئاۋۋالقى تۆتىدە لام («ل») ھەرپى، ئاخىرقى تۆتىدە في («في») ھەرپى كېلىدۇ. دېمەككى، زاكات بىرىنچى تۆت كىشىنىڭ قولىغا بېرىلىدۇ، ئىككى تۆت كىشى ئۈچۈن

ئايەتتە زاكات بېرىشكە بولىدىغان كىشى ۋە ئورۇنلار تەپسىلىي زىكىر قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### 1ـ پېقىر

مېلى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە بېقىشى كېرەك بولغان كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا يەتمەيدىغان كىشى پېقىر ھېسابلىنىدۇ. زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكۈدەك مېلى بولسىمۇ بۇنداق كىشى يەنىلا پېقىر ھېسابلىنىدۇ.

### 2ـ مىسكىن

مىسكىن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك مال تاپالمايدىغان، باشقىلار تەرىپىدىن پەرق ئېتىلىپ سەدىقىمۇ بېرىلمەيدىغان ۋە ئىنسانلاردىن بىر نەرسىمۇ تىلىمەيدىغان كىشىدۇر.

### 3ـ زاكات خادىملىرى

باي بولسۇن، نامرات بولسۇن دۆلەت تەرىپىدىن زاكات يىغىشقا مەسئۇل قىلىنغان خادىملارغا زاكات بېرىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا زاكاتتىن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

### 4ـ دىللىرى ئىسلامغا مايىل قىلىش مەقسەت قىلىنغان كىشىلەر

دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا زاكات بېرىلىدۇ. يەنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ئاجىز، لېكىن قەۋمىنىڭ ئىچىدە سۆزى ئۆتىدىغان كىشىلەرگە، ئۆزىنىڭ ياكى قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشى كۆزدە تۇتۇلغان كاپىرلارغا دۆلەت زاكاتتىن بىر فوند ئايرىپ ئۇلارغا تارقاتسا بولىدۇ.

### 5ـ قۇل ئازاد قىلىش

قۇللارنى قۇللۇقتىن، ئەسىرلەرنى ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن زاكاتتىن بىر فوند ئايرىلىدۇ ۋە بۇ يولدا سەرپ قىلىنىدۇ.

---

زاكاتتىن بىر فوند ئاجرىتىپ ئۇلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. تەرجىمىدە بۇ ئىنچىكىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتۇق.

### 6. قەرزدارلار

شەرىئەتتە گۇناھ ھېسابلانمايدىغان بىر ئىش ئارقىلىق قەرزدار بولۇپ قالغان مۇسۇلمانلارنى قەرزدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن زاكاتتىن بىر فوند ئايرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەرپ قىلىنىدۇ.

### 7. ئاللاھنىڭ يولى

زاكاتتىن بىر فوند ئايرىلىپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق يولغا سەرپ قىلىنىدۇ.

### 8. ئىبنى سەبىل

ئۆز ۋەتىنىدە باي بولسىمۇ، بارغان يېرىدە ياكى يول ئۈستىدە موھتاج بولۇپ قالغانلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ فوند يولۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ.

## *چ. زاكاتقا ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەر*

### 1. مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ھەق بار

پۇل-مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەقلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلارغا داۋاملىق خەير ـ ئېھسان قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ سِرًّا وَعَلَانِيَةً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾**

«ماللىرىنى كېچە ۋە كۈندۈز، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغانلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتلىرىنى ئالىدۇ. ئۇلارغا ھېچ قورقۇنچ يوق ۋە ئۇلار ھەرگىزمۇ قايغۇرمايدۇ»- بەقەرە 274/2.

**﴿وَالَّذِينَ صَبَرُوا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَنْفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً وَيَدْرَءُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُولَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ﴾**

«ئۇلار رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ سەۋر قىلغان، نامازنى كامىل ئۇقۇيدىغان، بىز بەرگەن رىزىقتىن ئاللاھ يولىدا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان، يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن دەپئى قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار دۇنيا يۇرتىنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىگە ئېرىشىدۇ»ـ رەئد 22/13

﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ. وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾

«كىم زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلغان بولسا ئۇنى كۆرىدۇ. كىم زەررىچىلىك يامان ئىش قىلغان بولسا ئۇنى كۆرىدۇ»ـ زەلزەلە 99/7ـ8.

## 2ـ يېتىم بالىنىڭ زاكىتى

يېتىم بالىنىڭ زاكات كەلگۈدەك مېلى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ۋەلىيسى ئۇ مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىيدۇ. رىۋايەت قىلىنىدۇكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مېلى بولغان بىر يېتىمگە ۋەلى بولغان بولسا، ئۇ مالدا تىجارەت قىلسۇن. ئۇ مالنى زاكاتنىڭ يەپ تۈگىتىشىگە تەرك ئەتمىسۇن»[219].

## 3ـ قەرزدارنىڭ زاكىتى

بىر قەرزدار كىشىنىڭ قولىدا زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن مىقداردا مېلى بولسا، قەرزىگە يەتكۈدەك مىقداردىكى پۇلنى چىقىرىۋېتىپ، قېلىپ قالغان پۇل زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە زاكىتىنى ئايرىيدۇ. يەتمىسە زاكات ئايرىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ قەرزىگە ھېسابلاپ بېرىدىغىنى ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدۇ. قەرزدارنىڭ قەرزىنىڭ زاكىتىنى قەرز بەرگۈچى (پۇلنىڭ ئەسلى ئىگىسى) ئادا قىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ مۈلكىدۇر.

## 4ـ مېيىتنىڭ زاكىتى

زىممىسىدە زاكات قەرزى بار بىر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشىنىڭ زاكىتى قالدۇرغان مېلىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ زاكات مېيىتنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلىش، قەرزىنى ئادا قىلىش ۋە مىراس تەقسىماتىدىن بۇرۇن ئايرىلىدۇ. چۈنكى زاكات ئاللاھ ئۈچۈن بولغان قەرزدۇر.

---

219 تىرمىزى، سۈنەن، زاكات 15.

## 5ـ ۋاقتىدا ئادا قىلىش كېرەك

زاكاتنى ئايرىيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن ھامان دەرھال ئادا قىلىش لازىم. كېچىكتۈرۈش قەتئىي چەكلىنىدۇ. چۈنكى بۇ بىر ئىبادەتتۇر، زاكاتنى ئايرىش ۋاقتى يىلنىڭ ئۆرۈلۈشىدۇر، يىل ئۆرۈلگەن ھامان ۋاقتى كىرگەن بولىدۇ، ئىبادەتنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئادا قىلىش لازىم.

## 6ـ ۋاقتىدىن ئىلگىرى بېرىش

زاكاتنى ئالدىن بېرىشكىمۇ بولىدۇ، يەنى يىل ئۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى زاكاتنى بېرىۋېتىش جائىزدۇر. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: ئابباس (ر.ئە) رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن زاكىتىنى ياخشىلىقتا ئالدىراش مەقسىتى بىلەن ۋاقتىدىن ئىلگىرى بېرىش ھەققىدە سورىدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى[220].

## 7ـ ياخشىسىنى ئېلىۋالماسلىق كېرەك

ھايۋانلاردىن زاكات ئالغاندا ماللارنىڭ ئېسىللىرىنى ۋە ياخشىلىرىنى زاكاتقا ئېلىۋالماسلىق لازىم. لېكىن مال ئىگىلىرى كەڭ قوللۇق قىلىپ بېرىۋەتسە ئېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، قېرى، ئورۇق، قوتۇر، كور ۋە ئاقساق-چولاق ماللارنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىشمۇ توغرا بولمايدۇ.

ئىبنى ئابباس (ر.ئە)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتتى. ئۇ يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن كىتاب ئەھلى بولغان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسەن، ئۇلارنى دەۋەت قىلىدىغان بىرىنچى نەرسەڭ، ئاللاھقا ئىبادەت بولسۇن، ئۇلار ئاللاھنى تونۇغاندا ئاللاھنىڭ ئۇلارغا زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى، زاكاتنىڭ ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ پېقىرلىرىگە تارقىتىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئۇلار بۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا ئۇلاردىن زاكاتنى ئالغىن، زاكاتنى ئالغان چېغىڭدا ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئوبدانلىرىنى ئېلىشتىن ساقلانغىن، مەزلۇمنىڭ بەددۇئاسىنى ئېلىشتىن قورققىن، چۈنكى ئۇ دۇئا بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا پەردە يوق[221].

---

220 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 21؛ تىرمىزى، سۇنەن، زاكات 38.

221 بۇخارى، سەھىھ، زاكات 1، 41، سەدىقە 1، 63، مەزالىم 9، مەغازى 60، تەۋھىد 1؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 31؛ تىرمىزى، سۇنەن، زاكات 6؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 4؛ نەسائى، سۇنەن، زاكات 46.

سالىم دادىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ھايۋانلارنىڭ زاكىتىنىڭ مىقدارى توغرىسىدا بىر پەرماننامە يازدۇرۇپ ئۇنى مەمۇرلىرىغا يوللاپ بولغۇچە ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئەبۇ بەكرى (ر.ئە) ۋاپاتىغىچە ئۇ پەرماننامىنى ئىجرا قىلدى. ئۆمەر (ر.ئە)مۇ ۋاپاتىغىچە ئۇ پەرماننامىنى ئىجرا قىلدى. ئۇ پەرماننامەدە مۇنۇلار يېزىلغان:.. «قېرى ۋە ئەيىبلىك ھايۋانلار زاكاتقا ئېلىنمايدۇ»[222].

## خ- پىتىر سەدىقىسى

### 1- ھۆكمى

پىتىر سەدىقىسى بېرىش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَعَلَى الَّذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ فَمَنْ تَطَوَّعَ خَيْرًا فَهُوَ خَيْرٌ لَهُ﴾

«روزىنى تۇتۇشقا تاقىتى يېتىدىغانلار فىدىيە بەرسۇن. فىدىيە بىر مىسكىن تويغۇدەك مىقداردىكى تائامدۇر. كىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بەرسە، ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر»- بەقەرە 184/2.

«روزا تۇتۇشقا تاقىتى يېتىدىغانلارغا» يەنى رامىزان ئىيىدا روزا تۇتقانلارغا ۋە رامىزان ئىيىدا روزا تۇتۇشقا تاقىتى يەتكەن، لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ: «سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى يولۇچى بولۇپ روزىسىنى تۇتالمىغان بولسا باشقا كۈنلەردە بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى تۇتسۇن» دېگەن مەنىدىكى رۇخسىتىگە ئەمەل قىلىپ، روزىسىنى رامىزان ئىيىدا تۇتماي كېيىن قازاسىنى قىلماقچى بولغانلارغا بىر مىسكىنىنىڭ تائامىغا يەتكۈدەك مىقداردا فىدىيە بېرىش كېرەك بولىدۇ.

بۇ ئايەتتە رامىزان روزىسىنى تۇتۇشقا تاقىتى يېتىدىغانلار بىر فىدىيە بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. روزىنى تۇتۇشقا تاقىتى يېتىپ يەتمەيدىغانلىقى رامىزان ئاخىرلاشقاندا بىلىنگەنلىكى ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسى رامىزان چىقىپ كېتىپ شەۋۋال ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىنىڭ كۈندۈزى باشلانغاندىن كېيىن پەرز بولىدۇ

---

222 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 4 (11568، 1569، 1570)؛ تىرمىزى، سۇنەن، زاكات 4 (621)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، زاكات 9 (1798).

## 2ـ ھېكمىتى

ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) پىتىر سەدىقىسىنى روزا تۇتقۇچىنى بىھۇدە سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ ۋە ناشايان سۆزلەرنىڭ كىرلىرىدىن پاكلاش ئۈچۈن، شۇنداقلا مىسكىنلەرگە تائام بولسۇن ئۈچۈن پەرز قىلدى»[223].

دېمەككى، پىتىر زاكىتىنىڭ ئىككى ھېكمىتى بار: بىرى روزا تۇتقۇچىنى روزا تۇتۇش جەريانىدا ئۆتكۈزگەن كەمچىلىكلىرىدىن پاكلاش، يەنە بىرى مىسكىنلەرگە تائام بېرىش. يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۆتكەن «فىدىيەتۇن» ۋە «تائامۇ مىسكىن» («فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ») ئىپادىلىرى بۇ مەنىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى فىدىيە ئۆتكۈزۈلگەن بىر كەمچىلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن بېرىلگەن ماددىي نەرسىدۇر[224].

ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىنىڭ 187- ئايىتىدە روزا تۇتقۇچىلار قىلماسلىقى تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن:

﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَا﴾

«بۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالاردۇر. ئۇلارغا يېقىنلاشماڭلار»- بەقەرە 187/2.

چېگرادىن ئۆتسە روزا بۇزۇلىدۇ، چېگراغا يېقىنلاشسا روزا بۇزۇلمايدۇ، لېكىن ساۋابى كېمىيىدۇ، بۇ كەمچىلىك فىدىيە بىلەن تولۇقلىنىدۇ.

## 3ـ پىتىر سەدىقىسى پەرز بولغانلار

ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدىكى سۆزى (بەقەرە 184/2) قەتئىي دالالەت قىلىدۇكى: پىتىر سەدىقىسى روزا تۇتقانلارغا پەرز قىلىنىدۇ.

بۇ توغرىدا ئىككى تۈرلۈك رىۋايەت بار. بىرى ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر سۆزىگە ماس كېلىدۇ، يەنە بىرى ماس كەلمەيدۇ. ئۇ رىۋايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

### ئايەتكە ماس كېلىدىغان رىۋايەت:

مالىك ئىبنى ئەنەس ۋە ئەييۇب ئەسسەختىيانىي نافىئدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) پىتىر

223 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، زاكات 17/ 1609؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، زاكات 218/ 1827.

224 بەقەرە 2/184، 196؛ نىسا 4/92.

سەدىقىسىنى ھۆر، قۇل، ئەر، ئايال پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا خورمىدىن بىر سا[225] ياكى ئارپىدىن بىر سا قىلىپ پەرز قىلدى[226].

**ئايەتكە ماس كەلمەيدىغان رىۋايەت:**

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر[227] ۋە ئۆمەر ئىبنى نافىئ نافىئدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) پىتىر زاكىتىنى قۇل، ھۆر، ئەر، ئايال، كىچىك ۋە چوڭ مۇسۇلمانلارغا خورمىدىن بىر سا ياكى ئارپىدىن بىر سا قىلىپ پەرز قىلدى[228].

كۆرۈنگىنىدەك، بۇ ئىككى تۈرلۈك رىۋايەتنىڭ ھەر ئىككىسى ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن نافىئ يولى بىلەن كېلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىدە «چوڭ، كىچىك» دېگەن ئىپادە زىكىر قىلىنمايدۇ، ئىككىنچىسىدە زىكىر قىلىنىدۇ.

ئىشنىڭ ئەجەبلىنەرلىك تەرىپى شۇكى، «سەھىھ مەنبەلەر» دېيىلىدىغان ھەدىس كىتابلىرىدا ھەر ئىككى رىۋايەت زىكىر قىلىنىدۇ. ھەتتا مەزكۇر مەنبەلەرنىڭ «ئەڭ ئىشەنچلىك» ۋە «ئەڭ مۆتىۋەر»لىرى بولغان سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇ مۇسلىملەردىمۇ بۇ پەرقلىق ئىككى رىۋايەت ئۆتىدۇ.

**ئىككىنچى رىۋايەتنىڭ تەنقىدى:**

بۇ رىۋايەتنى نافىئدىن ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن ئۆمەر ئىبنى نافىئ نەقىل قىلىدۇ. ئۇبەيدۇللاھنىڭ رىۋايىتى بىر يەردە زىيادە، يەنە بىر يەردە كەم زىكىر قىلىنىدۇ. ئۆمەرنىڭ رىۋايىتىدە بولسا، «چوڭ، كىچىك» ئىپادىسىنىڭ

225 رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ زامانىدىكى بىر سا نورمال ئىككى ئالىقاندىن ھاسىل ئوچۇم بىلەن تۆت ئوچۇم بولۇپ، ئۇ كۈنىمىزدىكى ئۆلچەمدە ئۈچ كىلوگرامغا يېقىن بىر مىقداردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈنىمىز مۇسۇلمانلىرى سەدىقە فىترىنى بىر كىشى ئۈچۈن ئۈچ كىلوگىرام بۇغداي ياكى ئۇنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە ئادا قىلسا توغرا قىلغان بولىدۇ.

226 بۇخارى، سەھىھ، زاكات 1504، 1511؛ مۇسلىم، سەھىھ، زاكات 4، 12 ـ (984)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 1611؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەبۋابۇززاكات 675، 676؛ نەسائى، سۇنەن، زاكات 2503؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، زاكات 21/ 1826.

227 بۇ كىشىنىڭ تولۇق ئىسمى مۇنداق: ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ھەفس ئىبنى ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب. يەنى بۇ ئۇبەيدۇللاھ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ر.ئە)نىڭ نەۋرىسىنىڭ نەۋرىسىدۇر.

228 بۇخارى، سەھىھ، زاكات 1503، 1512؛ مۇسلىم، سەھىھ، زاكات 13 ـ (984)نەسائى، سۇنەن، زاكات 2502، 2504.

ئۆزى تەرىپىدىن زىيادە قىلىنغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ. بىز تۆۋەندە بۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

1ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ رىۋايىتىدىكى زىيادە ۋە كەملىك:

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر نافىئىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) پىتىر سەدىقىسىنى كىچىك، چوڭ، ئەر، ئايال، هۆر ۋە قولغا خورمىدىن بىر سا ياكى ئارپىدىن بىر سا قىلىپ پەرز قىلدى[229].

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر نافىئىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) پىتىر سەدىقىسىنى كىچىك، چوڭ، هۆر ۋە قۇلغا خورمىدىن بىر سا ياكى ئارپىدىن بىر سا قىلىپ پەرز قىلدى[230].

دىققەت قىلىنىدىغان بولسا ئۇبەيدۇللاھنىڭ ئىككىنچى رىۋايىتىدە «**ئەر، ئايال**» دېگەن ئىپادە زىكىر قىلىنمىغان. دېمەك، بۇ زاتنىڭ رىۋايىتى ئايەتكە ماس كەلمەسلىك بىلەن بىرگە كەم ياكى زىيادىلىكتىنمۇ خالىي ئەمەس.

2ـ نافىئىنىڭ ئوغلى ئۆمەرنىڭ رىۋايىتى

ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سۇنەن» ناملىق ھەدىس كىتابىدا رىۋايەتتىكى «كىچىك ۋە چوڭ» ئىپادىسىنىڭ نافىئىنىڭ ئوغلى ئۆمەر تەرىپىدىن زىيادە قىلىنغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ: مالىك نافىئىدىن، نافىئ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «رامىزاندىكى پىتىر سەدىقىسى خورمىدىن بىر سا ياكى ئارپىدىن بىر سا بولۇپ، ئۇ هۆر، قۇل، ئەر، ئايال پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر». بۇ ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سۇنەن» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىتابۇززاكات، 19ـ باب 1611ـ نومۇرلۇق رىۋايىتىدۇر.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك بۇ رىۋايەتنى نافىئىدىن مالىك ئىسىملىك بىر كىشى (مالىك ئىبنى ئەنەس) نەقىل قىلىدۇ. بۇ رىۋايەتنىڭ داۋامىدىكى رىۋايەتنى يەنى 1612ـ نومۇرلۇق رىۋايەتنى نافىئىدىن نافىئنىڭ ئوغلى ئۆمەر رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ رىۋايەت مۇنداق: نافىئنىڭ ئوغلى ئۆمەر ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) پىتىر سەدىقىسىنى بىر سا قىلىپ پەرز قىلدى». نافىئنىڭ ئوغلى ئۆمەر بىرىنچى رىۋايەتتىكى (1611ـ رىۋايەتتىكى) مالىكنىڭ ھەدىسىنىڭ

229 نەسائى، سۇنەن، زاكات 2505.

230 بۇخارى، سەھىھ، زاكات 1512؛ مۇسلىم، سەھىھ، زاكات 4، 13 ـ (984).

مەنىسىنى زىكىر قىلدى ۋە «كىچىك، چوڭ» ئىپادىسىنى زىيادە قىلدى. (ئەبۇ داۋۇد، زاكات 19 (1611ـ1612).

«چوڭ ـ كىچىك» ئىپادىسىنى نافىئنىڭ ئوغلى ئۆمەرنىڭ قوشۇپ قويغانلىقىغا نافىئنىڭ مۇنۇ رىۋايىتىمۇ دالالەت قىلىدۇ: ئەييۇب نافىئدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) پىتىر سەدىقىسىنى ئەر، ئايال، ھۆر ۋە قۇلغا خورمىدىن بىر سا ياكى ئارپىدىن بىر سا قىلىپ پەرز قىلدى». ئىنسانلار بۇنى يېرىم سا بۇغدايغا تەڭلەشتۈردى. ئىبنى ئۆمەر خورما بېرەتتى، كېيىن مەدىنىدە خورما مەھسۇلاتى كەملەپ كېتىپ مەدىنە ئاھالىسى خورمىغا موھتاج بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارپا بەردى. ئىبنى ئۆمەر كىچىك ۋە چوڭ ئۈچۈنمۇ بېرەتتى، ھەتتا ئۇ مېنىڭ باللىرىم ئۈچۈنمۇ بېرەتتى[231].

دېمەك، «چوڭ، كىچىك» ئىپادىسى ئىبنى ئۆمەرنىڭ سۆزى ئىچىدە يوق، ئۇنى ئىبنى ئۆمەردىن نەقىل قىلغان نافىئمۇ دېمىگەن، نافىئنىڭ دېگىنى: «ئىبنى ئۆمەر كىچىك ۋە چوڭ ئۈچۈنمۇ بېرەتتى، ھەتتا ئۇ مېنىڭ باللىرىم ئۈچۈنمۇ بېرەتتى» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت. بۇ سۆز نافىئنىڭ ئىبنى ئۆمەرنىڭ قىلمىشىنى نەقىل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، خالاس. لېكىن نافىئنىڭ ئوغلى ئۆمەر بۇ سۆزنى دادىسىدىن ئاڭلاپ، ئۇنى ئىبنى ئۆمەرنىڭ سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزگەن ۋە باشقىلارغا مۇشۇ بويىچە نەقىل قىلغان. ئاندىن كېيىن ئۇ رىۋايەت بۇ قوشۇلغان شەكلى بىلەن نەقىل قىلىنىپ دەلىل قىلىنغان. شۇڭا جۇمھۇر ئالىملار (كۆپچىلىك ئىسلام فەقىھلىرى) «نارەسىدە باللار ئۈچۈنمۇ پىتىر سەدىقىسى بېرىش كېرەك!» دەپ قارايدۇ[232].

ھېچكىم ئۇ رىۋايەتنى قۇرئان كەرىمگە تەڭلەپ باقمىغان، ھەتتا ھېچكىم ئۇ رىۋايەتنى «چوڭ ـ كىچىك» دېگەن ئىپادە قوشۇلمىغان رىۋايەت بىلەن بىرلىكتە چۈشىنىشكىمۇ ئىنتىلمىگەن. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ھېچبىر ئەمرى پەرز بولمايدىغان نارەسىدە باللارغا، ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا پىتىر سەدىقىسى بېرىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن.

---

231 بۇخارى، سەھىھ، زاكات 1511.

232 ۋەھبە زۇھەيلى، ئەلفىقھۇلئىسلامىي ۋە ئەدىللەتۇھۇ 2/904، 3ـ باسما، 1409/1989، دارۇلفىكر، دەمەشق.

## مۇناسىۋەتلىك ئىككى رىۋايەت

پىتىر سەدىقىسىنىڭ «كىچىك، چوڭ» لارغىمۇ پەرز بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان يەنە ئىككى رىۋايەت بار. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە توختىلىمىز:

1- مۇھەممەد ئىبنى مۇسەننا، سەھل ئىبنى يۈسۈفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇمەيد بىزگە ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان: ئىبنى ئابباس (ر.ئە) رامىزاننىڭ ئاخىرىدا بەسرەنىڭ مۇنبىرىدە خۇتبە ئوقۇپ: «روزاڭلارنىڭ سەدىقىسىنى چىقىرىپ بېرىڭلار» دېدى. ئىنسانلار چۈشەنمىگەندەك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە مەدىنە ئەھلىدىن كىم بولسا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ قېرىنداشلىرىڭلارغا ئۆگىتىڭلار، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بۇ سەدىقىنى ھۆر، قۇل، ئەر، ئايال، **كىچىك، چوڭ** ھەممەيلەنگە خورمىدىن ياكى ئارپىدىن بىر سا ۋە بۇغدايدىن يېرىم سا پەرز قىلغان». كېيىن ئەلى (ر.ئە) بەسرىگە كەلگەندە، باھانىڭ ئەرزانلاشقانلىقىنى كۆردى ۋە مۇنداق دېدى: «ئاللاھ سىلەرگە مەمۇرچىلىق ئاتا قىلىپتۇ، شۇڭا پىتىر سەدىقىسىنى ھەر نەرسىدىن بىر سا قىلغان بولساڭلار!»[233]. ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە مۇنۇ ئىپادىمۇ زىكىر قىلىنىدۇ: ھۇمەيد ئېيتىدۇ: ھەسەن «پىتىر سەدىقىسى روزا تۇتقانلارغا پەرز» دەپ قارايتتى.

بۇ رىۋايەتنى ئىبنى ئابباسنىڭ: «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) پىتىر سەدىقىسىنى روزا تۇتقۇچىنى بىھۇدە سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ ۋە ناشايان سۆزلەرنىڭ كىرلىرىدىن پاكلاش ئۈچۈن، شۇنداقلا مىسكىنلەرگە تائام بولسۇن ئۈچۈن پەرز قىلدى[234]» دېگەن باشقا بىر رىۋايىتى زەئىپلەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ رىۋايىتىدىكى «روزا تۇتقۇچىنى پاكلاش ئۈچۈن» دېگەن ئىپادىسى، پىتىر سەدىقىسىنىڭ روزا تۇتمىغۇچىلارغا پەرز بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئابباسنىڭ بۇنداق بىر-بىرىگە زىت ئىككى سۆزنى قىلىشى ئېھتىمالدىن بەكمۇ يىراقتۇر، ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ خۇتبىسىنى نەقىل قىلغان ھەسەننىڭ «پىتىر سەدىقىسى روزا تۇتقانلارغا پەرز» دەپ قارىشى[235] بۇ يىراقلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ سۆزى بىلەن قىلمىشىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

233 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، زاكات 1622. نەسائى، سۈنەن، زاكات 2515، سالاتۇلئىيدەين 1580.
234 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، زاكات 17/ 1609؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، زاكات 218/ 1827.
235 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، زاكات 1622.

قارىغاندا، «چوڭ، كىچىك» ئىپادىسى ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)نىڭ سۆزىگە كىرگۈزۈلگەندەك ئىبنى ئابباس (ر.ئە)نىڭ سۆزىگىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

2- نەسائى ئۆزىنىڭ «سۈنەن» ناملىق مەشھۇر ھەدىس كىتابىنىڭ كىتابۇززەكات بۆلۈمىدە 2502- نومۇرلۇق رىۋايەتنى مالىكتىن «چوڭ، كىچىك» دېگەن ئارتۇق ئىپادە بىلەن نەقىل قىلىدۇ، ئاندىن 2503- نومۇرلۇق رىۋايەتنى يەنە مالىكتىن «چوڭ، كىچىك» دېگەن ئارتۇق ئىپادىسىز زىكىر قىلىدۇ.

مالىكتىن «چوڭ، كىچىك» ئىپادىسى زىيادە قىلىنماستىن كەلگەن رىۋايەت باشقا ھەدىس مەنبەلەردىمۇ كېلىدۇ، ھەتتا نەسائىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئىككى پەرقلىق رىۋايەتنى ئارقا-ئارقىدىن زىكىر قىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئارتۇق ئىپادە مالىكنىڭ رىۋايىتىگە پەقەت نەسائىنىڭ «سۈنەن» ناملىق كىتابىدىلا كىرىشكە «مۇۋەپپەق بولغان».

### خۇلاسە

1- پىتىر سەدىقىسى رامىزان روزىسىنى تۇتقۇچىلارغا يەنى بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. بەقەرە سۈرىسىنىڭ 184- ئايىتى ۋە ئۇ ئايەتنىڭ بايانى ماھىيىتىدىكى رىۋايەت بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. پەرقلىق رىۋايەت ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا خىلاپ كەلگەنلىكى ۋە ئۆز ئىچىدە زىتلىق تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2- بالاغەتكە يەتمىگەن نارەسىدە باللار ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسى بېرىش پەرز ئەمەس، لېكىن بۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇلار ئۈچۈنمۇ پىتىر سەدىقىسى بەرسە ياخشى بولىدۇ. چۈنكى بەقەرە سۈرىسىنىڭ 184- ئايىتىنىڭ ﴿فَمَنْ تَطَوَّعَ خَيْرًا فَهُوَ خَيْرٌ لَهُ- كىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بەرسە، ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾ دېگەن قىسمى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. يەنى، پىتىر سەدىقىسى بېرىش چوڭلار ئۈچۈن پەرز، نارەسىدىلەر ئۈچۈن نەپلىدۇر.

### 4- پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى

پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى بىر كىشى ئۈچۈن بىر مىسكىنىنىڭ بىر كۈنلۈك تائامىدۇر ياكى ئۇنىڭ بەدىلىدۇر. بۇنى يۇقىرىدا بۇ سەدىقىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا زىكىر قىلىنغان ئايەت (بەقەرە 187/2) ۋە ھېكمىتى توغرىسىدا زىكىر قىلىنغان ھەدىس ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**5ـ ئادا قىلىش ۋاقتى**

روزا ھېيت كۈنىنىڭ ئەتىگىنىدىن باشلاپ، ھېيت نامىزىغا چىققۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئادا قىلىنىدۇ. ھېيت كۈنىدىن بىر-ئىككى كۈن ئىلگىرى بېرىشكىمۇ بولىدۇ. نافىئىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) فىتىر زاكىتىنى ئىنسانلار ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى بېرىشكە بۇيرۇغان[236].

**6ـ پىتىر سەدىقىسى بېرىلىدىغانلار**

پىتىر سەدىقىسى زاكات بېرىشكە بولىدىغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. چۈنكى پىتىر سەدىقىسىمۇ بىر تۈرلۈك زاكاتتۇر. زاكاتنىڭ كىملەرگە ۋە قەيەرلەرگە بېرىلىدىغانلىقى تەۋبە سۈرىسىنىڭ 60ـ ئايىتىدە بايان قىلىنغان. لېكىن مىسكىنلەرگە بېرىش تېخىمۇ ياخشىدۇر، چۈنكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتتە «تائامۇ مىسكىن (مىسكىن تائامى)»[237]، مۇناسىۋەتلىك ھەدىستە «تۇئمەتەن لىلمەساكىن (مىسكىنلەرگە تائام بولۇشى ئۈچۈن)[238]» دېيىلىدۇ.

236 بۇخارى، سەھىھ، زاكات 1509، مۇسلىم، سەھىھ، زاكات 5، 22 ـ (986)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 1610؛ نەسائى، سۇنەن، زاكات 2521.

237 بەقەرە 2/184.

238 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 17/ 1609؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، زاكات 218/ 1827.

# روزا

## ئومۇمىي بايان

«ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ». بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە ئېلان قىلغان بىر پىرىنسىپى[239]. بۇ پىرىنسىپقا ئاساسەن ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن تەقۋادار بولۇش شەرت، تەقۋادار بولۇش ئۈچۈن ئەقىدىنى توغرىلاش، نەپسنى پاكلاش ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش لازىم. بەقەرە سۈرىسىنىڭ 177- ئايىتى تەقۋادارلىقنىڭ مانا بۇ ئۈچ ئەركانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[240].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كىتاب نازىل قىلىشىنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىشىنىڭ ھېكمىتىنى ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقلاردىن يورۇقلۇققا چىقىرىش دەپ بىلدۈرىدۇ[241]. چۈنكى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىغان قەلب كۆپۈر قاراڭغۇلۇقلىرىدا تېڭىرقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەلبنىڭ ئىگىسىنىڭ ئەقىدىسى قاراڭغۇلۇق (شېرىك)، ئەملى قاراڭغۇلۇق (بىدئەت)، تەسەۋۋۇرى قاراڭغۇلۇق (خۇراپات) بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇ كىشى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە بەختسىزلىككە مەھكۇم بولىدۇ. مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئىنسانىنى يارىتىپ ئۇنىڭغا نەپسى بىلەن شەيتانغا ياكى ئەقلى بىلەن ۋەھيىگە ئەگىشىش توغرىسىدا ئەركىنلىك بەرگەن[242] بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزكۇر قاراڭغۇلۇقلاردا قېلىشىغا رازى بولمايدۇ[243]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئىنساننى تەقۋادار بولۇشقا يەنى ئەقىدىسىنى رۇسلاشقا، مۇئامىلىسىنى دۇرۇسلاشقا ۋە نەپسىنى پاكلاشقا بۇيرۇغان. قۇرئان

239 مائىدە 27/5.

240 مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق: «مەشرىق ۋە مەغرىب تەرەپكە يۈز كەلتۈرگەنلىكىڭلار ياخشىلىق ئەمەس. لېكىن ياخشىلىق كىشىنىڭ ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشى، مېلىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا، يولدا قالغانلارغا، ياردەم سورىغۇچىلارغا ۋە قۇللارنى ئازاد قىلىشقا بېرىشى، نامازنى كامىل ئوقۇشى، زاكاتنى بېرىشى، قىلىشقان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىشى، قىيىنچىلىقتا، جاپا-مۇشەققەتتە ۋە قاتتىق ئۇرۇش ۋاقتىدا سەۋر قىلىشى قاتارلىق ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر. ئەنە شۇ ئىشلارنى قىلغۇچىلار راستچىللاردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار بولغۇچىلاردۇر»- بەقەرە 177/2.

241 مائىدە 15/5-16؛ ئىبراھىم 1/14، 5؛ ھەدىد 9/57؛ تالاق 10/65، 11.

242 بەقەرە 256/2؛ كەھف 29/18؛ شۇئەرا 3/26، 4.

243 زۇمەر 7/39.

كەرىمدىكى ئىبادەتلەرنى بۇنىڭ ئۈچۈن يولغا قويغان، ھۆكۈملەرنى بۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلىگەن، قىسسەلەرنى بۇنىڭ ئۈچۈن بايان قىلغان. قىسقىسى قۇرئان كەرىمنى بۇنىڭ ئۈچۈن نازىل قىلغان، مۇھەممەد (ئە.س)نى بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن[244].

رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ئەنە شۇ تەقۋادار بولۇش يولىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر، ھەتتا ئاساسلىق قىسمىدۇر. مۇناسىۋەتلىك ئايەتتە ئاللاھ تائالا روزىنىڭ پەرزلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ﴿لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ (تەقۋادار بولغايسىلەر!)﴾ دەيدۇ[245]. دېمەككى، تەقۋادار بولۇش ئۈچۈن روزا تۇتۇش كېرەك، چۈنكى روزا تۇتۇش نەپسنى كۆڭگەن ئادەتلىرىدىن توسۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئۇنىڭغا رەببىنى، كائىناتنى ۋە ئۆزىنى تونۇش پۇرسىتىنى ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەقىدىسىنى توغرىلايدۇ ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تۈزىتىدۇ، شۇنداقلا نەپسىنى پاكلايدۇ. نەتىجىدە ئۇ تەقۋادار بولىدۇ. ئايەتنىڭ مەزمۇنى بۇ مەنىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## ئا- روزىنىڭ ھۆكمى ۋە تارىخى

روزا تۇتۇش پەرزدۇر. بۇ پەرز بىز ئۈممەتتى مۇھەممەدكە ئەمىر قىلىنغاندەك بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگىمۇ ئەمىر قىلىنغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلار! سىلەرگە روزا پەرز قىلىندى. ئۇ سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرگىمۇ پەرز قىلىنغان. روزىنى تۇتۇپ تەقۋادار بولغايسىلەر!»- بەقەرە 183/2.

## ئە- روزىنىڭ ئېپى ۋە پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَنْ شَهِدَ مِنْكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ﴾

244 ئىبراھىم 1/14؛ نەھل 64/16؛ فۇرقان 1/25؛ ھەدىد 9/57؛ تالاق 11/65.

245 بەقەرە 183/2.

«رامىزان ئېيى شۇنداق ئايكى، ئىنسانلار ئۈچۈن ھىدايەت بولغان، ھىدايەتنىڭ ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرى بولغان قۇرئان ئەنە شۇ ئايدا نازىل قىلىنغان. سىلەردىن كىم بۇ ئايدا ھازىر بولسا[246]، ئۇنى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزسۇن»- بەقەرە 185/2.

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «روزا گۇناھلاردىن ساقلايدىغان قالقاندۇر. سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزا تۇتقان كۈندە ناشايان سۆزلەرنى قىلمىسۇن، جېدەل-ماجرا تۇغدۇرۇپ چوقان كۆتۈرمىسۇن، ئەگەر بىرەر كىشى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسا ‹مەن روزىدارمەن› دېسۇن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، روزىدار ئادەمنىڭ ئاغزىنىڭ ھىدى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىپارنىڭ بۇيىدىنمۇ خۇش پۇراقتۇر. روزىدار ئادەمگە ئىككى تۈرلۈك خۇشاللىق بولىدۇ. بىرى ئىپتار قىلغاندا، يەنە بىرى رەببىگە مۇلاقات بولغان چاغدا»[247].

## ب- روزىنىڭ ۋاقتى ۋە ماھىيىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أُحِلَّ لَكُمْ لَيْلَةَ الصِّيَامِ الرَّفَثُ إِلَى نِسَائِكُمْ هُنَّ لِبَاسٌ لَكُمْ وَأَنْتُمْ لِبَاسٌ لَهُنَّ عَلِمَ اللَّهُ أَنَّكُمْ كُنْتُمْ تَخْتَانُونَ أَنْفُسَكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ وَعَفَا عَنْكُمْ فَالْآنَ بَاشِرُوهُنَّ وَابْتَغُوا مَا كَتَبَ اللَّهُ لَكُمْ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الْأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الْأَسْوَدِ مِنَ الْفَجْرِ ثُمَّ أَتِمُّوا الصِّيَامَ إِلَى اللَّيْلِ﴾

«روزا تۇتقان كۈنلىرىڭلارنىڭ كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر يەردە بولۇش سىلەرگە ھالال قىلىندى. ئۇلار سىلەر ئۈچۈن بىر كىيىم، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر كىيىمسىلەر. ئاللاھ سىلەرنىڭ نەپسىڭلارنى يېڭەلمەيۋاتقانلىقىڭلارنى بىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋبەڭلەرنى قوبۇل قىلىپ سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى بۇنىڭدىن ئېتىبارەن كېچىلىرى ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر يەردە بولۇپ، ئاللاھنىڭ سىلەرگە تەقدىر قىلغىنىنى تەلەپ قىلىڭلار. تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا

246 يەنى رامىزان ئېيى يېتىپ كەلگەندە ھايات بولسا،

247 بۇخارى، سەھىھ، سەۋم 2، 9، لىباس 78؛ مۇسلىم، سەھىھ، سىيام 164 (1151)؛ مالىك، مۇۋەتتا، سىيام 58 (310/1)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سەۋم 25 (2363)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سەۋم 55 (764)؛ نەسائى، سۇنەن، سىيام 41 (160/2-161)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، سىيام 1 (1638)، ئەدەب 58 (3823).

يېپىدىن سىلەر ئۈچۈن ئېنىق ئايرىلغانغا قەدەر يەپ-ئىچىڭلار. ئاندىن كېيىن روزىنى كېچىگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇڭلار». بەقەرە 187/2.

دېمەك، روزىنىڭ ۋاقتى تاڭ سۈزۈلگەندىن باشلاپ كۈن پاتقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتتۇر. ماھىيىتى بۇ ۋاقىت ئىچىدە يېيىشتىن، ئىچىشتىن ۋە ئەر-خوتۇن بىر يەردە بولۇشتىن ئىبادەت نىيىتى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇشتۇر.

## پ- روزىنىڭ نىيىتى

لۇغەتتە «يۆنەلمەك، قەتئىي ئىرادە قىلماق، مەقسەت قىلماق، كۆڭۈلگە پۈكمەك، ئىنتىلمەك، مەقسەت» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان نىيەتنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى «ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇش ئۈچۈن بىر ئىشقا ئىنتىلگەن ئىرادە» دېگەن بولىدۇ[248].

قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ ئىخلاس بىلەن قىلىنىشىنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلغان ئايەتلەر[249] ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق»[250] دېگەن ھەدىسى دالالەت قىلىدۇكى، پۈتكۈل ئىبادەتلەردە نىيەت شەرتتۇر. جۈملىدىن روزىدىمۇ شەرتتۇر.

روزىنىڭ نىيىتى بولسا روزا تۇتماقچى بولغانلىقنى ۋە تۇتقانلىقىنى كۆڭۈلگە پۈكمەكتۇر. نىيەتنى تەلەپپۇز قىلىش شەرت ئەمەس. چۈنكى نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر، ئەسلا تىل ئەمەستۇر. تىل بىلەن نىيەت قىلىنمايدۇ، سۆزلەر تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يەنى نىيەت تىل بىلەن ئوقۇلغان نەرسە ئەمەس، دىلدىكى قەتئىي ئىرادىدۇر، خالاس.

روزا تۇتۇش مەقسىتى بىلەن سەھەر ۋاقتىدا ئورۇندىن تۇرۇش ۋە بىر نەرسە يەپ-ئىچىشنىڭ ئۆزى ھەم سوھۇرلۇق (زولۇق) يېگەنلىك ھەم روزىغا نىيەت قىلغانلىق بولىدۇ. روزىنىڭ باشقا بىر نىيىتى يوق. زولۇققا قوپالمىغانلارنىڭ ئويغانغاندا شۇ كۈنى روزا تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈشى لازىم. مانا بۇ ئۇلارنىڭ نىيەت قىلغانلىقى بولىدۇ.

---

248 ئىبراھىم كافى دۆنمەز، «نىيەت» تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 2007، 33- جىلد، 169-170- بەت.

249 بەقەرە 112/2، نىسا 4125، بەيىينە 5/98.

250 بۇخارى، سەھىھ، بەدئۇل ۋەھيى 1، ئىمان 41؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمارەت 155 (1907).

## ت- روزىنى ۋاقتىدا تۇتماسلىققا رۇخسەت بېرىلگەنلەر

ئاللاھ تائالا مۇساپىرغا ۋە كېسەل كىشىلەرگە روزىنى ۋاقتىدا تۇتماي كېيىن بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى تۇتۇش رۇخستى بېرىپ مۇنداق دېگەن:

**﴿وَمَنْ كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾**

«كېسەل ياكى يولۇچى بولۇپ روزىسىنى تۇتالمىغانلار باشقا كۈنلەردە بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى ئىرادە قىلىدۇ، تەسلىكنى ئىرادە قىلمايدۇ. ساننى تولۇقلىغايسىلەر[251]، ئاللاھقا تەكبىر ئېيتقايسىلەر! ئاللاھ سىلەرگە توغرا يولنى كۆرسەتتى. شۈكۈر قىلغايسىلەر!»- بەقەرە 185/2.

ئايەتتىكى «ساننى تولۇقلىغايسىلەر»نىڭ مەنىسى «رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇلۇشى پەرز بولغان، لېكىن سىلەر سەپەر ياكى كېسەللىك مۇناسىۋىتى بىلەن رۇخسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ئايدىن روزا تۇتمىغان كۈنلىرىڭلارنىڭ ئورنىغا سەپەردىن قايتقاندىن كېيىن ياكى كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن بىر كۈنگە بىر كۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق روزا تۇتۇلۇشى پەرز بولغان كۈنلەرنىڭ ساننى تولۇقلىغايسىلەر» دېگەن بولىدۇ.

## ج- روزىنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئامىللار

روزىنى سۇندۇرغۇچى ئامىللار بەقەرە سۈرىسىنىڭ 187- ئايىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئايەت يۇقىرىدا زىكىر قىلىنىدى.

## چ- روزىغا ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەر

### 1- ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ-ئىچىپ سالغانلارنىڭ روزىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «روزىدار ئادەم ئېسىدە يوق بىر نەرسە يەپ سالسا ياكى بىر نەرسە

251 يەنى، كېسەل ياكى يولۇچىلىق سەۋەبىدىن بىر ئاي رامىزاننىڭ قانچە كۈنىدە روزا تۇتالمىغان بولساڭلار، باشقا كۈنلەردە ئۇ كۈنلەرنىڭ قازاسىنى تۇتۇپ بىر ئايلىق ساننى تولۇقلىغايسىز.

ئېچىپ سالسا، روزىنى بۇزماي تۇتىۋەرسۇن. چۈنكى ئۇنى ئاللاھ تائالا يېگۈزگەن ۋە ئاللاھ تائالا ئىچكۈزگەن بولىدۇ»[252].

## 2ـ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش

ئېتىكاپـ لۇغەتتە بىر يەردە ساقلىماق، تۇرماق ۋە ئۆزىنى ئۇ يەردە تۇتماق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. فىقھ ئىستىلاھىدا بولسا، بىر مۇسۇلماننىڭ بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇلىدىغان بىر مەسچىتتە ئىبادەت نىيىتى بىلەن بىر مۇددەت تۇرۇشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش بىر ئىبادەت بولۇپ، بۇ ئىبادەت ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش پۈتۈن ئۈممەتلەردە بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَإِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِلنَّاسِ وَأَمْنًا وَاتَّخِذُوا مِنْ مَقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلًّى وَعَهِدْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ أَنْ طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْعَاكِفِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾**

«ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى ئىنسانلارنىڭ ساۋاب قازىنىدىغان ۋە ئامانلىقتا بولىدىغان يېرى قىلغان ئىدۇق. سىلەر ئىبراھىمنىڭ تۇرغان يەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى دۇئا يېرى قىلىڭلار. ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا: ‹ئۆيۈمنى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاكىز تۇتۇڭلار› دەپ تاپىلىغان ئىدۇق»ـ بەقەرە 125/2.

**﴿وَلَا تُبَاشِرُوهُنَّ وَأَنْتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ﴾**

«مەسچىتلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر يەردە بولماڭلار»ـ بەقەرە 187/2.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى رامىزان روزىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتنىڭ ئىچىدە زىكىر قىلىنىدۇ. ھەدىسلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى 10 كېچىسىدە مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇڭا ئېتىكاپ ئىبادىتىنى رامىزان ئېيىدا قىلىش ياخشىدۇر.

---

252 بۇخارى، سەۋم 26، ئەيمان 15؛ مۇسلىم، سىيام 171 (1155)؛ تىرمىزى، سەۋم 26 (721)؛ ئەبۇ داۋۇد، سەۋم 39 (2398).

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) رامىزاننىڭ ئاخىرقى 10 كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر مۇشۇنداق داۋاملاشتى. رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئاياللىرى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى»[253].

«رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئېتىكاپتا ئولتۇرماقچى بولسا ناماز بامداتنى ئوقۇپ ئاندىن ئېتىكاپخانىسىغا كىرەتتى»[254].

ئائىشە (ر.ئە) ئېيتىدۇ: ئېتىكاپتا ئولتۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ كېسەل يوقلىماسلىقى، جىنازىغا قاتناشماسلىقى، ئايالىغا يېقىنلاشماسلىقى، زۆرۈر ئېھتىياجىدىن باشقا بىر ئىش ئۈچۈن سىرتقا چىقماسلىقى لازىم. روزىسىز ئېتىكاپ بولمايدۇ، ئېتىكاپ پەقەت چوڭ جامەدىلا بولىدۇ[255].

## 3ـ قەدىر كېچىسى

دىنىمىز بىزگە ئاللاھ تائالاغا قانداق ئىبادەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق شۈكۈر قىلىشنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭدەك، قىلغان ئىبادەتلىرىمىزنىڭ مەقبۇل، دۇئا-تىلەكلىرىمىزنىڭ ئىجابەت بولۇش ۋاقىتلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن. قەدىر كېچىسى (شەبى قەدر) ئەنە شۇ خاسىيەتلىك ۋاقىتلارنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا بۇ كېچىنىڭ پەزىلىتىنى، ۋاقتىنى، بۇ كېچىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ ھۆكمىنى ۋە قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ شەكلىنى بىلىۋېلىشىمىز ناھايىتى مۇھىمدۇر. تۆۋەندە بۇ توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلىدۇ:

### 1ـ قەدىر كېچىسى دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

قەدىر كېچىسى ئەرەب تىلىدا لەيلەتۇلقەدر «**ليلة القدر**» دېگەن ئىزافەتلىك بىرىكمە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بىرىكمىدىكى لەيلەتۇ «**ليلة**»نىڭ مەنىسى «كېچە» دېگەن بولىدۇ. ئەلقەدر «**القدر**»نىڭ مەنىسى بولسا، «كۈچ، مىقدار، دەرىجە، سەۋىيە، قىممەت، باھا، ئورۇن، مەرتىۋە، شەرەپ، ئۇلۇغلۇق، بەلگىلەش، ھۆكۈم قىلىش» دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىككى سۆز بىرىكىپ بىر يىلنىڭ

---

253 بۇخارى، سەھىھ، ئېتىكاپ 1ـ18، ئەزان 12، 135، ھەيز 10؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئېتىكاپ 1ـ16؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، رامىزان 3، سەۋم 77؛ ئەھمەد ئىبىن ھەنبەل، مۇسنەد 67/11، 129.

254 بۇخارى، سەھىھ، ئېتىكاپ (2041)؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئېتىكاپ (1173)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سەۋم (2464)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سەۋم (791).

255 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سەۋم (2473)

كېچىلىرىدىن بىر كېچىگە ئىسىم بولغان. بۇ بىر كېچىنىڭ «قەدىر كېچىسى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

ئا. قۇرئان كەرىم بۇ كېچىدە نازىل قىلىنىپ، بۇ كېچىنى باشقا كېچىلەردىن ئۇلۇغ، شەرەپلىك ۋە قەدىر-قىممەتلىك قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن «قەدىر كېچىسى» دېگەن سۆز، «ئۇلۇغ كېچە، شەرەپلىك كېچە، قەدىر-قىممەتلىك كېچە» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ قەدىر سۈرىسىنىڭ 3- ئايىتىدىكى: «قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر» دېگەن سۆزى بىلەن دۇخان سۈرىسىنىڭ 3- ئايىتىدىكى: «بىز قۇرئاننى مۇبارەك بىر كېچىدە نازىل قىلدۇق» دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى تەكىتلەيدۇ.

ئە. ئۇ كېچىدە شۇ بىر يىل ئىچىدە بولىدىغان ئىشلارنىڭ مىقدارى بەلگىلىنىدىغان ۋە شۇ بىر يىل ئىچىدە بولىدىغان ئىشلار يېزىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ كېچە «قەدىر كېچىسى» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن «قەدىر كېچىسى» دېگەن سۆز، «بىر يىللىق ئىشلار تەقدىر قىلىنىدىغان كېچە» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ قەدىر سۈرىسىنىڭ 4- ئايىتىدىكى: «ئۇ، پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل، رەببىنىڭ ئىزنى بىلەن بارلىق ئىشلار ئۈچۈن چۈشىدىغان كېچىدۇر» دېگەن سۆزى بىلەن دۇخان سۈرىسىنىڭ 4- ئايىتىدىكى: «ئۇ كېچىدە ھەر ھېكمەتلىك ئىش ئايرىلىدۇ» دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى تەكىتلەيدۇ.

قەدىر سۈرىسىنىڭ ۋە دۇخان سۈرىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىنىڭ (مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى) تۆۋەندىكىچە:

«ھا، مىم. روشەن كىتاب بىلەن قەسەمكى، بىز قۇرئاننى مۇبارەك بىر كېچىدە نازىل قىلدۇق. چۈنكى بىز ئاگاھلاندۇرغۇچىمىز. ئۇ كېچىدە ھەر ھېكمەتلىك ئىش ئايرىلىدۇ». دۇخان 44/1-4.

«بىز قۇرئاننى قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق. قەدىر كېچىسى نېمە، سەن نەدىن بىلىسەن؟ قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر. ئۇ پەرىشتىلەر ۋە روھ رەببىنىڭ رۇخستى بىلەن پۈتۈن ئىشلار ئۈچۈن چۈشىدىغان كېچىدۇر. ئۇ تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر سالام كېچىسىدۇر». قەدىر 97/1-5.

**2. قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى**

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن يەنى 44- سۈرە (دۇخان)نىڭ ئاۋۋالقى 4 ئايىتى بىلەن 97- سۈرە (قەدىر)نىڭ ھەممە ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىدىن قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق تۆۋەندىكى مەزمۇنلار چىقىدۇ:

ئا- قەدىر كېچىسى مۇبارەك بىر كېچىدۇر.

ئە- قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر.

ب- ئۇ، تاڭ ئاتقۇچە سالام كېچىسىدۇر. يەنى، ئۇ كېچىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرگە پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقۇچە توختىماي سالامەتچىلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق تىلەپ تۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى ۋە پەزل-ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى ۋە ئازابىدىن سالامەت قالىدۇ.

پ- قەدىر كېچىسىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

«قەدىر كېچىسىنى ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىپ ۋە ساۋاب كۆزلەپ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[256].

**3. قەدىر كېچىسىنىڭ ۋاقتى**

ئاللاھ تائالانىڭ: «بىز قۇرئاننى مۇبارەك بىر كېچىدە نازىل قىلدۇق». (دۇخان 3/44)، «بىز قۇرئاننى قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق». (قەدىر 1/97) دېگەن سۆزلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ «مۇبارەك قەدىر كېچىسى»دە نازىل قىلىنغانلىقىغا دالالەت قىلسا، «... رامىزان شۇنداق بىر ئايكى، ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان، توغرا يولنىڭ ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرى بولغان قۇرئان ئۇ ئايدا نازىل قىلىنغان». (بەقەرە 185/2) دېگەن سۆزى «مۇبارەك قەدىر كېچىسى»نىڭ رامىزان كېچىلىرىدىن بىر كېچە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ:

تۆۋەندىكى ھەدىسلەر بۇ كېچىنىڭ رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كېچىلىرىنىڭ تاق كېچىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ:

256 بۇخارى، سەھىھ، سەۋم، 1901؛ نەسائى، سۈنەن، جەنائىز، 2193.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە (ر.ئە)مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ۋاپات بولۇپ كەتكەنگە قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپقا كىرەتتى ۋە: «قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىزدەڭلار» دەيتتى[257].

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) رامىزان كېچىلىرىنىڭ ئاخىرقى ئونى كىرگەندە، ئۇنىڭ كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى، بۇ كېچىلەرنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋالسۇن دەپ ئائىلىلىرىنىمۇ ئويغىتاتتى، بۇ كۈنلەر بىلەن بۇ كېچىلەردە ئادەتتىكىدىن زىيادە ئىبادەت قىلاتتى، ئىبادەت قىلىشقا بېلىنى چىڭ باغلايتتى[258].

**4- قەدىر كېچىسىدە ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى**

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىمكى قەدىر كېچىسىنى ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىپ ۋە ساۋاب كۆزلەپ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[259].

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئائىشە (ر.ئە)غا قەدىر كېچىسىدە مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىپ قويغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئى ئاللاھ! سەن ئەپۇ قىلغۇچىسەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن!»[260].

قەدىر كېچىسىنى تائەت-ئىبادەت ۋە دۇئا-تىلەكلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇستەھەپتۇر، يەنى قىلسا ساۋاب بولىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىشتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بۇ ئىشقا كەسكىن بۇيرۇماستىن تەرغىب قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزمىگەنلەر گۇناھكار بولمايدۇ، لېكىن بۇ كېچىدىكى رەھمەت، مەغپىرەت ۋە بەرىكەتلەردىن مەھرۇم قالىدۇ.

---

257 بۇخارى، سەھىھ، فەزلۇ لەيلەتىل قەدرى 3، ئىتىكاف 1،14؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىتىكاف 5 (1172)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ئىتىكاف 7 (1، 316)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سىيام 77 (2462، 2464)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سەۋم 71 (790)؛ نەسائى، سۇنەن، مەساجىد 18(2، 44)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، سىيام 59 (1771).

258 بۇخارى، سەھىھ، تەراۋىھ 2024؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئېتىكاپ 3، 7 (1174)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 1376؛ نەسائى، سۇنەن، قىيامۇللەيل 1639؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، سىيام 57، 1768.

259 بۇخارى، سەھىھ، ئىمان 35، سەۋم 1901، تەراۋىھ 2014؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇل مۇسافىرىنە ۋە قەسرىھا 25، 175 (860)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 1372؛ تىرمىزى، سۇنەن، سەۋم 683؛ نەسائى، سۇنەن، سىيام 2193، 2202، 2206، 2207، ئەلئىمان ۋە شەرائىئۇھۇ 5027.

260 تىرمىزى، سۇنەن، دەئەۋات 89 (3508).

بۇ كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش، بۇ كېچىدە پەرز نامازلارنى ئادا قىلغاندىن سىرت كۈچىنىڭ يېتىشىچە نەپلە ناماز ئۆتەش، قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ۋە مەنىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، زىكىر-تەسبىھ ئېيتىش (سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھ دېيىش)، دۇئا قىلىش، سەدىقە-زاكاتلارنى ئايرىش، ياتلىشىپ كەتكەن ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن ئۆزئارا يارىشىش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بۇ كېچىنى تېپىش، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇمكىن بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشىمۇ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ناھايىتى مەنىلىكتۇر.

## خ- بەزى نەپلە روزىلار

### 1- ئەرەفە كۈنى

ئەرەفە كۈنى يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9- كۈنى ئەرەفاتتا تۇرۇش ئىبادىتىنى ئادا قىلىۋاتقان ھاجىلاردىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشى ياخشى ئىشتۇر. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

ئەبۇ قەتادە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتۇش توغرۇلۇق سورالغاندا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتۇش ئۆتكەن يىلدىكى ۋە كېلىدىغان يىلدىكى گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ»[261].

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئەرەفە كۈنى ئەرەفاتتا روزا تۇتۇشتىن مەنئى قىلغان[262].

261 مۇسلىم، سەھىھ، سىيام 196 (1162)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سەۋم 46 (749)؛ ئىبىن جامە، سۇنەن، سىيام 40 (1730).

262 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سەۋم 63 (2440).

## 2- شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن

ئەييۇب (ر.ئە)تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ بولۇپ ئارقىسىدىن شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتسا زامانىدىن زامانغا روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ»[263].

بۇ ھەدىس، رامىزان ئېيىغا ئۇلاپلا شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتۇشنىڭ خۇددى پۈتۈن بىر ئۆمۈر روزا تۇتقانلىق بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ ئالتە كۈن روزىنى ھېيتتىن كېيىنلا ئارقىمۇئارقا تۇتۇش ئەۋزەلدۇر. لېكىن شەرت ئەمەستۇر يەنى كۈن ئاشۇرۇپ تۇتۇشقىمۇ بولىدۇ.

## 3- دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئەمەللەر ئاللاھ تائالاغا دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى توغرىلىنىدۇ، مېنىڭ ئەمەللىرىمنىڭ روزىدار چېغىمدا توغرىلىنىشىنى ياقتۇرىمەن» دېدى[٢٦٤].

ئائىشە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرەتتى[265].

## 4- ھەر ئايدا ئۈچ كۈن

بۇ ئۈچ كۈن ئاينىڭ ھەر قانداق كۈنلىرى بولسا بولىدۇ، لېكىن ھەر ئاينىڭ 13-، 14- ۋە 15- كۈنلىرى بولۇشى ياخشىدۇر. بۇ كۈنلەر كۈندۈزلىرى يورۇق، كېچىلىرى ئايدىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن «ئاق كۈنلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇئازە ئەدەۋىيە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئائىشەدىن: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتامتى؟ دەپ سورىسام، ئۇ: «ھەئە،

263 مۇسلىم، سەھىھ، سىيام 204 (1164)؛ تىرمىزى، سۈنەن، سەۋم 53 (759)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سەۋم 58 (2432).

264 تىرمىزى، سۈنەن، سەۋم 44 (747).

265 تىرمىزى، سۈنەن، سەۋم 44 (745)؛ نەسائى، سۈنەن، سەۋم 70 (4، 202، 203)؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، سىيام 42 (1739).

شۇنداق» دېدى. ئاندىن مەن: «ئاينىڭ قايسى كۈنلىرى روزا تۇتاتتى؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئاينىڭ قايسى كۈندە تۇتۇشنى تەيىن قىلىۋالمايتتى»[266].

ئابدۇللاھ ئىبنى قەتادە ئىبنى مىلھان قەيسىي (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىزنى ئاق كۈنلەردە يەنى 13-، 14-، 15-كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشقا بۇيرۇيتتى[267].

ئىبنى ئابباس (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مەيلى ئۆيدە بولسۇن مەيلى سەپەردە بولسۇن، ئاق كۈنلەردە يەنى ئاينىڭ 13-، 14-، 15- كۈنلىرىدە ئېغىزى ئوچۇق بولمايتتى[268].

## 5- ھەر ئىككى كۈننىڭ بىرى

ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس (ر.ئە) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ھاياتلا بولسام كۈندۈزى روزا تۇتىمەن ۋە ھاياتلا بولسام كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىمەن» دېگەن سۆزۈم رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مەندىن: «سەن شۇنداق دېدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «يا رەسۇلەللاھ! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، مەن ھەقىقەتەن شۇ گەپلەرنى قىلدىم»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېدى:

«سەن ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ قادىر بولالمايسەن، روزىمۇ تۇتقىن، ئېغىزىڭ ئوچۇقمۇ يۈرگىن، كېچىسى ئۇخلىغىن، ئىبادەتمۇ قىلغىن. (رامىزاندىن باشقا) ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن. ھەقىقەتەن بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىقنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەر بولىدۇ».

مەن: «ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق قىلىشقا قادىر بولالايمەن»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئۇنداق بولسا بىر كۈن تۇتۇپ، ئىككى كۈن تۇتمىغىن» دېدى. مەن: «ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق قىلىشقا قادىر بولالايمەن»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ (ئە.س):

---

266 مۇسلىم، سەھىھ، سىيام 194 (1160)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سەۋم 54 (763)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سەۋم 70 (2453).

267 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سەۋم 68 (2449)؛ نەسائى، سۇنەن، سەۋم 83 (4، 220، 221).

268 نەسائى، سۇنەن، سەۋم 70 (4، 198).

«ئۇنداق بولسا بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتما، مانا بۇ داۋۇد (ئە.س)نىڭ روزىسى بولۇپ، ئەڭ نورمال روزىدۇر» دېدى.

ئابدۇللاھ قېرىغاندا مۇنداق دېگەن: «كاشكى، مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ كۆرسەتمىسىنى (ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى) قوبۇل قىلسام بوپتىكەن!»[269].

## 6ـ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار

مۇجىيبە باھىلى (ر.ئە) رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭ دادىسى (ساھابە ئابدۇللاھ ئىبن ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ياكى تاغىسى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئاندىن قايتىپ كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن يەنە كەلدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇرۇنقى تەقى-تۇرقى ۋە رەڭگىرويى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئارىسىدا تۆۋەندىكى سوئال-جاۋابلار بولۇپ ئۆتتى:

ـ يا رەسۇلەللاھ! مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟

ـ سەن كىم؟

ـ مەن ئۆتكەن يىلى ھۇزۇرۇڭغا كەلگەن باھىلىلىق بولىمەن،

ـ سەن نېمىشقا بۇنچە ئۆزگىرىپ كەتتىڭ، رەڭگىرويىڭ چىرايلىق ئىدىغۇ؟

ـ مەن سەندىن ئايرىلغاندىن بىرى پەقەت كېچىسىلا تاماق يەۋاتىمەن (روزىدارمەن)،

ـ جېنىڭنى قىيناپسەن، رامىزان ئېيىدا بىر ئاي ۋە باشقا ھەر ئايدا بىر كۈن روزا تۇت،

ـ مېنى كۆپرەك تۇتۇشقا بۇيرۇغىن، چۈنكى مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىم يېتىدۇ،

ـ ھەر ئايدا ئىككى كۈن روزا تۇت،

ـ مېنى تېخىمۇ كۆپرەك تۇتۇشقا بۇيرۇغىن،

ـ ئەمىسە ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن،

ـ يەنىمۇ كۆپرەك بۇيرۇغىن،

---

269 بۇخارى، سەھىھ، سەۋم 1975؛ مۇسلىم، سۈنەن، سىيام 35/ 182 ـ (1159).

- ئۇنداق بولسا، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ، ئاندىن تەرك ئەت. ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ، ئاندىن تەرك ئەت. ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ، ئاندىن تەرك ئەت» دېدى ۋە ئۈچ بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسىتىپ ئاندىن قويۇۋەتتى[270].

## د- سوئال-جاۋابلار

### روزىنىڭ قازاسىنى قانداق تۇتىمىز؟

سوئال: پەرز روزىسىنى تۇتمىغان كىشى ئۇنى قانداق تولۇقلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا رامىزان روزىسى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾**

«ئى مۇئمىنلار! سىلەرگە روزا پەرز قىلىندى. بۇ سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرگىمۇ پەرز قىلىنغان. روزىنى تۇتۇپ تەقۋادار بولغايسىلەر!»- بەقەرە 183/2.

بۇ ئايەتكە ئاساسەن رامىزان ئېيىنى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزۈش بارلىق مۇئمىنلارغا پەرزدۇر. لېكىن ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتىن كېيىنكى ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿فَمَنْ كَانَ مِنْكُمْ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ﴾**

«سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ روزىسىنى تۇتالمىغان بولسا باشقا كۈنلەردە بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى تۇتسۇن»- بەقەرە 184/2.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ئىككى تۈرلۈك مۇئمىنغا رامىزان روزىسىنى ۋاقتىدا تۇتماي كېيىن بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى تۇتۇش رۇخستى بەرگەن. ئۇلارنىڭ بىرى سەپەر ئۈستىدە بولغان كىشى، يەنە بىرى كېسەل كىشى. دېمەك، يولۇچى ۋە كېسەل كىشىدىن باشقا ھېچبىر مۇئمىننىڭ رامىزان روزىسىنى ۋاقتىدا تۇتماسلىق رۇخستى يوق.

---

270 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سەۋم 2428؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، سىيام 43 (1741).

رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، رامىزان كۈنلىرى «تاڭ سۈزۈلگەندىن باشلاپ كۈن پاتقۇچە يېيىشتىن، ئىچىشتىن ۋە ئەر-خوتۇن بىر يەردە بولۇشتىن ئىبادەت نىيىتى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇش» دېمەكتۇر. بۇ پەرزدۇر. بۇ پەرزنى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ تاڭ سۈزۈلگەندىن باشلاپ كۈن پاتقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا بىر نەرسە يېيىشى، بىر نەرسە ئىچىشى ۋە ئەر-خوتۇن بىر يەردە بولۇشى ھارامدۇر، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر، چوڭ گۇناھتۇر.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى رامىزاندىن بىر كۈننىڭ روزىسىنى ئۆزرىسىز ۋە كېسەللىكسىز سۇندۇرۇۋەتسە، ئۇ بىر كۈننىڭ ئورنىغا ئۆمۈر بويى روزا تۇتسىمۇ ئادا بولمايدۇ»[271].

بۇ ھەدىسكە ئاساسەن رامىزاندا بىر كۈنلۈك روزىسىنى قەستەن سۇندۇرۇۋەتقان كىشى، پۈتۈن ھاياتى بويىچە قازا روزا تۇتسىمۇ ئۇ بىر كۈنلۈك روزىسى ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ تەۋبە قىلىشى ۋە سەدىقە قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلَاتَكَ سَكَنٌ لَهُمْ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ. أَلَمْ يَعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ هُوَ يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ وَيَأْخُذُ الصَّدَقَاتِ وَأَنَّ اللَّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾**

«ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن سەدىقە ئالغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى پاكلايسەن ۋە يۈكسەلدۈرىسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ، بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغان، سەدىقىلەرنى ئالىدىغان زات ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى، كۆپ رەھىم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟»- تەۋبە 9/103-104.

بۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن بىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشى ئەگەر ئۇ گۇناھتىن تەۋبە قىلسا كۈچىنىڭ يېتىشىچە (پېقىر - مىسكىنلەرگە) سەدىقە قىلىشى كېرەك.

271 بۇخارى، سەھىھ، سەۋم 29.

ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: بىر رامىزاندا رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مەسچىتتە ئىدى، بىر كىشى يېنىغا كېلىپ: يا رەسۇلەللاھ! «كۆيدۈم، كۆيدۈم» دېدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: «ئايالىم بىلەن بىر يەردە بولدۇم» دېدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «سەدىقە بەرگىن» دېدى. ئۇ ئادەم: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوق، سەدىقە بېرىشكە قادىر بولالمايمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئولتۇر، ئولتۇر» دېدى، ئادەم ئولتۇردى. بۇ ئەسنادا بىر كىشى ئۆستىگە يېمەكلىك يۈكلەنگەن بىر ئېشەك ھەيدەپ كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «بايا كۆيگەن ئادەم نەدە؟» دېدى. ئادەم ئورنىدىن تۇردى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «بۇنى ئالغىن ۋە سەدىقە قىلىپ تارقاتقىن» دېدى. ئادەم: «يا رەسۇلەللاھ! ئۆزىمىزدىن باشقىسىغا سەدىقە قىلامدىم؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئاچ قالغۇچىلارمىز، بىزنىڭ ھېچ نەرسىمىز يوق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئۇنداق بولسا، ئۇنى ئۆزۈڭلار يەڭلار» دېدى[272].

بۇ ئادەمنىڭ رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مەسچىتتە ئولتۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا يېنىغا كېلىپ: «يا رەسۇلەللاھ! كۆيدۈم، كۆيدۈم» دېيىشى، ئۇنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئۇ ئادەمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ: «سەدىقە بەرگىن» دېيىشى بىر گۇناھتىن تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ كۈچى يەتسە سەدىقە قىلىشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ ئادەمگە: «ئۇنداق بولسا، ئۇنى ئۆزۈڭلار يەڭلار» دېيىشى، كۈچى يەتمىگەنلەرنىڭ سەدىقە قىلىشقا تەكلىپ قىلىنمايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ»[273].

## شەۋۋالدا ئالتە كۈن روزا

سوئال: شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن روزا تۇتقان كىشىگە ئۆمۈر بويى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، دېگەن سۆزنىڭ ئاساسى بارمۇ؟

272 بۇخارى، سەھىھ، ھۇدۇد 26، سەۋم 29؛ مۇسلىم، سەھىھ، سىيام 87؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سەۋم 37.
273 بەقەرە 286/2.

جاۋاب: بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ خَيْرٌ مِنْهَا﴾

«كىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بىر ياخشىلىقنى ئېلىپ كەلسە تېخىمۇ ياخشىسىغا ئېرىشىدۇ» نەمل 89/27.

قەسەس سۈرىسىنىڭ 84- ئايىتىمۇ بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردىكى «تېخىمۇ ياخشىسى»نى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا﴾

«كىم ئاللانىڭ دەرگاھىغا بىر ياخشىلىقنى ئېلىپ كەلسە ئېلىپ كەلگىنىنىڭ ئون ھەسسىسىگە ئېرىشىدۇ»- ئەنئام 160/6.

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بىر ئايلىق روزىنى ئېلىپ بارغان كىشى 10 ئاي روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن روزا تۇتقان كىشى 2 ئاي روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

رامىزان بويىچە 30 كۈن، شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن بولۇپ جەمى 36 كۈن روزا تۇتقان كىشىنىڭ بۇ روزىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا 360 كۈن (بىر يىل) روزا تۇتقان بىلەن تەڭ ھېسابلىنىپ ساۋاب بېرىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىمۇ بۇ ئايەتلەردىكى مەنىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئەبۇ ئەييۇب (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ بولۇپ ئارقىسىدىن شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتسا زامانىنىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ»[274].

274 مۇسلىم، سەھىھ، سىيام 39، 204 - (1164).

# ھەج ۋە ئۆمرە

## ئومۇمىي بايان

ئاللاھ تائالا مەككىنى يەر يۈزىنىڭ ئانا كەنتى قىلغان[275]. كەبىنى بولسا ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئىبادەتگاھى ۋە ئۆرە تۇرۇش ۋاستىسى، ئالەملەر ئۈچۈن بەرىكەت مەنبەسى ۋە ھىدايەت بۇلقى قىلغان[276]. ئانا كەنت بولغان مەككىگە بېرىپ مەزكۇر ئىبادەتگاھتا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئۇ بەرىكەتتىن نېسىۋە ئېلىش ۋە ئۇ ھىدايەت بۇلىقىدىن ئىچىش كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆرە تۇرۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ ھەج بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ[277].

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىبراھىم (ئە.س)نى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ھەجنى ئېلان قىلىشقا، ئىنسانلارنى پىيادە مېڭىپ ۋە ئۇلاغلارغا مىنىپ مەككىگە كېلىشكە، شۇنداقلا ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۆرۈشكە بۇيرۇغان[278]. ھەجنىڭ ۋاقتىنى بىرقانچە ئاي قىلىپ بېكىتكەن[279]، ئۇ ئايلارنىڭ ھۆرمىتىگە، ھاجىلارغا، ھاجىلارنىڭ قۇربانلىقلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ بويۇنچۇقلىرىغا چېقىلىشنى ھارام قىلغان[280]، ھاجىلارنىڭ ئۇ ئايلاردا تىجارەت قىلىشىغا ۋە مەنپەئەت ئېلىم-بېرىمى قىلىشىغا يول قويغان، ھەتتا ئۇلارنى بۇنىڭغا تەرغىب قىلغان[281].

ھەج ئايلىرىنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى، ھەج ئىبادىتىنىڭ بىر مۇسۇلمانغا ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرز بولۇشى ۋە خەلقئارالىق جامائەت ھالىتىدە ئادا قىلىنىدىغان بىر ئىبادەت قىلىپ بەلگىلىنىشى قاتارلىقلار تەقەززا قىلىدۇكى:

مەككىگە ھەر يىلى يەر يۈزىنىڭ پەرقلىق جايلىرىدىن پەرقلىق ئىنسانلار كېلىپ كېتىدۇ. بۇ مۇسۇلمان ئىنسانلارنىڭ ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە يەرمەنكە ئېچىپ، مال ئېلىم-سېتىمى ۋە زاكالەت ئېلىم-بېرىمى قىلىشىغا، بىلىم ۋە پەن-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىپ، بىر-بىرىنىڭ

275 ئەنئام 92/6؛ شۇرا 7/42.

276 ئال ئىمران 96/3؛ مائىدە 97/5.

277 بەقەرە 197/2- 203؛ ھەج 27/22-29.

278 ھەج 27/22-28.

279 بەقەرە 197/2.

280 مائىدە 2/5.

281 بەقەرە 198/2؛ ھەج 28/22.

زامانىۋىلىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىغا، سىياسىي، ئەسكىرى ۋە مەدەنىي ساھەلەردە توختام تۈزۈشۈپ، ئىتتىپاقلىقنى ھەقىقىي مەنىدە ھاسىل قىلىشىغا شارائىت يارىتىدۇ. كەبە بۇ شەكىلدە «قىيامەن لىنناس (قياما للناس)- ئىنسانلار ئۈچۈن تۇرۇش ۋاستىسى[282]» قىلىنغان[283].

ھەج ئىبادىتى ئىنسانلارنىڭ ئەنە شۇ مەنپەئەتلەرنى ھاسىل قىلىشى[284]، ئىبادەتنىڭ ھەر باسقۇچىدا سەلدەك ئېقىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى چۈشىنىشى، قىيامەت سەھنىلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يېتىشى قاتارلىقلار ئۈچۈن[285] يولغا قويۇلغان ۋە ئىبراھىم (ئە.س)نىڭ مەزكۇر ئېلانىدىن كېيىن قايتا باشلىنىپ ئەنە شۇ مەقسەتلەر بىلەن ئادا قىلىنىپ كەلگەن[286].

ئاللاھ تائالا ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد (ئە.س)غا نازىل قىلغان كىتابىدىمۇ بۇ ئىبادەتنىڭ كۈچى يەتكەنلەرگە ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان[287]. مۇھەممەد (ئە.س) ئاخىرقى ئۆمرىدە 100

282 يەنى، ئاللاھ تائالا كەبىنى مۇسۇلمان ئىنسانلارنىڭ ھەر جەھەتتىن تىك تۇرۇشىغا، ھەقىقىي مەنىدە تىرىك تۇرۇشىغا، باشقا ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا قەددىنى رۇسلاپ ئۆرە تۇرۇشىغا سەۋەب ۋە ۋاستە قىلغان.

283 مائىدە 97/5.

284 ھەج 229/22.

285 ھەج بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بۇ ھېكمەتلەرگە دالالەت قىلىدۇ.

286 چۈنكى كەبە نۇھ (ئە.س)نىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن توپان بالاسىدا يىقىلىپ كېتىپ ھەج ئىبادىتى توختاپ قالغان. ئىبراھىم (ئە.س) كەبىنى قايتا سالغاندىن كېيىن قايتا باشلانغان. چۈنكى كەبىنىڭ يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىبادەتگاھ قىلىپ سېلىنىشى (ئال ئىمران 96/3)، ئىبراھىم (ئە.س) نىڭ كەبىنىڭ ئۇللىرىنى كۆتۈرۈشى ۋە «بىزگە ھەج ئىبادىتىمىزنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكىن» دەپ دۇئا قىلىشى (بەقەرە 2/127-128)، «رەببىمىز! مەن ئائىلەمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ يېنىدىكى زىرائەتسىز ۋادىغا يەرلەشتۈردۈم» دېيىشى (ئىبراھىم 37/14)، ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم (ئە.س)غا: ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ھەجنى ئېلان قىل، دەپ ئەمر قىلىشى (ھەج 37/22) قاتارلىقلار دالالەت قىلىدۇكى: كەبە ۋە ھەج ئىبادىتى يەر يۈزىگە ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ مەۋجۇت. لېكىن ھەر رەسۇلۇللاھنىڭ شەرىئىتىدە ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئاخىرقى رەسۇلۇللاھ مۇھەممەد (ئە.س)نىڭ شەرىئىتىدىكى ھەج ئىبادىتىدە سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدىكى سەئىينىڭ ئىسمائىل (ئە.س)نىڭ ئانىسى ھاجەرنىڭ بالىسىغا سۇ ئىزدەپ مەزكۇر ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈشىدىن قالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ رىۋايەت سەھىھۇلبۇخارىنىڭ كىتابۇلئەنبىيا بۆلۈمىنىڭ 3364- نومۇرلۇق رىۋايىتى بولۇپ، بۇ رىۋايەت كىتابىمىزنىڭ «سەئيي» قىسمىدا تەپسىلىي زىكىر قىلىنىدۇ.

287 ئال ئىمران 97/3.

مىڭدىن ئارتۇق ساھابىسى بىلەن بۇ ئىبادەتنى ئادا قىلغان ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئادا قىلىش يولىنى كۆرسەتكەن.

## ئا- ھەجنىڭ شەرتى ۋە ھۆكمى

مەككىگە بېرىشقا كۈچى يەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۇ يەرگە بېرىپ ھەج قىلىشى پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلِلّٰهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً﴾

«بەيتۇللاھقا بېرىشقا يول تاپالىغان كىشىلەرنىڭ ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى بىر ھەققىدۇر»- ئال ئىمران 97/3.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: ئەقرەئ ئىبنى ھابىس رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن ھەج ھەر يىلى پەرزمۇ ياكى ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرزمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرزدۇر. كىم بىردىن ئارتۇق ھەج قىلسا، ئارتۇق قىلغان ھەججى نەپىلدۇر»[288].

## ئە- ھەجنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاذْكُرُوا اللَّهَ فِي أَيَّامٍ مَعْدُودَاتٍ فَمَنْ تَعَجَّلَ فِي يَوْمَيْنِ فَلَا إِثْمَ عَلَيْهِ وَمَنْ تَأَخَّرَ فَلَا إِثْمَ عَلَيْهِ لِمَنِ اتَّقَى وَاتَّقُوا اللَّهَ وَاعْلَمُوا أَنَّكُمْ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ﴾

«ساناقلىق كۈنلەردە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىڭلار. كىمكى ئالدىراپ مىنادىن ئىككى كۈندە قايتسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچ گۇناھ قالمايدۇ. كىمكى مىنادا يەنە بىر كۈن قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ ھېچ گۇناھ قالمايدۇ»- بەقەرە 203/2.

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

288 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ھەج 1 (1721)؛ نەسائى، سۈنەن، ،ھەج 1 (111/5)؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، مەناسىك 2 (2886).

«بىر ئۆمرە يەنە بىر ئۆمرىگە قەدەر ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقلارغا كەففارەت بولىدۇ. تەلەپكە لايىق قىلىنغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر»[289].

«كىمكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ھەج قىلسا ۋە ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلمىسا، ئۇ كىشى خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلاردىن پاك بولۇپ قايتىدۇ»[290].

## ب- مەككىگە كىرىش

### 1- ئېھرام

ھەج قىلىشقا قادىر بولالىغانلار مەككىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ مىقاتقا[291] كەلگەندە ئېھرام باغلايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَعْلُومَاتٌ فَمَنْ فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي الْحَجِّ﴾

«ھەج مەلۇم ئايلاردىدۇر. كىم بۇ ئايلاردا ھەجگە ئېھرام باغلىسا، بىلسۇنكى ھەج ئەسناسىدا ئۇياتسىز گەپ قىلىشقا، گۇناھ قىلىشقا ۋە جېدەللىشىشكە قەتئىي بولمايدۇ»- بەقەرە 197/2.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مەدىنىلىكلەر ئۈچۈن زۇلھۇلەيفەنى[292]، شامىلىقلار ئۈچۈن جۇھفەنى[293]،

289 بۇخارى، سەھىھ، ئۆمرە 1؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 437 (1349)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 65 (346/2)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 90 (933)؛ نەسائى، سۇنەن، مەناسىك 3 (12/5)، 5 (115/5)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 3 (2887)، ئەدەب 58 (3823).

290 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 4 (1521)،؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 79/ 438- (1350)؛ نەسائى، سۇنەن، مەناسىك 4 (2627)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 3 (2889).

291 مىقات ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جاي، دېمەكتۇر.

292 بۇ مەدىنە تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ مىقاتى بولۇپ، مەككىگە 450 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەڭ يىراق مىقات ھېسابلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) شۇ يەردە ئېھرام باغلىغان، ھازىر ئۇ يەر ئابارى ئەلى/ئەبيارى ئەلى، دەپ ئاتىلىدۇ.

293 بۇ شام تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ مىقاتى بولۇپ، مەككىگە 187 كىلومېتىر كېلىدۇ.

نەجىدلىكلەر ئۈچۈن قەرنۇل مەنازىلنى[294]، يەمەنلىكلەر ئۈچۈن يەلەملەمنى[295] مىقات قىلىپ بەلگىلىدى.

بۇ يەرلەر ئۇ يەرلەرنىڭ ئەھلى ئۈچۈن ۋە ئۇ يەرلەرگە باشقا يەرلەردىن ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش مەقستى بىلەن كەلگەنلەر ئۈچۈن مىقاتتۇر. بۇ يەرلەر بىلەن مەككە ئارىسىدا بولغانلارنىڭ مىقاتى ئۆزلىرى تۇرغان يەرلەردۇر. ھەتتا مەككىلىكلەر ئۈچۈن مەككىدۇر[296].

باشقا بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ: «ئىراقلىقلارنىڭ ئېھرام باغلاش يېرى زاتئىرقتۇر[297]» دېگەنلىكىمۇ زىكىر قىلىنىدۇ[298].

ئېھرام ئىككى پارچە رەخت بولۇپ، بىرى ئىزار، يەنە بىرى رىدا دەپ ئاتىلىدۇ. ھەج ياكى ئۆمرە قىلماقچى بولغان ئەر كىشى يۇقىرىدىكى مىقاتلارنىڭ بىرىگە كەلگەندە، كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سېلىۋېتىپ، ئىزار بىلەن بېلىنىڭ ئاستى قىسمىنى، رىدا بىلەن بېلىنىڭ ئۈستى ۋە بويۇنىنىڭ ئاستى قىسمىنى يۆگەيدۇ.

ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ھەج ئۈچۈن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى چاچ-ساقاللىرىنى تارىدى، ياغ سۇردى، ئىزار ۋە رىداسىنى كىيدى ئاندىن يولغا چىقتى. ساھابىلىرىمۇ شۇنداق قىلدى[299].

ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن مۇھرىم (ھەج ياكى ئۆمرە قىلماقچى بولغان ئەر كىشى) كىيىدىغان كىيىم توغرۇلۇق سورالغان ئىدى، مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: مۇھرىم كۆڭلەك، باش كىيىمى، خالات،

294 بۇ نەجىد تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ مىقاتى بولۇپ، مەككىگە 94 كىلومېتىر كېلىدۇ.

295 بۇ يەمەن تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ مىقاتى بولۇپ، مەككىگە 54 كىلومېتىر كېلىدۇ ۋە مەككىگە ئەڭ يېقىن مىقات ھېسابلىنىدۇ. مىقاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ئۈچۈن قاراڭ: پىروفېسسور ئىبراھىم جانان، كۇتۇبى سىتتە مۇختەسەرى تەرجىمە ۋە شەرھى (تۈركچە)، 5- جىلد،304- بەت.

296 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 7، 9، 11، 12، جەزائۇسسەيد 18؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 11 (1181)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 9 (1737)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 20، 23 (5/123-125).

297 زاتى ئىرق مەككىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بىر يەر بولۇپ، مەككىگە 92 كىلومېتىر كېلىدۇ- http://ar.wikipedia.org/wiki/%D8%B0%D8%A7%D8%AA_%D8%B9%D8%B1%D9%82

298 مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 18 (1183). بۇ ھەقتە ئەبۇ داۋۇدنىڭ بىر رىۋايىتى مۇنداق: ئائىشە (ر.ز) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئىراق ئەھلى ئۈچۈن زاتئىرقنى مىقات قىلىپ بەلگىلىدى.- ئەبۇ داۋۇد، مەناسىك 8/ 1739.

299 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 1545.

ئىشتان قاتارلىق كىيىملەرنى كىيمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ۋەرس ۋە زەئفىران[300] يۇققان كىيىملەرنى كىيمەيدۇ. پۇتلىرىغا ئۆتۈكمۇ كىيمەيدۇ، لېكىن كەش تاپالمىغان كىشى ئۆتۈكنىڭ قونچىنى ئىككى ئوشۇقنىڭ ئاستىغا كەلگۈدەك شەكىلدە كېسىۋېتىپ كىيسە بولىدۇ[301].

يەنە ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئاياللارنى ئېھرام باغلىغاندا پەلەي كىيىشتىن، يۈزلىرىنى يۆگەشتىن، ۋەرس ۋە زەئفىران يۇققان كىيىملەرنى كىيىشتىن توستى ۋە مۇنداق دېدى:

«ئاياللار بۇلاردىن باشقا ئۆزلىرى ياقتۇرغان كىيىم تۈرلىرىدىن قىزىل كىيىم ياكى يىپەك كىيىم ياكى زىننەت بۇيۇملىرى ياكى ئىشتان ياكى كۆڭلەك ياكى ئۆتۈك كىيسۇن»[302].

دېمەككى، ئەر ھاجىلار كىيىم دېيىلىدىغان ھېچقانداق نەرسە كىيمەيدۇ، ئىككى پارچە رەخت (مەزكۇر ئىزار ۋە رىدا) بىلەن بەدىنىنى يۆگەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن پۇراقلىق نەرسىدىن ساقلىنىدۇ،

ئايال ھاجىلار پەلەي (قولقاپ) كىيىشتىن، يۈزىنى يېپىشتىن ۋە پۇراقلىق كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلانغان ئاساستا ئۆزلىرى خالىغان كىيىملەرنى كىيىپ ئېھرام باغلىسا بولىدۇ.

### 2ـ نىيەت

ھاجى ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن ئاللاھ پەرز قىلغان ھەج ئىبادىتىنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئادا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇپ «لەببەيكە...»نى ئوقۇيدۇ ۋە تۇنجى ئوقۇغان لەببەيكەنى «لەببەيكە ھەججەن لەببەيكە» دەپ باشلايدۇ. ئەگەر ئۆمرىگە نىيەت قىلماقچى بولسا «لەببەيكە ئۇمرەتەن لەببەيكە...» دېگەن شەكىلدە ئوقۇيدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىسىگە نىيەت قىلماقچى بولسا «لەببەيكە ئۇمرەتەن ۋە ھەججەن لەببەيكە...» دېگەن شەكىلدە ئوقۇيدۇ.

---

300 ۋەرس ۋە زەئفىران بەزى ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنىدىغان ئىككى تۈرلۈك خۇش پۇراقلىق بوياقتۇر.
301 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 21، جەزائۇسسەيد 13، 15، ئىلىم 53، سالات 9؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 1 (1177)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 8 (1/324ـ328)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 18 (833)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 32 (1824، 1825، 1826)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 28 (119/5).
302 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 32 (1827).

ئىبادەتلەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلغان ئايەتلەر[303] ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق[304]» دېگەن ھەدىسى دالالەت قىلىدۇكى، پۈتكۈل ئىبادەتلەردە نىيەت شەرتتۇر. جۇملىدىن ھەجدىمۇ شەرتتۇر.

### 3. لەببەيك

ھاجى ئېھرام باغلىغاندا ئوقۇيدىغان لەببەيكە... مۇنداق:

لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك، لەببەيكە لاشەرىيكە لەكە لەببەيك، ئىننەل ھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلك، لاشەرىيكە لەك. ئەسلى ئورگىنال تېكىستى:

﴿لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ لَبَّيْكَ،

إِنَّ الحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالمُلْكَ، لاَ شَرِيكَ لَكَ﴾

«خوش، ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلىپ كەلدىم! مەن بۇيرۇقۇڭغا ھازىرمەن. خوش، مەن بۇيرۇقۇڭغا ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، خوش، مەن بۇيرۇقۇڭغا ھازىرمەن. شۈبھىسىزكى، ھەمدۇسانالار ساڭا خاستۇر، نېئمەت ۋە مۈلۈك سېنىڭدۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر»[305].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

«جىبرىئىل يېنىمغا كېلىپ، ساھابىلىرىڭنى بۇيرۇغىن: لەببەيكەنى ئۈنلۈك ئوقۇسۇن، چۈنكى ئۇ ھەجنىڭ شۇئارلىرىدىندۇر، دېدى»[306].

«لەببەيكە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇلغان ۋە قۇربانلىق قىلىنغان ھەج ئەڭ پەزىلەتلىكتۇر»[307].

ھەج ۋە ئۆمرىدىكى لەببەيكە نامازدىكى تەكبىرلەرگە ئوخشاش بولۇپ، ھاجى ئۇنى ھەر مۇناسىۋەتتە ئوقۇشى لازىم. مەسىلەن: ئېگىزگە چىققاندا،

303 بەقەرە 112/2؛ نىسا 125/4؛ بەييىنە 5/98.

304 بۇخارى، سەھىھ، بەدئۇل ۋەھيي 1، ئىمان 41؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمارەت 155 (1907)

305 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 26، لىباس 89؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 19 (1184)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 28 (1 ،331، 332)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 13 (825)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 27 (1812)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 54 (5، 159، 160).

306 نەسائى، سۇنەن، مەناسىك 2753؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 16 (2923)؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل. مۇسنەد 102-2/90، دارىمى، سۇنەن، مەناسىك 1850.

307 تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 827؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 6 (2896).

پەسكە چۈشكەندە، كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلاغقا مىنگەندە، ئۇلاغدىن چۈشكەندە، ئۇلاغلىقنى كۆرگەندە، پىيادىلىكنى كۆرگەندە، ناماز ئوقۇغىلى تۇرغاندا، نامازدىن پارىغ بولغاندا، سەھەر ۋاقىتلىرىدا... ھاجى بۇ لەببەيكەنى ئوقۇشنى تا ھېيت كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقانغا قەدەر، ئۆمرە قىلغۇچى كىشى كەبىنىڭ يېنىغا بارغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10- كۈنى (ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى) چوڭ شەيتان سىمۋولىنىڭ يېنىغا كەلگەنگە قەدەر، لەببەيكە ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[308].

## 4- مەسجىدى ھەرەمگە كىرىش

ھاجى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىش ئالدىدا «ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقىن» دەپ دۇئا قىلىدۇ[309]، ئاندىن ئىچكىرىسىگە كىرىدۇ.

ئەگەر ھەرەمدە بىر پەرز ناماز باشلانغان ياكى ئوقۇلۇۋاتقان بولسا جامائەتكە قوشۇلۇپ ئۇ نامازنى ئوقۇيدۇ. ناۋادا ھاجى ھەرەمدە بىر پەرز نامازغا يېتىشمىگەن بولسا ئۇدۇل ھەجرىلئەسۋەدنىڭ يېنىغا بارىدۇ، كۈچى يەتسە ئۇنى بوسە قىلىدۇ (سۆيىدۇ)، كۈچى يەتمىسە سىلايدۇ، بۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتىدۇ[310]، ئاندىن تاۋاپ قىلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەھىييەتۇلمەسجىد نامىزى ئوقۇشى كېرەك ئەمەس، ئۇنىڭ تاۋاپ قىلىشى تەھىييەتۇلمەسجىد نامىزى ئوقۇشنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

---

308 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 1670؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 45 (1281).

309 رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار مەسچىتكە كىرىدىغان چېغىدا ‹ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقىن› دېسۇن، مەسچىتتىن چىقىدىغان چېغىدا ‹ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ پەزلىڭدىن تىلەيمەن› دېسۇن»- (مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 68؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 465؛ نەسائى، سۇنەن، مەساجىد 729؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەلمەساجىد ۋەلجەمائات 772/13).

310 ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئۆمەر! سەن كۈچلۈك ئادەمسەن. ھەجرىلئەسۋەدنىڭ يېنىدا ئىنسانلارنى قىستىما، ئاجىزلارغا ئەزىيەت بېرىپ قويىسەن. ئەگەر بوش يەر تاپالىساڭ، ئۇنى بوسە قىل، ناۋادا بوش يەر تاپالمىساڭ، ئۇنىڭغا يۈز كەلتۈرۈپ تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتقىن»- (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 321/1).

## 5- تاۋاپ

تاۋاپ قىلغۇچى كەبىنى سول تەرىپىگە ئېلىپ يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. ھەجرىلئەسۋەددىن باشلاپ مېڭىپ يەنە ھەجرىلئەسۋەدكە كەلگەندە بىر شەۋت بولىدۇ، يەتتە شەۋت بولغاندا بىر تاۋاپ ھېسابلىنىدۇ. تاۋاپ ھەجنىڭ ۋە ئۆمرىنىڭ بىر ئەركانىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْناً وَاتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلًّى وَعَهِدْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْعَاكِفِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى ئىنسانلارنىڭ ساۋاب قازىنىدىغان ۋە ئامانلىقتا بولىدىغان يېرى قىلغان ئىدۇق. سىلەر ئىبراھىمنىڭ تۇرغان يەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى نامازگاھ قىلىڭلار. بىز ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا: ئۆيۈمنى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇڭلار دەپ تاپىلىدۇق»- بەقەرە 125/2.

﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ أَن لَّا تُشْرِكْ بِي شَيْئًا وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾

«بىز ئىبراھىمنى بەيتۇللاھنىڭ ماكانىغا ئورۇنلاشتۇرغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدۇق: ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلما، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار ۋە رۇكۇ-سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆيۈمنى پاك تۇت»- ھەج 26/22.

﴿ثُمَّ لْيَقْضُوا تَفَثَهُمْ وَلْيُوفُوا نُذُورَهُمْ وَلْيَطَّوَّفُوا بِالْبَيْتِ الْعَتِيقِ﴾

«ئۇلار كونا ئۆي بولغان كەبىنى تاۋاپ قىلسۇن»- ھەج 29/22.

بۇ ئايەتلەر دالالەت قىلىدۇكى، تاۋاپ ھاجىلارنىڭ ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ كەبىنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغان بىر ئىبادىتىدۇر.

### 6ـ تاۋاپ ئەسناسىدا قىلىش ياخشى بولغان ئىشلار:

ئا)ـ ئەرلەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق تاۋاپتا ئوڭ دولا ۋە ئوڭ قولىنى ئوچۇق قويۇپ تاۋاپ قىلىشى ياخشى. بۇ رىدانىڭ ئوڭ دولىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان قىسمىنى ئوڭ قولتۇقىنىڭ ئاستىغا ئېلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئە)ـ ئەرلەرنىڭ تاۋاپنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچ شەۋتىدە قەدەملىرىنى يېقىن ئېلىپ سوكۇلداپ مېڭىشى ياخشى، لېكىن بۇ مۇمكىن بولمىسا قانداق مېڭىش ئاسان بولسا شۇنداق مېڭىپ تاۋاپ قىلىش كېرەك. باشقا تاۋاپ قىلغۇچىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. تاۋاپنىڭ قالغان تۆت شەۋتىدە ئادەتتىكىدەك ماڭىدۇ.

ب)ـ باشقىلارغا ئەزىيەت قىلماسلىق شەرتى بىلەن تاۋاپنىڭ ھەر شەۋتىدە رۇكنۇليەمانىينى (كەبىنىڭ ھەجرۇلئەسۋەد ئورنىتىلغان بۇرجىكىدىن ئىلگىرىكى بۇرجىكىنى) سىلاش، ھەجرۇلئەسۋەدنى بوسە قىلىش ياخشىدۇر. ناۋادا ھەجرۇلئەسۋەدنى بوسە قىلىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنى سىلاش ياكى يىراقتىن قولى بىلەن ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىش كۇپايە. رۇكنۇليەمانىينى سىلاشقا قادىر بولالمىسا، قولى بىلەن ئىشارەت قىلمايدۇ.

پ)ـ تاۋاپ ئەسناسىدا كۆپ زىكىر ئېيتىش ۋە كۆپ دۇئا قىلىش ياخشىدۇر. رۇكنۇليەمانىي بىلەن ھەجرۇلئەسۋەدنىڭ ئارىسىدا رەببەنا... ﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ نى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. باشقا يەرلەردە تاۋاپ قىلغۇچى ئۆزىنىڭ تىلىدا ئۆزى خالىغان دۇئالارنى قىلسا بولىدۇ. يادقا بىلىدىغان سۈرە ۋە ئايەتلەرنى ئوقۇسىمۇ بولىۋېرىدۇ. تاۋاپنىڭ ھەر شەۋتىدە پەرقلىق بىر دۇئا ئوقۇشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

ت)ـ تاۋاپتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن مۇمكىن بولسا ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا، مۇمكىن بولمىسا مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىچىدە ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ياخشىدۇر. بۇ ئىككى رەكئەت نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە فاتىھەدىن كېيىن كافىرۇن سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە فاتىھەدىن كېيىن ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

**مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:**

1ـ رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ۋە ساھابىلار مەككىگە يەسرىبنىڭ (مەدىنىنىڭ) تەپ كېسىلى سەۋەبىدىن بوشاپ كەتكەن ھالدا كەلدى. مۇشرىكلار بىرى-بىرىگە: ئەتە يېنىڭلارغا تەپ كېسىلى ماغدۇرسىزلاندۇرغان ۋە ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بىر قەۋم كېلىدۇ دېدى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مېڭىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھىجىر (ھەتىم)نىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇشتى.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تاۋاپنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچ شەۋتىدە سوكۇلداپ مېڭىشقا، كەبىنىڭ ئىككى بۇرجىكى (رۇكنۇليەمانىي بۇرجىكى بىلەن ھەجرۇلئەسۋەد بولغان بۇرجىكى) ئارىسىدا ئادەتتىكىدەك مېڭىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مۇشرىكلار بىر-بىرىگە: بۇلار سىلەر تەپ كېسىلى ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ قويدى دەپ گۇمان قىلغان كىشىلەرمۇ؟ بۇلار پالانى-پوكۇنىلاردىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنغۇ!» دېيىشتى[311].

ئەبۇ داۋۇدنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تاۋاپتا ئوڭ دولا ۋە ئوڭ قولىنى ئاچتى، ھەجرۇلئەسۋەدنى بوسە قىلدى، تەكبىر ئېيتتى ۋە تاۋاپنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچ شەۋتىدە سوكۇلداپ ماڭدى. ئۇلار (رەسۇلۇللاھ ۋە ھەمراھلىرى) رۇكنۇليەمانىينىڭ يېنىغا كەلگەندە قۇرەيشنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولاتتى، شۇنداقلا ئادەتتىكىدەك مېڭىشقا باشلايتتى. ئاندىن قۇرەيشكە قايتا كۆرۈنگەندە سوكۇلداپ ماڭاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قۇرەيش: بۇلار خۇددى كېيىكلەردۇر دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن تاۋاپتا سوكۇلداپ مېڭىش سۈننەت بولغان (يولغا قويۇلغان)[312].

2ـ رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مەككىگە كېلىپ، ئۇدۇل مەسجىدى ھەرەمگە كىردى ۋە ھەجرۇلئەسۋەدنى بوسە قىلدى. ئاندىن ئوڭ تەرىپىدىن مېڭىپ تاۋاپنىڭ ئۈچ شەۋتىدە سوكۇلداپ ماڭدى، قالغان تۆتىدە ئادەتتىكىدەك مېڭىپ تاۋاپنى

311 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 55، مەغازى 43؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 240 (1266)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ھەج 39 (863)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 51 (1886، 1889)؛ نەسائى، سۈنەن، ھەج 155 (230/5).

312 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 51 (1889).

تاماملىدى. ئاندىن ماقامى ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ماقامى ئىبراھىمدا ناماز ئوقۇڭلار» دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتنى ئوقۇدى ۋە ماقامى ئىبراھىمنى ئۆزى بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئىككى رەكئەت نامازدىن پارىغ بولۇپ ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى بوسە قىلدى. ئاندىن سەفاغا چىقتى[313].

3. جابىر (ر.ئە) يەنە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تاۋاپتىن كېيىن ئوقۇغان ئىككى رەكئەت نامازدا (فاتىھەدىن كېيىن) كافىرۇن سۈرىسى بىلەن ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇدى[314].

4. ئىبنى ئابباس (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ |(ئە.س) مۇنداق دېگەن: بەيتۇللاھنىڭ چۆرىسىدىكى تاۋاپ نامازغا ئوخشاشتۇر. لېكىن تاۋاپتا گەپلەشسەڭلەر بولىدۇ. ئۇنداقتا كىم تاۋاپ ئەسناسىدا گەپ قىلسا ياخشى گەپتىن باشقا گەپ قىلمىسۇن[315].

نەسائىنىڭ بىر رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: تاۋاپ ئەسناسىدا ئاز گەپ قىلىڭلار، چۈنكى سىلەر نامازداسىلەر.

5. ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نىڭ كەبىنىڭ ئىككى رۇكنى (ھەجرۇلئەسۋەد ئورنىتىلغان بۇرجەكى بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بۇرجەكى) ئارىسىدا رەببەنا... ﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً، وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ نى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم316.

تاۋاپ قايىسى تاۋاپ بولسا بولسۇن ئەنە شۇ شەكىلدە قىلىنىدۇ. چۈنكى تاۋاپنىڭ قايىسى تاۋاپ ئىكەنلىكى پەقەت نىيەتتىلا ئايرىلىدۇ[317].

---

313 مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 147 (1218)، 235 (1263)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 107 (4/364)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 33 (856)، 34 (857)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 149 (5/228)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 29(2951).

314 تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 43 (869).

315 تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 112 (960)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 136 (5/222).

316 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 1892.

317 تاۋاپ- تاۋاپى قۇدۇم، تاۋاپى ئىفادە، تاۋاپى ۋىدائ ۋە نەپلە تاۋاپ، دەپ تۆت تۈرلۈك بولىدۇ.

## 7ـ سەئيي

ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچى كىشى تاۋاپتىن پارىغ بولۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن سەفاغا چىقىدۇ ۋە مەرۋە بىلەن سەفا ئارىسىدا يەتتە قېتىم تېز ماڭىدۇ. بۇ مېڭىشنى سەفادىن باشلايدۇ، مەرۋىدە تۈگىتىدۇ. سەفادىن مەرۋىگە بېرىشى بىر شەۋت، مەرۋىدىن سەفاغا قايتىشى بىر شەۋت ھېسابلىنىدۇ. بۇ شەكىلدە يەتتە شەۋت بولغاندا بىر سەئيي بولغان بولىدۇ. بۇ شەكىلدە سەئيي قىلىش ھەجنىڭ ۋە ئۆمرىنىڭ بىر ئەركانىدۇر. بۇنى كېيىن دەلىللىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويىمىز.

### سەئيينىڭ تارىخى ۋە ھېكمىتى

ئىبنى ئابباس (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:

ئىسمائىل (ئە.س) ئانىسى ھاجەرنى ئېمىۋاتقان مەزگىلدە، ئىبراھىم (ئە.س) ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ مەككىگە باردى ۋە ئۇلارنى بەيتۇللاھنىڭ يېنىدىكى چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىدە قويۇپ قويدى. بۇ مەسچىتنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ۋە زەمزەمنىڭ ئۈستىدىكى بىر يەر ئىدى. بۇ چاغدا مەككىدە ئادەمزاتمۇ، سۇمۇ يوق ئىدى.

ئىبراھىم (ئە.س) ئانا-بالا ئىككىسىنى مۇشۇ جايغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر خالتا خورما ۋە بىر تۇلۇم سۇ قالدۇرۇپ قويدى. ئاندىن قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئارقىسىنى قىلىپ ماڭدى. بۇ ئەسنادا ھاجەر كەينىدىن كېلىپ: ئى ئىبراھىم! سەن بىزنى ئادەمزات يوق، ھېچ نەرسە يوق بۇ جىلغىغا تاشلاپ قەيەرگە كېتىسەن؟، دېدى. ھاجەر بۇ سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى. ئىبراھىم (ئە.س) ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قارىماي كېتىۋەردى. ئاندىن ھاجەر: ئى ئىبراھىم! سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئاللاھ بۇيرۇدىمۇ؟ دېدى. ئىبراھىم (ئە.س): ھەئە، مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئاللاھ بۇيرۇدى دېدى. ھاجەر: ئۇنداق بولسا ئاللاھ بىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ، دەپ ئارقىسىغا قايتتى.

ئىبراھىم (ئە.س) يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇلاردىن ئۇزاپ ئۇلارنىڭ كۆزى يەتمەيدىغان تۆپىلىككە يېتىپ بارغاندا، بەيتۇللاھقا يۈز كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ مۇنۇ دۇئالارنى قىلدى:

«رەببىمىز! مەن ئائىلەمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ يېنىدىكى زىرائەتسىز ۋادىغا يەرلەشتۈردۇم. رەببىمىز! ئۇلارنى نامازنى كامىل

ئوقۇسۇن دەپ شۇنداق قىلدىم. شۇڭا بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارغا ھەر خىل مېۋە ۋە مەھسۇلاتلاردىن رىزىق ئاتا قىلغىن. ئۈمىد قىلىمەنكى، ئۇلار شۈكۈر ئېيتقاي!»- ئىبراھىم 37/14.

ھاجەر ئوغلى ئىسمائىلنى ئېمىتەتتى، تۇلۇمدىكى سۇنى ئىچەتتى. بىر مۇددەتتىن كېيىن سۇ تۈگەپ ھاجەر بىلەن ئوغلى ئۇسساپ كەتتى، ھاجەر بالىسىنىڭ تەشنالىقتىن يۇمىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماي ئالدىغا مېڭىپ، مەككىدىكى تاغلار ئىچىدە ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كۆرۈنگەن سەفا تېغىغا چىقتى ۋە بىرەر ئادەمزات بارمىكىن دەپ ئەتراپىغا قارىدى، لېكىن ھېچكىمنى كۆرمىدى. ئاندىن سەفا تېغىدىن چۈشۈپ ۋادىغا (سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىككە) يەتكەندە، كىيىمىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، چارچىغان ئادەم يۈگۈرگەندەك ۋادىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن مەرۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۆرە تۇرۇپ ئادەمزات بارمىكىن دەپ ئەتراپىغا قارىدى، لېكىن ھېچكىمنى كۆرمىدى. ئۇ سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم مۇشۇ يوسۇندا چېپىپ يۈردى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

«ھەجدە سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم سەئيي قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى مانا مۇشۇنىڭدىن»[318].

دېمەككى، سەئيىنى تۇنجى بولۇپ ھاجەر ئانىمىز قىلغان. سەئيىنىڭ ھېكمىتى: سەفا-مەرۋە ئارىسىدا ھاجەر ئانىمىز قىلغاندەك سەئيي قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋە يولدىشى ئىبراھىم (ئە.س)نىڭ پىداكارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش، شۇنداقلا ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىشتۇر.

**سەئيىنىڭ ھۆكمى**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِ اللَّهِ فَمَنْ حَجَّ الْبَيْتَ أَوِ اعْتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَنْ يَطَّوَّفَ بِهِمَا﴾**

318 بۇخارى، سەھىھ، ئەنبىيا 3364.

«سەفا بىلەن مەرۋە ئاللاھ ئىبادەت يەرلىرى قىلىپ بەلگىلىگەن نىشانلاردىندۇر. كىم ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش نىيىتى بىلەن كەبىنى تاۋاپ قىلسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا سەئيي قىلىشىدا ھېچ گۇناھ يوق»- بەقەرە 158/2.

جاھىلىيەت دەۋرىدە سەفا بىلەن مەرۋەدە قۇرەيشنىڭ ئىساف ۋە نائىلە ئىسىملىك ئىككى دانە بۇتى بار ئىدى[319]، ئۇلار ئۇ ئىككى بۇتنىڭ ئارىسىدا سەئيي قىلاتتى. مۇسۇلمانلار «جاھىلىيەت خەلقى سەئيىنى بۇتلارنىڭ ئارىسىدا قىلىدۇ» دەپ سەئيىنى تەرك ئەتتى[320].

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ نازىل قىلىنىشى بىلەن سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىشنىڭ گۇناھ ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ نازىل قىلىنىشى بىلەن ھەج قىلغۇچىلار ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلار گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ تەرك ئەتكەن سەئيىگە ئەمر قىلىندى:

﴿وَأَتِمُّوا الْحَجَّ وَالْعُمْرَةَ لِلَّهِ﴾

«ھەجنى ۋە ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تاماملاڭلار»- بەقەرە 196/2.

شۇنىڭ بىلەن ئېنىق مەلۇم بولدىكى، سەفا بىلەن مەرۋە ئاللاھ ئىبادەت ئورۇنلىرى قىلىپ بەلگىلىگەن يەرلەردىندۇر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيي قىلىش بۇتلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكىدە ئاللاھ ئۈچۈندۇر، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر.

رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلمىغان كىشىنىڭ نە ھەججىنى، نە ئۆمرىسىنى تامام ھېسابلىمايدۇ»[321]. «سەئيي قىلىڭلار، چۈنكى ئاللاھ سىلەرگە سەئيىنى پەرز قىلدى»[322].

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ بۇ سۆزلىرى ھېكمەتلەر بولۇپ، ئۇلار «ھەجنى ۋە ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تاماملاڭلار» دېگەن مەنىدىكى ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمنى بايان قىلىدۇ.

---

319 ئىسمائىل ئىبنى ھەمماد ئەلجەۋھەري (ۋاپاتى: 393 ھ)، ئەسسىھاھ، تەھقىق: ئەھمەد ئابدۇلغەفۇر ئەتتا، 4- باسمىسى، بېيرۇت، 1404/1984.

320 ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقەلانىي (852-773 ھ)، فەتھۇلبارى شەرھۇ سەھىھىل بۇخارى، بېيرۇت، 3/500، ھەج 79، ۋۇجۇبۇسسەفا ۋەلمەرۋە.

321 سەرەخسىي، مەبسۇت، مىسىر 1324/1906 4/50.

322 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 421/6؛ ئىبنى خۇزەيمە، سەھىھ، مەناسىك 2765.

**سەئيي ئەسناسىدا قىلىش ياخشى بولغان ئىشلار:**

1-سەئيي ئەسناسىدا ئاللاھقا كۆپ زىكىر ئېيتىش ياخشىدۇر.

ئائىشە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش، سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىش ۋە شەيتانغا تاش ئېتىش ئاللاھقا زىكىر ئېيتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن»[323].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) سەفادا تۇرغان چېغىدا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتاتتى، ئاندىن: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، مۈلۈك ئۇنىڭدۇر، ھەمد ئۇنىڭدۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» دەيتتى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى ۋە دۇئا قىلاتتى. ئاندىن مەرۋىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى[324].

2- قادىر بولالىغان ئەرلەر ئۈچۈن ئىككى يېشىل بەلگە ئارىسىدا ياكى يېشىل بەلگە ئاستىدا سوكۇلداپ مېڭىش ياخشىدۇر.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) سەفادىن چۈشكەن چېغىدا نورمال ماڭاتتى، ئىككى پۇتى ۋادىنىڭ ئىچكى قىسمىغا تەگكەن چاغدا يۈگۈرەتتى[325].

زۇھرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سوكۇلداپ ماڭغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ: ھەئە، رەسۇلۇللاھ بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدا ئىدى، ئۇلار سوكۇلداپ ماڭدى، مەن ئۇلارنى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ سوكۇلداپ مېڭىشىغا ئەگىشىپ سوكۇلداپ ماڭغانلىقىنى كۆردۈم[326].

**ئەسكەرتىش:**

تەمەتتۇئ ھەججى قىلغان ھاجىلار سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلغاندىن كېيىن چاشلىرىنى چۈشۈرتۈپ ياكى كەستۈرۈپ ئېھرامدىن چىقىدۇ. شۇنىڭدەك، يىلنىڭ ھەر قانداق ۋاقتىدا مەككىگە كېلىپ ئۆمرە قىلغانلار سەئيىدىن

323 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 51 (1888)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ھەج 64 (902).

324 مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 127 (1/372)؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 147 (1218)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 57 (1908)؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، مەناسىك 84 (3074).

325 مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 42 (1/374)؛ نەسائى، سۈنەن، ھەج 178 (5/243).

326 نەسائى، سۈنەن، ھەج 175 (5/242).

كىيىن چاشلىرىنى چۈشۈرتۈپ ياكى كەستۈرۈپ ئېھرامدىن چىقىدۇ. لېكىن ھەججۇلقىران (قوشما ھەج) ياكى ھەججۇلئىفراد (يەككە ھەج) قىلغان ھاجىلار ئېھرامدىن چىقمايدۇ.

## پ- ھەج

### 1- مىناغا چىقىش[327]

ھاجى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8- كۈنى بامداتنى مەككىدە ئوقۇپ، ئاندىن ئېھرام باغلاپ[328] پېشىنگە مىناغا چىقىدۇ. مىنادا پېشىندىن باشلاپ شۇ كۈندىكى تۆت ۋاخ نامازنى ئوقۇيدۇ، كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ ۋە ئەتىسى بامداتنى ئوقۇيدۇ.

ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تەرۋىيە كۈنى (زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8- كۈنى) مىنادا بىزگە ئىمام بولۇپ پېشىننى، نامازدىگەرنى، نامازشامنى، خۇپتەننى ۋە ئەتىسى (زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9- كۈنى) بامداتنى ئوقۇدى، ئاندىن ئەتىگەن ئەرەفاتقا ماڭدى[329].

ھاجى مىنادا ئوقۇلىدىغان بۇ بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. پېشىن، نامازدىگەر ۋە خۇپتەننى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇيدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىلەن مىنادا تۆت رەكئەتلىك نامازنى قەسىر قىلىپ، ئىككى رەكئەتتىن

327 مىنا- مەككىنىڭ شەرقىدە، مەككە بىلەن ئەرەفات تېغىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان ۋە مەككىدىن 7 كىلومېتىر ئەتراپىدا يىراق بولغان بىر تاغلىق رايون بولۇپ، شەيتان سىمۋوللىرى بۇ يەردىدۇر. ھاجىلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8- كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەتىسى كۈن چىققۇچە تۇرۇش، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10- كۈنى يەنى ھېيت كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىش، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10- كۈنى كېچىدىن باشلاپ 13- كۈنى چۈشتىن كېيىنگىچە تۇرۇش، بۇ كۈنلەر ئىچىدە ھەر كۈنى چۈشتە كۈن قايرىلغاندىن باشلاپ ئۈچ شەيتاننىڭ ھەممىسىگە تاش ئېتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئەنە شۇ مىنادا ئېلىپ بارىدۇ.

328 تەمەتتۇئ ھەججى قىلغان ھاجىلار مەككىدە تۇرغان يېرىدە يېڭىدىن ئېھرام باغلايدۇ، قىران ۋە ئىفراد ھەججى قىلغان ھاجىلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت ئېھراملىرى بىلەن مىناغا چىقىدۇ.

329 تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 50 (879)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ھەج 59 (1911). رەسۇلۇللاھنىڭ مەزكۇر نامازلارنى مىنادا ئوقۇغانلىقى جابىر (ر.ئە)نىڭ مەشھۇر ئۇزۇن رىۋايىتىدىمۇ زىكىر قىلىنىدۇ- (مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە، رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ھەججىنىڭ بابى).

ئوقۇدۇم. ئەبۇ بەكىر (ر.ئە)نىڭ، ئۆمەر (ر.ئە)نىڭ خەلىپىلىك زامانلىرىدىمۇ، ئوسمان (ر.ئە)نىڭ خەلىپىلىك زامانىنىڭ باشلىرىدىمۇ شۇنداق ئوقۇدۇم[330].

ھارىسە ئىبنى ۋەھب ئەلخۇزائى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مىنادا بىز بىلەن تۆت رەكئەتلىك نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇدى. بىز ھەر زاماندىكىدىن كۆپ ئىدۇق ۋە ئامانلىقتا ئىدۇق[331].

## 2ـ ئەرەفاتتا تۇرۇش (ۋۇقۇف)[332]

ھاجىلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9ـ كۈنى ئەتىگەن بامداتنى مىنادا ئوقۇپ، كۈن چىققاندىن كېيىن ئەرەفاتقا قاراپ ماڭىدۇ ۋە پېشىنگىچە ئەرەفات تەۋەلىكىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ئەرەفاتتا تۇرىدۇ ۋە پېشىن بىلەن نامازدىگەرنى قەسىر قىلىپ، پېشىننىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇيدۇ. ئەرافاتقا كەلگەندىن باشلاپ قايتقىچە بولغان ئارىلىقتا دۇئا بىلەنلا مەشغۇل بولىدۇ. كۈن پاتقاندىن كېيىن مۇزدەلىفىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِذَا أَفَضْتُم مِّنْ عَرَفَاتٍ فَاذْكُرُواْ اللّهَ عِندَ الْمَشْعَرِ الْحَرَامِ﴾

«ئەرەفاتتىن سەلدەك ئاققان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا ئاللاھقا زىكىر ئېيتىڭلار»ـ بەقەرە 198/2.

ئەرەفاتتىن مۇزدەلىفىگە سەلدەك ئېقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەرەفاتقا جەم بولۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەت ئەرەفاتتا تۇرۇشنىڭ پەرزلىكىگىمۇ دالالەت قىلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا مەنسۇپ كىشىلەر ئەرەفات كۈنى مۇزدەلىفەدە ۋۇقۇف قىلاتتى (ئەرەفە كۈنىدىكى ئەرەفاتتا تۇرۇش ئىبادىتىنى مۇزدەلىفەدە ئۆتكۈزەتتى). ئۇلار ھۇمس

330 بۇخارى، سەھىھ، تەقسىرۇسسالات 1082؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن ۋە قەسرىھا 2، 16 ـ (694)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 1960.

331 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 84؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 882؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، نەسائى، سۇنەن، تەقسىرۇسسالاتى فىسسەفەر 1445.

332 ئەرەفاتـ مەككىنىڭ شەرقىدە، مەككىگە 22 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تۈزلەڭلىك بولۇپ، دىنىمىزدا ھاجىلارنىڭ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9ـ كۈنى كۈن پاتقۇچە شۇ يەردە تۇرۇشى ھەجنىڭ ئاساسلىق ئەركانى قىلىپ بەلگىلەنگەن.

(ئۆز دىنىدا چىك تۇرغۇچىلار) دەپ ئاتىلاتتى. باشقا ئەرەبلەر بولسا ئەرەفاتتا ۋۇقۇپ قىلاتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندە ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىنى ئەرەفاتقا كېلىپ، ئۇ يەردە ۋۇقۇپ قىلىشقا، ئاندىن ئۇ يەردىن سەلدەك ئېقىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئەمر ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاندىن ئىنسانلار سەلدەك ئاققان يەردىن سىلەرمۇ سەلدەك ئېقىڭلار» (بەقەرە 199/2) دېگەن مەنىدىكى سۆزىدۇر[333].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئەرەفە كۈنى ئەتىگەن بامداتنى مىنادا ئوقۇپ ئەرەفاتقا ماڭدى، تاكى ئەرەفاتقا كېلىپ نەمىرەگە چۈشتى. بۇ ئەرەفاتقا كەلگەن ئەمىرلەر چۈشىدىغان يەردۇر. پېشىندىن كېيىن ئىسسىقتا نەمىرەدىن ماڭدى، ئاندىن پېشىن بىلەن نامازدىگەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇدى، ئاندىن ئىنسانلارغا نۇتۇق سۆزلىدى، ئاندىن مېڭىپ ئەرەفاتتىكى تۇرۇش يېرىگە كەلدى[334].

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ: «ھەج ئەرەفاتتۇر»[335]، «ئەرەفاتنىڭ ھەممىسى تۇرۇش يېرىدۇر»[336] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

دېمەككى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9- كۈنى ئەرەفاتتا تۇرۇش ھەجنىڭ ئاساسلىق ئەركانىدۇر، بۇ ئىبادەتنى ئەرەفات تەۋەلىكىنىڭ ھەممىسىدە ئادا قىلىشقا بولىدۇ.

**ئەرەفاتتا قىلىنىدىغان پائالىيەتلەر:**

1- ئەرەفاتتا پېشىن بىلەن نامازدىگەرنى جەمئىي تەقدىم قىلىپ (نامازدىگەرنى پېشىننىڭ ۋاقتىغا تارتىپ ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا ئارقا-ئارقىدىن) بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇش كېرەك.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئەرەفاتتا پېشىن بىلەن نامازدىگەرنى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇدى، ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا ھېچ نەپلە (سۈننەت) ناماز ئوقۇمىدى. مۇزدەلىفەدە نامازشام بىلەن

---

333 بۇخارى، سەھىھ، تەپسىر بەقەرە 35، ھەج 91؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 152 (1219)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ھەج 53 (884)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 58 (1910)؛ نەسائى، سۈنەن، ھەج 202 (5/255).

334 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 60 (1913).

335 تىرمىزى، سۈنەن، ھەج 57 (889)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 69 (1949)؛ نەسائى، سۈنەن، ھەج 211 (5/264)؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، مەناسىك 37 (3015).

336 مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 166 (1/388)؛ مۇسلىم. سەھىھ، ھەج 149.

خۇپتەننى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇدى، ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا ھېچ نەپلە (سۈننەت) ناماز ئوقۇمىدى[337].

2ـ ئەرەفاتتا ئاللاھقا زىكىر ئېيتىش (لا ئىلاھە ئىللەللاھ، سۇبھانەللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر، دېگەن زىكىرلەرنى كۆپ ئوقۇش) لازىم. ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەرەفات كۈنى ئەتىگەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىلەن بىللە ئىدۇق، ئارىمىزدىن تەكبىر ئېيتقۇچىلارمۇ بار ئىدى، تەھلىل ئېيتقۇچىلارمۇ بار ئىدى[338].

3ـ ئەرەفاتتا تۇرۇش ئىبادىتى قىلىۋاتقان ئەسنادا كۆپ دۇئا قىلىش كېرەك. يەنى ئاللاھتىن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشنى، دوزاخ ئازابىدىن ساقلىشنى، جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ۋە بارلىق مۇئمىن-مۇسۇلمانلارغا رەھىم قىلىشنى تىلەش لازىم. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «دۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەرەفات كۈنىدىكى دۇئادۇر. مەن ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر قىلغان سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۇدۇر: ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، مۈلۈك ئۇنىڭدۇر، ھەمد ئۇنىڭدۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[339].

### 3ـ مۇزدەلىفىدە قونۇش[340]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِذَا أَفَضْتُم مِّنْ عَرَفَاتٍ فَاذْكُرُواْ اللّهَ عِندَ الْمَشْعَرِ الْحَرَامِ﴾

«ئەرەفاتتىن سەلدەك ئاققان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا ئاللاھقا زىكىر ئېيتىڭلار»ـ بەقەرە 198/2.

---

337 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 1906.

338 مۇسلىم. سەھىھ، ھەج 46، 273 ـ (1284).

339 تىرمىزى، سۈنەن، دەئەۋات 3585.

340 مۇزدەلىفەـ مىنا بىلەن ئەرەفات ئارىسىدا بىر جاي بولۇپ، مەككىگە 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9ـ كۈنى ھاجىلار ئەرەفاتتىن قايتىپ كېچىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ. نامازشام بىلەن خۇپتەننى بۇ يەردە جەمئىي تەخىر قىلىپ (نامازشامنى خۇپتەننىڭ ۋاقتىغا كېچىكتۈرۈپ ئىككى نامازنى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن) ئوقۇيدۇ، شۇنداقلا ھاجىلار ئۆزلىرى خالىغان دۇئا، زىكىر-تەسبىھلەرنى ۋە لەببەيكە... نى ئوقۇيدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئەرەفاتتىن قايتقان ھاجىلارنى «مەشئەرى ھەرام»دا زىكىر ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ. مەشئەرى ھەرام مۇزدەلىفەدىكى قۇزەھ ئىسىملىك بىر تاغ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى يەنى مۇزدەلىفە ۋادىسىنىڭ تامامى دېمەكتۇر.

ئۇنداقتا ئايەتتىكى «مەشئەرى ھەرامدا ئاللاھقا زىكىر ئېيتىڭلار» دېگەن ئەمرىنىڭ ئىجراسى، مۇزدەلىفەگە كەلگەن چاغدا نامازشام بىلەن خۇپتەننى جەمئىي قىلىپ ئوقۇش بىلەن باشلىنىپ، مۇزدەلىفەدىن ئايرىلىدىغان چاغدا قۇزەھ تېغىنىڭ يېنىدا زىكىر-تەسبىھ ۋە دۇئا-تەكبىر ئېيتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ تەتبىقاتىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ.

مۇزدەلىفەگە كېلىشتە ئالدىرىماي مېڭىش، باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىشتىن ساقلىنىش ۋە لەببەيكە... ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئەرەفاتتىن يولغا چىققان ئىدى، ئارقىسىدا بىرىنىڭ تېز مېڭىش ئۈچۈن تۆگىسىگە تۇۋلىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئۇرغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى، قامچىسى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە ئىشارەت قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: «تەمكىن بولۇڭلار، ياخشىلىق ئالدىراشتا ئەمەس!»[341].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (ر.ئە) يەنە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئەرەفاتتىن قايتىشتا ئارقىسىغا ئەرەفاتتىن مۇزدەلىفەگىچە ئۇسامەنى، مۇزدەلىفەدىن مىناغىچە فەزلنى مىندۈردى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقانغا قەدەر لەببەيكە...نى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەن دەيدۇ[342].

ھاجىلار مۇزدەلىفەگە كەلگەندىن كېيىن نامازشام بىلەن خۇپتەننى جەمئىي تەخىر قىلىپ (نامازشامنى خۇپتەننىڭ ۋاقتىغا تارتىپ ئىككى نامازنى ئارقا-ئارقىدىن) بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇيدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇسامە ئىبنى زەيد (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئەرەفاتتىن قايتىش ئۈچۈن كۈن پاتقاندا يولغا چىقتى، تاغ يولىغا

---

341 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 94؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 268 (1282)، 282 (1286)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 64 (1920)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 204 (5، 257- 258).

342 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 86، جىھاد 126؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 266 (1281)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 28 (1815)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 78 (918)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 216 (5، 268)، 229.

كەلگەندە تۆگىسىدىن چۈشۈپ تاھارەت سۇندۇردى، ئاندىن يەڭگىل بىر تاھارەت ئالدى، مەن: ناماز ئوقۇمدۇق؟ يا رەسۇلەللاھ! دېدىم، «ياق، ناماز ئالدىڭدا!» دېدى ۋە تۆگىسىگە مىندى. مۇزدەلىفىگە كەلگەندە تۆگىسىدىن چۈشتى ۋە كامىل بىر تاھارەت ئالدى، ئاندىن نامازغا تەكبىر ئوقۇلدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نامازشامنى ئوقۇدى، ئاندىن ھەر كىشى تۆگىسىنى چۆكتۈردى، ئاندىن يەنە تەكبىر ئوقۇلدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) خۇپتەننى ئوقۇدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا باشقا بىر ناماز ئوقۇمىدى[343].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نامازشام بىلەن خۇپتەننى مۇزدەلىفىدە جەمئىي قىلىپ ئوقۇدى. بۇ ئىككى نامازنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئايرىم تەكبىر ئوقۇدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ، ئارقىسىدىمۇ نەپلە (سۈننەت) ناماز ئوقۇمىدى[344].

### 4ـ مىناغا كېلىش

ھاجىلار مۇزدەلىفىدە مەزكۇر ئىككى نامازنى جەمئىي قىلىپ ئوقۇغاندىن كېيىن يېتىپ تاڭ يورۇغۇچە ئارام ئالىدۇ. ئاندىن تاڭ سۈزۈلگەن ھامان بامدات نامىزىنى ئوقۇپ مىناغا قاراپ ماڭىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ مۇزدەلىفىگە كېلىپ نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇدى، ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا ھېچ نەپلە (سۈننەت) ناماز ئوقۇمىدى، ئاندىن تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر ياتتى، ئاندىن تاڭ سۈزۈلگەن ھامان بىر ئەزان، بىر تەكبىر بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى، ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ مەشئەرى ھەرامغا كەلدى (بۇ يەردىكى مەشئەرى ھەرام مۇزدەلىفىنىڭ ئاخىرىدىكى قۇزەھ ئىسىملىك تاغ دېگەن بولىدۇ)، بۇ يەرگە كېلىپ قىبلىگە

343 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 6، 35، ھەج 93، 95؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 266 (1280)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 197 (1، 400ـ401)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 64 (1925)؛ نەسائى، سۇنەن، مەۋاقىت 56 (292/1)، ھەج 206 (5، 259).

344 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 93، 96؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 286 (703)، 987 (1288)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 196 (1 ،400)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 65 (1933ـ1926)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 56 (887، 888)؛ نەسائى، سۇنەن، مەۋاقىت 49 (1، 291).

يۈز كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلدى، تەكبىر ئېيتتى، تەھلىل ئېيتتى ۋە لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ... دېدى.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) تاڭ خېلى ئوبدان سۈزۈلگەنگە قەدەر بۇ شەكىلدە تۇردى، ئاندىن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى مىناغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى[345].

ئاجىز، كېسەل ۋە باشقا ئۆزرىلىك كىشىلەرنى مۇزدەلىفەدىن مىناغا بېرىشى ئۈچۈن كېچىدە يولغا سېلىۋېتىشقا، كۈنىمىزدە شۇنداق كىشىلەرنىڭ باشقا بىرى يولغا سالمىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېچىدە يولغا چىقىشىغا رۇخسەت بېرىلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇزدەلىفە كېچىسىدە ئائىلىسىدىن بۇرۇن مىناغا ئەۋەتىۋەتكەن ئاجىزلارنىڭ قاتارىدا ئىدىم[346].

ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: سەۋدە مۇزدەلىفەدىن كېچىسى قايتىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن رۇخسەت سورىدى، سەۋدە ئۇستىخانلىق، ئاستا ماڭىدىغان ئايال ئىدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئائىشە (ر.ئە): «كاشكى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش رۇخسەت سورىغان بولسامچۇ!» دەيدۇ. ئائىشە (ر.ئە) مۇزدەلىفەدىن ئىمام (رەسۇلۇللاھ) بىلەن بىللە قايتقان ئىدى[347].

يەنە ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇممۇ سەلەمەنى نەھىر كېچىسى (قۇربانلىق كۈنى تاڭ ئاتىدىغان كېچە) مىناغا ئەۋەتتى، ئۇممۇ سەلەمە تاڭ يورۇماستىن شەيتانغا تاش ئاتتى، ئاندىن بېرىپ تاۋاپىنى قىلدى[348].

**مىنادا قىلىنىدىغان پائالىيەتلەر:**

**ئا)- چوڭ جەمرىگە تاش ئېتىش**

هاجىلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10- كۈنى ئەتىگەن مۇزدەلىفەدىن ئايرىلىپ مىناغا كەلگەندىن كېيىن باش بارماق ۋە كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئېتىلىدىغان

345 مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 19، 147 - (1218)، رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ھەججىنىڭ بابى.

346 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 98؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 300 (1293)، 987 (1288)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 66 (1939-1940)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 58 (892، 893)؛ نەسائى، ۇسنەن، ھەج 208 (5، 261، 271، 272)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 62 (3025).

347 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 98؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 293-296 (1290)، 987 (1288)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 209 (5، 262)، 214 (5، 266).

348 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 66 (1942)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 223 (5، 272).

چوڭلۇقتىكى تاشلاردىن يەتتە دانە تاشنى بىر-بىرلەپ چوڭ جەمرىگە ئاتىدۇ[349]. چوڭ جەمرە مۇزدەلىفىگە ئەڭ يىراق، مەككىگە ئەڭ يېقىن بولغان تاش ئېتىش يېرىدۇر. ھاجى ھەر بىر تاشنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئاتىدۇ. تاش ئېتىشقا باشلاش بىلەن تەڭ «لەببەيكە...» ئېيتىشنى توختىتىپ، تەكبىر ئېيتىشقا باشلايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) چوڭ جەمرىگە تاش ئېتىلىدىغان كۈنىنىڭ ئەتىگىنى ئۇلىغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ: «ماڭا تاش تىرىپ بەرگىن» دېدى. مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۈچۈن باش بارماق ۋە كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئېتىلىدىغان چوڭلۇقتا ئۇششاق تاشلاردىن تىرىپ رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ قولىغا قويغان ئىدىم، «مانا مۇشۇنداق تاشلار، دىنىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقىلار دىنىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتىن ھالاك بولغان» دېدى[350].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نى نەھىر كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا، باشقا كۈنلەردە چۈشتىن كېيىن تاش ئاتقانلىقىنى كۆردۈم[351].

## ئە)- قۇربانلىق قىلىش

تەمەتتۇئ ھەججى قىلغان ھاجى[352]، قىران ھەججى قىلغان ھاجى[353] ۋە ئادەتتە يۇرتىدا قىلىپ كەلگەن ھېيت قۇربانلىقىنى قىلماقچى بولغان ھاجى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10- كۈنى مىناغا كېلىپ چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ.

---

349 كۆپىنچە كىشىلەر بۇ جەمرىنى «چوڭ شەيتان» دەپ ئاتايدۇ. بىزمۇ بۇ كىتابتا ئۇنى ۋە قالغان ئىككى تاش ئېتىش يەرلىرىنى شۇنداق ئاتىدۇق.

350 نەسائى، سۈنەن، ھەج 217 (5، 268).

351 مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 313 (1299)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ھەج 59 (894)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 78 (1971)؛ نەسائى، سۈنەن، ھەج 221 (5، 270). بۇ ھەدىسنى بۇخارى مۇئەللەق سۈپىتىدە رىۋايەت قىلىدۇ- (بۇخارى، ھەج 134).

352 يەنى ھەج ئايلىرىدا ھەجنىڭ ۋاقتى كېلىشتىن ئىلگىرى مەككىگە كېلىپ بىر ئۆمرە قىلغان ھاجى.

353 يەنى ھەج بىلەن ئۆمرىگە بىرلىكتە نىيەت قىلغان ھاجى. بۇنداق قىلىش (قىران ھەججى قىلىش) ئۈچۈن مەككىگە قۇربانلىقىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن بولۇش لازىم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغىنى مانا مۇشۇ قىران ھەججى ئىدى.

قۇربانلىقنى مىنادا قىلىشقىمۇ بولىدۇ، چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ مەككىگە كىرىپ مەككىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مىنانىڭ ھەممىسى ۋە مەككىنىڭ يوللىرىنىڭ ھەممىسى قۇربانلىق قىلىش يېرىدۇر، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[354].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَمَن تَمَتَّعَ بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَجِّ فَمَا اسْتَيْسَرَ مِنَ الْهَدْيِ﴾

«كىمكى ھەجگىچىلىك ئۆمرە قىلىپ بەھرىمەن بولىدىكەن، قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋانلاردىن ئۆزىگە ئاسان بولغىنىنى قۇربانلىق قىلىشى لازىم»- بەقەرە 196/2.

بۇ ئايەت ھەجنىڭ ئايلىرىدا (شەۋۋال، زۇلقەئىدە ئايلىرىدا ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8- كۈنىگىچە) ھەجگە كېلىپ ھەجنىڭ ۋاقتى كەلگۈچىلىك بىر ئۆمرە قىلغانلارنىڭ بىر قۇربانلىق قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

﴿لِيَشْهَدُوا مَنَافِعَ لَهُمْ وَيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ فِي أَيَّامٍ مَّعْلُومَاتٍ عَلَى مَا رَزَقَهُم مِّن بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْبَائِسَ الْفَقِيرَ﴾

«ھاجىلار ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلىرىدىن مەلۇم كۈنلەردە بىسمىللاھ دەپ قۇربانلىق قىلسۇن»- ھەج 28/22.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ھاجىلارنى يۇرتلىرىدىكى چېغىدا قىلىپ كەلگەن قۇربانلىقلىرىنى ھەج ئەسناسىدا ئەيىيامى مەئلۇمات ﴿أَيَّامٍ مَّعْلُومَاتٍ﴾دا يەنى ئۆزلىرى بىلىدىغان كۈنلەردە (يەنى ھېيت كۈنىدە ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان 3 كۈندە) قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُحِلُّواْ شَعَآئِرَ اللّهِ وَلاَ الشَّهْرَ الْحَرَامَ وَلاَ الْهَدْيَ وَلاَ الْقَلآئِدَ وَلا آمِّينَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ يَبْتَغُونَ فَضْلاً مِّن رَّبِّهِمْ وَرِضْوَانًا﴾

---

354 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 1937، سەۋم 2324؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 73 (3048).

«ئى مۇئمىنلار! ئاللاھنىڭ نىشانلىرىنى[355]، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارنى، ھەرەمگە يوللانغان قۇربانلىقلارنى، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسىلەرنى، رەببىدىن پەزل ۋە رازىلىق تىلەپ بەيتى ھەرەمگە يۈنەلگۈچى كىشىلەرنى ھالال سانىماڭلار[356]»- مائىدە 2/5.

﴿جَعَلَ اللّهُ الْكَعْبَةَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ قِيَامًا لِّلنَّاسِ وَالشَّهْرَ الْحَرَامَ وَالْهَدْيَ وَالْقَلاَئِدَ﴾

«ئاللاھ ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيى بولغان كەبىنى ئىنسانلار ئۈچۈن تۇرۇش ۋاستىسى قىلدى[357]. ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينى، ھەرەمگە يوللانغان قۇربانلىقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسىلەرنىمۇ شۇنداق قىلدى»- مائىدە 97/5.

﴿هُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا وَصَدُّوكُمْ عَنِ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَالْهَدْيَ مَعْكُوفًا أَن يَبْلُغَ مَحِلَّهُ﴾

«ئۇلار كاپىر بولغان، سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقلارنى ئۆز جايىغا يېتىپ بېرىشتىن توسقان كىشىلەردۇر»- فەتىھ 25/4.

بۇ ئۈچ ئايەت ھەرەمگە قۇربانلىق مېلى يوللاشنىڭ ۋە قۇربانلىق مېلى ئېلىپ بېرىشنىڭ بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر بۇنى ھەج ئەسناسىدا قىلغانلارنىڭ بۇ قۇربانلىقلارنى قۇربانلىق قىلىش كۈنى بولغان ھېيت كۈنى مىنادا قىلىشلىرىنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مانا مۇشۇنداق قىلغان. بۇ ھەقتە كېيىن قايتا توختىلىمىز.

## ب)- چاچنى چۈشۈرتۈش ياكى قىرقتىش

زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10- كۈنى مىنادا قىلىنىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ بىرى ھاجىلارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرتۈشى ياكى قىرقتىشىدۇر. ھاجىلار چاچلىرىنى چۈشۈرتۈش ياكى قىرقتىش بىلەن ئېھرامدىن چىقىدۇ، ئاندىن مەككىگە كىرىپ تاۋاپ ۋە سەئيىلىرىنى ئادا قىلىدۇ. ئاندىن ئاخشىمى مىناغا قايتىپ چىقىدۇ.

355 ئاللاھنىڭ نىشانلىرى، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغانلىقنىڭ بەلگىلىرى، دېگەن بولۇپ بۇ بەلگىلەرنى پەقەتلا ئاللاھ ئۆزى بەلگىلەيدۇ. بۇلارنى كەم-زىيادە ياكى ئىلگىرى-كېيىن قىلىش، شەرتىگە، شەكلىگە ۋە ئەركانلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈش ئۇلارنى ھالال سانىغانلىق بولىدۇ.

356 يەنى ئۇلارغا چېقىلماڭلار، ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماڭلار، ئۇلارغا چېقىلىشنى توغرا دەپ قارىماڭلار.

357 «تۇرۇش ۋاستىسى» ھەققىدە يۇقىرىدا مەلۇمات بېرىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَقَدْ صَدَقَ اللَّهُ رَسُولَهُ الرُّؤْيَا بِالْحَقِّ لَتَدْخُلُنَّ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ إِن شَاء اللَّهُ آمِنِينَ مُحَلِّقِينَ رُؤُوسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ﴾

«ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ چۈشىنى ئەلۋەتتە راستقا چىقىرىدۇ. ئىنشائاللاھ سىلەر بەزىڭلار باشلىرىنى چۈشۈرتكەن، بەزىڭلار قىرقتقان ھالدا خاتىرجەملىك ئىچىدە مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر»ـ فەتىھ 27/48.

بۇ ئايەتتىكى «بەزىڭلار باشلىرىنى چۈشۈرتكەن، بەزىڭلار قىرقتقان ھالدا» ئىپادىسى ھاجىلارنىڭ ھەج پائالىيىتىنىڭ تاۋاپ ۋە سەئيي قىسمىنى قىلىش ئۈچۈن مەسجىدى ھەرامغا كىرگەن چېغىدا باشلىرىنى چۈشۈرتكەن ياكى قىرقتقان بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرستىدۇ. بۇ ھاجىلارنىڭ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10ـ كۈنى مەسجىدى ھەرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى باشلىرىنىڭ چۈشۈرتۈشىنىڭ ياكى قىرقتىشىنىڭ ھەج پائالىيىتىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنەس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىش يېرىگە كېلىپ تاشلىرىنى ئاتتى، ئاندىن مىنادىكى مەنزىلىگە كەلدى ۋە قۇربانلىقنى بوغۇزلىدى، ئاندىن ساتىراشقا: «ئال» دېدى ۋە ئالدى بىلەن ئوڭ يېنىغا، ئاندىن سول يېنىغا ئىشارەت قىلدى[358].

ئەر ھاجىلار باشلىرىنى قىرقتىسمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ باشلىرىنى چۈشۈرتۈشلىرى ئەۋزەلدۇر.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) «ئى ئاللاھ! باشلىرى چۈشۈرتكەنلەرگە رەھىم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى، يېنىدىكىلەر: «يا رەسۇلەللاھ! قىرقتقانلارغىمۇ!» دېدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) «ئى ئاللاھ! باشلىرى چۈشۈرتكەنلەرگە رەھىم قىلغىن» دەپ دۇئاسىنى تەكرارلىدى، ئۇلار: «يا رەسۇلەللاھ! قىرقتقانلارغىمۇ!» دېدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بۇ قېتىم: «قىرقتقانلارغىمۇ» دېدى[359].

358 بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 33؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 323 (1305)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 73 (912)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 79 (1981).

359 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 127؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 316 (1301)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 184 (1، 395)؛تىرمىزى،سۇنەن،ھەج 74 (913)؛ئەبۇ داۋۇد،سۇنەن،مەناسىك 79 (1979). ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)

ئايال ھاجىلارغا كەلسەك، ئۇلار ئايەتتىكى ئىككى پائالىيەتنىڭ ئىككىنچىسىنى قىلىش (يەنى چاچلىرىنى قىرقتىش-ئۇچلىرىدىن كەستۈرۈش) بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. چۈنكى دىنىمىزدا ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىق دائىرىسىدە تۇرۇشقا ئەمىر قىلىنىدۇ، شۇنداقلا يۈرۈش-تۇرۇش ۋە كىيىم-كېچەكلىرىدە ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشتىن مەنئىي قىلىنىدۇ[360].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئايال كىشىنى بېشىنى چۈشۈرتۈشتىن توستى[361].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى ئەرلەرگە ۋە ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا لەنەت ئوقۇغان»[362].

**ئەسكەرتىش:**

مىنادا قىلىنىدىغان مەزكۇر ئۈچ پائالىيەتنىڭ بەلگىلەنگەن بىر تەرتىپى يوق. ھاجى قايسىسىنى ئىلگىرى، قايسىسىنى كېيىن قىلسا گۇناھكار بولمايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ۋىدا ھەججىدە مىنادا ئىنسانلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن توختاپ تۇردى. بىر ئادەم كېلىپ: «مەن بىلمەستىن قۇربانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بېشىمنى چۈشۈرتۈپتىمەن» دېدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئەمدى قۇربانلىق قىل، ھېچقىسى يوق» دېدى. باشقا بىر ئادەم كېلىپ: «مەن بىلمەستىن تاش ئېتىشتىن ئىلگىرى قۇربانلىق قىلىپتىمەن» دېدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئەمدى تاش ئات، ھېچقىسى يوق» دېدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇ

---

بۇخارى ۋە مۇسلىمدە زىكىر قىلىنغان بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ بېشىنى چۈشۈرتكەنلەرگە ئەنە شۇ ئۇسلۇب بىلەن ئۈچ قېتىم دۇئا قىلغانلىقى، تۆتىنچى قېتىمدا «قىرقتقانلارغىمۇ» دەپ دۇئا قىلغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ. (بۇخارى، ھەج 127؛ مۇسلىم، ھەج 320).

360 «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا، ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى ئەرلەرگە لەنەت ئېيتقان». (بۇخارى، سەھىھ، لىباس 5885؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەدەب 2784؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، نىكاھ 22، 1904). بۇ كىتابنىڭ «كىيىم-كېچەك» بۆلۈمىدە بۇ توغرىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

361 تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 75 ()914.

362 بۇخارى، سەھىھ، لىباس 5885؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، نىكاھ 22 (1904.

كۆنى «ئۇنى ئىلگىرى قىلدىم»، «بۇنى كېيىن قىلدىم» دېگەن شەكىلدە سورالغان ھەر سوئالغا: «ئەمدى قىل، ھېچقىسى يوق» دەپ جاۋاب بەردى[363].

### پ)ـ ئېھرامدىن چىقىش

ھاجىلار ھېيت كۈنى مىنادا يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى كىيىملىرىنى كىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئېھرامدا چاغلىرىدا قىلىش ھارام بولغان ئىشلاردىن ئۆز كىيىمىنى كىيىش، خۇش پۇراق نەرسە سۈرتۈش، تىرناق ئېلىش قاتارلىق بەزى ئىشلارنى قىلىش ھالال بولىدۇ. بۇ ئېھرامدىن چىقىش «تەھەللۇل ئەۋۋەل» دەپ ئاتىلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) غا ئېھرام باغلىغان چېغىدا ۋە ئېھرامدىن چىققان چېغىدا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى خۇش پۇراق نەرسە سۈرتەتتىم[364].

## 5ـ مەسجىدى ھەرەمگە كىرىش

### مەككىدە قىلىنىدىغان پائالىيەتلەر:

### ئا)ـ تاۋاپ

ھاجىلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10ـ كۈنى مىنادىن مەككىگە كىرىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەج سۈرىسىنىڭ 26ـ ئايىتىدىن باشلاپ تا 29ـ ئايىتىگىچە بولغان ئايەتلەردە ھەج ئىبادىتىنى بايان قىلىپ ئاخىرىدا ﴿وَلْيَطَّوَّفُوا بِالْبَيْتِ الْعَتِيقِ- كونا ئۆينى (كەبىنى) تاۋاپ قىلسۇن﴾ دەيدۇ.

دېمەككى، كەبىنى تاۋاپ قىلىش ھەج ئىبادىتىنىڭ بىر ئەركانىدۇر. تاۋاپنىڭ شەرت ۋە شەكلى يۇقىرىدا ئۆتتۈرىغا قويۇلدى.

363 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 131، ئىلىم 23، 46، ئەيمان 15؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 327 (1306)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 242 (1، 421)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 76 (916)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 80 (2014)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 74 (3051). ئوخشاش مەنىدىكى بىر ھەدىس ئۇسامە ئىبنى شەرىك (ر.ز)دىنمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد، مەناسىك 88، 2015).

364 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 18، 143، لىباس 73، 89، 91؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 31، 33؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 17 (1، 328)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 77 (917)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 11 (1745ـ1746)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 41 (15، 136ـ141).

ھاجىلار بۇ تاۋاپنى ھەجنىڭ پەرز تاۋاپى دەپ نىيەت قىلىپ (كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇپ) قىلىدۇ.

بۇ تاۋاپ تاۋاپى ئىفادە (ھاجىلار مىنادىن سەلدەك ئېقىپ كىرىپ قىلغان تاۋاپ)، تاۋاپى زىيارەت (ھاجىلار مىنادىن قايتىپ كەبىنى زىيارەت قىلغاندا ئادا قىلغان تاۋاپ) دېگەن ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

**ئە)۔ سەئيي**

ھاجىلار تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىدۇ. بەقەرە سۈرىسىنىڭ 158۔ ئايىتى ۋە 196۔ ئايىتىنىڭ باش قىسمى سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىشنىڭ ھەجنىڭ ۋە ئۆمرىنىڭ بىرەر ئەركانى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

## 6۔ مىناغا قايتىش

ھاجىلار ھېيت كۈنى (زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10۔ كۈنى) مىنادىن مەككىگە كىرىپ تاۋاپ ۋە سەئيي ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن مىناغا قايتىپ چىقىدۇ ۋە مۇشۇ چىققىنىچە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 11۔، 12۔ ۋە 13۔ كۈنلىرى بولۇپ، جەمئىي ئۈچ كېچە ۋە ئۈچ كۈندۈز مىنادا تۇرىدۇ.

**مىنادىكى پائالىيەتلەر:**

**ئا)۔ كېچىلىرى مىنادا قونۇش**

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ھېيت كۈنى پېشىن ئوقۇپ بولۇپ مىناغا قايتىپ چىقتى، تەشرىق كۈنلىرىنىڭ كېچىلىرىدە مىنادا تۇردى...[365].

**ئە)۔ شەيتانغا تاش ئېتىش**

ھاجىلار ھەر كۈنى پېشىندىن كېيىن كىچىكىدىن باشلاپ چوڭىغىچە ھەر بىر شەيتانغا 7 دانىدىن جەمئىي 21 دانە تاش ئاتىدۇ، 3 كۈن ئىچىدە ئۈچ شەيتانغا جەمئىي 63 دانە تاش ئاتىدۇ، بۇ تاشلار ھېيت كۈنى چوڭ شەيتانغا ئاتقان 7 دانە تاش بىلەن بىرلىكتە جەمئىي 70 دانە تاش بولىدۇ. 3 كۈن

365 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 1973.

ئېچىدە بۇ تاشلارنى ئېتىش ۋە ئۇ كۈنلەرنىڭ كېچىلىرىدە مىنادا تۇرۇش ھەج ئىبادىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاذْكُرُواْ اللّهَ فِي أَيَّامٍ مَّعْدُودَاتٍ فَمَن تَعَجَّلَ فِي يَوْمَيْنِ فَلاَ إِثْمَ عَلَيْهِ وَمَن تَأَخَّرَ فَلا إِثْمَ عَلَيْهِ لِمَنِ اتَّقَى وَاتَّقُواْ اللّهَ وَاعْلَمُوا أَنَّكُمْ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ﴾

«ساناقلىق كۈنلەردە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىڭلار. كىمكى ئالدىراپ مىنادىن ئىككى كۈندە قايتسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچ گۇناھ قالمايدۇ. كىمكى مىنادا يەنە بىر كۈن قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ ھېچ گۇناھ قالمايدۇ. بۇ تەقۋادار بولغانلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھدىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى سىلەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا توپلىنىسىلەر»- بەقەرە 203/2.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ باش تەرىپىدىكى ئايەتلەردە ھەج ئىبادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئايەتتە بولسا ھاجىلارنى «ساناقلىق كۈنلەردە زىكىر ئېيتىش»قا بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەج ئىبادىتىنىڭ بۇ كۈنلەردە زىكىر ئېيتىش بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ زىكىرنىڭ ھەج ئىبادىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇشى، ماكانىنىڭ ۋە ۋاقتىنىڭ بەلگىلىنىشى ئۇنىڭ مەلۇم بىر شەكىلدە بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇ شەكىل شەيتان سىمۋوللىرىغا تاش ئېتىشتۇر. قۇرئان كەرىمدە شەيتاننىڭ رەجىم (تاش ئېتىلغۇچى) دېيىلىشىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ[366].

**بۇ ئىبادەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:**

**1)- تەكبىر ۋە دۇئا**

ھاجىلار ھەر تاشنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، كىچىك شەيتانغا ۋە ئوتتۇرا شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قىبلىگە يۈز كەلتۈرگەن ھالدا دۇئا قىلىدۇ.

366 ئال ئىمران 36/3؛ ھىجر 17/15، 34؛ نەھل 98/16؛ ساد 77/38؛ تەكۋىر 25/81.

ئائىشە (ر.ئە)نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش، سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىش ۋە شەيتانغا تاش ئېتىش ئاللاھقا زىكىر ئېيتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن»[367].

يۇنۇس زۇھرىيدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مىنا مەسچىتىگە يېقىن بولغان شەيتانغا تاش ئاتقاندا ئۇنىڭغا يەتتە دانە ئۇششاق تاشنى ئاتتى ۋە ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتتى. ئاندىن ئالدىغا قاراپ ماڭدى، بىر يەردە تۇردى، قىبلىگە يۈز كەلتۈردى ۋە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئوتتۇرا شەيتاننىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇنىڭغىمۇ يەتتە دانە ئۇششاق تاشنى ئاتتى ۋە ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتتى. ئاندىن ۋادىنىڭ سول تەرىپىگە چۈشۈپ تۇردى، ئۇ يەردىمۇ قىبلىگە يۈز كەلتۈردى ۋە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئاندىن چوڭ شەيتاننىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇنىڭغىمۇ يەتتە دانە ئۇششاق تاشنى ئاتتى، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتتى. ئاندىن دۇئا قىلىش ئۈچۈن تۇرماستىن قايتتى[368].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ھېيت كۈنى پېشىن ئوقۇپ بولۇپ مىناغا قايتىپ چىقتى، تەشرىق كۈنلىرىنىڭ كېچىلىرىدە مىنادا تۇردى، ھەر كۈنى كۈن چۈش بولغاندىن كېيىن ھەر جەمرىگە (شەيتانغا) يەتتە دانىدىن ئۇششاق تاشنى ئاتاتتى، ھەر تاشنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتتى، بىرىنچى (كىچىك) شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ توختاپ دۇئا قىلدى، ئىككىنچى (ئوتتۇرا) شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپمۇ توختاپ دۇئا قىلدى، ئۈچىنچى (چوڭ) شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ توختىمىدى[369].

### 2)- ۋاقتى

بۇ ئۈچ كۈن بويىچە شەيتانغا تاش ئېتىش ۋاقتى چۈشتىن كېيىن كۈن پاتقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتتۇر. بۇ ۋاقىتقا رىئايە قىلىش لازىم.

---

367 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 51 (1888)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ھەج 64 (902). بۇ ھەدىس، شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ ئايەتتىكى «ساناقلىق كۈنلەردە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىش» ئىبادىتىنىڭ بىر شەكلى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

368 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 143؛ نەسائى، سۈنەن، مەناسىك 3083.

369 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 1973.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نى نەھىر كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا، باشقا كۈنلەردە چۈشتىن كېيىن تاش ئاتقانلىقىنى كۆردۈم[370].

**3)- تەرتىپى**

تاشنى ئالدى بىلەن كىچىك شەيتانغا، ئاندىن ئوتتۇرا شەيتانغا، ئاندىن چوڭ شەيتانغا ئېتىش لازىم.

كىچىك شەيتان كەبىگە ئەڭ يىراق، مىنادىكى خىيف مەسچىتىگە ئەڭ يېقىن بولغان شەيتاندۇر، چوڭ شەيتان كەبىگە ئەڭ يېقىن، خىيف مەسچىتىگە ئەڭ يىراق بولغان شەيتاندۇر، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيتان ئوتتۇرا شەيتاندۇر. يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئاتقانلىقى زىكىر قىلىندى.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) كىچىك شەيتانغا يەتتە دانە ئۇششاق تاشنى ئاتتى، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتتى يەنى «بىسمىللاھى ۋەللاھۇ ئەكبەر» دېدى، ئاندىن كىچىك شەيتاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى سول تەرىپىگە ئېلىپ تۇردى، ئاندىن قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ ۋە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ئاندىن كېيىن ئوتتۇرا شەيتانغا يۇقىرىدىكى شەكىلدە تاش ئاتتى، ئاندىن ئوتتۇرا شەيتاننى ئوڭ تەرىپىگە ئېلىپ سول تەرەپتە تۇردى، ئاندىن قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ ۋە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ئاندىن كېيىن چوڭ شەيتانغا يۇقىرىدىكى شەكىلدە تاش ئاتتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرماستىن قايتتى. ئاندىن كېيىن: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۈم، دېدى[371].

**ب)- بەش ۋاقىت نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇش**

ھاجى مىنادا تۇرۇۋاتقان بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە بەش ۋاقىت نامازنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. پېشىن، نامازدىگەر ۋە خۇپتەننى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇيدۇ.

---

370 مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 313 (1299)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 59 (894)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 78 (1971)؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 221 (5، 270). بۇ ھەدىسنى بۇخارى مۇئەللەق سۈپىتىدە رىۋايەت قىلىدۇ- (بۇخارى، ھەج 134).

371 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 1751، 1752.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىلەن مىنادا تۆت رەكئەتلىك نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇدۇم، ئەبۇ بەكرى (ر.ئە) ۋە ئۆمەر (ر.ئە)نىڭ خەلىپىلىك زامانلىرىدىمۇ، ئوسمان (ر.ئە)نىڭ خەلىپىلىك زامانىنىڭ باشلىرىدىمۇ شۇنداق ئوقۇدۇم[372].

ھارىسە ئىبنى ۋەھب خۇزائى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مىنادا بىز بىلەن تۆت رەكئەتلىك نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇدى. بىز ھەر زاماندىكىدىن كۆپ ئىدۇق ۋە ئامانلىقتا ئىدۇق[373].

## پ)ـ تەكبىر ئېيتىش

ھاجى مىنادا تۇرۇۋاتقان بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدىن، يوللاردا، چېدىرلاردا ۋە ھەر پۇرسەتتە تەكبىر ئېيتىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نۇبەيش (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «تەشرىق كۈنلىرى (قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ئۈچ كۈن)يېيىش، ئىچىش ۋە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىش كۈنلىرىدۇر»[374].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ر.ئە) مىنادىكى چېدىرىدا تەكبىر ئېيتاتتى، مەسچىتتىكىلەرمۇ، بازاردىكىلەرمۇ بۇنى ئاڭلاپ تەكبىر ئېيتاتتى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مىنادا تەكبىر سادالىرى ياڭرايتتى. ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)مۇ ئۇ كۈنلەردە مىنادا، نامازلارنىڭ كەينىدە، ياتىقىدا، چېدىرىدا، ئولتۇرغان يەرلىرىدە، ماڭغان يەرلىرىدە، ئۇ كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە تەكبىر ئېيتاتتى[375].

## 7ـ مىنادىن قايتىش

خالىغان ھاجىلار ئۈچۈن تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 12ـ كۈنى، خالىغان ھاجىلار ئۈچۈن تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 13ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن شەيتانلارغا تاش ئېتىش بىلەن ھەج ئىبادىتى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا

372 بۇخارى، سەھىھ، تەقسىرۇسسالات 1082؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن ۋە قەسرىھا 2، 16 ـ (694)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 1960.

373 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 84؛ تىرمىزى، سۈنەن، ھەج 882؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، نەسائى، سۈنەن، تەقسىرۇسسالاتى فىسسەفەر 1445.

374 مۇسلىم، سەھىھ، سىيام 144 (1141).

375 بۇخارى، سەھىھ، ئېيدەين 11.

بەقەرە سۈرىسىنىڭ 203- ئايىتىدە بۇنىڭغا رۇخسەت بېرىدۇ، لېكىن ئايەتتە بۇ تەقۋادار بولۇش شەرتىگە باغلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئۆزرىسى بار ھاجىلار بىر كۈن ئىلگىرى مىنادىن قايتىپ كەتسە بولىدۇ، لېكىن ئۆزرىسى يوق ھاجىلارنىڭ بىر كۈن بۇرۇن قايتىپ كېتىشى توغرا بولمايدۇ.

### 8- ۋىدا تاۋاپى

ھاجىلار مەككىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغلىرىدا ۋىدا (خوشلىشىش) تاۋاپى دەپ بىر تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ ھاجىلارنىڭ مەككىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پائالىيىتى بولىدۇ. بۇ تاۋاپنىڭ شەكلى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولىدۇ، نىيىتى كەئبە بىلەن خوشلىشىشنى كۆڭۈلگە پۈكۈشتۇر. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار ھەجنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ھەر تەرەپكە تارقالغىلى تۇرغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ھېچكىم ئەڭ ئاخىرىدا بارغان يېرى بەيتۇللاھ بولمىغۇچە كەتمىسۇن!» دېدى[376].

لېكىن بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىستىسنا بار: ۋىدا تاۋاپىنى قىلىشتىن ئىلگىرى بىر ئايال ھاجى ئادەت كۆرۈپ قالسا، ئۇنداق ھاجىنىڭ ۋىدا تاۋاپى قىلىشى كېرەك ئەمەس، پاك بولۇپ ۋىدا تاۋاپى قىلىشقا ساقلىماي يۇرتىغا قايتسا بولىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئاياللىرىدىن سەفىييە بىنت ھۇيەي ئادەت كۆرگەن ئىدى، ئەھۋال رەسۇلۇللاھقا مەلۇم قىلىندى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئۇ ئەمدى بۇ يەردە بىزنى ساقلىتىدىغان بولدىمۇ؟» دېدى، يېنىدىكىلەر: ئۇ تاۋاپى ئىفادەنى (يەنى ھەجنىڭ پەرز تاۋاپىنى) قىلغان، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئۇنداقتا ساقلىشىمىزغا كېرەك يوق، يولغا چىقساق بولىدۇ» دېدى[377].

376 مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 379 (1327)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك، 84 (2002)؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، مەناسىك 82 (3070).

377 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 129، 145، ھەيز 27، مەغازى 77؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 382 (1211)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 225-228 (1، 412-413)؛ نەسائى، سۈنەن، ھەيز 23 (1، 194)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ھەج 99 (943)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 85 (2003)؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، مەناسىك 83 (3072).

### ت- ھەجنىڭ تۈرلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ: «كىم ھەج قىلسا ياكى ئۆمرە قىلسا»[378]، «ھەجنى ۋە ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تاماملاڭلار... ھەجگىچىلىك ئۆمرە بىلەن بەھرىمەن بولسا»[379] دېگەن مەنىدىكى سۆزلىرى ھەج بىلەن ئۆمرىنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئىككى ئىبادەت بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«ھىلاللار ئىنسانلار ئۈچۈن ۋە ھەج ئۈچۈن ۋاقىت ئۆلچەملىرىدۇر»[380]، «ھەجگىچىلىك»[381]، «ھەج مەلۇم ئايلاردىدۇر»[382] دېگەن مەنىدىكى سۆزلىرى ھەجنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى بار، ئۆمرىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى يوق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبراھىم (ئە.س)غا: «ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ھەجنى ئېلان قىل»[383] دەپ ئەمر قىلىشى، «بەيتۇللاھقا بېرىشقا يول تاپالىغان كىشىلەرنىڭ ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى بىر ھەققىدۇر»[384] دېيىشى ھەجنىڭ پەرز، ئۆمرىنىڭ نەپلە ئىبادەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبراھىم (ئە.س)غا ئالدى بىلەن «تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار ۋە رۇكۇ-سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆيۈمنى پاك تۇت»[385] دېيىشى، ئاندىن «ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ھەجنى ئېلان قىل»[386] دېيىشى، ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان كەبە بار جايغا كەلگەن ئىنسانلار ئەسلىدە ھەج قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، ھەجنى باشلاشتىن ئىلگىرى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەردە تاۋاپ قىلىدۇ ۋە ناماز ئوقۇيدۇ دېگەن بولىدۇ.

پۈتۈن بۇ ئايەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر دالالەت قىلىدۇكى:

378 بەقەرە 2/158.
379 بەقەرە 2/196.
380 بەقەرە 2/189.
381 بەقەرە 2/196.
382 بەقەرە 2/197.
383 ھەج 22/27
384 ئال ئىمران 3/97.
385 ھەج 22/26.
386 ھەج 22/27.

ھەجنى ئايرىم قىلىشقىمۇ، ئۆمرە بىلەن بىرلىكتە قىلىشقىمۇ ۋە ئۆمرىنى ئايرىم قىلىپ بولۇپ ئاندىن قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەج ئۈچ شەكىلدە قىلىنىدۇ:

1. ئايرىم قىلىنغان ھەج (ھەججۇلئىفراد)،

2. ئۆمرە بىلەن بىرلىكتە قىلىنغان ھەج (ھەججۇلقىران)،

3. ئۆمرە قىلىپ ئاندىن ئايرىم قىلىنغان ھەج (ھەججۇتتەمەتتۇئ).

يىغىپ ئېيتقاندا ھەج قانداق شەكىلدە قىلىنسا قىلىنسۇن ھەرگىزمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. لېكىن ھەجدىن ئىلگىرى ئۆمرە قىلىش ياكى ھەجگە ئۆمرىنى قوشۇپ قىلىش ۋە ياكى ھەجنى ئايرىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ بىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى ئۆزگىرىدۇ، خالاس.

تۆۋەندە ھەجنىڭ مەزكۇر شەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ:

## 1. ھەججۇلئىفراد

بۇ «يەككە ھەج» دېگەن بولۇپ، شەكلى مۇنداق:

ھاجى ھەج ئايلىرىدا مىقاتتا ھەجگە ئېھرام باغلاپ، مەككىگە بارىدۇ. ئاندىن كەئبىنى تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ تاۋاپ «تاۋاپى قۇدۇم[387]» دېيىلىدۇ (بۇ ھەجنىڭ تاۋاپىغا ھېساب بولمايدۇ). ئاندىن كېيىن ھەجنىڭ ۋاقتىغىچىلىك ئېھرام بىلەن قالىدۇ ۋە ھەجنى مۇشۇ ئېھرامى بىلەن ئادا قىلىدۇ.

بۇنداق ھەجنى قىلغان ھاجىنىڭ ھەج ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشى كېرەك ئەمەس، لېكىن ئۇ قادىر بولالىسا ئۆيىدىكى چاغدا قىلىپ كەلگەن ھېيت قۇربانلىقىنى قىلىدۇ. ھەج سۈرىسىنىڭ 28- ئايىتى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ مەسىلە كىتابىنىڭ «قۇربانلىق» بۆلۈمىدە تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 2. ھەججۇلقىران

بۇ «قوشما ھەج» دېگەن بولۇپ، شەكلى مۇنداق:

ھاجى ھەرەمدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن بىللە قۇربانلىق مېلى ئېلىپ مىقاتقا كېلىدۇ، مىقاتتا ھەج بىلەن ئۆمرىگە نىيەت قىلىپ بىرلىكتە

387 بۇ قۇدۇم (مەسجىدى ھەرەمگە قەدەم بېسىش) تاۋاپى بىر كىشى مەسچىتكە كىرسە، ئالدى بىلەن ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇلمەسجىد نامىزى ئوقۇغانغا ئوخشايدۇ.

ئېھرام باغلايدۇ. مەككىگە كىرىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىدۇ، سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىدۇ، ئاندىن ئېھرامدىن چىقماي ھەجگە ساقلايدۇ ۋە مۇشۇ ئېھرامى بىلەن ھەجنى ئادا قىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە يېنىدا قۇربانلىق مېلى ئېلىپ كەلگەن ساھابىلەرنىڭ قىلغان ھەججى مانا مۇشۇنداق قىران ھەججى ئىدى.

**3- ھەججۇتتەمەتتۇئ**

بۇ «بەھرىمەن بولۇش ھەججى» دېگەن بولۇپ، شەكلى مۇنداق:

ھاجى ھەج ئايلىرىدا ئۆيىدىن چىقىپ، مىقاتقا يېتىپ كەلگەندە ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ ھەرەمگە بارىدۇ. ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئېھرامدىن چىقىدۇ، ئاندىن ھەجنىڭ ۋاقتى كەلگۈچىلىك مەككىدە ساقلايدۇ. ھەجنىڭ ۋاقتى كەلگەندە مەككىدە تۇرۇۋاتقان يېرىدىن ھەجگە ئېھرام باغلاپ مىناغا چىقىدۇ. بۇ شەكىلدە ھەج قىلغانلارنىڭ بىر قۇربانلىق قىلىشى لازىمدۇر. بەقەرە سۈرىسىنىڭ 196- ئايىتى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

**ئەسكەرتىش:**

1- ھەجگە ۋاقىت بەك قىستاپ قالغاندا كەلگەنلەرنىڭ ئىفراد ھەججى قىلىشتىن باشقا چارىسى بولمايدۇ. بۇنداق ھاجىلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8- كۈنى كەلگەن بولسا ئۇدۇل مىناغا چىقىپ كەتسىمۇ بولىدۇ، 9- كۈنى كەلگەن بولسا ئۇدۇل ئەرەفاتقا چىقىپ كەتسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8- كۈنى مىناغا چىقىش سۈننەت بولۇپ ھەجنىڭ ئەركانلىرى ئەرەفاتتا تۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ. زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9- كۈنى پېشىنگىچە ئەرەفاتقا يېتىشەلمىگەنلەر ئۇ يىلى ھەج قىلىش پۇرسىتىنى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان بولىدۇ.

**2-** قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەن ھاجى ناۋادا مىقاتتا ھەجگە نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان بولسا، مەككىگە كىرىپ نىيىتىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتسە ۋە ئۆمرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مىقاتتا ھەجگە نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان، ئاندىن مەككىگە كىرىپ تاۋاپ ۋە سەئيىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن نىيىتىنى ئۆزگەرتسە، شۇنداقلا قىلىپ

بولغان تاۋاپ ۋە سەئيلىرىنى ئۆمرىگە نىيەت قىلىۋېتىپ ئېھرامدىن چىقسا بولىدۇ. بەلكىدە بۇ ئەۋزەلدۇر.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەن، لېكىن ھەجگە نىيەت قىلىپ مەككىگە كەلگەن، شۇنداقلا تاۋاپ ۋە سەئيىنى قىلىپ بولغان ھاجىلارنى نىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرۇغان. بۇ مەسىلە كىتابنىڭ «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەججى» بۆلۈمىدە تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

3- ئىفراد ھەججى قىلغانلار خالىسا ھەجنىڭ سەئيىسىنى تاۋاپى قۇدۇمدىن كېيىن قىلىدۇ. خالىسا تاۋاپى قۇدۇمدىن كېيىن قىلماي، تاۋاپى ئىفادە (ھەجنىڭ پەرز تاۋاپى)دىن كېيىن قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، ھەججى قىران قىلغانلار دەسلەپتە مەككىگە كېلىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىدۇ، ئاندىن سەفا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىدۇ. بۇ سەئيي ھەجنىڭ سەئيىسىگىمۇ ھېساب بولىدۇ. يەنى ئۇلار تاۋاپى ئىفادەدىن كېيىن سەئيي قىلمايدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى مۇنداق:

ئاللاھ تائالا ھەج ياكى ئۆمرە قىلغان كىشىنىڭ سەئيي قىلىشىنى سەفا ۋە مەرۋە ئۈستىدىكى بۇتلار ئۈچۈن ئەمەس، ئىبادەت ئۈچۈن قىلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ سەئيىنى قىلىش بىلەن گۇناھكار بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِ اللَّهِ فَمَنْ حَجَّ الْبَيْتَ أَوِ اعْتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَنْ يَطَّوَّفَ بِهِمَا وَمَنْ تَطَوَّعَ خَيْرًا فَإِنَّ اللَّهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ﴾**

«سەفا بىلەن مەرۋە ئاللاھ ئىبادەت يەرلىرى قىلىپ بەلگىلىگەن نىشانلاردىندۇر. كىم ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش نىيىتى بىلەن كەبىنى تاۋاپ قىلسا، ئۇنىڭ سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىشىدا ھېچ گۇناھ يوق. كىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىر ياخشىلىق قىلسا، بىلسۇنكى، ئاللاھ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ، قىلمىشىنى بىلىدۇ»- بەقەرە 158/2.

ئاندىن گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ سەئيىنى تەرك ئەتكەنلەرنى سەئيىنى قىلىشقا ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَتِمُّوا الْحَجَّ وَالْعُمْرَةَ لِلَّهِ﴾

«ھەج ۋە ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تاماملاڭلار»- بەقەرە 196/2.

ئاللاھ تائالا ھەج سۈرىسىنىڭ 27 ـ ئايىتىدە ئىبراھىم (ئە.س)نى ھەجنى ئېلان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. 28- ۋە 29- ئايەتلىرىدە بولسا ھەجگە كەلگەنلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك پائالىيەتلىرىنى زىكىر قىلىپ ئاخىرىدا: «ئۇلار كونا ئۆي بولغان كەبىنى تاۋاپ قىلسۇن» دەيدۇ.

يۇقىرىدىكى دەلىللەر كۆرسىتىدۇكى:

سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىش ھەجنىڭ ۋە ئۆمرىنىڭ بىر پائالىيىتىدۇر. بۇ پائالىيەت ھەج ئۈچۈن بولغاندا ئۇنى ھەجنىڭ باشقا بىر پائالىيىتى بولغان تاۋاپتىن كېيىن قىلىش شەرت ئەمەس، بەلكىدە ئۇنى ھەجنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن تاۋاپنى چوقۇم ئەرەفاتتىن كېيىن قىلىش لازىم. ئۇ تاۋاپنىڭ تاۋاپى ئىفادە (مىنادىن مەككىگە قايتقاندا قىلىنىدىغان تاۋاپ) دېگەن ئىسىممۇ ئۇ مەنىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قىران ھەججىدە رەسۇلۇللاھ (ئە.س) دېگەندەك ئۆمرە بىلەن ھەج بىرلىشىپ كېتىدۇ: ھەجنىڭ ۋاقتى بولغان ئايلاردا (شەۋۋال، زۇلقەئىدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8- كۈنىگىچە) قىلىنغان ئۆمرە بىلەن شۇ يىلى قىلىنغان ھەج ئۈچۈن بىرلا سەئيي قىلىنىدۇ.

ئىفراد ھەججىدە بولسا، ھاجىلار خالىسا سەئيينى تاۋاپى قۇدۇمدىن كېيىن قىلىدۇ، خالىسا تاۋاپى ئىفادەدىن كېيىن قىلىدۇ. چۈنكى ۋاقىت ھەجنىڭ ۋاقتىدۇر. ھەجنىڭ بىر پائالىيىتى بولغان سەئيينى ھەجنىڭ ۋاقتىدا قىلىنغان نەپلە تاۋاپ (تاۋاپى قۇدۇم)دىن كېيىن قىلىشقىمۇ بولىدۇ، ھەجنىڭ پەرز تاۋاپى بولغان تاۋاپى ئىفادەدىن كېيىن قىلىشقىمۇ بولىدۇ، نەتىجىدە سەئيي ئۆز ۋاقتىدا قىلىنغان بولىدۇ.

## ج- ئۆمرە

### 1- ھۆكمى

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك، ھەرەمدە قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ بىرى ئۆمرىدۇر، ئۆمرە نەپلە ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى يوقتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ «كىم ھەج قىلسا ياكى ئۆمرە قىلسا»[388] دېگەن مەنىدىكى سۆزى ئۆمرىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىغا دالالەت قىلسا، «ھەجنى ۋە ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تاماملاڭلار»[389] دېگەن مەنىدىكى سۆزى باشلاپ بولغان ئۆمرىنى تاماملاشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، «كىم ھەجگىچىلىك ئۆمرە بىلەن بەھرىمەن بولسا»[390] دېگەن مەنىدىكى سۆزى بولسا، ھەجنىڭ سەپىرىدە ئايرىم بىر ئۆمرە قىلىۋېلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2. پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بىر ئۆمرە ئىككىنچى ئۆمرىگە قەدەر سادىر بولغان گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ، توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر»[391].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «رامىزاندا قىلىنغان بىر ئۆمرە بىر ھەجگە تەڭ كېلىدۇ» [392].

## 3. ئەركانلىرى

ئۆمرىنىڭ تۆت ئەركانى بار: 1. ئېھرام باغلاش، 2. تاۋاپ قىلىش، 3. سەئيى قىلىش، 4. چاشنى چۈشۈرتۈش ياكى كەستۈرۈش.

ئۆمرە قىلماقچى بولغان كىشى يىلنىڭ ھەرقانداق بىر كۈنىدە ئۆمرىگە نىيەت قىلىپ مىقاتقا كېلىدۇ، شۇنداقلا ئېھرام باغلايدۇ ۋە لەببەيكە ئوقۇپ ھەرەم مەسچىتىگە كىرىدۇ، كەبىنى تاۋاپ قىلىدۇ، ئاندىن سەفا-مەرۋەنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىدۇ، ئاندىن چېچىنى چۈشۈرتۈپ ياكى كەستۈرۈپ ئېھرامدىن چىقىدۇ. مانا بۇ ئۆمرىدۇر.

---

388 بەقەرە 2/158.

389 بەقەرە 2/196.

390 بەقەرە 2/196.

391 بۇخارى، سەھىھ، ئۇمرە 1؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 437 (1349)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 90 (933)؛ نەسائى، سۇنەن، مەناسىك 3 (5، 112)، 5 (5، 115)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 3 (2887)؛ مالىك، مۇۋەتتا، ھەج 65 (2، 346).

392 بۇخارى، سەھىھ، ئۇمرە 4، جەزائۇسسەيد 26؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 222؛ نەسائى، سۇنەن، سىيام 6 (4، 130).

ئۆمرىگە ئېھرام باغلاش ھەجگە ئېھرام باغلاش بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۆمرىنىڭ تاۋاپ ۋە سەئيىسى ھەجنىڭ تاۋاپ ۋە سەئيىسى بىلەن ئوخشاشتۇر. ھەجگە ئېھرام باغلىغان كىشى ئۇچۇن چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان كىشى ئۇچۇنمۇ چەكلىنىدۇ.

### چ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەججى

رىۋايەت قىلىنىدۇكى جابىر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) 9 يىل ھەج قىلماي تۇردى، ئاندىن 10- يىلى ئۆزىنىڭ ھەج قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەدىنىگە نۇرغۇنلىغان كىشى كەلدى، كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)قا ئەگىشىپ ئۇنىڭ قىلغىنىدەك ھەج قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

بىز (رەسۇلۇللاھ ۋە ھەج قىلىشقا يىغىلغانلار) ھەممىمىز بىرلىكتە يولغا چىقىپ، زۇلھۇلەيفە[393]گە كەلگەندە ئەسما بىنتى ئۇمەيس تۇغدى ۋە رەسۇلۇللاھقا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەن قانداق قىلىمەن؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئۇنىڭغا: «غۇسۇل قىلغىن، بىر كىيىم بىلەن تاڭغىن ۋە ئېھرام باغلىغىن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن مەسچىتتە ناماز ئوقۇدى، ئاندىن تۆگىسىگە مىندى، تۆگە رەسۇلۇللاھنى ئېلىپ تۈزلەڭلىككە چىققاندا ئالدى تەرىپىدە كۆزۈم يەتكەن يەرگە قەدەر ئۇلاغلىق ۋە پىيادە ئادەملەرنى كۆردۈم، ئوڭ تەرىپىدىمۇ شۇنچىلىك، سول تەرىپىدىمۇ شۇنچىلىك، ئارقىسىدىمۇ شۇنچىلىك ئادەم بار ئىدى.

رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىدى، قۇرئان ئۇنىڭغا نازىل بولاتتى، قۇرئاننىڭ تەپسىرىنى ئۇ بىلەتتى، ئۇ نېمە ئىش قىلسا بىز شۇ ئىشنى قىلاتتۇق.

ئۇ ئەسنادا رەسۇلۇللاھ ئۇنلۇك ئاۋازدا تەۋھىدنى ئىپادىلەيدىغان مۇنۇ سۆزنى ئوقۇدى: ﴿لَبَّيْكَ اللهُمَّ، لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لَا شَرِيكَ لَكَ لَبَّيْكَ، إِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ، وَالْمُلْكَ لَا شَرِيكَ لَكَ (خوش، ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلىپ كەلدىم! بۇيرۇقۇڭغا ھازىرمەن. خوش، بۇيرۇقۇڭغا ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، خوش، بۇيرۇقۇڭغا ھازىرمەن. شۈبھىسىزكى، ھەمدۇسانالار ساڭا خاستۇر، نېمەت ۋە مۈلۈك سېنىڭدۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر).

---

393 مەدىنە ئەھلىنىڭ مىقاتىدۇر. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا مەلۇمات بېرىلدى.

شۇنىڭ بىلەن يىغلىغان خەلقمۇ لەببەيكە... تۋلىدى. رەسۇلۇللاھ بىر نەرسە دېمەستىن ئۈنلۈك ئاۋازدا لەببەيكە... ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ چاغلاردا بىز پەقەت ھەجگىلا نىيەت قىلاتتۇق، ئۆمرىنى بىلمەيتتۇق.

بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇشۇنداق مېڭىپ، تا بەيتۇللاھنىڭ يېنىغا بارغاندا رەسۇلۇللاھ ھەجرۇلئەسۋەدنى بوسە قىلدى، ئۈچ قېتىم تېز، تۆت قېتىم ئادەتتىكىدەك مېڭىپ تاۋاپ قىلدى. ئاندىن ماقامى ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ماقامى ئىبراھىمدا ناماز ئوقۇڭلار» (بەقەرە 125/2)، دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتنى ئوقۇدى ۋە ماقامى ئىبراھىمنى ئۆزى بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئارىسىدا قىلىپ تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، بۇ ئىككى رەكئەت نامازدا ئىخلاس ۋە كافىرۇن سۈرىلىرىنى ئوقۇدى، ئىككى رەكئەت نامازدىن پارىغ بولۇپ ھەجرىلئەسۋەدنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى بوسە قىلدى.

ئاندىن ئىشىكتىن چىقىپ سەفا تەرەپكە ماڭدى، سەفاغا يېقىنلاشقاندا: «شۈبھىسىزكى سەفا ۋە مەرۋە ئاللاھ ئىبادەت ئۈچۈن بەلگىلىگەن نىشانلاردىندۇر» (بەقەرە 58/2)، دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتنى ئوقۇدى ۋە: «ئاللاھ باشلىغاندەك باشلايمەن» دەپ سەفادىن باشلىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقتى، بەيتۇللاھنى كۆرۈپ قىبلىگە يۈز كەلتۈردى، ئاندىن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئوقۇدى، تەكبىر ئېيتتى ۋە مۇنداق دېدى: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، مۈلۈك ئۇنىڭدۇر، ھەمد ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بىردۇر، ئۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسىگە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ئۆزى يالغۇز پۈتۈن گۇرۇھلارنى مەغلۇپ قىلدى».

ئاندىن دۇئا قىلدى ۋە ئېيتقانلىرىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن مەرۋىگە بېرىش ئۈچۈن سەفادىن چۈشتى، ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا يۈگۈردى، ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىققاندا ئادەتتىكىدەك ماڭدى، شۇنداق مېڭىپ ئاخىرى مەرۋىگە كەلدى.

مەرۋىدە سەفادا قىلغانلىرىنىڭ ئوخشىشىنى قىلدى، سەئيىنى مەرۋە ئۈستىدە ئاخىرلاشتۇرغان چېغىدا مۇنداق دېدى: «ئەگەر باشلاپ بولغان ئىشىمنى يېڭىدىن باشلىغان بولسام، قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەن بولاتتىم ۋە بۇ ھەجنى

ئۆمرىگە ئۆزگەرتەتتىم. سىلەردىن كىمنىڭ يېنىدا قۇربانلىق بولمىسا ئېھرامدىن چىقسۇن ۋە ھەججىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتسۇن».

شۇنىڭ بىلەن سۇراقە ئىبنى مالىك ئورنىدىن تۇرۇپ: يارەسۇلەللاھ! بۇ ئىش بىزنىڭ مۇشۇ يىلىمىزغا خاسمۇ، ياكى ئەبەدىلئەبەد داۋاملىشامدۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ تۇرۇپ ئىككى قېتىم: «ئۆمرە ھەججىنىڭ ئىچىگە كىردى»، «ياق، ئەبەدىلئەبەد داۋاملىشىدۇ» دېدى.

ئەلى (ر.ئە) يەمەندىن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ تۆگىلىرىنى ئېلىپ كەلدى، ئەلى فاتىمەنى ئېھرامدىن چىققانلارنىڭ قاتارىدا كۆردى. فاتىمە بويالغان كىيىم كىيگەن ۋە سۈرمە تارتقان بىر ھالەتتە ئىدى، ئەلى ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلىدى، فاتىمە: بۇنى ماڭا دادام ئەمر قىلدى، دېدى.

ئەلى ئىراقتىكى چېغىدا مۇنداق دېگەن: شۇنىڭ بىلەن مەن فاتىمەنى بۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئازارلىتىش ۋە «بۇنداق قىلىشقا دادام بۇيرۇدى» دېگەن سۆزى ھەققىدە سوئال سوراش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بىرىپ، فاتىمەنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى خەۋەر قىلدىم، رەسۇلۇللاھ: «توغرا ئېيتىپتۇ، توغرا ئېيتىپتۇ، سەن ھەججگە نىيەت قىلغان چېغىڭدا نېمە دېگەن؟» دەپ سورىدى، مەن: «ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭ نېمىگە نىيەت قىلغان بولسا مەنمۇ شۇنىڭغا نىيەت قىلدىم» دېگەن، دەپ جاۋاب بەردىم. رەسۇلۇللاھ: «مېنىڭ يېنىمدا قۇربانلىقىم بار، سەن ئېھرامدىن چىقما» دېدى.

ئەلى (ئە.س) يەمەندىن ئېلىپ كەلگەن ۋە رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىن ئېلىپ كەلگەن قۇربانلىقنىڭ سانى جەمئىي 100 ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئېھرامدىن چىقىپ چاچلىرىنى كەستۈردى، پەقەت رەسۇلۇللاھ ۋە يېنىدا بىللە قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەنلەر ئۇنداق قىلمىدى.

تەرۋىيە كۈنى (زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8- كۈنى) كەلگەندە ھەممەيلەن مىناغا قاراپ ماڭدى ۋە ھەججگە نىيەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلىغىغا مىنگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ مىنادا پېشىننى، نامازدىگەرنى، نامازشامنى، خۇپتەننى ۋە بامداتنى ئوقۇدى. ئاندىن كۈن چىققانغا قەدەر تۇردى ۋە نەمىرە دېگەن جايدا ئۆزى ئۈچۈن بىر چېدىر تىكىلىشىنى بۇيرۇدى. ئاندىن ماڭدى، قۇرەيش ئۆزلىرىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە مۇزدەلىفەدە تۇرغىنىدەك بۇ قېتىم رەسۇلۇللاھنىڭمۇ مەشئەرى ھەرامدا (مۇزدەلىفەدە) تۇرىدىغانلىقىدا ھېچ شۈبھە قىلمايتتى.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بولسا ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئەرەفاتقا باردى ۋە نەمىرە دېيىلىدىغان يەردە ئۆزى ئۈچۈن چېدىر تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇ يەرگە چۈشتى، كۈن قايرىلغاندا تۆگىسىنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن تۆگىگە توقۇمى توقۇلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ۋادىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلدى ۋە ئىنسانلارغا مۇنداق نۇتۇق سۆزلىدى:

بىر ـ بىرىڭلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا چېقىلىش، خۇددى مۇشۇ ئاينىڭ، مۇشۇ كۈننىڭ، مۇشۇ جاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىققا ئوخشاشلا ھارامدۇر.

بىلىڭلاركى، جاھىلىيەتتىن قالغان ھەر ئىش بىكار قىلىنىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قان قەرز بىكار قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئىبىن رەبىئە ئىبىن ھارىسنىڭ قان قەرزىنى بىكار قىلىشتىن باشلايمەن (ئىبىن رەبىئە بەنى سەئد قەبىلىسىدە ئىنىكئانىسىنىڭ يېنىدا ئىدى، ئۇنى ھۇزەيل قەبىلىسى ئۆلتۈرگەن ئىدى).

جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلىنغان جازانە بىكار قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن تاغام ئاbbاس ئىبىن ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ جازانىسىنى بىكار قىلىشتىن باشلايمەن. ئۇنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىنىدۇ.

ئاياللىرىڭلار توغرىسىدا ئاللاھتىن قورقۇڭلار. سىلەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى سۈپىتىدە ئالدىڭلار، ئۇلارنى نىكاھ ئارقىلىق ئۆزۈڭلارغا ھالال قىلدىڭلار. سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنىڭ زىممىسىدە مۇنداق ھەققىڭلار بار:

ئاياللىرىڭلار تۆشەكلىرىڭلارغا سىلەردىن باشقا ھېچكىمنى يېقىن يولاتماسلىقى لازىم. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، ئۇلارنى ئاستىراق ئۇرساڭلار بولىدۇ.

ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىممىڭلاردىكى ھەققى شۇكى، ئۇلارنى مەئرۇپقا (شەرىئەتكە، ئۆرپ-ئادەتكە) ئۇيغۇن ھالدا ئاش ـ نان، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەڭلار.

رەسۇلۇللاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: سىلەرگە مەن ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئاننى قويۇپ كەتتىم. قۇرئاننى مەھكەم تۇتساڭلار، ئازمايسىلەر. سىلەر مەن توغرۇلۇق سورىلىسىلەر، نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن تەبلىغ قىلدىڭ (ئەلچىلىكنى يەتكۈزدۈڭ)، ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ، نەسىھەت قىلدىڭ (ئىشىڭدا سەممىي بولدۇڭ) دېدى. شۇنىڭ بىلەن

رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلدى، ئاندىن ئۇ بارمىقىنى ئىنسانلارغا قارىتىپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم: «ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن!» دېدى.

ئاندىن ئەزان-تەكبىر ئوقۇپ پېشىننى ئوقۇدى، ئاندىن تەكبىر ئوقۇپ نامازدىگەرنى ئوقۇدى. ئۇ ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا باشقا بىر ناماز ئوقۇمىدى، ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ ۋەقف (تۇرۇش) يېرىگە كەلدى، تۆگىسىنىڭ كۆكسىنى قۇرام تاشلارغا ئۇدۇل قىلدى، پىيادىلىكلەر يىغىلغان يەرنى ئالدىغا توغرا كېلىدىغان قىلدى، قىبلىگە يۈز كەلتۈردى. ئاندىن كۈن پاتقۇچە، كۈننىڭ سېرىقلىقى بىرئاز كەتكۈچە، ھەتتا كۈننىڭ يۈزى يوق بولغۇچە تۇردى.

ئاندىن ئۇسامەنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ يولغا چىقتى، تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۇ قەدەر تارتقان ئىدىكى، تۆگىنىڭ بېشى توقۇمىنىڭ ئاستىدىكى تېرىگە تەگكىلى تاس قالدى، ئوڭ قولى بىلەن: «ئى ئىنسانلار! تەمكىن بولۇڭلار، تەمكىن بولۇڭلار!» دەپ ئىشارەت قىلدى، قۇم دۆۋىلىرىدىن بىرىگە كەلگەندە تۈزلەڭلىككە چىققۇچىلىك تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىرئاز بوشاتتى.

رەسۇلۇللاھ شۇنداق مېڭىپ ئاخىرى مۇزدەلىفەگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردە نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇدى، ئۇ ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا باشقا بىر ناماز ئوقۇمىدى، ئاندىن تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر ياتتى، ئاندىن تاڭ سۈزۈلگەن ھامان بىر ئەزان، بىر تەكبىر بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى، ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ مەشئەرى ھەرامغا كەلدى (مەشئەرى ھەرامنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى مۇزدەلىفەنىڭ ئاخىرىدىكى قۇزەھ ئىسىملىك تاغ، دېمەكتۇر)، بۇ يەرگە كېلىپ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلدى، تەكبىر ئېيتتى، تەھلىل ئېيتتى ۋە لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ... دېدى، ئاندىن تاڭ خېلى ئوبدان سۈزۈلگەنگە قەدەر بۇ شەكىلدە تۇردى، ئاندىن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى مىناغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

رەسۇلۇللاھ فەزل ئىبنى ئابباسنى ئارقىسىغا مىندۈردى... ۋە مېڭىپ تاكى مۇھەسسىر ۋادىسىغا (مىنا بىلەن مۇزدەلىفە ئارىسىدىكى بىر ۋادى) كەلگەندە ئۇلىغىنى بىرئاز ھەرىكەتلەندۈردى، ئاندىن بۈيۈك جەمرە (چوڭ شەيتان)غا چىقىدىغان ئوتتۇرا يولدىن ماڭدى، تاكى دەرەخنىڭ يېنىدىكى جەمرەگە (چوڭ شەيتانغا) كېلىپ، ئۇنىڭغا يەتتە دانە ئۇششاق تاش ئاتتى، ئۇلار كۆرسەتكۈچ ۋە

باش بارماق بىلەن ئېتىلىدىغان چوڭلۇقتىكى كىچىك تاشلار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتاتتى، ئۇلارنى ۋادىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئاتتى.

ئاندىن قۇربانلىق قىلىدىغان يەرگە بېرىپ ئۆز قولى بىلەن 63 دانە تۆگىنى بوغۇزلىدى، ئاندىن پىچاقنى ئەلى (ر.ئە)غا بەردى، قالغان تۆگىلەرنى ئەلى بوغۇزلىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلىنى ئۆز ۋاقتىدا قۇربانلىق ماللىرىغا شېرىك قىلغان ئىدى، ئاندىن ھەر تۆگىدىن بىرەر پارچە گۆش ئېلىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ئۇ گۆشلەر بىر قازانغا سېلىنىپ پىشۇرۇلدى، ھەر ئىككىسى قۇربانلىقلىرىنىڭ گۆشلىرىدىن يېدى ۋە شورپىلىرىدىن ئىچتى.

ئاندىن ئۇ يەردىن ئايرىلىپ بەيتۇللاھقا باردى، تاۋاپتىن كېيىن مەككىدە پېشىننى ئوقۇدى، ئاندىن زەمزەم ساقىيلىقىنى قىلىۋاتقان ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغۇللىرىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

«ئى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغۇللىرى! سۇ تارتىڭلار، سۇنى تارتىش توغرۇلۇق باشقىلارنىڭ سىلەرگە غالىب كېلىشىدىن قورقمىسام، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە سۇ تارتقان بولاتتىم».

ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بىر سوغا سۇنى سۇندى، رەسۇلۇللاھ ئۇ سۇدىن ئىچتى[394].

بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ھەججىنىڭ تەشرىق كۈنلىرىدىكى پائالىيەتلىرىدىن باشقا پائالىيەتلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## خ- سوئال-جاۋابلار

### بەدەل ھەج

سوئال: ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ياكى ئېغىر كېسەل بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھەجگە بارالمىغانلار ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلدۇرۇشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلِلّٰهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً﴾

394 مۇسلىم، سەھىھ، ھەج، 19، 147 ـ (1218)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، مەناسىك 1905؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، مەناسىك 84 (3074). بۇ ھەدىس مەزكۇر ئۈچ مەنبەدە زىكىر قىلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدۇر.

«بەيتۇللاھقا بېرىشقا يول تاپالىغان كىشىلەرنىڭ ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى بىر ھەققىدۇر»- ئال ئىمران 97/3.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى ھەرەمگە بېرىشقا كۈچى يەتكەنلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىشلىرىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ھەرەمگە بېرىشقا كۈچى يەتمىگەنلەرگە ھەج قىلىش پەرز ئەمەس، دېگەن بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئاللاھ تائالا ھەجنى باشقىسىغا قىلدۇرۇشنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ قىلىشنى پەرز قىلغان.

ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ياكى ھەرەمگە بارالمايدىغان كىشى ھەرەمگە بېرىشقا كۈچى يەتمىگەن كىشىدۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ھەج قىلىش پەرز ئەمەستۇر.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَن لَّيْسَ لِلْإِنسَانِ إِلَّا مَا سَعَىٰ﴾

«ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»- نەجم 39/53.

باشقىسى قىلغان ھەج شۇ باشقىسى قىلغان ئىشتۇر. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى باشقا بىرى كۆرمەيدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلى توختايدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەمىلىنىڭ ساۋابى توختىمايدۇ: بىرىنچى، ئىنسانلارغا مەنپەئەتى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان سەدىقە (مەسچىت، مەدرىسە سالغانغا ئوخشاش) . ئىككىنچى، پايدىلىق ئىلىم (باشقىلارغا ئۆگەتكەن ئىلىم ۋە يېزىلغان ئىلمي ئەسەرلەر). ئۈچىنچى، ئارقىسىدىن ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت»[395].

يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن بىر كىشى قىلغان ئەمەلنىڭ يەنە بىر كىشىگە پايدىسى بولمايدىغانلىقى ئېنىق بىر شەكىلدە بىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى قۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان ئىبادەتنى باشقا بىر كىشى ئۈچۈن نىيەت

395 مۇسلىم، سەھىھ، ۋەسىيەت 14، 1631. تىرمىزى، سۈنەن، ئەھكام 1297. نەسائى، سۈنەن، ۋەسايا 3591. ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ۋەسايا 2494.

قىلىپ ئادا قىلىشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ھەج ئىبادىتى بەدەن بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. ئۇنىڭ پۇل كېتىدىغان قىسمى ئىبادەتنىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردۇر.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئىبادەتنى قىلغان مۇسۇلمان، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى قۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن قىلىدۇ ۋە قىلىشى لازىم. ئاللاھ تائالا بۇنداق ئەمەلنى كىم قىلغان بولسا، ئەجرنى شۇ كىشىگە بېرىدىغانلىقىنى نۇرغۇنلىغان ئايەتتە بايان قىلىدۇ.[396]

بۇ ھەقتە يەنە بىر گەپ، ئىككى نەرسىنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىنسان ھاسىل بولىدۇ؛ بىرى تەن، يەنە بىرى روھ. ئىنسان ئۆزى ئىستېمال قىلغان يېمەك-ئىچمەكلەر بىلەن تېنىنى (بەدىنىنى) غىزالاندۇرىدۇ؛ ئۆزى قىلغان ئەمەل-ئىبادەت بىلەن روھىنى غىزالاندۇرىدۇ. بىر كىشىنىڭ باشقىسى يەپ-ئىچكەن نەرسە بىلەن قورسىقى تويمىغاندەك، باشقىسى قىلغان ئىبادەت بىلەنمۇ روھى غىزالانمايدۇ.

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ ھەجنى باشقىسى ئۈچۈن قىلغان «نىمكار»نىڭ: «مەن بۇ ھەجنى پالانى ئۈچۈن قىلىمەن» دېگەن سۆزى ياكى شۇنداق نىيىتى: «مەن ماۋۇ تاماقنى پالانى ئۈچۈن يەيمەن، شۇ پالانىنىڭ قورسىقى تويسۇن» دېگەندەك گەپ بولىدۇ.

ھەج ئىبادىتىگە نىمكار سالغۇچى كىشىنىڭ: «ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ دادام ئۈچۈن ھەج قىلىپ بەرسىلە» دېگەن سۆزى، «ماۋۇ پۇلغا دادام ئۈچۈن تاماق يەپ بەرسىلە، دادامنىڭ قورسىقى تويسۇن» دېگەندەك گەپ بولىدۇ.

بەدەل ھەج قىلدۇرۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىنىۋاتقان ھەدىسلەر سەنەد ئېتىبارى بىلەن خەبىرى ۋاھىددۇر، مەنا ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىدىكى ئايەتلەرگە، يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا خىلاپتۇر.

396 ئال ئىمران 57، نىسا 152 ۋە 173، فاتىر 30 قاتارلىق ئايەتلەردىكى «ئۇجۇرەھۇم»، بەقەرە 62، 274، 277، ئال ئىمران 199، نەھل 97، ھەدىد 19قاتارلىق ئايەتلەردىكى «ئەجرەھۇم» ئەمەلنى كىم قىلسا، ئەجر (ساۋاب) نى شۇنىڭ ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## ھاجىم دېيىش كېرەكمۇ؟

سوئال: ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنى ھاجىم دەپ ئاتاش كېرەكمۇ؟ ياكى ئۇنداق ئاتىمىساقمۇ بولامدۇ؟

جاۋاب: «ھاجى» دېگەن سۆز ئەسلىدە ئەرەبچە ھاجج «حاج» بولۇپ، مەنىسى: «مەككىگە بېرىپ ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىپ كەلگەن ئادەم» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھۆرمەت يۈزىسىدىن بەزى سۈپەتلەرنىڭ ھەتتا بەزى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «م» ھەرپى قوشۇلۇپ ئاتىلىدىغان ئىش بار. مەسىلەن: كىشىلەر ئاتا-ئانىسىنى «ئاتام، ئانام» دەيدۇ. بەزىلەر باللىرىنى ئەركىلىتىپ، ئەتىۋارلاپ «مامۇتۇم، ساۋۇتۇم، ئائىشەم، خالىدەم» دەپ ئاتايدۇ.

بۇ «م» ھەرپى ئەسلىدە پارسچىدىن تىلىمىزغا كىرگەن بولۇپ، مەنىسى «مېنىڭ» دېگەن بولىدۇ. مەسىلەن: «ئاتام» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بۇ ئاتا مېنىڭ، دېگەن بولىدۇ. ناۋادا بىر كىشى ئاتىسى ئۇچۇن باشقىلارنىڭ ئالدىدا «ئاتا» دېسە، بۇ بىر تەرەپتىن ئۇ كىشىنىڭ بىر ئاتا يوللۇق ئادەمنى دېمەكچىمۇ ياكى ئۆز ئاتىسىنى دېمەكچىمۇ ئېنىق بىلىنمەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ سۆزدىن بىرئاز قوپاللىق پۇرىقى چىقىپ قالىدۇ. ئاخىرىغا «م» ھەرىپى قوشۇپ ئېيتىلسا بۇ خىل مۇجمەللىككە ئېھتىمال قالمايدۇ، قوپاللىق پۇرىقى چىقمايدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن كىشى ھۆرمەتلىنىپ «ھاجى» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىغا «م» قوشۇلۇپ «ھاجىم» دېيىلسە ھۆرمەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

بۇ ئىشنىڭ شەرئىي ھۆكمىگە كەلسەك، ھاجىلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا بۇ سۈپەتنى قوشۇش شەرت ئەمەس. چۈنكى دىنىمىزدا بۇنداق بىر شەرت بەلگىلەنمىگەن. شۇڭا رەسۇلۇللاھ (ئە.س) «مۇھەممەد ھاجىم» دەپ ئاتالمايدۇ. تۆت خەلىپىنىڭمۇ «ئابا بەكىر ھاجىم، ئۆمەر ھاجىم، ئوسمان ھاجىم، ئەلىي ھاجىم» دەپ ئاتالغىنى يوق. لېكىن مەككىگە بېرىپ ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىپ كەلگەن بىر كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ھاجىم» دېگەن سۈپەتنى قوشۇپ دېيىش گۇناھ ئەمەس. چۈنكى بۇ توغرىدا بىر چەكلىمە يوق. يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك بۇ ئۇلارغا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ، خالاس.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج قىلغۇچىلارنىڭ، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ھاجىم» قوشۇلۇپ ئېيتىلسا كىبىرلىنىپ كەتمەسلىكى، قوشۇلۇپ ئېيتىلمىسا خاپا بولۇپ

كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى ھەج ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىنىدىغان بىر ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ رىزاسىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە مەقسەت قىلىنماسلىقى كېرەك. «ھاجىم» دەپ چاقىرىلمىسا خاپا بولۇپ كېتىدىغان ھاجىلار پەقەت «ھاجىم» دېيىلىش ئۈچۈنلا ھەج قىلغان بولىدۇ (نەئۇزۇ بىللاھ).

## بۇرۇنمۇ ھەج بارمىدى؟

سوئال:

ھەج ئىبادىتى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىدىمۇ بارمىدى؟ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەج قىلغانمۇ؟

جاۋاب:

ھەئە، ھەج ئىبادىتى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىدا بار ئىدى. چۈنكى «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا دىن ئىسلامدۇر»[397]، شۇڭا ئاللاھ تائالا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىسلامنى نازىل قىلغان، ھەج بولسا ئەنە شۇ ئىسلامنىڭ بەش ئەركانىدىن بىرىدۇر[398].

ئاللاھ تائالانىڭ مەككىنى يەر يۈزىنىڭ ئانا كەنتى قىلىشى[399]، كەبىنى بولسا ئىنسانلارنىڭ قىبلىسى، ساۋاب قازىنىدىغان يېرى[400]، تۇنجى ئىبادەتگاھى، ئالەملەر ئۈچۈن بەرىكەت ۋە ھىدايەت مەنبەسى قىلىشى[401] قاتارلىقلارمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى كەبە تۇنجى ئىبادەتگاھ بولسا، كەبىنىڭ ئەتراپىدا قىلىنىدىغان ئەڭ چوڭ ئىبادەت بولغان ھەجمۇ تۇنجى ئىنسان ئادەم (ئە.س) بىلەن باشلانغان بولىدۇ. لېكىن كەبە نۇھ (ئە.س)نىڭ دەۋرىدە يۇز بەرگەن توپان بالاسىدا يىقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىبادەت توختاپ قېلىپ، ئىبراھىم (ئە.س) كەبىنى يېڭىدىن سالغاندىن كېيىن قايتا باشلانغان.

---

397 ئال ئىمران 3/19.

398 مۇناسىۋەتلىك ھەدىس: ئىبنى ئۆمەر (رئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى بەش ئەركان ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىرىنچىسى ‹ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ئىككىنچىسى ناماز ئوقۇش، ئۈچىنچىسى زاكات بېرىش، تۆتىنچىسى ھەج قىلىش، بەشىنچىسى روزا تۇتۇش». (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

399 ئەنئام 6/92؛ شۇرا 42/7.

400 بەقەرە 2/125، 144.

401 ئال ئىمران 3/96.

دىمەك، ھەج ئىبادىتى يەر يۈزىگە ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ مەۋجۇت. لېكىن ھەر پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىدە ھەجنىڭ بەزى ئەھكاملىرى پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد (ئە.س)نىڭ شەرىئىتىدىكى ھەج ئىبادىتىنىڭ «سەئيى[402]» قىسمىنىڭ ئىبراھىم (ئە.س)نىڭ ئايالى ھاجەر ئانىمىزنىڭ بالىسى ئىسمائىلغا سۇ ئىزدەپ مەزكۇر ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈشىدىن قالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[403].

مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەت مۇنداق:

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير[404] مۇنداق دەيدۇ: ماڭا مۇنۇ خەۋەر يەتتى: «بەيتۇللاھ ئادەم (ئە.س) ئۈچۈن ئىبادەتگاھ قىلىپ بېكىتىلدى، ئادەم ئۇنى تاۋاپ قىلاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى. نۇھ (ئە.س) توپان بالاسىدىن ئىلگىرى بەيتۇللاھنى ھەج قىلغان، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن، ئۇنى ھۆرمەتلىگەن. ئاللاھ توپان بالاسى بىلەن نۇھ (ئە.س)نىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلغاندا بەيتۇللاھمۇ مۇسىبەتكە ئۇچراپ، ئورنى تونۇشلۇق بىر قىزىل تۆپىلىككە ئايلىنىپ قالغان. ئاندىن ئاللاھ ھۇد (ئە.س)نى ئاد قەۋمىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قەۋمىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى، ھەج قىلمىدى. ئاندىن ئاللاھ سالىھ (ئە.س)نى سەمۇد قەۋمىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قەۋمىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى، ھەج قىلمىدى. ئاندىن ئاللاھ بەيتۇللاھنى ئىبراھىم (ئە.س)غا ماكان قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم (ئە.س) ھەج قىلدى، ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگەتتى ۋە ئۇنى زىيارەت قىلىشقا چاقىردى. ئاندىن ئاللاھ ئىبراھىم (ئە.س)دىن كېيىن ئەۋەتكەن ھەر پەيغەمبەر ھەج قىلدى»[405].

402 سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا مېڭىش پائالىيىتى.

403 بۇخارى، سەھىھ، ئەنبىيا، 3364.

404 ئەبۇ ئابدۇللاھ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام (ۋاپاتى: 94 ھ). بۇ كىشى تابىئىنلاردىن بولۇپ ھەدىسچى، تارىخچى ۋە مەدىنەدىكى يەتتە فەقىھنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ھاممىسى ئائىشە (ر.ئە)دىن كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.. ئىبنى كەسىر (774 ھ)، بىدايە ۋە نىھايە 476/12.

405 ئەبۇل ۋەلىد مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەزرەقي (ۋاپاتى: 250 ھ)، ئەخبارۇ مەككە ۋەما فىيھا مىنەل ئاسارى 72/1؛ ئەھمەد ئىبنى ھۈسەين بەيھەقى (ۋاپاتى: 458 ھ)، سۇنەنى كۇبرا288/5، ھەدىس نومۇرى: 9837.

# قۇربانلىق

## ئومۇمىي بايان

قۇربانلىق قىلىش، يەر يۈزىگە ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ قىلىنىپ كەلگەن بىر ئىبادەتتۇر.[406] ئىنسانلار بۇ ئىبادەتنى پەيغەمبەرلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە قىلغاندا ئاللاھقا ئاتاپ، پەيغەمبەرلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن يىراقلاشقان چاغلىرىدا ئاللاھتىن غەيرىيگە ئاتاپ قىلغان.[407]

ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل (ئە.س)نىڭ يولىدىن يىراقلاشقان مەككە مۇشرىكلىرى ئىبادەتلەرنىڭ شەرت ۋە شەكىللىرىنى ئۆزگەرتكەن[408]، ھەتتا بەزى ئىبادەتلەرنى ئاللاھقا قىلماي، ئاللاھقا يېقىن دەپ ئويلىغان خىيالى كىشىلەرنىڭ ھەيكەللىرىگە قىلغان[409]. ئۇلار جۈملىدىن قۇربانلىق ئىبادىتىنىڭمۇ شەرت ۋە شەكىللىرىنى ئۆزگەرتكەن. ئاللاھقىلا قىلىنىشى كېرەك بولغان قۇربانلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرى بەلگىلىگەن يەردە بۇتلىرىغا ئاتاپ قىلغان[410]. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَجَعَلُواْ لِلّهِ مِمِّا ذَرَأَ مِنَ الْحَرْثِ وَالأَنْعَامِ نَصِيبًا فَقَالُواْ هَذَا لِلّهِ بِزَعْمِهِمْ وَهَذَا لِشُرَكَآئِنَا فَمَا كَانَ لِشُرَكَآئِهِمْ فَلاَ يَصِلُ إِلَى اللّهِ وَمَا كَانَ لِلّهِ فَهُوَ يَصِلُ إِلَى شُرَكَآئِهِمْ سَاء مَا يَحْكُمُونَ﴾

---

406 مائىدە سۈرىسىنىڭ 27 ـ ئايىتىدە ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قۇربانلىق قىلغانلىقىنىڭ بايان قىلىنىشى بۇنى كۆرسىتىدۇ. ئايەت مۇنداق: (وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ابْنَيْ آدَمَ بِالْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ مِنْ أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ الْآخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللَّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ- ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى ئەينەن ئوقۇپ بەرگىن: ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن بىرەردىن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرىنىڭ قوبۇل قىلىندى، يەنە بىرىنىڭ قوبۇل قىلىنمىدى. قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنمىغىنى: ‹مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن› دېۋىدى، قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنغىنى مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنىلا قوبۇل قىلىدۇ›.)- مائىدە 27/5.

407 قۇرئان كەرىمدە ئاللاھدىن غەيرىيگە ئاتاپ بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشىنىڭ ھارام قىلىنىشى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.- بەقەرە 173/2؛ مائىدە 3/5؛ ئەنئام 145/6؛ نەھل 115/16.

408 بەقەرە 189/2، 196؛ ئەنفال 35/8.

409 زۇمەر 3/39؛ يۇنۇس 18/10.

410 جاھىلىيەتتە كەبىنىڭ چۆرىسىدە تىكلەپ قويۇلغان بىر قىسىم تاشلاپ بولۇپ ئۇ تاشلارنىڭ ئالدىدا بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىناتتى ۋە قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ قانلىرىدىن شۇ تاشلارغا سۈۋاپ قويۇلاتتى - (فەخرىددىن رازى (544 ـ 606 ھ، 1150 ـ 1210م)، تەپسىرى كەبىر، 285/5).

«مۇشرىكلار ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر نېسىۋە ئايرىپ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ باتىل چۈشەنچىسى بويىچە: ‹بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر. بۇ شېرىكلىرىمىز ئۈچۈندۇر[411]› دېدى. ئۇلارنىڭ باتىل چۈشەنچىسى بويىچە شېرىكلىرىنىڭ نېسىۋىسى ئاللاھنىڭكىگە قوشۇلمايتتى. ئاللاھنىڭ نېسىۋىسى شېرىكلىرىنىڭكىگە قوشۇلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان![412]»- ئەنئام 136/6.

ئاللاھ تائالا بۇتلارغا ئاتاپ قىلىنغان قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ھارام قىلغان[413]، بۇتلارغا قۇربانلىق قىلىنىش ئۈچۈن تىكلەپ قويۇلغان تاشلارنىڭ ئۈستىدە قۇربانلىق قىلىشنى ۋە ئۇ يەردە قىلىنغان قۇربانلىقلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشنى پاسكىنىچىلىق ۋە شەيتاننىڭ ئىشى دەپ سۈپەتلەپ ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغان[414]، شۇنداقلا ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد (ئە.س)نى ۋە ئۇنىڭ

411 مۇشرىكلار كەبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ مۇنداق دەيتتى: «لَبَّيْكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ إِلاَّ شَرِيْكٌ هُوَ لَكَ تَمْلِكُهُ وَ مَا مَلَكَ- خوش، مەن ئەمرىڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە ھازىرمەن ئى ئاللاھ! سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، پەقەتلا بىر شېرىكىڭ بار، ئۇ ۋە ئۇ ئىگە بولغان ھەممە نەرسە سېنىڭ ئىلكىڭدە ئى ئاللاھ!». ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار «لەببەيك لا شەرىيكە لەك- خوش، مەن ئەمرىڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە ھازىرمەن ئى ئاللاھ! سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق» دېگەن ۋاقىتلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئىسىت سىلەرگە! بۇ يەردە توختىتىڭلار، بۇ يەردە توختىتىڭلار» دەيتتى- (مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 22، 1185). دېمەككى، ھەر قەبىلە ئۆزىنىڭ بۇتىنى ئاللاھنىڭ شېرىكى، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى ۋە ئېكىنلىرى بىلەن تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلىرىدىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر نېسىۋە، بۇتى ئۈچۈن بىر نېسىۋە ئايرىيتتى. ئايەتتە پۈتۈن مۇشرىكلارنىڭ بۇ باتىل قىلمىشى ئەيىبلىنىدۇ.

412 ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار ئېكىنلىرىدىن ۋە تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلىرىدىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر ھەسسە، بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە ئايرىيتتى. ئۇلار بۇتلىرى ئۈچۈن ئايرىغىنىنى بۇتقا چىقىم قىلاتتى. ئاللاھ ئۈچۈن ئايرىغىنى بىلەن ئۆسمۈر باللارنى ۋە يوقسۇللارنى تەمىنلەيتتى ۋە ئۆزلىرى بۇنىڭدىن يېمەيتتى. ئەگەر ئاللاھ ئۈچۈن ئايرىغىنىدىن بۇتلار ئۈچۈن ئايرىغىنىغا بىر نەرسە چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى شۇنداقلا تاشلىۋېتەتتى ۋە: «ئاللاھ بۇنىڭدىن بىھاجەت» دەيتتى. ئەگەر بۇتلار ئۈچۈن ئايرىغىنىدىن ئاللاھ ئۈچۈن ئايرىغىنىغا بىر نەرسە چۈشۈپ كەتسە ئۇنى ئېلىپ بۇتلىرىنىڭ ھەسسىسىگە قايتۇرۇۋېتەتتى ۋە: «بۇ پېقىر» دەيتتى. (فەخرىددىن رازى (544 ــ 606 ھ، 1150 ـ 1210م)، تەپسىرى كەبىر، ج 5 /158).

413 بەقەرە 173/2؛ مائىدە 3/5؛ ئەنئام 145/6؛ نەھل 115/16.

414 مائىدە سۈرىسىنىڭ 3- ۋە 90- ئايەتلىرى.

ئۈممىتىنى ئاللاھقا قۇربانلىق قىلىشقا ئەمر قىلغان[415]. شۇڭا مۇھەممەد (ئە.س) ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى قۇربانلىق قىلغان[416].

## *ئا- قۇربان (قۇربانلىق)نىڭ مەنىسى*

### 1- قۇربان «قربان» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى:

قۇربان- «قربان» ئەرەبچىدە يېقىنلاشماق، يېقىن بولماق، يېقىنچىلىق قىلماق دېگەنلىكتۇر[417]. ئەھقاف سۈرىسىنىڭ 28 - ئايىتىدىكى قۇربانەن «قُرْبَانًا» كەلىمىسى مانا مۇشۇ مەنىدە كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿فَلَوْلَا نَصَرَهُمُ الَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِ اللَّهِ قُرْبَانًا آلِهَةً بَلْ ضَلُّوا عَنْهُمْ وَذَٰلِكَ إِفْكُهُمْ وَمَا كَانُوا يَفْتَرُونَ﴾**

415 ئەنئام 6/162- ۋە 163- ئايەتلەر، ھەج 22/34-، 36- ۋە 67- ئايەتلەر، كەۋسەر سۈرىسى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

416 جۇندۇب ئىبنى سۇفيان ئەلبەجەلى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بىلەن قۇربانلىق قىلدۇق. قارىساق، بىرقانچە كىشى قۇربانلىقلىرىنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بوغۇزلاپتۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قايتقان چېغىدا ئۇلارنىڭ قۇربانلىقلىرىنى نامازدىن ئىلگىرى بوغۇزلىغانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: «كىمكى نامازدىن ئىلگىرى بوغۇزلىغان بولسا ئورنىغا باشقا بىرىنى بوغۇزلىسۇن، كىمكى بىز ناماز ئوقۇپ بولغۇچە بوغۇزلىمىغان بولسا بىسمىللاھ دەپ بوغۇزلىسۇن»- (بۇخارى، سەھىھ، زەبائىھ ۋەسسەيد 5500؛ مۇسلىم، سەھىھ، سەيد ۋە زەبائىھ ۋە ما يۇئكەلۇ مىنەلھەيۋان 1 - (1960)، 2 - (1960)، 3 - (1960)؛ نەسائى، سۇنەن، داھايا 3/ 4368، 4398؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەداھى 12/ 3152). ئەنەس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) يەتتە دانە تۆگىنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىدى. مەدىنىدە مۈڭگۈزلۈك ئىككى ئالا قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى- (بۇخارى، سەھىھ، ھەج 117، 119، جىھاد 104، 126؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئەداھى 17 (1966)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەداھى 2 (1494)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەداھى 4 (2793، 2794)؛ نەسائى، سۇنەن، داھايا 28-31 (7، 219-230)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەداھى 1، 3120). ئەبۇ سەئىد (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۈڭگۈزلۈك بىر قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. قوچقار قارىنىڭ ئىچىدە قارايتتى، قارىنىڭ ئىچىدە ماڭاتتى ۋە قارىنىڭ ئىچىدە يەيتتى (يەنى قوچقارنىڭ تۇمشۇقى، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى ۋە پۇتلىرىنىڭ ئۇچلىرى قارا ئىدى)- (مۇسلىم، سەھىھ، ئەداھى 19 (1967)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەداھى 4 (1496)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەداھى 4 (2796)؛ نەسائى، سۇنەن، داھايا 14 (7، 221)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەداھى 1، 3120).

417 لىسانۇلئەرەب، مۇئجەمۇ مەقايىسۇللۇغەت، مۇفرەدات ئەلفازىلقۇرئان، ئەسسىھاھ، ئەلقامۇسۇلمۇھىت قاتارلىق لۇغەت كىتابلىرىنىڭ «ق ر ب».

«ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىن قىلىدۇ دەپ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرى، نېمىشقا ئۇلارغا ياردەم قىلمىدى؟ بەلكى ئۇ مەبۇدلار ئۇلارنى تاشلىۋەتتى. ئۇ سۆز، ئۇلارنىڭ ئويدۇرمىسى ۋە ئاللاھقا چاپلىغان بوھتانىدۇر»۔ ئەھقاف 28/46.

## 2۔ قۇربان «قربان» سۆزىنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى

قۇربان ئاللاھ تائالانى رازى قىلىپ، يېقىنلىقىنى قازىنىش ئۈچۈن ھايۋان بوغۇزلىماقتۇر ۋە بۇ نىيەتتە بوغۇزلانغان ھايۋاندۇر. ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 183ـ ئايىتىدىكى قۇربانىن «قُرْبَانٍ» ۋە مائىدە سۈرىسىنىڭ 27 ـ ئايىتىدىكى قۇربانەن «قُرْبَانًا» كەلىمىلىرى مانا بۇ مەنىدە كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَّذِينَ قَالُوا إِنَّ اللَّهَ عَهِدَ إِلَيْنَا أَلَّا نُؤْمِنَ لِرَسُولٍ حَتَّى يَأْتِيَنَا بِقُرْبَانٍ تَأْكُلُهُ النَّارُ قُلْ قَدْ جَاءَكُمْ رُسُلٌ مِنْ قَبْلِي بِالْبَيِّنَاتِ وَبِالَّذِي قُلْتُمْ فَلِمَ قَتَلْتُمُوهُمْ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ﴾

«ئۇلار: ئاللاھ بىزنى، ئاسماندىن چۈشكەن ئوت كۆيدۈرۈۋېتىدىغان بىر قۇربانلىق مۆجىزىسى كۆرسەتمىگىچە ھېچبىر ئەلچىگە ئىشەنمەسلىككە بۇيرۇغان دېگەن كىشىلەردۇر. ئۇلارغا ئېيتقىنكى: مەندىن ئىلگىرى سىلەرگە نۇرغۇن ئەلچىلەر ئوچۇق مۆجىزىلەرنى ۋە سىلەر دېگەن مۆجىزىنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر راستچىل بولساڭلار، ئۇلارنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭلار؟»۔ ئال ئىمران 183/3.

﴿وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ابْنَيْ آدَمَ بِالْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ مِنْ أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ الْآخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللَّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ﴾

«ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى ئەينەن ئوقۇپ بەرگىن: ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن بىرەردىن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرىنىڭ قوبۇل قىلىندى، يەنە بىرىنىڭ قوبۇل قىلىنمىدى. قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنمىغىنى: ‹مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن› دېۋىدى، قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنغىنى مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنىلا قوبۇل قىلىدۇ›»۔ مائىدە 27/5.

دېمەك، قۇرئان كەرىمدە 3 يەردە «قۇربان» دېگەن سۆز كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى لۇغەت مەنىسىدە، ئىككىسى ئىستىلاھ مەنىسىدىدۇر. بەقەرە سۈرىسىنىڭ 196۔ ئايىتىدىكى ۋە ئەنئام سۈرىسىنىڭ 162۔ ئايىتىدىكى نۇسۇك

«نسك» كەلىمىسى، ھەج سۈرىسىنىڭ 34ـ ۋە 67. ئايەتلىرىدىكى مەنسەك «منسك» كەلىمىسى ئەنە شۇ «قۇربان» دېگەن سۆز ئىپادىلىگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

### 3. قۇربانلىق قىلىشنىڭ شەرئىي مەنىسى:

قۇربانلىق قىلىش، ئىقتىسادى يار بەرگەن كىشىلەر ھەر يىلى ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە زۇلھەججە (12. ئاي) نىڭ 10ـ كۈنى ۋە داۋامىدىكى 3 كۈن، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىش ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلاردىن بوغۇزلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىداكارلىق روھىنى ئىپادىلەيدىغان بىر تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىبادەتتۇر[418].

زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10. كۈنى يەنى قۇربان ھېيت كۈنى ۋە داۋامىدىكى 3 كۈن ئىچىدە ئۆلتۈرۈشكە ئاتالغان ۋە شۇ كۈنلەردە ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانغا قۇربانلىق، ئۇ ھايۋاننى يۇقىرىدىكى نىيەت بىلەن مەزكۇر كۈنلەردە ئۆلتۈرۈشكە قۇربانلىق قىلىش دېيىلىدۇ.

### *ئە. قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھۆكمى*

قۇربانلىق قىلىش ئۇممەتنىڭ ئىچىدىن قادىر بولالىغانلارغا پەرزدۇر. قادىر بولالىغانلار قىلسا قادىر بولالمىغانلارنىڭ زىممىلىرىدىن ساقىت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**١ـ ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ. لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾**

«ئېيتقىنكى: مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. مەن بۇنىڭغا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋىلىدۇرمەن». ئەنئام 162/6ـ163.

بۇ ئايەتتە رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ بۇيرۇقنى كەۋسەر سۈرىسىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

418 ھەج سۈرىسىنىڭ 28. ئايىتىدىن 37. ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى بۇ مەنىگە دالالەت قىلىدۇ.

٢– ﴿إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ. فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ. إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ﴾

«ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنداقتا رەببىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ئەسلىدە نەسلى ئۈزۈلگەن كىشى سېنى دۈشمەن تۇتقان كىشىدۇر»- قۇرئان كەرىمنىڭ 108- سۈرىسى كەۋسەر.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بۇيرۇلغان بىر ئىبادەت، تەھەججۇد نامىزىدا بولغاندەك «بۇ ساڭا مەخسۇس» دېگەن مەنىدە بىر ئەسكەرتىش بىلەن كەلمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭغا ئەينى زاماندا پۈتۈن ئۈممەتمۇ بۇيرۇلىدۇ.[419] ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى قۇربانلىق قىلىشنىڭ پۈتكۈل ئۈممەتكە پەرز قىلىنغانلىقىغا، جۈملىدىن مۇھەممەد (ئەس)نىڭ ئۈممىتىگىمۇ پەرز قىلىنغانلىقىغا كەسكىن بىر شەكىلدە دالالەت قىلىدۇ:

٣– ﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنسَكًا لِيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَى مَا رَزَقَهُمْ مِنْ بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ فَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَلَهُ أَسْلِمُوا وَبَشِّرِ الْمُخْبِتِينَ﴾

«بىز ھەر ئۈممەتكە قۇربانلىق قىلىشنى بەلگىلىدۇق. بىز بۇنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەردىن ئىبارەت تۆت پۇتلۇق ھايۋانلىرىنى بىسمىللاھ دەپ قۇربانلىق قىلىشى ئۈچۈن قىلدۇق. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر. ئۇنداقتا پەقەت ئۇنىڭغىلا بويسۇنۇڭلار. ئاللاھقا چىن قەلبىدىن بويسۇنغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن»- ھەج 34/22.

٤– ﴿وَأَذِّنْ فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِنْ كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ. لِيَشْهَدُوا مَنَافِعَ لَهُمْ وَيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ فِي أَيَّامٍ مَعْلُومَاتٍ عَلَى مَا رَزَقَهُمْ مِنْ بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْبَائِسَ الْفَقِيرَ. ثُمَّ لْيَقْضُوا تَفَثَهُمْ وَلْيُوفُوا نُذُورَهُمْ وَلْيَطَّوَّفُوا بِالْبَيْتِ الْعَتِيقِ﴾.

«ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ھەجنى ئېلان قىلغىن. ئۇلار پىيادە ۋە يىراق يوللاردىن كەلگەن ئورۇق ئۇلاغلار ئۈستىدە يېنىڭغا كېلىپ، مەنپەئەتلىرنى كۆرسۇن،

---

419 ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَكَ عَسَى أَنْ يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَحْمُودًا- كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويغىنىپ قۇرئان بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن، بۇ ناماز ساڭا ئارتۇقچە بىر ۋەزىپىدۇر. شۇنداق قىلساڭ رەببىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان بىر مۇقامغا ئېرىشتۈرىشى مۇمكىن)- ئىسرا 79/17.

ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلىرىدىن مەلۇم كۈنلەردە بىسمىللاھ دەپ قۇربانلىق قىلسۇن. ئى قۇربانلىق قىلغۇچىلار! قۇربانلىقلاردىن ئۆزۈڭلارمۇ يەڭلار، موھتاجلارغىمۇ يېگۈزۈڭلار، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەفەسىنى[420] ئادا قىلسۇن، نەزىرلىرىگە ۋاپا قىلسۇن ۋە كونا ئۆي بولغان كەبىنى تاۋاپ قىلسۇن»- ھەج 22/27-29.

بۇ ئايەتلەردىن مۇنداق مەنىلەر چىقىدۇ: ئىبراھىم (ئە.س)نىڭ ھەجنى ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ مەككىگە كەلگەنلەر ئۇ يەردە مۇنۇ تۆت ئىش ئۈچۈن كېلىدۇ:

1- مەنپەئەتلىرىنى كۆرۈش،

2- ئۆزلىرى بىلىدىغان كۈنلەردە قۇربانلىقلىرىنى بوغۇزلاش،

3- تەفەسىنى ئادا قىلىش،

4- كەبىنى تاۋاپ قىلىش.

دېمەككى، قۇربانلىق ئىبادىتى ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىلىنىپ كەلگەن بىر ئىبادەت، ئۇلار ئۇنىڭ قايسى كۈنلەردە بوغۇزلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

## ب- *قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھېكمىتى*

### 1- ئاللاھقا يېقىنلىشىش

قۇربانلىق قىلىش، ئىسمىدىنمۇ مەلۇم بولغاندەك ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ «قۇربانلىق قىلىڭلار» دېگەن مەزمۇندىكى سۆزلىرى: «مۇئەييەن سۈپەتلەردىكى ھايۋانلاردىن مەلۇم كۈنلەردە بىسمىللاھ دەپ بوغۇزلاش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىڭلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتلەر «قۇربانلىقنىڭ ھۆكمى»دە زىكىر قىلىندى.

420 «تەفەسىنى ئادا قىلسۇن»نىڭ مەنىسى توغرىسىدا تەپسىرلەردە ئاساسلىق ئىككى كۆزقاراش زىكىر قىلىنىدۇ. بىر كۆزقاراشقا ئاساسەن تەفەسىنى ئادا قىلىش، ئېھرام سەۋەبىدىن بەدەندە پەيدا بولغان كىرلەرنى تازىلاش، خۇسۇسەن تىرناقلارنى ئېلىش، بۇرۇتنى كېسىش، چاچنى چۈشۈرتۈش ياكى قىرقىتىش دېمەكتۇر. يەنە بىر كۆزقاراشقا ئاساسەن تەفەسىنى ئادا قىلىش، ھەم بۇ ئىشلارنى قىلىش ھەم ھەجنىڭ مىنا، ئەرەپات ۋە مۇزدەلىفەدە قىلىنىدىغان پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىچە بۇ «تەفەسىنى ئادا قىلسۇن»نىڭ ئەڭ توغرا مەنىسى، «ھەجنىڭ مىنا، ئەرەپات ۋە مۇزدەلىفەدە قىلىنىدىغان پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ تازىلىق قىلسۇن» دۇر.

## 2. گۆش يېيىش ۋە يېگۈزۈش

ھېيت كۈنلىرى قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ گۆشلىرىدىن قۇربانلىق قىلغۇچى كىشى ۋە ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرى يەيدۇ، شۇنداقلا ھېيتلاپ كەلگەنلەرگە سۇنۇلىدۇ ۋە پېقىر-مىسكىنلەرگە ھەدىيە قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِذَا وَجَبَتْ جُنُوبُهَا فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْقَانِعَ وَالْمُعْتَرَّ كَذَلِكَ سَخَّرْنَاهَا لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«ئۇلارنىڭ يانلىرى يەرگە چۈشۈپ جېنى چىققاندا ئۇلاردىن يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە ئېھتىياجىنى بىلدۈرگەن موھتاجلارغا يېگۈزۈڭلار. ئاللاھ ئۇ ھايۋانلارنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۈكۈر ئېيتقايسىلەر»- ھەج 36/22.

## 3. ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش

قۇربانلىق قىلىش ئاللاھ تائالا تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ھايۋانلاردىن ئاللاھ بەلگىلىگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھ يولىدا بوغۇزلاش ئارقىلىق ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقانلىق بولىدۇ. ھەج سۈرىسىنىڭ 36- ئايىتىنىڭ ئاخىرى يەنى يۇقىرىدا زىكىر قىلغان ئايەتنىڭ ئاخىرى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

## 4. ئىبراھىم (ئە.س)نىڭ سۈننىتىنى تىرىلدۈرۈش

ئاللاھ تائالا ئەلچىلىرىدىن ئىبراھىم (ئە.س)دىن بىر ئىمتىھان ئالغان ۋە ئىبراھىم (ئە.س)نىڭ ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئەنە شۇ ئىلاھى ئىمتىھان ئەسلىنىدۇ ۋە زېھنىلەردە جانلاندۇرۇلىدۇ. ئۇ ئىمتىھاننىڭ جەريانى مۇنداق:

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم (ئە.س) ئوغلى ئىسمائىل (ئە.س)نى قۇربانلىق قىلىپ چۈش كۆرگەن ۋە پەيغەمبەرلەرگە خاس ئىمانى ۋە ئاتىلارغا خاس مېھرى بىلەن ئوغلى ئىسمائىلغا: «ئى ئوغۇلچىقىم! مەن سېنى قۇربانلىق قىلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، ئويلاپ باققىنا، سەن قانداق قارايسەن!» دەيدۇ، ئوغۇل دادىسىغا: «دادىكا! ساڭا بۇيرۇلغاننى قىلغىن. ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋر قىلغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىمنى كۆرىسەن!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن: «دادا- بالا ئىككىيلەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە تەسلىم بولۇپ، ئىبراھىم ئوغلىنى دۈم ياتقۇزىدۇ»، دەل بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئىبراھىم (ئە.س)غا: «ئى ئىبراھىم! سەن چۈشۈڭنى ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ!» دەپ نىدا قىلىدۇ. ئاندىن: «شۈبھىسىزكى بۇ، ئوپئوچۇق بىر ئىمتىھان ئىدى. بىز ئىبراھىمغا ئوغلىنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىق بەردۇق» دەپ ئىبراھىم (ئە.س)نىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ.[421]

## پ- قۇربانلىقنىڭ شەرتلىرى

ئەنئام سۈرىسىنىڭ 162- ۋە 163- ئايەتلىرى، كەۋسەر سۈرىسىنىڭ 2- ئايىتى، ھەج سۈرىسىنىڭ 34- ئايىتى قۇربانلىق قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ھەج سۈرىسىنىڭ 36 - ئايىتى قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللارنىڭ شەرتلىرىنى ۋە قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنىڭ قانداق قىلىنىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ھەج سۈرىسىنىڭ 36- ئايىتىنىڭ بېشىدىكى «ئەلبۇدنە» دېگەن سۆز ئۈستىدە بىرئاز توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَالْبُدْنَ جَعَلْنَاهَا لَكُمْ مِنْ شَعَائِرِ اللَّهِ لَكُمْ فِيهَا خَيْرٌ فَاذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَيْهَا صَوَافَّ فَإِذَا وَجَبَتْ جُنُوبُهَا فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْقَانِعَ وَالْمُعْتَرَّ كَذَلِكَ سَخَّرْنَاهَا لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ. لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ كَذَلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَبَشِّرِ الْمُحْسِنِينَ﴾**

«بىز سىلەرگە قۇربانلىق قىلىدىغان گەۋدىلىك ھايۋانلىرىڭلارنى ئاللاھنىڭ نىشانلىرىدىن قىلىپ بەردۇق. سىلەر ئۈچۈن ئۇ ھايۋانلاردا ياخشىلىق بار. ئۇ ھايۋانلارنى قاتار تۇرغۇزۇپ قۇربانلىق قىلىشقا ھازىر ھالەتكە كەلتۈرگەن چېغىڭلاردا بىسمىللاھ دەپ بوغۇزلاڭلار. ئۇلارنىڭ يانلىرى يەرگە چۈشۈپ جېنى چىققاندا ئۇلاردىن يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە ئېھتىياجىنى بىلدۈرگەن موھتاجلارغا يېگۈزۈڭلار. ئاللاھ ئۇ ھايۋانلارنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۈكۈر ئېيتقايسىلەر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا قۇربانلىقىڭلارنىڭ گۆشلىرىمۇ يەتمەيدۇ، قانلىرىمۇ يەتمەيدۇ. ئاللاھقا سىلەرنىڭ

421 بۇ قىسسە سافافات سۈرىسىنىڭ 102 - ئايىتىدىن 107 - ئايىتىگىچە بولغان ئايەتلەردە بايان قىلىنىدۇ.

تەقۋادارلىقىڭلار يېتىدۇ. ئاللاھ ئۇ ھايۋانلارنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھقا تەكبىر ئېيتقايسىلەر! ئاللاھ سىلەرگە توغرا يولنى كۆرسەتتى. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن»- ھەج 22/36-37.

بۇ ئايەتلەرنىڭ قۇربانلىقنىڭ شەرتلىرىگە دالالەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلىرى:

1- ئەلبۇدنە («الْبُدْنَ») دېگەن كەلىمە. بۇ كەلىمە بەدەنە «بدنة» كەلىمىسىنىڭ جەمئىسى (كۆپلۈك شەكلى) بولۇپ، مەنىسى «گەۋدىلىك، بەستلىك، كېلىشكەن، چىرايلىق» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ كەلىمىنىڭ سۈپەت ئىكەنلىكى ۋە بۇ كەلىمىنىڭ بېشىدىكى ئەل «ال»، مۇھەممەد (ئە.س)نىڭ ئۈممىتى قۇربانلىق قىلىدىغان ماللارنىڭ گەۋدىلىك، بەستلىك، كېلىشكەن ۋە چىرايلىق ماللار بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇ ئۇ ماللارنىڭ مەلۇم ياشقا كىرگەن، سېمىز ۋە بېجىرىم بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ .

**٢- ﴿فَإِذَا وَجَبَتْ جُنُوبُهَا فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْقَانِعَ وَالْمُعْتَرَّ﴾**

«ئۇلارنىڭ يانلىرى يەرگە چۈشۈپ جېنى چىققاندا ئۇلاردىن يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە ئېھتىياجىنى بىلدۈرگەن موھتاجلارغا يېگۈزۈڭلار».

قۇربانلىقتىن قان ئېقىتىشلا مەقسەت ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئىدى، قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋاننىڭ قېنى چىقسىلا كۇپايە قىلغان بولاتتى. لېكىن قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆز قۇربانلىقىنىڭ گۆشىدىن ئۆزى يېيىشكە ۋە موھتاجلارغا يېگۈزۈشكە بۇيرۇلۇشى قۇربانلىق قىلىدىغان ھايۋاننىڭ سېمىز ۋە تېنى ساق بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

**٣- ﴿لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ﴾**

«ئاللاھقا قۇربانلىقلىرىڭلارنىڭ گۆشلىرىمۇ يەتمەيدۇ، قانلىرىمۇ يەتمەيدۇ. ئاللاھقا سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلار يېتىدۇ».

قۇربانلىقتىن ئاللاھقا يېتىدىغىنى ئۇنىڭ گۆشى ياكى قېنى ئەمەس، ئەكسىچە قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ تەقۋادارلىقىدۇر، خالاس. قۇربانلىق قىلىشتا ئاللاھقا بولغان تەقۋادارلىق ئەڭ قىممەتلىك ھايۋاننى يەنى سۈپەتلىك، ساغلام، سېمىز، بېجىرىم ۋە چىرايلىق ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋانلار ۋە بولمايدىغان ھايۋانلار توغرىسىدىكى ھەدىسلىرى ئەنە شۇ ھەج سۈرىسىنىڭ 36ـ ئايىتى بىلەن 37ـ ئايىتىنىڭ مەنىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

### ج- قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋانلار:

1ـ قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلاردىن بولۇشى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەج سۈرىسىنىڭ 28 ـ ۋە 34 ـئايەتلىرىدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللارنى «ئەنئام» دەپ ئاتايدۇ. ئەنئام كەلىمىسى تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنىلا ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزى ھالال بولسىمۇ ئەنئام دېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ئات، جەرەن، كېيىك، بېلىق، كەپتەر ۋە توخۇ... قاتارلىق ھايۋانلار ھالال بولسىمۇ، ئۇلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ۋە ساھابىلەر (ر.ئە) ئەنئام دېگىلى بولمايدىغان ھايۋانلاردىن قۇربانلىق قىلمىغان.

2ـ يېشىغا توشقان بولۇشى لازىم. چۈنكى يېشىغا توشمىغان ھايۋان تاكامۇللاشمايدۇ، شۇنداقلا يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۈپەتتە بولمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئەس) مۇنداق دېگەن: «پەقەت چىشلىگەن ھايۋاننىلا قۇربانلىق قىلىڭلار. لېكىن چىشلىگەن ھايۋان تاپالمىساڭلار، قوينىڭ 6 ئاينى توشقۇزۇپ بولغىنىنى قۇربانلىق قىلساڭلار بولىدۇ»[422].

ھەدىستىكى «چىشلىگەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلاردا پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: تۆگىنىڭ تۆت ياشنى توشقۇزۇپ بەش ياشقا ماڭغىنى، كالىنىڭ ئىككى ياشنى توشقۇزۇپ ئۈچ ياشقا ماڭغىنى، قوي بىلەن ئۆچكىنىڭ بىر ياشنى توشقۇزۇپ ئىككى ياشقا ماڭغىنى «چىشلىگەن» بولىدۇ. لېكىن ھەدىستىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بۇنداق «چىشلىگەن ھايۋان» تاپالمىغانلار 6 ئايلىقتىن ئاشقان پاقلاننى قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ.

---

422 مۇسلىم، سەھىھ، سەيد ۋە زەبائىھ ۋە ما يۇئكەلۇ مىنەلھەيۋان 13 ـ (1963)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، داھايا 2797/5 ؛ نەسائى، سۇنەن، داھايا 12/ 4378؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەداھى 3141/7.

## چ- قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدىغان ھايۋانلار:

كور، توكۇر، قۇلىقى كېسىك، مۈڭگۈزى سۇنۇق، كېسەل ۋە بەك ئورۇق ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ھايۋانلار ھەج سۈرىسىنىڭ 36- ئايىتىدىكى ئەلبۇدنە «گەۋدىلىك» دېگەن سۈپەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)بىزنى قۇربانلىق قىلىدىغان ھايۋانلىرىمىزنىڭ كۆز ۋە قۇلاقلىرىغا دىققەت قىلىشقا، قۇلىقى ئۇچىدىن ياكى يانىدىن كېسىلگەن، قۇلىقى يېرىلغان ياكى تېشىلگەن ھايۋاننى قۇربانلىق قىلماسلىققا بۇيرۇدى[423].

بەرائ ئىبنى ئازىب (ر.ئە)تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «توكۇرلۇقى ئېنىق بولغان توكۇر، كورلۇقى ئېنىق بولغان كور، كېسەللىكى ئېنىق بولغان كېسەل ۋە يىلىكى قۇرۇغان ئورۇق ھايۋان قۇربانلىق قىلىنمايدۇ»[424].

يەزىد زۇ مىسىر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇتبە ئىبنى ئابدۇسسۇلەمىنىڭ يېنىغا كېلىپ: يا ئەباۋەلىد! قۇربانلىق ئالاي دەپ چىققان ئىدىم، بولغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدىم، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر نەرسە بار ئىدى، ئۇنىڭغا كۆڭلۈم رازى بولمىدى. سىز بۇ ئىشقا نېمە دەيسىز؟ دېدىم، ئۇتبە:

- ئۇنى ماڭا ئەكەلمىدىڭىزمۇ؟ دېدى، مەن:

- سۇبھانالله! ئۇ سىز ئۈچۈن جايىز، مەن ئۈچۈن جايىز ئەمەس؟ دېدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

- ھەئە، شۇنداق، سىز شەكلىنىۋاتىسىز، مەن شەكلەنمەيمەن. بىلىڭكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنۇ ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشتىن توستى: قۇلىقى تۈۋىدىن كېسىك، مۈڭگۈزى تۈۋىدىن چىقىپ كەتكەن، بىر كۆزى قۇيۇۋېتىلگەن،

423 تىرمىزى، سۇنەن، ئەداھى 6 (1498)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، داھايا 6 (2804, 2805, 2806)؛ نەسائى، سۇنەن، ئەداھى 10 (7, 217)،11,12؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەداھى 8 (3142).

424 مالىك، مۇۋەتتا، داھايا 1 (2,482)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەداھى 5 (1497)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، داھايا 6 (2802)؛ نەسائى، سۇنەن، داھايا 5، 6، 7 (7,214, 215).

ئورۇقلۇقىدىن ياكى كۆچسىزلىكىدىن پادىدىن ئايرىلىپ يېتىپ قالغان، پۈتى سۇنۇپ كەتكەن[425].

## خ- قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاقتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ فِي أَيَّامٍ مَعْلُومَاتٍ عَلَى مَا رَزَقَهُمْ مِنْ بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ﴾**

«ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق هايۋانلىرىدىن مەلۇم كۈنلەردە بىسمىللاھ، دەپ قۇربانلىق قىلسۇن»- هەج 28/22.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە هاجىلارنى يۇرتلىرىدىكى چېغىدا قىلىپ كەلگەن قۇربانلىقلىرىنى هەج ئەسناسىدا ئەييامى مەئلۇمات ﴿أَيَّامٍ مَعْلُومَاتٍ (مەلۇم كۈنلەر)﴾ دا يەنى ئۆزلىرى بىلىدىغان كۈنلەردە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، بەقەرە سۈرىسىنىڭ 203- ئايىتىدە ئۇلارنى ئەييامى مەئدۇدات ﴿أَيَّامٍ مَّعْدُودَاتٍ- ساناقلىق كۈنلەر)﴾ دە زىكىر ئېيتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَاذْكُرُواْ اللّهَ فِي أَيَّامٍ مَّعْدُودَاتٍ فَمَن تَعَجَّلَ فِي يَوْمَيْنِ فَلاَ إِثْمَ عَلَيْهِ وَمَن تَأَخَّرَ فَلا إِثْمَ عَلَيْهِ لِمَنِ اتَّقَى وَاتَّقُواْ اللّهَ وَاعْلَمُوا أَنَّكُمْ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ﴾**

«ساناقلىق كۈنلەردە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىڭلار. كىمكى ئالدىراپ مىنادىن ئىككى كۈندە قايتسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە هېچ گۇناھ قالمايدۇ. كىمكى مىنادا يەنە بىر كۈن قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ هېچ گۇناھ قالمايدۇ. بۇ تەقۋادار بولغانلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى سىلەر ئۇنىڭ هوزۇرىغا توپلىنىسىلەر»- بەقەرە 203/2.

ئەييام («كۈنلەر») يەۋم («يوم-كۈن»)نىڭ كۆپلۈك شەكلى (جەمئىسى) دۇر. ئەرەبچىدە كۆپلۈك شەكىل ئاز بولغاندا ئۈچنى كۆرسىتىدۇ، ئەگەر قەرىنە (قوشما دەلىل) بولسا ئۈچتىن ئارتۇق ساننى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿أَيَّامٍ مَّعْدُودَاتٍ (ساناقلىق كۈنلەر)﴾ دېگەن سۆزى، داۋامىدىكى ﴿فَمَن تَعَجَّلَ فِي يَوْمَيْنِ فَلاَ إِثْمَ عَلَيْهِ وَمَن تَأَخَّرَ فَلا إِثْمَ عَلَيْهِ (كىمكى ئالدىراپ مىنادىن ئىككى

425 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، داهايا 6 (2803).

كۈندە قايتسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچ گۇناھ قالمايدۇ. كىمكى مىنادا يەنە بىر كۈن قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ ھېچ گۇناھ قالمايدۇ)﴿ دېگەن سۆزىنىڭ دالالەت قىلىشى بىلەن ئۈچىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۈچ كۈن تەشرىق كۈنلىرى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بۇ كۈنلەردىمۇ قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدە قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ»[426].

تەشرىق كۈنلىرى نەھىر كۈنىنى (ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىنى) ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. چۈنكى ھاجىلارنىڭ «ساناقلىق كۈنلەر»دە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىش (يەنى ئاللاھۇ ئەكبەر، دەپ شەيتانغا تاش ئېتىش) پائالىيىتى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 11ـ كۈنى يەنى ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى باشلىنىپ ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ. «ساناقلىق كۈنلەر»دىن ئىبارەت بولغان بۇ ئۈچ كۈنگە نەھىر كۈنى (ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى) قوشۇلسا «مەلۇم كۈنلەر» بولىدۇ. بۇ «مەلۇم كۈنلەر»نىڭ تۆت كۈن ئىكەنلىكىگە، «ساناقلىق كۈنلەر»نىڭ ئۈچ ئىكەنلىكى ۋە نەھىر كۈنىنىڭ بۇ ئۈچ كۈنىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغانلىقى دەلىل بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ تەكىتلەيدۇ:

ئۇقبە ئىبنى ئامىر (ر.ئە) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئەرەفە كۈنى، نەھىر كۈنى (ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى) ۋە تەشرىق كۈنلىرى بىز ئەھلى ئىسلامنىڭ بايرىمىمىزدۇر. ئۇ كۈنلەر يېمەك ۋە ئىچمەك كۈنلىرىدۇر»[427].

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن، قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاقتى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى باشلىنىپ، ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى كۈن پاتقۇچىلىك داۋاملىشىدۇ. لېكىن ھېيت كۈنىنىڭ چىقىشى بىلەن ئەمەس، ھېيت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن باشلانغانلىقى ئۈچۈن قۇربانلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقتى ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغان ۋاقىتتۇر. رەسۇلۇللاھ «ئە.س) مۇنداق دېگەن:

---

426 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 316/27، 317؛ بەيھەقى، سۈنەنى سۇغرا، مەناسىك 1832، سۈنەنى كۇبرا، داھايا 497/9، 498.

427 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سەۋم 49 (2419)؛ تىرمىزى، سۈنەن، سەۋم 59 (773)؛ نەسائى، سۈنەن، مەناسىك 195 (252 ,5).

«قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بوغۇزلىغان كىشى بىلسۇنكى، بوغۇزلىغىنى، ئائىلىسىگە تەقدىم قىلغان گۆشتۇر، ئۇ ھەرگىزمۇ قۇربانلىق ئەمەستۇر»[428].

### د- قۇربانلىققا ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەر

1 ـ بىر قوي قۇربانلىق قىلىش پۈتۈن بىر ئائىلىگە كۇپايە قىلىدۇ. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ دەۋرىدە بىر كىشى ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن بىر قوي قۇربانلىق قىلاتتى. ئۇلار قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن ئۆزلىرى يەيتتى ۋە باشقىلارغا يېگۈزەتتى[429].

2ـ تۆگە يەتتە كىشىگە، كالا يەتتە كىشىگە قۇربانلىق بولىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ دەۋرىدە بىر تۆگە يەتتە كىشى ئۈچۈن، بىر كالا يەتتە كىشى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[430].

3ـ قۇربانلىقنى ئۆلتۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭغا ئەزىيەت قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا پىچاقنى چاقلاش ياكى بىلەش ئارقىلىق ئۆتتكىلىتىش كېرەك. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە ياخشىلىق قىلىشنى سۆيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مال بوغۇزلىساڭلار ياخشى بوغۇزلاڭلار، بىرىڭلار پىچىقنى ئۆتتكىلەتسۇن ۋە بوغۇزلىماقچى بولغان مېلىنى راھەتلەتسۇن»[431].

---

428 بۇخارى، سەھىھ، ئەداھى 1، 4، 12، ئىيدەيىن 5، 23؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئەداھى 16 (1962)؛ نەسائى، سۇنەن، ئىيدەيىن 30 (3,193).

429 تىرمىزى، سۇنەن، ئەداھى 10 (1505)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەداھى 2 (3125)، 10 (3147)؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 582/29.

430 مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 350/62 (1318)؛ مالىك، مۇۋەتتا، داھايا 9؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھەج 66؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، داھايا 7؛ نەسائى، سۇنەن، داھايا 16. ئەبۇ داۋۇدنىڭ سۇنەن ناملىق ئەسىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت مۇنداق: جابىر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ دەۋرىدە بىر كالىنى يەتتە كىشى، بىر تۆگىنى يەتتە كىشى شېرىكلىشىپ قۇربانلىق قىلاتتۇق- (ئەبۇ داۋۇد، داھايا 6، 2807).

431 نەسائى، سۇنەن، داھايا 21 (4405)، 26 (4412)؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 342/28؛ دارىمى، سۇنەن، ئەداھى 10 (2013)؛ بەيھەقى، سۇنەنى كۇبرا 23 (4479).

4ـ مالغا پىچاق سۈرۈشتىن بۇرۇن «بىسمىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش لازىم. بۇ پەرزدۇر. ھەج سۈرىسىنىڭ 34ـ ۋە 36ـ ئايەتلىرى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

5ـ قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچكە تەقسىم قىلىپ، بىر قىسمىنى ئائىلىسىگە يېگۈزۈش، بىر قىسمىنى پېقىرـ مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىش، بىر قىسمىنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ھەدىيە قىلىش ياخشىدۇر. چۈنكى ھەج سۈرىسىنىڭ 36ـ ئايىتىنىڭ مەزمۇنى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

6ـ قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى ياخشى يوللارغا سەرپ قىلىش ياخشىدۇر. چۈنكى قۇربانلىق قىلغۇچى قۇربانلىقنى ئاللاھ يولىدا ئاتىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر پارچىسى بولغان تېرىسىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىشى ياخشى ئىشتۇر.

7ـ قۇربانلىقنى سويۇپ بەرگەن قاسساپقا قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن ياكى باشقا ئەزالىرىدىن (مەسىلەن: كاللا-پاچىقىنى، تېرىسىنى) ئەجرىگە ھېسابلاپ بېرىشكە بولمايدۇ. لېكىن قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن ئەجرىگە ھېسابلىماي بېرىشكە بولىدۇ.

ئەلى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مېنى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ قۇربانلىق تۆگىلىرىنى قۇربانلىق قىلىشىمغا، ئۇلارنىڭ گۆش، تېرە ۋە يوپۇقلىرىنى سەدىقە قىلىشىمغا، ئۇلاردىن قاسساپقا بىر نەرسە بەرمەسلىكىمگە بۇيرۇدى». ئەلى (ر.ئە): قاسساپنىڭ ھەققىنى يېنىمىزدىن بېرەتتۇق دەيدۇ [432].

بۇ ھەدىس يۇقىرىدىكى ئىككى مەسىلىگە دەلىل بولىدۇ.

432 بۇخارى، سەھىھ، ھەج 112، 120، 122، ۋاكالەت 1؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 348 (1317)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 20 (1769)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 97 (3099).

# نەزىر ۋە قەسەملەر

## ئا. نەزىر

نەزىرنىڭ مەنىسى. دىندا ئەمىر قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق ئادا قىلىنىشى ئۈستىگە ئېلىنغان نەرسە دېگەن بولىدۇ[433]. مەسىلەن: بىر كىشى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بىر ئۆمرە قىلىشنى ياكى بىر قانچە كۈن نەپلە روزا تۇتۇشنى ياكى بىر قانچە رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇشنى ۋە ياكى بىر مىقدار پۇلنى ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرى بىرەر نەزىر ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق نەزىرلەرنى ئورۇنلاشنىڭ، جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ئىنسان سۈرىسىنىڭ 7 ـ ئايىتىدە بايان قىلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ دىنىدىكى «نەزىر» مانا مۇشۇنداق نەزىرلەردۇر.

ئەمما ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا مېيىتنىڭ ئارقىسىدىن «بامدىتى»، «ئۈچى»، «يەتتىسى»، «يىگىرمىسى»، «قىرىقى» ۋە «يىلى» دەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋە «بالا-قازانىڭ دەپئى ئۈچۈن»، «مۇراد-مەقسەتنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن» ئۆتكۈزىلىدىغان نەزىرلەر بار. بۇلار نەزىر دەپ ئاتالغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن نەزىرلەردىن ھېساپلانمايدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. چۈنكى دىنىمىز مېيىتنىڭ ئارقىسىدىن قىلىنىدىغان ئىشلارنى، يامانلىقنىڭ دەپئى ۋە ياخشىلىقنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىشلارنى تەپسىلىي ئۆگەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇنداق نەزىرلەر يوق.

## ئە. قەسەملەر

### 1. تەرىپى ۋە ماھىيىتى

قەسەم ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ياكى قىلمىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ۋە ياكى ئىرادىسىنىڭ چىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئېيتىلغان سۆز دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قەسەم تىلىمىزدا «ئانت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

433 ئەھمەت ئۆزەل «ئاداق-نەزىر»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 1988، 1ـ جىلد، 337ـ بەت.

فىقھى ئاتالغۇسىدا قەسەم- بىر كىشىنىڭ بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە، بىر ھادىسىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ھەققىدە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ياكى سۈپەتلىرىدىن بىرنى تىلغا ئېلىپ سۆزىنىڭ راستلىقىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇ ئىشنى قىلمايمەن ياكى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇ يەرگە بارمايمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى قەرزىمنى تۆلىدىم، ئاللاھ شاھىد بولسۇن، ئاللاھ ھەققى ئۈچۈن قەسەم قىلىمەن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىمەن» دېگەن سۆزلەردىن قايسى بىرىنى قەسەم نىيتى بىلەن دېسە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان بولىدۇ[434].

خەلق ئارىسىدا بەزى سۆز-ھەرىكەتلەر قەسەم مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن ئۇلار دىنىمىزدا قەسەم ھېسابلانمايدۇ، ھەتتا ئۇنداق قەسەم قىلغانلار گۇناھكار بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۇۋالىم بولسۇن، ھەرەمنىڭ ھەققى، پەيغەمبەرنىڭ ھۆرمىتى،...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ۋە قۇرئان تۇتۇپ بېرىش، ناندىن ئاتلاپ بېرىش، تۇزغا دەسسەپ بېرىش،... قاتارلىق ئىشلار بىلەن قەسەم قىلغانلارنىڭ قەسىمى قەسەم ھېسابلانمايدۇ، لېكىن بۇنداق سۆز-ھەرىكەتلەر بىلەن قەسەم قىلغانلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

«قەسەم قىلماقچى بولغان كىشى ئاللاھتىن غەيرىينىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلمىسۇن»[435].

«كىمكى ئاللاھتىن غەيريي بىلەن قەسەم قىلىدىكەن چوقۇم شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»[436].

«ئاللاھ ئاتىلىرىڭلار بىلەن قەسەم قىلىشىڭلارنى مەنئى قىلدى. كىم قەسەم قىلماقچى بولسا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن»[437].

دىنىمىزدا قەسەم قىلىش رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن تايىنى يوق ئىشلارغا قەسەم قىلىش ياكى قەسەم قىلىشنى ئادەت قىلىۋېلىش توغرا

---

434 ئەرتۇغرۇل بوينۇقىلىن «يەمىن»، تۈركىيە ديانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 2013، 43- جىلد، 417- 420- بەت.

435 نەسائى، ئەيمان 4.

436 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 34/2.

437 بۇخارى، سەھىھ، ئەيمان، 4. مۇسلىم، سەھىھ، ئەيمان، 1-6؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەيمان 3-5؛ نەسائى، سۈنەن، ئەيمان 1-12.

ئەمەس. مۇسۇلمان-قەسەم قىلىشقا ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان دەرىجىدە سۆزىدە ئىشەنچلىك بولۇشقا تىرىشىش كېرەك. يالغان قەسەم قىلىش ۋە قەسىمىدە تۇرماسلىق چوڭ خاتالىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَوْفُواْ بِعَهْدِ اللّهِ إِذَا عَاهَدتُّمْ وَلاَ تَنقُضُواْ الأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا
وَقَدْ جَعَلْتُمُ اللّهَ عَلَيْكُمْ كَفِيلاً إِنَّ اللّهَ يَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ﴾

«ئاللاھ بىلەن ئەھدىلەشسەڭلار، ئەھدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. ئاللاھنى ئۆزۈڭلارغا گۇۋاھچى قىلىپ تۇرۇپ مۇستەھكەملىگەن قەسەملىرىڭلارنى بۇزماڭلار. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ». نەھل 91/16.

بىر كىشى يامان بىر ئىشنى قىلىشقا ياكى ياخشى بىر ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلغان بولسا، بۇ قەسىمنى بۇزۇشى ۋە كەففارەت بېرىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَجْعَلُواْ اللّهَ عُرْضَةً لِّأَيْمَانِكُمْ أَن تَبَرُّواْ وَتَتَّقُواْ وَتُصْلِحُواْ بَيْنَ النَّاسِ وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾

«ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچتىم دەپ ياخشىلىق قىلىشتىن، تەقۋادارلىق قىلىشتىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشتىن باش تارتماڭلار. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر». بەقەرە 224/2.

مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىس مۇنداق:

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ئىشقا قەسەم قىلسا، ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئىشنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق دەپ قارىسا قەسىمگە كەففارەت بېرىپ ياخشى دەپ بىلگەن ئىشنى قىلسۇن»[438].

## 2- قەسەمنىڭ تۈرلىرى

### ئا)- بىھۇدە قەسەم

بۇ قەسەمگە گۇناھمۇ يېزىلمايدۇ. كەففارەت بېرىشمۇ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: «ياق، ۋەللاھى، ماقۇل ۋەللاھى» دېگەندەك قەسەمنى نىيەت قىلماستىن

438 مۇسلىم، سەھىھ، ئەيمان 3؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەبۋابۇن نۇزۇر ۋەلئەيمان 1530؛نەسائى، سۈنەن، ئەيمان ۋە نۇزۇر 3781؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، كەففارات 7، 2108.

تىلغا رام بولۇپ قالغان سۆزلەرنى قىلىش بۇ تۈر قەسەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا كەففارەت كەلمەيدۇ ۋە كەچۈرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لاَّ يُؤَاخِذُكُمُ اللّهُ بِاللَّغْوِ فِيَ أَيْمَانِكُمْ وَلَكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا كَسَبَتْ قُلُوبُكُمْ وَاللّهُ غَفُورٌ حَلِيمٌ﴾

«ئاللاھ سىلەرنى دىققەتسىزلىك بىلەن ئىچكەن قەسەملىرىڭلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلدىن نىيەت قىلىپ ئىچكەن قەسەملىرىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر»- بەقەرە 225/2.

**ئە)- چىگىلگەن قەسەم ۋە كەففارىتى**

بۇ بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ياكى قىلماسلىق ئۈچۈن ئىچىلگەن قەسەم بولۇپ، بۇزۇلسا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿لاَ يُؤَاخِذُكُمُ اللّهُ بِاللَّغْوِ فِي أَيْمَانِكُمْ وَلَكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا عَقَّدتُّمُ الأَيْمَانَ فَكَفَّارَتُهُ إِطْعَامُ عَشَرَةِ مَسَاكِينَ مِنْ أَوْسَطِ مَا تُطْعِمُونَ أَهْلِيكُمْ أَوْ كِسْوَتُهُمْ أَوْ تَحْرِيرُ رَقَبَةٍ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلاَثَةِ أَيَّامٍ ذَلِكَ كَفَّارَةُ أَيْمَانِكُمْ إِذَا حَلَفْتُمْ وَاحْفَظُواْ أَيْمَانَكُمْ كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللّهُ لَكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾.**

«ئاللاھ سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. قەستەن قىلغان قەسىمىڭلارنى بۇزساڭلار، ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر ياكى ئۇلارغا بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر ياكى بىر قۇل ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ قەستەن ئىچكەن قەسىمىڭلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر. قەسىمىڭلاردا تۇرۇڭلار»- مائىدە 89/5.

**ب)- يالغان قەسەم**

ئۆزىنىڭ يالغىنىنى راست قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ياكى كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى ناھەق يۇلۇۋېلىش ياكى باشقىلارنىڭ ھەققىنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن يالغاندىن قىلىنغان قەسەم «يالغان قەسەم» ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللّهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلاً أُوْلَئِكَ لاَ خَلاَقَ لَهُمْ فِي الآخِرَةِ وَلاَ يُكَلِّمُهُمُ اللّهُ وَلاَ يَنظُرُ إِلَيْهِمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾

«ئاز بىر مەنپەئەتنى دەپ ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ۋە قەسەملىرىنى بۇزىدىغانلارنىڭ ئاخىرەتتە ھېچبىر نېسىۋىسى بولمايدۇ، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا قارىمايدۇ ۋە ئۇلارنى پاكلىمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەلەملىك ئازاب بار». ئال ئىمران 77/3.

**مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:**

ئىبنى مەسئۇد (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ پۇل-مېلىنى يولۇۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم ئىچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا دەرغەزەپ بولغان ھالدا مۇلاقات بولىدۇ»[439].

ئەبۇ ئۇمامە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س): «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى يالغان قەسەم بىلەن ئېلىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى لايىق، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» دېدى. بىر كىشى: «ئازغىنە نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ ئى رەسۇلۇللاھ»، دېدى. پەيغەمبەر (ئە.س): «مىسۋاك دەرىخىدىن بىر تال شاخ چاغلىق نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ» دېدى[440].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «چوڭ گۇناھلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان قەسەم قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت»[441].

---

439 بۇخارى، سەھىھ، مۇساقات 2356، تەپسىر 4549، ئەيمان ۋە نۇزۇر 6659، 6676؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 61، 220 (138)؛ تىرمىزى، سۈنەن، بۇيۇئ 1269؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئەھكام 2323/8.

440 مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 61، 218 - (137).

441 بۇخارى، سەھىھ، ئەيمان ۋە نۇزۇر 6675؛ نەسائى، سۈنەن، تەھرىمى دەم 4011، قەسامەت 4868.

# يېمەك-ئىچمەك

## ئومۇمىي بايان

قۇرئان كەرىمدە پەرقلىق مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرى زىكىر قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ۋە ھېكمىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن زىكىر قىلىنىدۇ. بىر قىسمى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ قاتارىدا زىكىر قىلىنىدۇ، بىر قىسمى جەننەتنىڭ نېمەتلىرى قاتارىدا زىكىر قىلىنىدۇ. تۆۋەندە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بىلەن ئۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَفِي الْأَرْضِ قِطَعٌ مُتَجَاوِرَاتٌ وَجَنَّاتٌ مِنْ أَعْنَابٍ وَزَرْعٌ وَنَخِيلٌ صِنْوَانٌ وَغَيْرُ صِنْوَانٍ يُسْقَى بِمَاءٍ وَاحِدٍ وَنُفَضِّلُ بَعْضَهَا عَلَى بَعْضٍ فِي الْأُكُلِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾

«زېمىندا بىر-بىرىگە قوشنا ھەر خىل يەر پارچىلىرى[442]، ئۈزۈملەردىن ھاسىل بولغان باغلار، ئېكىنلەر، بىر ئۇرۇقتىن ئوخشاش بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان ۋە بىر ئۇرۇقتىن پەقەتلا بىر تال ئۈنۈپ چىققان خورما دەرەخلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز مەھسۇلاتنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئۈستۈن قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، بۇلاردا ئەقىللىرىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئايەتلەر بار». رەئد 4/13.

﴿اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقاً لَّكُمْ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَسَخَّرَ لَكُمُ الأَنْهَارَ﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، سىلەرگە رىزىق بولسۇن دەپ ئۇ يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك-

442 بىر- بىرىگە يېقىن، لېكىن ھەر خىل. يەنى يەر- مۇنبەت يەر، شورلۇق يەر، ئاچچىق يەر، تاتلىق يەر، يۇمشاق يەر، قاتتىق يەر، تۈز يەر، ئېگىز- پەس يەر دېگەندەك بىرقانچە خىلغا ئايرىلىدۇ. ھەتتا يەرلەرنىڭ رەڭگىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ھالبۇكى، ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز نۇرلىرى ئوخشاشلا چۈشىدۇ. يامغۇرمۇ ئوخشاشلا ياغىدۇ.

تۈرلۈك مېۋە ۋە مەھسۇلاتلارنى چىقاردى، ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا ئېقىپ يۈرۈيدىغان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۆستەڭلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى»- ئىبراھىم 32/14.

**﴿مَثَلُ الْجَنَّةِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ فِيهَا أَنْهَارٌ مِنْ مَاءٍ غَيْرِ آسِنٍ وَأَنْهَارٌ مِنْ لَبَنٍ لَمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُ وَأَنْهَارٌ مِنْ خَمْرٍ لَذَّةٍ لِلشَّارِبِينَ وَأَنْهَارٌ مِنْ عَسَلٍ مُصَفًّى وَلَهُمْ فِيهَا مِنْ كُلِّ الثَّمَرَاتِ وَمَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ كَمَنْ هُوَ خَالِدٌ فِي النَّارِ وَسُقُوا مَاءً حَمِيمًا فَقَطَّعَ أَمْعَاءَهُمْ﴾**

«تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەت مۇنداق: ئىچىدە بۇزۇلمىغان سۇ ئۆستەڭلىرى، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈت ئۆستەڭلىرى، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەي ئۆستەڭلىرى ۋە سۈزمە ھەسەل ئۆستەڭلىرى بار. ئۇلار ئۈچۈن ئۇ جەننەتتە ھەر تۈرلۈك مېۋە ۋە رەببىدىن مەغپىرەت بار. بۇ نېمەتلەرگە ئېرىشكەن تەقۋادارلار، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناق سۇ بىلەن سۇغىرىلىپ ئۈچەيلىرى پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەنلەر بىلەن ئوخشاشمۇ؟»- مۇھەممەد 15/47.

مەزكۇر يېمەك-ئىچمەكلەرنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

## ئا- ئىچىملىكلەر

### 1- سۇ

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَاللَّهُ أَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً لِقَوْمٍ يَسْمَعُونَ﴾**

«ئاللاھ ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈك تۇپراققا ھايات بەرمەكتىدۇر. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا قۇلاق سالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەت بار»- نەھل 65/16.

**﴿أَوَلَمْ يَرَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَنَّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ كَانَتَا رَتْقًا فَفَتَقْنَاهُمَا وَجَعَلْنَا مِنَ الْمَاءِ كُلَّ شَيْءٍ حَيٍّ أَفَلَا يُؤْمِنُونَ﴾**

«كاپىرلار كۆرمىدىمۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر تۇتاش ئىدى، ئۇ ئىككىسىنى بىز ئايرىدۇق، بىز ھەر جانلىق نەرسىنى سۇدىن ياراتتۇق؟. ئۇلار يەنىلا ئىشەنمەمدۇ؟»- ئەنبىيا 30/21.

﴿وَاللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَابَّةٍ مِنْ مَاءٍ فَمِنْهُمْ مَنْ يَمْشِي عَلَى بَطْنِهِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَمْشِي عَلَى رِجْلَيْنِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَمْشِي عَلَى أَرْبَعٍ يَخْلُقُ اللَّهُ مَا يَشَاءُ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

«ئاللاھ پۈتكۈل جانلىقلارنى سۇدىن ياراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇتى بىلەن ماڭىدۇ. ئاللاھ خالىغىنى يارىتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»- نۇر 45/24.

﴿وَاذْكُرْ عَبْدَنَا أَيُّوبَ إِذْ نَادَى رَبَّهُ أَنِّي مَسَّنِيَ الشَّيْطَانُ بِنُصْبٍ وَعَذَابٍ. ارْكُضْ بِرِجْلِكَ هَذَا مُغْتَسَلٌ بَارِدٌ وَشَرَابٌ﴾

«بەندىمىز ئەييۇبنى زىكىر قىل، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە: ‹شەيتان ماڭا ھارغىنلىق ۋە ئازاب يەتكۈزدى› دەپ نىدا قىلغان ئىدى. ئۇنىڭغا ‹پۇتۇڭ بىلەن يەرگە ئۇر، ئەنە سوغۇق سۇ! يۇيۇنىسەن ۋە ئىچىسەن› دېدۇق»- ساد 42/38.

## 2ـ سۈت

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنَّ لَكُمْ فِي الْأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُسْقِيكُمْ مِمَّا فِي بُطُونِهِ مِنْ بَيْنِ فَرْثٍ وَدَمٍ لَبَنًا خَالِصًا سَائِغًا لِلشَّارِبِينَ﴾

«شۈبھىسىزكى، تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەردە سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار: سىلەرنى ئۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى بىلەن سۇغىرىمىز. ئۇ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئاشقازىنىدىكى ئوزۇقلۇقلار بىلەن قاننىڭ ئارىسىدىن كېلىدىغان، ئىچكۈچىلەرنىڭ گاللىرىدىن سىلىق ئۆتۈپ كېتىدىغان ساپ سۈتتۇر»- نەھل 66/16.

﴿وَإِنَّ لَكُمْ فِي الْأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُّسقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهَا وَلَكُمْ فِيهَا مَنَافِعُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ﴾

«تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىبرەت بار. بىز سىلەرنى ئۇلارنىڭ سۈتلىرى بىلەن سۇغىرىمىز. ئۇلاردىن كۆپ پايدىلىنىسىلەر ۋە گۆشلىرىنى يەيسىلەر»۔ مۇئمىنۇن 21/23.

### 3۔ ھەسەل

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَوْحَى رَبُّكَ إِلَى النَّحْلِ أَنِ اتَّخِذِي مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا وَمِنَ الشَّجَرِ وَمِمَّا يَعْرِشُونَ. ثُمَّ كُلِي مِنْ كُلِّ الثَّمَرَاتِ فَاسْلُكِي سُبُلَ رَبِّكِ ذُلُلًا يَخْرُجُ مِنْ بُطُونِهَا شَرَابٌ مُخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ فِيهِ شِفَاءٌ لِلنَّاسِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«رەببىڭ ھەسەل ھەرىلىرىگە مۇنداق ۋەھيي قىلدى: «تاغلاردا، ئورمانزارلىقلاردا ۋە ئىنسانلار تەييارلىغان ساندۇقلاردا ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئۆيلەر ياساڭلار. ئاندىن كېيىن مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدىن يەڭلار، ئاندىن رەببىڭلار سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن يوللاردا مېڭىڭلار». ئۇلارنىڭ قورساقلىرىدىن رەڭگىلىرى ھەر خىل ئىچىملىك چىقىدۇ. ئۇ ئىچىملىك ئىنسانلارغا شىپا بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەت بار»۔ نەھل 68/16۔69..

### ئە۔ *يېمەكلىكلەر*

يېمەكلىكلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى دانلار (ئاشلىقلار) ۋە مېۋىلەر، يەنە بىرى گۆشلەر.

### 1۔ ئاشلىقلار ۋە مېۋىلەر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَهُوَ الَّذِي أَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا نُخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُتَرَاكِبًا وَمِنَ النَّخْلِ مِنْ طَلْعِهَا قِنْوَانٌ دَانِيَةٌ وَجَنَّاتٍ مِنْ أَعْنَابٍ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ انْظُرُوا إِلَى ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَيَنْعِهِ إِنَّ فِي ذَلِكُمْ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئاسماندىن سۇ چۈشۈردى. ئاندىن بىز ئۇ سۇ بىلەن ھەر نەرسىنىڭ ئۆسۈملۈكىنى چىقاردۇق. ئۇ ئۆسۈملۈكتىن بىر نوتا چىقاردۇق.

ئۇ نوتىدىن بىر-بىرىگە مىڭگىشىپ كەتكەن دانلار، خورمىنىڭ چېچەكىدىن ساڭگىلىغان ساپاقلار، ئۈزۈملەردىن ھاسىل بولغان باغلار، زەيتۇن ۋە ئانار قاتارلىقلارنى چىقاردۇق. بۇلارنىڭ بەزىسى ئوخشىشىدۇ، بەزىسى ئوخشاشمايدۇ. ھەر بىرى مېۋە چىقارغان چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىگە ۋە پىشىشىغا قاراڭلار. شۈبھىسىزكى، بۇلاردا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەر بار»- ئەنئام 99/6.

﴿وَهُوَ الَّذِي أَنْشَأَ جَنَّاتٍ مَعْرُوشَاتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَاتٍ وَالنَّخْلَ وَالزَّرْعَ مُخْتَلِفًا أُكُلُهُ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُتَشَابِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ كُلُوا مِنْ ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَآتُوا حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ وَلَا تُسْرِفُوا إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى، تەمى ھەر خىل خورما ۋە ئېكىنلەرنى، بىر-بىرىگە ئوخشىشىدىغان ۋە ئوخشاشمايدىغان زەيتۇنلارنى ۋە ئانارلارنى بار قىلدى. ھەر بىرى مېۋە بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەڭلار، ئۇنى يىغقان كۈنى ھەققىنى بېرىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ»- ئەنئام 141/6.

﴿وَأَصْحَابُ الْيَمِينِ مَا أَصْحَابُ الْيَمِينِ. فِي سِدْرٍ مَخْضُودٍ. وَطَلْحٍ مَنْضُودٍ. وَظِلٍّ مَمْدُودٍ. وَمَاءٍ مَسْكُوبٍ. وَفَاكِهَةٍ كَثِيرَةٍ. لَا مَقْطُوعَةٍ وَلَا مَمْنُوعَةٍ. وَفُرُشٍ مَرْفُوعَةٍ﴾

«ئەمەل دەپتىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەنلەر، كىملەردۇر ئەمەل دەپتىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەنلەر! ئۇلار تىكەنسىز گىلاس، سانجاق-سانجاق بانان، ئۇزۇنتىلغان سايە، ئېقىتىلغان سۇ، تۈگىمەيدىغان ۋە مەنئى قىلىنمايدىغان كۆپ مېۋە، يۇكسەلدۈرۈلگەن تۆشەكلەر قاتارلىقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ»- ۋاقىئە 56/27-33.

### 2- گۆشلەر

### ئا)- تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە گۆشلىرى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَوْفُواْ بِالْعُقُودِ أُحِلَّتْ لَكُم بَهِيمَةُ الأَنْعَامِ إِلاَّ مَا يُتْلَى عَلَيْكُمْ غَيْرَ مُحِلِّي الصَّيْدِ وَأَنتُمْ حُرُمٌ إِنَّ اللّهَ يَحْكُمُ مَا يُرِيدُ﴾

«ئى مۇئمىنلار! توختاملىرىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. سىلەرگە تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلار ھالال قىلىندى. پەقەت ئۇلاردىن سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلاشنى ھالال سانىماڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ خالىغىنى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ»- مائىدە 1/5.

﴿وَالأَنْعَامَ خَلَقَهَا لَكُمْ فِيهَا دِفْءٌ وَمَنَافِعُ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ﴾

«ئاللاھ تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىمۇ ياراتتى. ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن سوغۇقتىن ساقلىغۇچى نەرسىلەر ۋە باشقا نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار؛ ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يەيسىلەر»- نەھل 5/16..

﴿أَوَلَمْ يرَوْا أَنَّا خَلَقْنَا لَهُمْ مِمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَا أَنْعَامًا فَهُمْ لَهَا مَالِكُونَ. وَذَلَّلْنَاهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ. وَلَهُمْ فِيهَا مَنَافِعُ وَمَشَارِبُ أَفَلَا يَشْكُرُونَ﴾

«ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۆز قوللىرىمىز بىلەن ئىشلەپ ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى ياراتتۇق. ئۇلار ئۇ ھايۋانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدۇر. بىز ئۇ ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسى ئۇلارنىڭ ئۇلىغىدۇر، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى يەيدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئۇ ھايۋانلاردا يەنە باشقا نۇرغۇن مەنپەئەتلەر ۋە ئىچىلىدىغان نەرسىلەر بار. ئۇلار يەنىلا شۈكۈر قىلمامدۇ؟» ياسىن 36/71-73.

﴿اللَّهُ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَنْعَامَ لِتَرْكَبُوا مِنْهَا وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى سىلەرگە تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى يارىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ بەزىسگە مىنىسىلەر، بەزىسىنى يەيسىلەر»- مۇئمىن 79/40.

**ئە)- قۇش گۆشلىرى**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ. أُولَئِكَ الْمُقَرَّبُونَ. فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ. ثُلَّةٌ مِنَ الْأَوَّلِينَ. وَقَلِيلٌ مِنَ الْآخِرِينَ. عَلَى سُرُرٍ مَوْضُونَةٍ. مُتَّكِئِينَ عَلَيْهَا مُتَقَابِلِينَ. يَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُخَلَّدُونَ. بِأَكْوَابٍ

﴿وَأَبَارِيقَ وَكَأْسٍ مِنْ مَعِينٍ. لَا يُصَدَّعُونَ عَنْهَا وَلَا يُنْزِفُونَ. وَفَاكِهَةٍ مِمَّا يَتَخَيَّرُونَ. وَلَحْمِ طَيْرٍ مِمَّا يَشْتَهُونَ﴾

«ياخشىلىقنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار جەننەتكە ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئەنە شۇلار يېقىنلاشتۇرۇلغۇچىلاردۇر، نەئىم جەننەتلىرىدىدۇر، ئۇلارنىڭ تولىسى ئاۋۋالقىلاردىندۇر، ئېزى ئاخىرقىلاردىندۇر، ئالتۇن ۋە گۆھەرلەر بىلەن توقۇلغان كارىۋاتلار ئۈستىدىدۇر، ئۇ كارىۋاتلارغا يۆلەنگەن ۋە بىر-بىرىگە قاراشقان ھالەتتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان باللار ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ باللار ئۇلارغا پىيالە، چەينەك ۋە بۇلاقتىن تولدۇرۇلغان قەدەھلەرنى سۇنىدۇ. بۇ شاراب ئۇلارنىڭ باشلىرىنى ئاغرىتمايدۇ، ئۇلارنى مەست قىلمايدۇ. ئۇ باللار ئۇلارغا يەنە ئۇلار تاللايدىغان مېۋىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلى تارتىدىغان قۇش گۆشلىرىنى سۇنىدۇ»- ۋاقىئە 10/56-21.

### ب)- ئوۋ گۆشلىرى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا أُحِلَّ لَهُمْ قُلْ أُحِلَّ لَكُمُ الطَّيِّبَاتُ وَمَا عَلَّمْتُم مِّنَ الْجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ اللّهُ﴾

«ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى: سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئۆگەتكىنىدىن ئۆگىتىپ ئوۋچى قىلىپ يېتىشتۈرگەن ھايۋانلارنىڭ سىلەرگە تۇتقان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى»- مائىدە 4/5.

﴿وَحُرِّمَ عَلَيْكُمْ صَيْدُ الْبَرِّ مَا دُمْتُمْ حُرُمًا﴾

«ئېھرامدا چېغىڭلاردا قۇرۇقلۇقنىڭ ئوۋى سىلەرگە ھارام قىلىندى»- مائىدە 96/5.

مائىدە سۈرىسىنىڭ 1-، 94- ۋە 95- ئايەتلىرىمۇ ئېھرامسىز كىشىنىڭ ئوۋ ئوۋلىشىغا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئەنئام تۈرى ھايۋانلارنىڭ ياۋۇلىرىنىڭ ۋە ئىنسانغا زىيانسىز بولغان باشقا ياۋا ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### پ)- دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ گۆشلىرى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أُحِلَّ لَكُمْ صَيْدُ الْبَحْرِ وَطَعَامُهُ مَتَاعًا لَكُمْ وَلِلسَّيَّارَةِ﴾

«سىلەرگە دېڭىزنىڭ ئوۋى ۋە يېمەكلىكى ھالال قىلىندى. بۇ سىلەرنى ۋە يولۇچىلارنى مەنپەئەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئېھرامدا چېغىڭلاردا قۇرۇقلۇقنىڭ ئوۋى سىلەرگە ھارام قىلىندى. ئاللاھدىن قورقۇڭلاركى، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر»- مائىدە 96/5.

﴿وَهُوَ الَّذِي سَخَّرَ الْبَحْرَ لِتَأْكُلُوا مِنْهُ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُوا مِنْهُ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا وَتَرَى الْفُلْكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا مِنْ فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، دېڭىزنىمۇ سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا سېلىپ بەردى. ئاللاھ بۇنى، ئۇنىڭدىن يېڭى گۆش يېيىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىڭلارنى چىقىرىشىڭلار ئۈچۈن- سەن ئۇنىڭدا سۇنى يېرىپ كېتىۋاتقان كېمىلەرنى كۆرىسەن- ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن قىلدى»- نەھل 14/16.

## *پ- يېمەك-ئىچمەكلەرگە تەم كىرگۈزگۈچى ماددىلار*

### 1- دورا-دەرمەك ۋە ئۇتىياشلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالْأَرْضَ وَضَعَهَا لِلْأَنَامِ. فِيهَا فَاكِهَةٌ وَالنَّخْلُ ذَاتُ الْأَكْمَامِ. وَالْحَبُّ ذُو الْعَصْفِ وَالرَّيْحَانُ﴾

«رەھمان زېمىننى مەخلۇقاتىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قويدى. ئۇنىڭدا مېۋىلەر، بوغۇملۇق خورمىلار، سامانلىق دانلار ۋە خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەر بار»- رەھمان 55/10-12.

﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَن نَّصْبِرَ عَلَىَ طَعَامٍ وَاحِدٍ فَادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنبِتُ الأَرْضُ مِن بَقْلِهَا وَقِثَّآئِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ الَّذِي هُوَ أَدْنَى بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ اهْبِطُواْ مِصْراً فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلْتُمْ﴾

«سىلەر ئۆز ۋاقتىدا: ‹ئى مۇسا! بىز بىر خىل تاماققا سەۋر قىلالمايمىز. سەن بىز ئۈچۈن رەببىڭدىن سورىغىن، بىزگە زېمىن ئۈندۈرىدىغان نەرسىلەردىن كۆكتات، تەرخەمەك، سامساق، يېسسىمۇق ۋە پىيازلارنى چىقىرىپ بەرسۇن› دېگەن ئىدىڭلار، مۇسا سىلەرگە: ‹ياخشى نەرسىلەرنى ئاددىي نەرسىلەرگە تېگىشمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟ بىرەر شەھەرگە چۈشۈڭلار، تىلىگىنىڭلارنى شۇ يەردە تاپىسىلەر!› دېگەن ئىدى»- بەقەرە 61/2.

## 2- زەنجىۋىل

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيُسْقَوْنَ فِيها كَأْساً كانَ مِزاجُها زَنْجَبِيلاً. عَيْناً فِيها تُسَمَّى سَلْسَبِيلاً﴾

«ئۇلار يەنە ئۇ جەننەتتە زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان جاملار بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ. ئۇ سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقتۇر»- ئىنسان 17/76-18.

## 3- كافۇر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الْأَبْرَارَ يَشْرَبُونَ مِنْ كَأْسٍ كَانَ مِزَاجُهَا كَافُورًا. عَيْنًا يَشْرَبُ بِهَا عِبَادُ اللَّهِ يُفَجِّرُونَهَا تَفْجِيرًا﴾

«شۈبھىسىزكى، ياخشىلار كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان جاملاردىن ئىچىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى خالىغان يەرلىرىگە ئېقتىپ ئىچىدىغان بىر بۇلاقتۇر»- ئىنسان 4/76-5.

## 4- زەيتۇن ۋە زەيتۇن يېغى

ئاللاھ تائالا مۇندا دەيدۇ:

﴿وَأَنْزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً بِقَدَرٍ فَأَسْكَنَّاهُ فِي الْأَرْضِ وَإِنَّا عَلَى ذَهَابٍ بِهِ لَقَادِرُونَ. أَنْشَأْنَا لَكُمْ بِهِ جَنَّاتٍ مِنْ نَخِيلٍ وَأَعْنَابٍ لَكُمْ فِيهَا فَوَاكِهُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ. وَشَجَرَةً تَخْرُجُ مِنْ طُورِ سَيْنَاءَ تَنْبُتُ بِالدُّهْنِ وَصِبْغٍ لِلْآكِلِينَ﴾

«بىز ئاسماندىن بەلگىلەنگەن مىقداردا سۇ چۈشۈرۈپ ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق. بىزنىڭ كۈچىمىز ئۇ سۇنى يوق قىلىۋېتىشكىمۇ يېتىدۇ. بىز ئۇ

سۇ بىلەن سىلەرگە خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. ئۇ باغلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مېۋىلەر بار. سىلەر ئۇلاردىن يەيسىلەر. بىز يەنە ئۇ سۇ بىلەن سىنا تېغىدا چىقىدىغان بىر دەرەخ يېتىشتۈردۇق. ئۇ دەرەختىن ماي ۋە يېگۈچىلەرگە بىر خىل قوشۇمچە يېمەكلىك چىقىدۇ». مۇئمىنۇن 23/18ـ20.

﴿اللَّهُ نُورُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ مَثَلُ نُورِهِ كَمِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ الْمِصْبَاحُ فِي زُجَاجَةٍ الزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوْكَبٌ دُرِّيٌّ يُوقَدُ مِنْ شَجَرَةٍ مُبَارَكَةٍ زَيْتُونَةٍ لَا شَرْقِيَّةٍ وَلَا غَرْبِيَّةٍ يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ نُورٌ عَلَى نُورٍ يَهْدِي اللَّهُ لِنُورِهِ مَنْ يَشَاءُ وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

«ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر. ئاللاھنىڭ نۇرى، ئىچىدە چىراغ بولغان بىر تەكچىگە ئوخشايدۇ. ئۇ چىراغ بىر شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇ شىشە خۇددى بىر گۆھەر يۇلتۇزدۇر. ئۇ چىراغ شەرقىمۇ، غەربىكىمۇ مەنسۇپ بولمىغان مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ يېغى بىلەن يورۇتۇلىدۇ. ئۇ شۇنداق مۇبارەك دەرەخكى، يېغى ئوت تەگمىسىمۇ يورۇتايلا دەپ تۇرىدۇ. ئۇ نۇر ئۈستىگە نۇردۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىنى نۇرىغا ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارغا مىساللارنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر». نۇر 24/35.

ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ تائامىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلْيَنْظُرِ الْإِنْسَانُ إِلَى طَعَامِهِ. أَنَّا صَبَبْنَا الْمَاءَ صَبًّا. ثُمَّ شَقَقْنَا الْأَرْضَ شَقًّا. فَأَنْبَتْنَا فِيهَا حَبًّا. وَعِنَبًا وَقَضْبًا. وَزَيْتُونًا وَنَخْلًا. وَحَدَائِقَ غُلْبًا. وَفَاكِهَةً وَأَبًّا. مَتَاعًا لَكُمْ وَلِأَنْعَامِكُمْ﴾

«ئىنسان يېمەكلىكلىرىگە قارىسۇن: مول يامغۇرنى بىز ياغدۇردۇق، ئاندىن زېمىننى ياردۇق، ئاندىن ئۇ زېمىندا ئاشلىقلارنى ئۈندۈردۇق، ئۈزۈم، ئوتياش، زەيتۇن، خورما، دەرەخلىرى قويۇق باغلار، مېۋىلەر ۋە ئوتلاقلارنى يېتىشتۈردۇق. سىلەرنى ۋە ئەنئامىڭلارنى[443] ھايات كەچۈرسۇن دەپ شۇنداق قىلدۇق». ئەبەسە 80/24ـ32.

443 تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلىرىڭلارنى.

# كىيىم-كېچەك ۋە زىننەتلىنىش

## ئا- كۈندىلىك كىيىملەر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا بَنِي آدَمَ قَدْ أَنزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاسًا يُوَارِي سَوْآتِكُمْ وَرِيشًا﴾

«ئى ئادەم باللىرى! بىز سىلەرگە ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان كىيىم ۋە سىلەر زىننەتلىنىدىغان كىيىم نازىل قىلىپ بەردۇق». ئەئراف26/7.

﴿وَجَعَلَ لَكُمْ سَرَابِيلَ تَقِيكُمُ الْحَرَّ وَسَرَابِيلَ تَقِيكُم بَأْسَكُمْ﴾

ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن سىلەرنى ئىسسىقتىن ساقلايدىغان كىيىملەرنى ۋە سىلەرنى ئۇرۇشتا ساقلايدىغان كىيىملەرنى قىلىپ بەردى». نەھل 81/16.

ئىسسىقتىن ساقلىنىش كىيىملەر سوغۇقتىن ساقلايدىغان كىيىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى سوغۇق «ئىسسىق»تىن چۈشىنىلگەنلىكى ئۈچۈن ئايەتتە ئالاھىدە زىكىر قىلىنمىغان.

﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُل لِّأَزْوَاجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَاء الْمُؤْمِنِينَ يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِن جَلَابِيبِهِنَّ ذَلِكَ أَدْنَى أَن يُعْرَفْنَ فَلَا يُؤْذَيْنَ وَكَانَ اللَّهُ غَفُوراً رَّحِيماً﴾

«ئى نەبىي! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلارنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىن: سىرتقا چىققاندا ئۈستىلىرىگە چوڭ كىيىملىرىنى كىيىۋالسۇن. بۇ ئۇلارنىڭ تونۇلۇپ رەنجىتىلمەسلىكىگە ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر». ئەھزاب 59/33.

﴿وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ﴾

«مۇئمىنەلەر ياغلىقلىرى بىلەن بويۇن ۋە كۆكسلىرىنى ياپسۇن». نۇر 31/24.

بۇ ئايەتلەر، باشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر كىيىم كىيىشنىڭ سەۋەبلىرىنى، كىيىمنىڭ ماددىلىرىنى، كىيىمنىڭ تۈرلىرىنى ۋە كىيىنىشنىڭ شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## 1ـ كىيىنىشنىڭ سەۋەبلىرى

ئا- ئەۋرەت يەرلىرىنى يېپىش

ئە- ئىسسىقتىن ساقلىنىش

ب- زىننەتلىنىش

پ- قورال-ياراق زەربىسىدىن ساقلىنىش

ئىنسان كىيىمنى ئەنە شۇ تۆت ئىش ئۈچۈن كىيىدۇ.

## 2ـ كىيىمنىڭ ماددىلىرى

كىيىمنىڭ ماددىلىرى ئەنئام تۈرى[444] ھايۋانلاردىن ئېلىنىدىغان يۇڭ، تىۋىت، چۇپۇر ۋە تېرە قاتارلىق خام ئەشيالار[445]، پاختا، تاشپاختا ۋە پىلىگە ئوخشاش يىپ چىقىدىغان ماددىلار[446] ۋە تۆمۈر تۈرلىرىدۇر[447].

## 3ـ كىيىمنىڭ تۈرلىرى

ئا)ـ ئەۋرەت يەرلىرىنى يېپىش كىيىمى. بۇ كۈنىمىزدە ئىچ كىيىم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئە)ـ زىننەتلىنىش كىيىمى. بۇنى تاشقى كىيىم دېيىشكە بولىدۇ، كۈنىمىزدە كاستۇم-بۇرۇلكا، كۆڭلەك-ئىشتان، تون، پەلتو دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

ب)ـ ئىسسىقتىن ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىش كىيىملىرى. بۇ خىل كىيىملەرنى ھەر ئىقلىمغا ۋە ھەر مەۋسۇمغا مۇۋاپىق كىيىم دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: يازلىق كىيىم، قىشلىق كىيىم، كۈزلۈك كىيىم،... دېگەندەك.

پ)ـ ئۇرۇش كىيىمى. بۇ تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىدىن ياسىلىدىغان ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا تۈرلىرىدۇر.

---

444 تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە.

445 نەھل 80/16.

446 ئاللاھ تائالا: «يىپىنى پىششىق ئېگىرىپ بولۇپ چۇۋۇۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار» دەپ پۈتۈن يىپ چىقىدىغان ماددىلارغا ئىشارەت قىلماقتا.

447 سەبەئ 34/10ـ11؛ ھەدىد 57/25.

ئەسكەرتىش:

زىننەتلىنىش كىيىمى بىلەن ئىسسىق-سوغۇقتىن ساقلىنىش كىيىمى ئاساسەن بىر بولىدۇ. بۇ خىل كىيىملەر ئىنسانلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ياشاۋاتقان رايونلىرىنىڭ شارائىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بەزى جايلاردا ئۈچ پارچە (باش كىيىمى بىلەن ئۈستىگە كىيىدىغان كىيىم بىر پارچە، ئىشتان ۋە ئاياغ كىيىمى)، بەزى جايلاردا تۆت پارچە بولىدۇ (باش كىيىمى، ئۈستىگە كىيىدىغان كىيىم، ئىشتان ۋە ئاياغ كىيىمى). دىنىمىز بۇنىڭ ھەر ئىككىسىگە يول قويىدۇ (بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز). لېكىن كىيىمنىڭ تۆت پارچە بولۇشى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1)- باش كىيىمى. بۇ ئاياللار ئۈچۈن مۇھىم بولۇپ ياغلىق دەپ ئاتىلىدۇ (نۇر31/24). ئەرلەرنىڭ بېشى ياكى چېچى ئەۋرەت ھېسابلانمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بۇ ھەقتە ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلگەن. شۇڭا خالىغانلار بېشىغا بىر نەرسە كىيىدۇ، خالىغانلار كىيمەيدۇ. نامازدىمۇ ئەرلەرنىڭ بېشىنى يۆگىشى ياكى ئېچىۋېتىشى شەرت قىلىنمىغان.

2)- بويۇندىن بەلنىڭ ئاستى تەرەپكىچە يۆگەيدىغان كىيىم بولۇپ، كۆنىمىزدە كۆڭلەك، يەكتەك، پەرىجە، پەلتو ۋە چاپان دېگەن ئىسىملار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئاياغلارغىچە يۆگەيدىغىنى ئاياللار ئۈچۈن مۇھىمدۇر (ئەھزاب 33/59).

3- ئىشتان. بۇ شىم، تامبال دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

3)- ئاياغ كىيىمى. بۇ كىيىم، ئۆتۈك، مەسە ۋە بەتىنكە دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ (تاھا 12/20).

## 4- كىيىنىشنىڭ شەرتلىرى:

ئا- كۇفرىنىڭ سىمۋولى بولغان كىيىملەرنى كىيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىرقانچە ئايەتتە كافىرلارغا ئوخشىشىۋېلىشتىن توسىدۇ[448]. بۇ ئوخشىۋېلىش ئومۇمىي بولۇپ ئۇلارغا خاس بولغان كىيىمنى كىيىش بىلەن ئۇلارغا ئوخشىۋېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

448 ئال ئىمران 105/3؛ نىسا 104/4؛ ئەنفال 21/8، 48؛ نەھل 92/16؛ رۇم 31/30.

«كىمكى باشقا بىر قەۋمگە (مىللەتكە) ئوخشىۋالىدىكەن، ئۇ شۇ قەۋمنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كېتىدۇ»[449].

ئە- ئاياللار ئەرچە، ئەرلەر ئايالچە كىيىنسە بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَتَمَنَّوْاْ مَا فَضَّلَ اللّهُ بِهِ بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا اكْتَسَبُواْ وَلِلنِّسَاء نَصِيبٌ مِّمَّا اكْتَسَبْنَ وَاسْأَلُواْ اللّهَ مِن فَضْلِهِ إِنَّ اللّهَ كَانَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا﴾

«ئاللاھ بەزىڭلارغا بېرىپ بەزىڭلارغا بەرمىگەن نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلماڭلار. ئەرلەرگە ئۆز قىلمىشلىرىدىن نېسىۋە بار، ئاياللارغىمۇ ئۆز قىلمىشلىرىدىن نېسىۋە بار. ئاللاھتىن ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلىشىنى تىلەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»- نىسا 32/4.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى:

ئاللاھ تائالا بەزىڭلارغا ئىلىم-بىلىم، ئىززەت-ئېتىبار، مال-مۈلۈك ۋە بالا-چاقا قاتارلىق نېمەتلەرنى بەرگەن بولسا، بۇ نېمەتلەر بېرىلمىگەن كىشىلەر، بېرىلگەن كىشىلەرگە ھەسەت قىلمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى مەزكۇر ئىلاھىي نېمەتلەرگە كۆز تىكمىسۇن، ئۇلارنىڭ يوق بولۇشىنى ئارزۇ قىلمىسۇن. ئاللاھ سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى ئەر، بەزىڭلارنى ئايال قىلىپ ياراتقان ۋە ھەر بىرىڭلارغا ئايرىم-ئايرىم ئالاھىدىلىكلەر ئاتا قىلغان. ئەر ئايالنىڭ، ئايال ئەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئارزۇ قىلمىسۇن، (نىسا 34/4- ئايەتنىڭ بىرىنچى ئىزاھاتىغا قاراڭ). ھەر جىنس ئۆز ئالاھىدىلىكىگە قانائەت قىلسۇن، باشقىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھەۋەسلەنمىسۇن.

ئەر ئايالغا، ئايال ئەرگە سۆز-ھەرىكەت، يۈرۈش-تۇرۇش ۋە كىيىم-كېچەكتە ئوخشىۋالسا ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكنى ئارزۇ قىلغان بولىدۇ.

«رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا، ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى ئەرلەرگە لەنەت ئېيتقان»[450].

449 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، لىباس 4031/4.

450 بۇخارى، سەھىھ، لىباس 5885؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەدەب 2784؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، نىكاھ 22، 1904.

ب- ھەددىن زىيادە قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىشكە بولمايدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئىسراپ[451]، يەنە بىر تەرەپتىن تەكەببۇرلۇق بولىدۇ[452].

پ- ناتوغرا خەت يېزىلغان ياكى ھارام رەسىم چۈشۈرۈلگەن كىيىملەرنى كىيىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن: ئەر-ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن[453] ياكى باتىل دىنلارنىڭ سىمۋوللىرىنىڭ ۋە ياكى ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن[454]، يامانلىققا دەۋەت قىلىدىغان خەتلەر يېزىلغان كىيىملەرنى كىيمەسلىك كېرەك[455].

ت- تار ئىشتان، ھەددىدىن زىيادە ئېگىز پاشنىلىق ئاياغدەك بەدەنگە ئەزىيەت بېرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى بەدەن ئاللاھنىڭ ئامانىتى، ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «زىيان سېلىشقا ۋە زىيان تارتىشقا بولمايدۇ»[456].

ج- ئەرلەرنىڭ يىپەك كىيىم كىيمەسلىكى لازىم[457].

دىنىمىز ئەنە شۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا كىيىنىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەرەمگە كەلگەن ۋە رەڭگارەڭ مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان مۇسۇلمانلار مەككە-مەدىنىدە ئېھرامنىڭ سىرتىدا ھەر خىل قىياپەتلەر بىلەن يۈرۈيدۇ. لېكىن ھېچبىرىنىڭ

---

451 فۇرقان 62/25.

452 «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) «ئۈچ كىشى بار. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا گەپ قىلمايدىغان، قارىمايدىغان، پاكلىمايدىغان ۋە ئەلەملىك ئازابقا دۇچار قىلىدىغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرىنى: «كىيىمنى تەكەببۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن يەرگە قەدەر ئۇزارتقان كىشى» دەپ سانىغان- (مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 171؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، لىباس 28؛ تىرمىزى، سۈنەن، سەھىر 5؛ نەسائى، سۈنەن، سەھىر 5).

453 چۈنكى بۇ ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

454 چۈنكى بۇ ئۇ نەرسىلەرگە ھۆرمەت قىلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

455 چۈنكى بۇ يامانلىقنىڭ يېيىلىشىغا ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ.

456 ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئەھكام 2341-17/2340؛ ئەھمەد، مۇسنەد 56-5/55؛ مالىك، مۇۋەتتا، ئەقدىيە 2758/600؛ بەيھەقى، سۈنەنى كۇبرا، سۇلھ 11384.

457 قۇرئان كەرىمنىڭ 43 - سۈرىسى بولغان زۇخرۇف سۈرىسىنىڭ 18 - ئايىتىدە قىزلارنىڭ ئادەتتە زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىقىنى تەشكىل قىلىدىغان ئالتۇن بىلەن يىپەكنىڭ ئەرلەرگە ھارام قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر: بۇخارى، سەھىھ، لىباس 5832؛ مۇسلىم، سەھىھ، لىباس ۋە زىينەت 2، 4 - (2067)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەشرىبەت 3723؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەبۋابۇل لىباس 1720/1؛ نەسائى، سۈنەن، زىينەت 5159؛ ئەھمەد، مۇسنەد 253/1.

ئەۋرەت يەرلىرى ئېچىلىپ قالغىنى يوق. دېمەككى، دىنىمىز يۆگىلىشى كېرەك بولغان يەرلەرنى كۆرستىپ بەرگەن، كىيىنىشتە بەزى شەرتلەرنى قويغان، لېكىن كىيىمنىڭ نۇسخا ۋە پاسونلىرىنى ئىنسانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە زوقىغا قويغان.

## ئە- ياغلىق

### ئومۇمي بايان

بىزنى بىر ئەر ۋە بىر ئايالدىن ياراتقان[458] ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. ياخشى ئاقىۋەت ئاللاھ تائالانىڭ غەزەپ ۋە ئازابىدىن ساقلىنىش يولىدا ماڭغان ئەر-ئايال (تەقۋادار)لارغا بولسۇن[459]. ئاللاھ تەرىپىدىن ئەر-ئايال پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن[460] ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد[461]نىڭ شەنى ئۇلۇغ، دەرىجىسى ئۈستۈن بولسۇن[462]. ئاللاھ ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئائىلە-تەۋەلىرىگە رەھمەت ۋە بەرىكەت ياغدۇرسۇن[463]، ئەر-ئايال ئەسھابىلىرىدىن ۋە قىيامەتكىچە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئەر-ئاياللاردىن رازى بولسۇن[464].

جانلىقلار ئالەمىنىڭ ئىنسان تۈرى ئەر ۋە ئايال دەپ ئىككى جىنسقا ئايرىلىدۇ[465]. ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادا ئاللاھقا بەندە، رەسۇلۇللاھقا ئۇممەت بولۇپ ياشاش تەكلىپى ھەر ئىككى جىنسقا ئوخشاش قارىتىلىدۇ[466]. بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغان[467] ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ياشىغان كىشى ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ[468].

---

458 ھۇجۇرات 13/49.

459 ئەئراف 128/7؛ ھۇد 49/11؛ تاھا 132/20؛ قەسەس 83/2.

460 ئەئراف 158/7؛ سەبەئ 28/34؛ ئەنبىيائ 107/21.

461 ئەھزاب 40/33.

462 ئەھزاب 56/33.

463 ئەھزاب 33/33.

464 تەۋبە 100/9.

465 نىسا 1/4.

466 بەقەرە 21/2؛ ئال ئىمران 32/3، 132؛ نىسا 59/4؛ مائىدە 92/5؛ ئەنفال 20/8، 46؛ نۇر 54/24، 56؛ مۇھەممەد 33/47؛ مۇجادەلە 13/58؛ تەغابۇن 12/64.

467 ئىمان ئېيتقان (نىسا 136/4)، پۈتكۈل ئىبادىتىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئاللاھ ئۈچۈن، دېگەن ئېتىقادتا بولغان (ئەنئام 162/6).

468 نىسا 124/4؛ تەۋبە 72/9؛ نەھل 97/16؛ غافىر 40/40؛ فەتھ 5/48؛ ھەدىد 12/57.

ئاللاھقا بەندە بولۇش ئاللاھ قاچان، قەيەردە، قانداق ئىش قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلىش[469]، رەسۇلۇللاھقا ئۇممەت بولۇش بولسا، ياشاش شەكلىدە رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىش دېمەكتۇر[470].

ئاللاھ تائالا نۇرغۇنلىغان ساھەدە ھەر ئىككى جىنسقا ئوخشاش ئەمرلەر چۈشۈرگەن ۋە ئوخشاش چەكلىمىلەر قويغان[471] بولسىمۇ بەزى ساھەلەردە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ماس ھالدا ھەر بىرىگە خۇسۇسىي ۋەزىپىلەر يۈكلىگەن. مەسىلەن: بالىلارنى ئېمىتىش ۋەزىپىسى ئاياللارغا، بالىلارنىڭ ۋە ئانىلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قامداش ۋەزىپىسى ئەرلەرگە يۈكلەنگەن[472]. ئائىلىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى ئەرلەرگە، ئائىلىنىڭ ئامانەتدارلىق مەسئۇلىيىتى ئاياللارغا تاپشۇرۇلغان[473].

جۈملىدىن ھەر ئىككى جىنس نامەھرەمگە تىكىلىپ قاراشتىن ئوخشاشلا مەنئى قىلىنغان، ئىپپەتلىرىنى ساقلاشقا ئوخشاشلا بۇيرۇلغان. لېكىن بۇ ساھەدە ئاياللار ئەرلەردىن ئايرىم ھالدا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلاشتىن مەنئى قىلىنغان. باش، بويۇن ۋە گاللىرىنى يۆگەشكە بۇيرۇلغان[474].

ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئورتاق بولغان ئىلاھى ئەمىر-پەرمانلارغا تولۇق بويسۇنغاندىن سىرت، ئۆزلىرىگە چۈشۈرۈلگەن مەزكۇر خۇسۇسىي ئەمىر-پەرمانلارغىمۇ بويسۇنغاندا ئاللاھقا بەندە بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي ۋەزىپىلىرىنى تونۇشى ۋە ئادا قىلىشى كېرەك، بولمىسا ئۇلار تولۇق مۇسۇلمان بولغان بولمايدۇ[475].

ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر، چۈنكى مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە مەسئۇل، ھەممىسى بىرلىكتە ئىسلامغا مەسئۇل[476]. ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى ۋە

469 ئەنئام 6/151-153؛ ئىسرا 17/22-39؛ ھەج 22/77؛ فۇرقان 25/63-77؛ زۇمەر 39/10، 16.

470 ئەھزاب 33/21، مۇجادەلە 58/5، 20.

471 ئىمان ئاساسلىرى، ئىسلام ئەركانلىرى، ئەخلاق پېرىنسىپلىرى ۋە مۇئامىلە ئەھكاملىرى ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش يۈكلەنگەن.- تەۋبە 9/71؛ ئەھزاب 33/35.

472 بەقەرە 2/233.

473 نىسا 4/34.

474 نۇر 24/30-31.

475 بەقەرە 2/208.

476 ئال ئىمران 3/104، 110، 114؛ تەۋبە 9/71، 112؛ ھەج 22/41؛ ئەسر 103.

يۈكسىلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا ئەقىدە، سالىھ ئەمەل، گۈزەل ئەخلاق ۋە دۇرۇس مۇئامىلە ئۈستىدە بولۇپ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولۇشى[477] ئەنە شۇ تەلىم-تەربىيەگە باغلىقتۇر[478].

## 1- ئايال كىشىنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر

مۇئمىن ئاياللارنىڭ نامەھرەم كۆرۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان جايلاردا ئۈستىلىرىگە كەڭ ۋە قېلىن كىيىملەرنى كىيىش بىلەن پۈتۈن بەدەنلىرىنى باشتىن-ئاخىر يۆگىشى، ئەگەر ئۇ كىيىملەر بويۇنلىرىدىن تارتىپ يۆگەيدىغان پاسوندا بولسا، باشلىرىغا چوڭ ياغلىقلارنى ئارتىش بىلەن باش، بويۇن ۋە كۆكسىلىرىنى يۆگەشلىرى پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُلْ لِأَزْوَاجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَاءِ الْمُؤْمِنِينَ يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِنْ جَلَابِيبِهِنَّ﴾**

«ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلارنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىن: ئۈستىلىرىگە چوڭ كىيىملىرىنى كىيىۋالسۇن»- ئەھزاب 59/33.

ئايەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

**1)- ﴿يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ﴾**

بۇ پېئىل ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن ۋە بۇيرۇق پېئىلى بولغان قۇل (**قُلْ**) نىڭ جاۋابى. بۇ پېئىلنىڭ بېشىغا بۇيرۇق لامى تەقدىر قىلىنىپ ئۆز ئالدىغا لاملىق بۇيرۇق پېئىلى بولۇشىنىمۇ ئۇتتۇرىغا قويغانلارمۇ بار[479].

ئىشقىلىپ بۇ پېئىل مەيلى ئۆزىنىڭ بېشىدىكى قۇل (**قُلْ**) نىڭ جاۋابى بولسۇن، مەيلى ئۆز ئالدىغا بۇيرۇق پېئىلى بولسۇن مەنا ئۆزگەرمەيدۇ، يەنى بۇ پېئىل كەسكىن بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ پېئىل يېقىنلاشتۇرماق، دېگەن مەنىدىكى ئىدنا «**إدناء**» سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، پەردىنى چۈشۈرۈۋەتمەك، پەردىنى ساڭگىلاتماق، پەردىنى

477 ئەئراف 56/7.

478 دىنىمىز ئىسلامدا ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، ھەقنى ۋە ھەق يولدا سەۋرچان بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشىش قاتارلىقلارنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ ھېكمىتى مانا بۇدۇر.

479 مۇھيىددىن ئەددەرۋىش، ئىئرابۇلقۇرئان، دارۇلئىرشاد ھۇمۇس- سۇرىيە، ئۈچىنچى نەشرى، 1412/1992، 8- جىلد، 45- بەت.

قويۇۋەتمەك دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سەدل (**سدل**) ياكى ئىرخائ (**إرخاء**) مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن مەپئۇلى (ئوبيېكتى)نىڭ بېشىغا ئەلا ھەرپى «**على**» كەلگەن[480].

2)- ﴿**مِن جَلَابِيبِهِنَّ**﴾

بۇ يەردىكى مىن ﴿**مِن**﴾ تەبئىز (**تبعيض**) ئۈچۈندۇر، يەنى بۇ مىن ئۆزىنىڭ كەينىدىن كەلگەن نەرسىنىڭ بەزىسىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ481. جەلابىيب ﴿**جَلَابِيب**﴾ بولسا، جىلباب «**جِلْبَاب**»نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، جىلباب لۇغەتتە بەدەننىڭ ھەممىنى يۆگەيدىغان كىيىم، كۆڭلەك، پۈركەنجە، يېپىنچا، باش بىلەن كۆكسىنى يۆگەيدىغان كىيىم، ياغلىق، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ482. ھىننە ﴿**هِنَّ**﴾ ئۈچىنچى شەخس مۇئەننەس كۆپلۈك ئالماش بولۇپ جەلابىبنىڭ ئىېنقلىغۇچىسىدۇر.

ئەللامە زەمەخشەرى (ر.ئە) ئۆزىنىڭ «كەششاف» ناملىق تەپسىرىدە جىلبابنى، خىمار (ياغلىق) دىن كەڭ، رىدادىن كىچىك بىر كىيىم بولۇپ ئايال كىشى ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى يۆگەيدۇ، قالغان قىسمىنى كۆكرەكلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بېرىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ[483].

بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ ﴿**يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِنْ جَلَابِيبِهِنَّ**﴾ دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ:

«مۇئمىن ئاياللار پۈركەنچىلىرى بىلەن بەدەنلىرىنى ئورىۋالسۇن»، «مۇئمىن ئاياللار ئۈستىلىرىگە چوڭ كىيىملىرىنى كىيىۋالسۇن ۋە تۈگمىلىرىنى ئېتىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە يېقىنلاشتۇرسۇن، باشلىرىغا چوڭ ياغلىقلىرىنى ئارتىپ ئەتراپىنى تۆۋەن تەرىپىگە قويۇۋېتىش ئارقىلىق پۈتۈن بەدەنلىرىنى يۆگىسۇن».

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئايال كىشىنىڭ بەدىنىنى يۆگەشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن يۆگەيدىغان كىيىمنىڭ پاسونى توغرۇلۇق بىر بەلگىلىمە

---

480 شەيخ ھۇسەين مۇھەممەد مەخلۇف، سەفۋەتۇلبايان لىمەئانىلقۇرئان.

481 كەششاف ئەھزاب 59/33؛ بەيداۋى ئەھزاب 59/33.

482 لىسانۇلئەرەب، ئەلمۇئجەمۇلۋەست، ئەلۇئجەمۇززائىد، مۇفرەداتى ئەلفازىل قۇرئان، شەيخ ھۇسەين مۇھەممەد مەخلۇف، سەفۋەتۇلبايان لىمەئانىلقۇرئان.

483 ئەبۇلقاسىم مەھمۇد ئىبنى ئەمر ئىبنى ئەھمەد زەمەخشەرى (ۋاپاتى: 538 ھ) تەپسىرى كەششاف، ئەھزاب 59/33.

قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتكە ئاساسەن يۈگەش بەدەننى باشتىن-ئاخىر يۈگەيدىغان شەكىلدىكى بىر كىيىمنى كىيىش ئارقىلىقمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ، بويۇننىڭ ئاستى قىسمىنى يۈگەيدىغان شەكىلدىكى بىر كىيىمنى كىيىش بىلەن بىرگە باشقا ئايرىم بىر ياغلىق ئارتىش بىلەنمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## 2. ئايال كىشىنىڭ يۈزى ئەۋرەت ئەمەستۇر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ﴾

«مۇئمىن ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن. ئۇ زىننەتلەرنىڭ ئۆچۈق بولغان قىسمى مۇستەسنا. ياغلىقلىرىنى ياقىلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بەرسۇن». نۇر 31/24.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى ئۈچ جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ:

1. چەكلەش پېئىلى، 2. ئىستىسنا جۈملىسى، 3. بۇيرۇق پېئىلى.

بىرىنچى جۈملە: ﴿وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ﴾

ۋەلا يۇبدىينە ﴿وَلَا يُبْدِينَ﴾ بۇ ئاشكارا قىلماق دېگەن مەنىدىكى ئۆتۈملۈك مەسدەر ئىبدا «إبداء»دىن تۈرلەنگەن بولۇشسىز پېئىلدۇر، پائىلى (ئىگىسى) مۇئەننەس كۆپلۈك ئالماش بولغان نۇندۇر. مەنىسى: «مۇئمىن ئاياللار ئاشكارا قىلمىسۇن» دېگەن بولىدۇ.

﴿زِينَتَهُنَّ﴾ زىينەت ئۈچىنچى شەخس مۇئەننەس كۆپلۈك ئالمىشى بىلەن بىرىككەن ئىزافەتلىك بىرىكمىدۇر. تەپسىرلەردە بۇ ئايەتتىكى «زىننەت» توغرىسىدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كۆز قاراش بار: بىرى ئايال كىشىنىڭ پۈتۈن بەدىنى، يەنە بىرى ئايال كىشىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى[484]. «زىننەت»نىڭ مەنىسى نېمە بولسا بولسۇن ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئاياللارنى ئۇنى ئاشكارا قىلىشتىن توسىدۇ. ئايەتنىڭ بۇ قىسمىنىڭ مەنىسى ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 59-ئايىتىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئىككىنچى جۈملە: ﴿إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا﴾

484 رازى، تەپسىرى كەبىر، نۇر 31/24.

بۇ ئىستىسنا جۈملىسى بولۇپ، باشتا مۆئمىن ئاياللار ئاشكارا قىلىشتىن چەكلەنگەن ئومۇمىي زىننەتنىڭ ئىچىدىن ئىستىسنا قىلىنغان قىسمىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى بۇ جۈملە مۆئمىن ئاياللارنىڭ ئۆز زىننەتلىرىدىن ئاشكارا بولغان قىسمىنى ئاشكارا قىلىشتىن چەكلەنمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۈچىنچى جۈملە: ﴿وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ﴾

بۇ جۈملىنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشىنىش ئۈچۈن مۇھىم نۇقتىلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز:

**1)– ﴿وَلْيَضْرِبْنَ﴾**

بۇ بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە شىددەت بىلەن چۈشۈرمەك، قاتتىق قويماق ۋە تېز تاشلىماق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان دەرب «**ضَرْب**» مەسدىرىدىن[485] تۈرلەنگەن لاملىق بۇيرۇق پېئىلىدۇر، پائىلى (ئىگىسى) مۆئەننەس كۆپلۈك ئالماش بولغان نۇندۇر. مەنىسى: «مۆئمىن ئاياللار تاشلىسۇن، قويۇپ بەرسۇن» دېگەن بولىدۇ.

**2)– ﴿بِخُمُرِهِنَّ﴾**

(ب) ھەرپى توغرىسىدا ئىككى ئېھتىمال ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ: بىرى ئارتۇق بولۇشى، يەنە بىرى «بەزىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىشى[486]. بىزچە بۇ «ب» ھەرپى بەزىسى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ كالامىدا ئارتۇق نەرسە يوق!

خۇمۇر (خُمُر) خىمار «خِمَار»نىڭ كۆپلۈكىدۇر. خىمار يېپىش، يۆگەش، ئۈستىنى ئېتىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان خەمر «خَمْر» سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن بىر ئىسىم بولۇپ مەنىسى ياغلىق، لېچەك، رومال دېگەن بولىدۇ. ئەرەبچىدە ئەقىلنى يۆگەيدىغان نەرسە (مەست قىلغۇچى نەرسە) خەمر، باشنى يۆگەيدىغان نەرسە (رەخت پارچىسى) خىمار دەپ ئاتىلىدۇ[487].

---

485 راغىب ئىسفەھانى: مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان، دەمەشىق، بېيرۇت 1992/1412، ض ر ب ماددىسى.

486 مۇھىيددىن دەرۋىش، ئىئرابۇل قۇرئان ۋە بەيانۇھۇ، نۇر 31/24.

487 ئەبۇلھۇسەين ئەھمەد ئىبنى فارىس ئىبنى زەكەرىييا، مۇئجەمۇل مەقايىس فىللۇغە، تەھقىق: شىھابۇددىن ئەبۇ ئەمر، دارۇلفىكر، بېيرۇت؛ راغىب ئىسفەھانى: مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان (تەھقىق: سەفۋان ئەدنان داۋۇدى)، دەمەشىق، بېيرۇت 1992/1412؛ مۇھەممەد ئىبنى مۇكەررەم ئىبنى مەنزۇر، لىسانۇلئەرەب، دارۇ سەدر بېيرۇت 1410/1990. خ م ر ماددىسى.

ھىنىنە ﴿هِنَّ﴾ ئۈچىنچى شەخس مۇئەننەس كۆپلۈك ئالمىشى بولۇپ، خۇمۇرنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىدۇر (مۇدافۇ ئىلەيھىدۇر). بۇ تەركىبدە خۇمۇر شاخلانما ئىسىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئېنىقلانغۇچى (مۇداف) بىلەن ئېنىقلىغۇچى (مۇدافۇ ئىلەيھ) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەنىۋىدۇر، يەنى بۇ يەردە ھىنىنە تونۇشسىز ئىسىم بولغان خۇمۇر بىلەن بىرىكىپ ئۇنى تونۇشلۇق ھالەتكە كەلتۈرگەن، چۈنكى ھىنىنە ئالماشتۇر، ئالماشلار تونۇشلۇق ئىسىمدۇر، خۇمۇر تونۇشسىز ئىسىمدۇر. نەتىجىدە «ياغلىقلار» «ياغلىقلىرى» بولىدۇ. بۇ سىنتاكسىس قائىدىلىرى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان جەلاببىبھىننەدە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن زىكىر قىلىنىدىغان جۇيۇبىھىننەدە ئەينەن كۈچكە ئىگىدۇر.

### 3)– ﴿عَلَى جُيُوبِهِنَّ﴾

ئەلا ﴿عَلَى﴾ ئۈستىگە، غا، كە، گە دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ كەلىمە جۇيۇبىھىننە ﴿جُيُوبِهِنَّ﴾نىڭ بېشىدا كېلىپ بۇيرۇق پېئىلىنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەيدۇ.

جۇيۇب ﴿جُيُوب﴾ جەيب «جيب»نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ جەيب «جيب»، كىيىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئوچۇق يەرنى (يەنى كىيىمنى كىيگەندە باشنى چىقىرىدىغان ئوچۇق يەرنى) كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە جەيبدىن ئۇنىڭ ئورنى بولغان بويۇن، گەدەن، گال، كۆكرەكنىڭ ئۈستى تەرىپى قاتارلىق يەرلەر مەقسەت قىلىنىدۇ[488]. ئىستىلىستىكىدا بۇ ئۇسۇل «زىكىر مەھەل، ئىرادە ھال» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىنىنە ﴿هِنَّ﴾ ئۈچىنچى شەخس مۇئەننەس كۆپلۈك ئالمىشى بولۇپ، جۇيۇبنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىدۇر (مۇدافۇ ئىلەيھىدۇر).

يۇقىرىدىكى بۇلارغا ئاساسەن ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدىكى ﴿وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «مۇئمىن ئاياللار ياغلىقلار دەپ ئاتىلىدىغان رەخت پارچىلىرىنى باشلىرىغا ئارتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ‹ياغلىقلىرى› ھالىتىگە كەلتۈرسۇن، ئاندىن ئۇ ياغلىقلىرىنىڭ بەزىسى بولغان ئەتراپىنى ياقىلىرىنىڭ ئۈستىگە يەنى بويۇن، گەدەن، گال ۋە كۆكرەك قاتارلىق جايلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بەرسۇن» دېگەن بولىدۇ.

---

488 شەيخ ھۈسەيىن مۇھەممەد مەخلۇف، سەفۋەتۇلبايان لىمەئانىلقۇرئان.

مۇپەسسىرلەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت ئاياللىرى ياغلىقلىرىنى ئارقىسىدىن چىگەتتى، ئۇلارنىڭ ياقىلىرى ئالدىدا ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ گاللىرى ۋە بولاپكىلىرى ئوچۇق قالاتتى، بۇ ئايەت بىلەن ئۇلار ياغلىقلىرىنى ياقىلىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلاشقا بۇيرۇلدى. بۇ بۇيرۇق ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى، گەدەنلىرىنى، چاچلىرىنى، قۇلاقلىرىدىكى زىننەتلىرىنى، گاللىرىنى ۋە گاللىرىنىڭ ئەتراپىنى يۆگىشى ئۈچۈن ئىدى»[489].

بۇ تەپسىرمۇ يۇقىرىدىكى مەنىنى تەكىتلەيدۇ.

**خۇلاسە**

ئاللاھ تائالا نۇر سۈرىسىنىڭ 31- ئايىتىدە مۇئمىن ئاياللارنى نامەھرەمگە تىكىلىپ قارىماسلىققا، ئىپپەتلىرىنى ساقلاشقا، باش، بويۇن ۋە كۆكسلىرىنى يۆگەشكە بۇيرۇش ئارقىلىق ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 59- ئايىتىنى تەپسىر قىلىدۇ.

پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇ ئىككى ئايەتتىن چىقىرىلغان ھېكمەتتۇر:

«شۈبھىسىزكى، قىز بالا بالاغەتكە يەتسە ئۇنىڭ يۈزى ۋە ئىككى قولىدىن باشقا يەرلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى توغرا بولمايدۇ»[490].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى مائىدە سۈرىسىنىڭ 6- ئايىتى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئايەتتە «يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار» دېيىلىدۇ، ئاندىن «بېشىڭلارغا مەسھە قىلىڭلار» دېيىلىدۇ. دېمەككى، يۈز باشنى، باش يۈزنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. يەنى نۇر سۈرىسىنىڭ 31- ئايىتىدە مۇئمىن ئاياللارنىڭ باشلىرىغا چوڭ بىر ياغلىق ئارتىش ئارقىلىق باش، بويۇن، گەدەن، گال ۋە كۆكس قاتارلىق يەرلىرىنى يۆگەشكە ئەمىر قىلىنىشى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىمۇ يۆگەشلىرىنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

---

489 فەخرۇددىن رازىي، تەپسىرى كەبىر، دارۇلئىھيا تۇراسۇلئەرەبىي، ئۈچىنچى نەشرى، 1999- يىلى بېرۇت، 8- جىلد، 364- بەت.

490 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، لىباس 4104، مەراسىل 437؛ بەيھەقى، ئەلئاداب 589، سۈنەنى سۇغرا، نىكاھ 2358، سۈنەنى كۇبرا، سالات 3218، نىكاھ 13496، شۇئەبۇل ئىمان، ھايا 7409، مەئرىفەتۇسسۇنەن ۋەلئاسار، سالات 4059.

## ب. زىبۇزىننەت بىلەن ياسىنىش

دىنىمىز ئاياللارنىڭ زىبۇزىننەت تاقىشىغا يول قويىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ 43. سۈرىسى بولغان زۇخرۇف سۈرىسىنىڭ 18. ئايىتىدە قىزلارنىڭ ئادەتتە زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يەرلىرىدە پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ توي قىلماقچى بولغان بىر ساھابىسىغا «بىر تال ئۈزۈك بولسىمۇ ئايالىڭغا تويلۇق بەرگىن»[491] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. يەنە ھەدىس كىتابلىرىدا مەشھۇر ئىفكى (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان بوھتان) ۋەقەسىگە ئانىمىز ئائىشە (ر.ئە)نىڭ بويىنىدىكى قىلادەسى (بولاپكىسى)نىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[492].

شۇنىڭ ئۈچۈن قىز – ئاياللار ئۆز ئۆرپ - ئادەتلىرى بويىچە زىبۇزىننەت تاقىسا، نۇر سۈرىسىنىڭ 31 - ئايىتىنىڭ مەزمۇنى بويىچە يۈزى ۋە قولىدىن باشقا يەرلىرىنى قېلىن ۋە كەڭ كىيىملەرنى كىيىش، بېشىغا ياغلىق ئارتىش ئارقىلىق يۆگىسە، ئەۋرەت يەرلىرى بىلەن يۆگەلگەن زىبۇزىننەتلىرى يۆگەلگەن پېتى قالسا، ۋە «تاشقى زىننەتلىرى» كۆرۈنۈپ تۇرسا ئۇلارغا بىر گۇناھ بولمايدۇ.

لېكىن بىر قىز (بىر ئايال)نىڭ زىبۇزىننەتلىرى زاكات كېلىش ئۆلچىمىگە يەتسە يەنى بىر ئايالنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ تولپلام مىقدارى 85 گرام ئالتۇنغا تەڭ كەلسە ئۇ نەرسىلەرنىڭ زاكىتىنى ئايرىشى لازىم. بۇ كىتابنىڭ «زاكات» بۆلۈمىدە بۇ مەسىلە بايان قىلىندى.

بۇنىڭغا ئاساسەن ئاتا-ئانىلارنىڭ، قىز باللىرىنىڭ قۇلىقىنى تەشتۈرۈپ قويۇشى ياخشى ئىش (مۇستەھەپ) تۇر. ئۇلارغا كىچىككىدىن باشلاپ ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن ۋە باشقا قىممەتلىك تاشلاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئېلىپ بېرىشلىرى ياخشى ئىشتۇر.

---

491 بۇخارى، سەھىھ، نىكاھ 6، 32، 35، 37، 40، 44، 50، 51، ۋاكالەت 9، فەزائىلىل قۇرئان 21، 22، لىباس، 49؛ مۇسلىم، سەھىھ، نىكاھ 76 (1425)؛ مۇۋەتتا، نىكاھ 8 (2، 526)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، نىكاھ 31 (2111)؛ تىرمىزى، سۇنەن، نىكاھ 22 (1114)؛ نەسائى، سۇنەن، نىكاھ 62 (6، 113).

492 بۇخارى، سەھىھ، شاھادات 2661، مەغازى 4141، تەفسىر 7450؛ مۇسلىم، سەھىھ، تەۋبە 10، 56 (2770).

### پ- مەڭ چەكتۈرۈش ۋە قاش تەردۈرۈش

قاش تەرسە ياكى تەرگۈزسە بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر (ئە.س) قاش تەرگەن ۋە قاش تەرگۈزگەن ئاياللارنى ئاللاھ تائالانىڭ لەنەتلىگەنلىكىنى ئېيتقان. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس تۆۋەندىكىچە:

ئابدۇللاھ (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بەدىنىگە مەڭ ۋە گۈلگە ئوخشاش نەرسىلەرنى چەكتۈرگۈچى ۋە چېكىپ قويغۇچى خوتۇنلارغا، قاشلىرىنى تەرگۈزگۈچى ۋە تېرىپ قويغۇچى خوتۇنلارغا، گۈزەللىك ئۈچۈن چىشلىرىنى قىرغۇزۇپ تۈزەتكۈچى خوتۇنلارغا ئاللاھ لەنەت قىلدى. ئۇ خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتكۈچى خوتۇنلاردۇر»[493].

### ت-ساقال - بۇرۇت

قۇرئان كەرىمدە ئەرلەرنى ساقال قويۇشقا بۇيرۇيدىغان ياكى ساقالنى چۈشۈرۈشتىن مەنئى قىلىدىغان بىر ئايەت يوق. لېكىن قۇرئان كەرىمدە بىر يەردە ھارۇن (ئە.س)نىڭ ساقىلى بارلىقى زىكىر قىلىنىدۇ[494]. بۇنىڭدىن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ساقال قويىدىغانلىقى بىلىنىدۇ. شۇڭا ساقال قويۇش ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل (ئە.س)نىڭ ئەۋلادى بولغان مەككىلىكلەرنىڭ ئادىتى بولۇپ كەلگەن.

ساقال قويۇش ئەرلەرنىڭ ئاللاھ ياراتقان تەبىئىتىگە ماس كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر (ئە.س) ساقالنى تەبىئىي خىسلەتتىن ھېسابلىغان، شۇنداقلا ئۆزى ۋە ساھابىلىرى بۇ تەبىئىي خىسلەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ساقال قويغان.

پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ ساقال توغرۇلۇق قىلغان تەۋسىيەلىرى مۇنداق:

1- «بۇرۇتنى قىسقارتىڭلار، ساقالنى قويۇڭلار»[495].

---

493 بۇخارى، سەھىھ، لىباس 5931، 5943، 5948؛ مۇسلىم، سەھىھ، لىباس ۋە زىينەت 120/33 (2125)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تەرەججۇل 4169؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەدەب 2782؛ نەسائى، سۇنەن، زىنەت 5099، 5253؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، نىكاھ 1989/52.

494 تاھا سۈرىسىنىڭ 94- ئايىتىدە ئۆتىدۇ.

495 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 229/2.

2- «ساقالنى تولۇق قويۇۋېلىش، بۇرۇتنى قىسقارتىش، قالايمىقان مۇشرىكلارغا مۇخالىپلىق قىلىڭلار»[496].

3- «بۇرۇتنى قىرقىڭلار، ساقالنى ئۇزارتىڭلار ۋە مەجۇسىيلارغا مۇخالىپلىق قىلىڭلار»[497].

بۇ ھەدىسلەردىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساقالنى قويۇۋېتىشقا ۋە بۇرۇتنى قىسقارتىشقا چاقىرغانلىقى چىقىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ بۇ ھەدىسلەرگە قاراپ ساقالنى چۈشۈرۈش ھارام، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۇشرىكلارغا ۋە مەجۇسىيلارغا مۇخالىپلىق قىلىش پەرز بولغان بىر ئىشنى قىلىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. ئەگەر ئەھۋال ئۇنداق بولسا ئىدى، چاچنى بوياش قەتئىي پەرز بولغان بولاتتى. بۇ ھەقتە كۆپچىلىك رىۋايەت قىلغان ھەدىس مۇنداق:

«شۈبھىسىزكى، يەھۇدىي ۋە ناسارالار چاچلىرىنى بويىمايدۇ، ئۇلارغا مۇخالىپلىق قىلىڭلار»[498].

ھېچكىم «چاچنى بوياش پەرز» دېمەيدۇ ۋە دېيەلمەيدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى ساھابىلەر چاچلىرىنى بويىغان، بەزىسى بويىمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساقال قويۇش ھەققىدىكى سۆزلىرىدىن پەرزلىكنى ئەمەس، سۈننەتلىكنى چۈشىنىش توغرا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ بىر نەرسە ھەققىدە ھالال ياكى ھارام، دېيىشى پەقەت قۇرئان كەرىمگە ئاساسەن بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە «ساقال قويۇش پەرز» ياكى «ساقالنى چۈشۈرۈش ھارام» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئايەت يوق.

«ساقال قويۇش پەرز، چۈشۈرۈش ھارام» دېگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ دەۋاسىغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغلىرىدا ياكى بۇ دەۋالىرىغا قۇرئان كەرىمدىن دەلىل كەلتۈرۈشكە

496 بۇخارى، سەھىھ، لىباس، 5892؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 259؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەدەب 2764؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تەرەججۇل 4199.

497 مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 260؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 366/2.

498 بۇخارى، سەھىھ، لىباس 5899؛ مۇسلىم، سەھىھ، لىباس ۋە زىننەت 25، 80 - (2103)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تەرەججۇل 4203؛ نەسائى، سۈنەن، ئەلئەمرۇ بىلخىداب 5241؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، لىباس 32، 3621.

مەجبۇر بولۇپ قالغان چاغلىرىدا نىسا سۈرىسىنىڭ 119- ئايىتىنى دەلىل قىلىشىدۇ. ئۇ ئايەت مۇنداق:

**﴿إِنْ يَدْعُونَ مِنْ دُونِهِ إِلَّا إِنَاثًا وَإِنْ يَدْعُونَ إِلَّا شَيْطَانًا مَرِيدًا. لَعَنَهُ اللَّهُ وَقَالَ لَأَتَّخِذَنَّ مِنْ عِبَادِكَ نَصِيبًا مَفْرُوضًا. وَلَأُضِلَّنَّهُمْ وَلَأُمَنِّيَنَّهُمْ وَلَآمُرَنَّهُمْ فَلَيُبَتِّكُنَّ آذَانَ الْأَنْعَامِ وَلَآمُرَنَّهُمْ فَلَيُغَيِّرُنَّ خَلْقَ اللَّهِ وَمَنْ يَتَّخِذِ الشَّيْطَانَ وَلِيًّا مِنْ دُونِ اللَّهِ فَقَدْ خَسِرَ خُسْرَانًا مُبِينًا﴾**

«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ پەقەت چىشىلەرگە دۇئا قىلىدۇ، ئۇلار پەقەت ئىسيانكار شەيتانغا دۇئا قىلىدۇ[499]. ئاللاھ شەيتاننى لەنەتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ‹بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن بىر نېسۋە ئالىمەن، ئۇلارنى چوقۇم ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى چوقۇم قۇرۇق ئارزۇلارغا سالىمەن. ئۇلارنى چوقۇم بۇيرۇيمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ قۇلاقلىرىنى يارىدۇ. ئۇلارنى چوقۇم بۇيرۇيمەن، شۇنىڭ بىلەن **ئۇلار ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ**›. كىم ئاللاھنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ ئاشكارا زىيان تارتقان بولىدۇ»- نىسا 4/117-119.

ئۇلار دەيدۇكى: ساقالنى چۈشۈرۈش ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتكەنلىك، شۇنداقلا شەيتاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر.

ئەگەر ئۇلار ئېيتقاندەك ساقالنى چۈشۈرۈش ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتكەنلىك بولسا ئىدى، باشنى چۈشۈرۈشمۇ ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتكەنلىك بولاتتى.

پەيغەمبەر (ئە.س) ساقال قويۇشقا دەۋەت قىلىشنىڭ سەۋەبىنى مۇشرىكلارغا ۋە مەجۇسىيلارغا مۇخالىپلىق قىلىش، دەپ بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇ دەۋرتى ئىجتىمائىي شارائىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەھۇدىيلارغا ۋە باشقا دىنلارنىڭ مەنسۇبلىرىغا مۇخالىپلىق قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق غايىسى ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا ساقال قويۇش چاچ بوياشقا ئوخشاش ئىش بولۇپ، بۇ ئىشلاردا ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللار بەلگىلەيدۇ.

499 يەنى مەككە مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنى مۇئەننەس (چىشى جىنسلىق) ئىسىملار بىلەن ئاتايتتى ۋە بىر ئارزۇغا يېتىش ياكى بىر قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. ئۇلار بۇ ئىشتا شەيتانغا ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەسلىدە دۇئانى شەيتانغا قىلغان بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى دەۋىتىگە ئەمەل قىلىمەن دەپ ساقال قويسا ئەۋزەلنى قىلغان بولىدۇ، تەبرىكلىنىدۇ. بىر كىشى بۇنىڭ ئەكسىنى چۈشىنىپ ساقال قويمىسا ئەۋزەلنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ، ئەيىبلەنمەيدۇ.

# ئىجتىمائىي ھايات

## ئا-جەمئىيەت ۋە مۇسۇلمان

ئىنسانلار يارىتىلىشىنىڭ تەقەززاسى بويىچە توپلىشىپ ياشايدىغان جانلىقلاردۇر. ھەر توپلۇق بىر جەمئىيەتتۇر، ھەر جەمئىيەت تۈرلۈك ئېتىقاد، خىلمۇخىل كۆزقاراش ۋە پەرقلىق تىللارغا ئىگە بولغان ئىنسانلاردىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇ شەكىلدە نۇرغۇنلىغان جەمئىيەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ. ھەر جەمئىيەتنىڭ ھەممەيلەن رىئايە قىلىدىغان پىرىنسىپ ۋە نىزاملىرى، قوغدايدىغان تەۋەررۈكلىرى ۋە داۋاملاشتۇرىدىغان ئادەتلىرى بولىدۇ. ھەر ئىنساننىڭ ئۆز جەمئىيىتىدە ھاياتىنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇرىشى ئۈچۈن ئۇ پىرىنسىپ-نىزاملارغا بويسۇنىشى، تەۋەررۈكلەرنى قوغدىشى ۋە ئادەتلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

مۇسۇلمان قانداق جايدا ۋە قانداق جەمئىيەتتە ياشىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسىدۇر. ئۇ ئۆز جەمئىيىتىدىكى ئىجابىي پائالىيەتلەرگە قوشۇلىدۇ، ئۇلارنى ھەر جەھەتتىن قوللايدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەتتا ئالدىنقى قاتاردا ماڭىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ ئۆز جەمئىيىتىدىكى سەلبىي ھادىسىلەرگە قوشۇلمايدۇ، ئۇلارنى قوللىمايدۇ، ئۇلارغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارشى تۇرۇشى ياخشى ئۇسلۇب، گۈزەل ئۇسۇل ۋە مەدەنىي يول بىلەن بولىدۇ.

ئۇ ئۆز جەمئىيىتىدە ئەخلاقىدىكى گۈزەللىك، مۇئامىلىسىدىكى دۇرۇسلۇق، مۇناسىۋىتىدىكى مەرھەمەت، ھۆكۈملىرىدىكى ئادىللىق، سۆزلىرىدىكى دادىللىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقىلارغا ئۈرنەك بولىدۇ. ئوساللىق، قوپاللىق، ساختىلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇپ، ھەر كىشىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ.

## ئە- زالىم پادىشاھ ۋە مەزلۇم مۇسۇلمان

بىر زالىمنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاش مەجبۇرىيىتىدە قالغان ۋە جىھادنىڭ قورال-ياراغ بىلەن قىلىنىدىغان قىسمىنى قىلىشقا شەرتى توشمايدىغان يەنى تەلەپكە لايىق قۇۋۋىتى ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەسكىرىي كۈچى بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەبىتلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارىتا تۇتىدىغان پوزىتسىيەسىگە

مۇسا (ئە.س)نىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى پىرئەۋنگە قارشى تۇتقان پوزىتسىيەسى مىسال بولىدۇ.

پىرئەۋن ئۆز ۋاقتىدا كۈچلۈك بىر دۆلەتنىڭ دىكتاتور ۋە زومىگەر پادىشاھى بولۇپ، ھاكىمىيىتى ئاستىدا نۇرغۇنلىغان خەلق بار ئىدى، ئۇ خەلقلەرنى ئالداپ ئۆزىگە بويسۇندۇرغان ئىدى. ئاللاھ تائالا پىرئەۋننىڭ ئەمرىنى، ئۇنىڭ ھەددىدىن ئېشىشىنى ۋە ئازغۇنلۇقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَى بِآيَاتِنَا وَسُلْطَانٍ مُّبِينٍ.
إِلَى فِرْعَوْنَ وَمَلَئِهِ فَاتَّبَعُواْ أَمْرَ فِرْعَوْنَ وَمَا أَمْرُ فِرْعَوْنَ بِرَشِيدٍ﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز مۇسانىمۇ ئايەتلىرىمىز بىلەن ۋە ئوچۇق دەلىل بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇ ئادەملەر پىرئەۋننىڭ ئەمرىگە بويسۇندى. ھالبۇكى، پىرئەۋننىڭ ئەمرى ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس ئىدى»- ھۇد 11/96-97.

ئاللاھ تائالا مۇسا (ئە.س)نى پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىشقا، ئۇنىڭغا يۇمشاق گەپ بىلەن پاكىت قويۇشقا ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿اذْهَبْ أَنْتَ وَأَخُوكَ بِآيَاتِي وَلَا تَنِيَا فِي ذِكْرِي. اذْهَبَا إِلَى فِرْعَوْنَ إِنَّهُ طَغَى.
فَقُولَا لَهُ قَوْلًا لَيِّنًا لَعَلَّهُ يَتَذَكَّرُ أَوْ يَخْشَى﴾

«ئى مۇسا! سەن ۋە قېرىندىشىڭ مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ يولغا چىقىڭلار، ئەمر-پەرمانلىرىمنى يەتكۈزۈشتە بوشاڭلىق قىلماڭلار. ئىككىڭلار پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار. چۈنكى ئۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ نەسىھەت ئېلىشى ياكى ئۆزىنى تۈزىتىشى مۇمكىن»- تاھا 20/42-44.

ئاللاھ تائالا پىرئەۋننىڭ مۇسا (ئە.س)نىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَنَادَى فِرْعَوْنُ فِي قَوْمِهِ قَالَ يَا قَوْمِ أَلَيْسَ لِي مُلْكُ مِصْرَ وَهَذِهِ الْأَنْهَارُ تَجْرِي مِنْ تَحْتِي أَفَلَا تُبْصِرُونَ؛ أَمْ أَنَا خَيْرٌ مِنْ هَذَا الَّذِي هُوَ مَهِينٌ وَلَا يَكَادُ يُبِينُ. فَلَوْلَا أُلْقِيَ عَلَيْهِ أَسْوِرَةٌ مِنْ ذَهَبٍ أَوْ جَاءَ مَعَهُ الْمَلَائِكَةُ مُقْتَرِنِينَ﴾

«پىرئەۋن قەۋمىنىڭ ئىچىدە نىدا قىلىپ مۇنداق دېدى: ‹ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى مەندە ئەمەسمۇ؟ بۇ ئۆستەڭلەر مېنىڭ ئاستىمدىن ئېقىۋاتامدۇ؟ كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ ياكى مەن ئۇ ئادەمدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۇ قەدىرسىز ۋە ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان بىرىدۇر. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالتۇن بىلەزۈكلەر تاشلاپ بېرىلمىدى؟ ياكى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟›»- زۇخرۇف 43/51-53.

ئەنە شۇنداق بىر زالىمنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان مۇسۇلمانىنىڭ قىلىشى كېرەك بولغان ئىشلار:

**1) ھوشيار بولۇش ۋە دىققەت قىلىش**

پىرئەۋن مۇسا (ئە.س)نى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى يوقاتماقچى بولغان، لېكىن پىرئەۋن ئۇلاردىن بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باھانە بولىدىغان ھېچقانداق ئىش تاپالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەقىل-ھوشىنى يوقىتىپ قويغان ۋە ئۆز قەۋمىدىن مۇسانى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە ھوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ھالبۇكى، ئۇ بىر دىكتاتور ئىدى، شۇنداقلا خالىغىنىنى ھېچكىمدىن سورىمايلا قىلالايتتى. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِي أَقْتُلْ مُوسَى وَلْيَدْعُ رَبَّهُ إِنِّي أَخَافُ أَنْ يُبَدِّلَ دِينَكُمْ أَوْ أَنْ يُظْهِرَ فِي الْأَرْضِ الْفَسَادَ﴾

«پىرئەۋن مۇنداق دېدى: ‹مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرۈۋېتەي، مۇسا رەببىگە دۇئا قىلسۇن. مەن ئۇنىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى مەملىكەتتە بۇزغۇنچىلىق چىقىرىشىدىن قورقىمەن›»- مۇئمىن 40/26.

پىرئەۋن مۇسا (ئە.س)نى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھېچقانداق باھانە تاپالماي ئاخىرى ئۆز قەۋمىنىڭ دىنىنى ۋە ۋەتىنىنى قوغدايدىغان، ئۇلارنىڭ شەرىپىنى ساقلايدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان ۋە بۇ باھانە بىلەن ئۇلارنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنغان. لېكىن مۇسا (ئە.س) پىرئەۋنگە، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتى بەرمىگەن، پىرئەۋنىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان بىرەر ھەرىكەت قىلمىغان، بەلكىدە ئۇ ئۆز قەۋمىنى سەۋر قىلىشقا، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا، نامازنى ئۆيلىرىدە ئوقۇشقا، شۇنداقلا ئۆزلىرىنى پىرئەۋنىنىڭ زۇلۇمىغا

نىشان قىلىپ بەرمەسلىككە بۇيرۇغان. مۇشۇنداق بولغاندا پىرئەۋن ئۇلارنى يوق قىلىۋېتىشقا سەۋەب تاپالمايتتى. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى وَأَخِيهِ أَنْ تَبَوَّآ لِقَوْمِكُمَا بِمِصْرَ بُيُوتًا وَاجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ قِبْلَةً وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ﴾

«بىز مۇساغا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشىغا مۇنداق دەپ ۋەھىي قىلدۇق: ئىككىڭلار مىسىردا قەۋمىڭلار ئۈچۈن ئۆيلەر تەييارلاڭلار. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئۆيلىرىڭلارنى نامازگاھ قىلىڭلار، نامازنى كامىل ئۆتەڭلار. ئى مۇسا! مۇئمىنلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن» يۇنۇس 10/84-87.

پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇغان ۋە تەتقىق قىلغان ھەر كىشى تونۇپ يېتىدۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز زامانىسىدىكى مۇستەبىتلەرگە قارشى، مۇسا (ئە.س) تۇتقان يولنىڭ ئوخشىشىنى تۇتقان.

نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، مۇھەممەد (ئە.س)لارنىڭ ۋە باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسەلىرى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، تارىختا ئۆتكەن ھېچبىر پەيغەمبەر زالىم ھۆكۈمرانغا مۇئمىن جامائەتنى يوق قىلىۋېتىش پۇرسىتىنى بەرمىگەن، ئۇنىڭغا باھانە بولىدىغان ھېچبىر ئىش قىلمىغان ۋە ھېچبىر يولغا كىرمىگەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (ئە.س)مۇ بۇ توغرىدا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردەك يول تۇتقان. مەككىدە تۇرغان 13 يىللىق ئۇزۇن زامان ئىچىدە مۇئمىنلارغا قورallىق جىھاد قىلىش رۇخستى بەرمىگەن. ئەگەر بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان بولسا ئىدى، دۈشمەنلەرگە مۇئمىنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن پۇرسەت بەرگەن بولاتتى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قەتلىئام قىلىشىغا باھانە تېپىپ بەرگەن بولاتتى.

دېمەككى، مۇسۇلمان ھەر جايدا ۋە ھەر چاغدا ھەقنى كۆزلەيدۇ ۋە ھەقنى سۆزلەيدۇ، لېكىن بەزى شارائىتلاردا ھېسسىياتچانلىق قىلىپ ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ۋە يېقىنلىرىنى خەتەرگە ئاتمايدۇ، ھەتتا مەجبۇر بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، نامازلىرىنى ئۆيىدە ئوقۇسا ئوقۇيدۇكى، زالىمغا باھانە تېپىپ بېرىشتىن ساقلىنىدۇ.

### 2) ئاللاھقا دۇئا قىلىش

ئاللاھ تائالا باشقىلارغا يامانلىق تىلەشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، لېكىن مەزلۇمنىڭ زالىمغا يامانلىق تىلىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

**﴿لَا يُحِبُّ اللَّهُ الْجَهْرَ بِالسُّوءِ مِنَ الْقَوْلِ إِلَّا مَنْ ظُلِمَ وَكَانَ اللَّهُ سَمِيعًا عَلِيمًا﴾**

«ئاللاھ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىدىن باشقىسىنىڭ يامان سۆزنى ئاشكارا سۆزلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ[500]. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»- نىسا 148/4.

يەنى ئاللاھ بىرىمىزنىڭ باشقا بىرىگە يامانلىق تىلەپ ئاشكارا دۇئا قىلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. لېكىن زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى زۇلۇم قىلغۇچىغا يامانلىق تىلەپ ئاشكارا دۇئا قىلسا بولىدۇ (تەبەرى تەپسىرى 343/9).

مۇسا (ئە.س)مۇ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ خاندانىغا يامانلىق تىلەپ ئاشۇنداق دۇئا قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

**﴿وَقَالَ مُوسَى رَبَّنَا إِنَّكَ آتَيْتَ فِرْعَوْنَ وَمَلَأَهُ زِينَةً وَأَمْوَالًا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا رَبَّنَا لِيُضِلُّوا عَنْ سَبِيلِكَ رَبَّنَا اطْمِسْ عَلَى أَمْوَالِهِمْ وَاشْدُدْ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَلَا يُؤْمِنُوا حَتَّى يَرَوُا الْعَذَابَ الْأَلِيمَ﴾**

«مۇسا ئېيتتى: رەببىمىز! سەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە بۇ قىسقا مۇددەتلىك ھاياتتا زىننەت ۋە ھەر خىل مال-مۈلۈك بەردىڭ. رەببىمىز! بۇ ئۇلارنىڭ سېنىڭ يولۇڭدىن ئازدۇرۇشى ئۈچۈنمۇ؟ رەببىمىز! ئۇلارنىڭ ماللىرىنى قۇرۇتۇۋەتكىن، قەلبلىرىنى قاتتىق قىلىۋەتكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەلەملىك ئازابنى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتمىسۇن»- يۇنۇس 88/10.

نۇھ (ئە.س)مۇ شۇنداق دۇئا قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

**﴿وَقَالَ نُوحٌ رَبِّ لَا تَذَرْ عَلَى الْأَرْضِ مِنَ الْكَافِرِينَ دَيَّارًا. إِنَّكَ إِنْ تَذَرْهُمْ يُضِلُّوا عِبَادَكَ وَلَا يَلِدُوا إِلَّا فَاجِرًا كَفَّارًا. رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِمَنْ دَخَلَ بَيْتِيَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَلَا تَزِدِ الظَّالِمِينَ إِلَّا تَبَارًا﴾**

---

500 ـ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى بۇ قائىدىنىڭ تېشىدا. زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى پەرياد قىلالايدۇ؛ زالىمنىڭ زىيىنىغا، توۋلاپ دۇئايىبەت قىلالايدۇ ياكى ئۇنىڭدىن زۇلۇم كۆرگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ يامانلىقلىرىنى سۆزلىيەلەيدۇ؛ ھەتتا يامان سۆزلىرىگە، ئوخشاش يامان سۆزلەر بىلەن قارشىلىقمۇ بېرەلەيدۇ.

«نۇھ ئېيتتى: ‹رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرىنىمۇ قويما! چۈنكى سەن ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ ۋە فاجىر، تۇز كورلاردىن باشقىنى تۇغمايدۇ. رەببىم! ماڭا، ئاتا-ئانامغا، ئۆيۈمگە مۇئمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە، مۇئمىن ۋە مۇئمىنەلەرگە مەغپىرەت قىل، زالىملارغا ھالاكەتتىن باشقا بىر نەرسە زىيادە قىلما!»- نۇھ 71/26-28.

**3) زۆرۈر تېپىلسا مۇسۇلمانلىقنى يوشۇرۇش**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَهُوَ الَّذِي كَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنْكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُمْ بِبَطْنِ مَكَّةَ مِنْ بَعْدِ أَنْ أَظْفَرَكُمْ عَلَيْهِمْ وَكَانَ اللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرًا. هُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا وَصَدُّوكُمْ عَنِ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَالْهَدْيَ مَعْكُوفًا أَنْ يَبْلُغَ مَحِلَّهُ وَلَوْلَا رِجَالٌ مُؤْمِنُونَ وَنِسَاءٌ مُؤْمِنَاتٌ لَمْ تَعْلَمُوهُمْ أَنْ تَطَئُوهُمْ فَتُصِيبَكُمْ مِنْهُمْ مَعَرَّةٌ بِغَيْرِ عِلْمٍ لِيُدْخِلَ اللَّهُ فِي رَحْمَتِهِ مَنْ يَشَاءُ لَوْ تَزَيَّلُوا لَعَذَّبْنَا الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا﴾**

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، مەككىنىڭ ئىچىدە سىلەرنى ئۇلارغا غالىب قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن، سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى ئۇلاردىن توستى. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار كاپىر بولغان، سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن، تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقلارنى ئۆز جايىغا يېتىپ بېرىشتىن توسقانلاردۇر. ئەگەر سىلەر بىلمىگەن مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بولمىسا ئىدى، ئۇلارنى بىلمەستىن ئېزىپ قويۇپ، ئەيىبلىنىش ئېھتىمالىڭلار بولمىسا ئىدى، ئاللاھ قوللىرىڭلارنى بىر-بىرىڭلاردىن توسمايتتى. بۇ ئاللاھنىڭ خالىغان كىشىنى رەھمىتىگە كىرگۈزۈشى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇلار ئايرىلسا ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى ئەلەملىك ئازاب بىلەن ئازابلايتتۇق»- فەتھ 48/24-25.

بۇ ئايەتنىڭ «ئەگەر سىلەر بىلمىگەن مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بولمىسا ئىدى، ئۇلارنى بىلمەستىن ئېزىپ قويۇپ، ئەيىبلىنىش ئېھتىمالىڭلار بولمىسا ئىدى، ئاللاھ قوللىرىڭلارنى بىر-بىرىڭلاردىن توسمايتتى» دېگەن مەنىدىكى قىسمى چارىسىز قالغان مۇئمىنلارنىڭ، كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا باشقا مۇئمىنلار تەرىپىدىن تونۇلمىغۇدەك شەكىلدە ياشىسا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ ئايەتلەر مۇسۇلماننىڭ ھاياتتا قېلىشنىڭ مەككىنىڭ فەتھىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

كۇپۇر سۆزنى قىلمىسا ھاياتىغا دەخلى يېتىش خەۋپى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان ھالدا كۇپۇر سۆزنى ئېغىزنىڭ ئۇچىدا دەپ قويۇپ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشىغا رۇخسەت بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَن كَفَرَ بِاللّهِ مِن بَعْدِ إيمَانِهِ إِلاَّ مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالإِيمَانِ وَلَكِن مَّن شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْراً فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِّنَ اللّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾

«ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئاللاھقا كاپىر بولۇپ. قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇپ مەجبۇرلانغانلار مۇستەسنا. كۆڭلىنى كاپىرلىققا ئاچقانلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن غەزەپ ياغىدۇ ھەمدە ئۇلار چوڭ بىر ئازابقا دۇچار بولىدۇ» - نەھل 106/16.

قۇرئان كەرىمدە «مۇئمىن سۈرىسى» دەپ بىر سۈرە بار (بۇ سۈرە غافىر سۈرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ سۈرىدە مۇسا (ئە.س)نىڭ ۋاقتىدىكى فىرئەۋننىڭ خانىدانىدا بىر مەخپىي مۇئمىننىڭ بارلىقى، فىرئەۋن مۇسانى ئۆلتۈرۋېتىمەن دېگەن چاغدا ئۇ مۇئمىننىڭ فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە نەسىھەت قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. خالىغانلار ئۇ سۈرىنىڭ 23- ئايىتىدىن باشلاپ 45- ئايىتىگىچە بولغان قىسمىنى (تەرجىمىسىنى) ئوقۇپ چۈشەنچە ھاسىل قىلغاي.

ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالَ رَجُلٌ مُّؤْمِنٌ مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَكْتُمُ إِيمَانَهُ...﴾

فىرئەۋن خانىدانىدىن بولۇپ شۇ ۋاقىتقىچە ئىمانىنى يوشۇرۇپ كەلگەن بىر مۇئمىن ئادەم مۇنداق دېدى:...» - غافىر 28/40.

دېمەككى، ئىمان فىرئەۋندەك بىر زومىگەر پادىشاھنىڭ خانىدانىنىڭ ئارىسىدا يوشۇرغىلى بولىدىغان نەرسىدۇر.

### ب- مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلىشى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ

﴿إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤدُّواْ الأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُم بَيْنَ النَّاسِ أَن تَحْكُمُواْ بِالْعَدْلِ إِنَّ اللّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُم بِهِ إِنَّ اللّهَ كَانَ سَمِيعًا بَصِيرًا﴾

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇشقا ۋە ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغان چېغىڭلاردا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان بۇ ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى! شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»- نىسا 58/4.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَخُونُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُواْ أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا خىيانەت قىلماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ ئامانەتلىرىڭلارغا خىيانەت قىلماڭلار»- ئەنفال 27/8.

﴿إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالإِحْسَانِ وَإِيتَاء ذِي الْقُرْبَى وَيَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاء وَالْمُنكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾

« شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ھاياسىزلىقتىن، يامانلىقتىن ۋە ناھەقچىلىكتىن توسىدۇ. ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ. ئېسىڭلاردا تۇتۇپ ئەمەل قىلغايسىلەر!»- نەھل 90/16.

ئىسلام دىنى مۇتلەق مەنىدە ئادالەتكە بۇيرۇيدۇ، ھەر تۈرلۈك زۇلۇمدىن توسىدۇ. بۇ دىن بىلەن شەرەپلىنىپ مۇسۇلمان دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان كىشى ھەر ئىشتا ئادالەتنى ئاساس قىلىدۇ، زۇلۇمدىن يىراق تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ، بەلكىدە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زالىم بولسا زۇلۇمدىن توسۇش بىلەن، مەزلۇم بولسا يېنىدا تۇرۇش بىلەن ياردەم قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. ئۇ ئۆز قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى

كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ»[501].

«قېرىندىشىڭ زۇلۇم قىلغۇچى بولسۇن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بولسۇن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن» دېگەندە، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! قېرىندىشىم زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسىغۇ ياردەم قىلارمەن، ئېيتىپ باققىنا، زۇلۇم قىلغۇچىغا قانداق ياردەم قىلىمەن؟»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسقىن، بۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىڭ بولىدۇ»[502].

ئەسلىدە مۇسۇلمان يۇقىرىدىكى ئايەت-ھەدىسلەرگە بويسۇنۇپ زۇلۇمدىن يىراق تۇرغان كىشىدۇر، لېكىن بەزى مۇسۇلمانلار مەنپەئەت ئارزۇسى بىلەن ئەقلىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ، نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا ئەگىشىدۇ، بارغانسېرى قەلب قارىيىدۇ، ئىمان سۇسلىشىدۇ، سەمىمىيەت تۈگەيدۇ، نىيەت بۇزۇلىدۇ. بۇلار كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىدە يالغان، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە رەزىللىك ۋە قارار-ھۆكۈملىرىدە زۇلۇم بولۇپ ئەكس ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىدىن بەزىدە ئۆز قېرىنداشلىرىمۇ «نېسىۋە» ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسىم مىساللىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1)- يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش

يېتىم-ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن نارەسىدە بالىدۇر. ئۇنىڭ ئاتىسىدىن قالغان مىراستىن ئالىدىغان ئۈلۈشىنى بەرمەسلىك ياكى تولۇق بەرمەسلىك، ئوبدان نەرسىسىنى ناچار نەرسىگە تېگىشىۋېلىش، مېلىنى ئۆزىنىڭ مېلىغا قوشۇپ تىجارەت قىلىپ پايدا ئايرىپ بەرمەسلىك ياكى ھەققىنى تولۇق بەرمەسلىك ۋە ياكى زىيانىنى ئېتىرىپ قويۇش قاتارلىقلار يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋالغانلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا»**

«يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالىدىغانلار قورساقلىرىغا چوقۇم ئوت يەيدۇ ۋە يېقىندا دوزاخقا كىرىپ كۆيىدۇ»- نىسا 10/4.

---

501 بۇخارى، سەھىھ، مەزالىم 244، ئىكراھ 6951؛ مۇسلىم، سەھىھ، بىرر ۋە سىلە 32 (2564)، 58 (2580)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن. ئەدەب 4893؛ تىرمىزى، سۈنەن، ھۇدۇد 1426، بىرر ۋە سىلە 1927.

502 بۇخارى، سەھىھ، مەزالىم، 2443، 2444، ئىكراھ 6952؛ مۇسلىم، سەھىھ، بىرر ۋە سىلە 62 (2584)؛ تىرمىزى، سۈنەن، فىتەن، 2555.

## 2)- يەر ئىگىلىۋېلىش

يەر ئىگىلىۋېلىش باشقىسىنىڭ يېرىگە كىرىۋېلىش، يەر پاسىللىرىنى ئۆزگەرتىش، باشقىسىنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىش، قوشۇۋېلىش، پاسىلغا دەرەخ سېلىش ئارقىلىق يەر قوشنىسىغا زىيان سېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقىلارنىڭ بىر غېرىچ يېرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى يەتتە قات زېمىندىن ئۇ بىر غېرىچ يەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا چەمبىرەك شەكلىدە ئوراپ قويىدۇ»[503].

## 3)- ئىشچىنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك ياكى كەم بېرىش

ئايلىق مائاشقا ئىشلەيدىغان ئىشچىنىڭ ياكى كۈنلۈك ئىش ھەققىگە ئىشلەيدىغان كۈنلۈكچىنىڭ ۋە ياكى بىرەر ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىش قىلىپ تۈرمۈشنى قامدايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمەسلىك، كېچىكتۈرۈش، كېمەيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زۇلۇمدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئىشچىنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭ تەرى قۇرۇماستىن بېرىۋېتىڭلار»[504].

## 4)- ھەقنى كېچىكتۈرۈش

بۇ ئۆتنىنى ياكى قەرزنى ۋە ياكى نېسى ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ۋاقتىدا تۆلىمەسلىك بىلەن بولىدۇ. بۇمۇ بىر زۇلۇمدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «تۆلەش ئىمكانىيىتى بار ئادەمنىڭ قەرزنى ئارقىغا سۈرۈپ ۋاقتىدا بەرمەسلىكى زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. بىر كىمنىڭ بىر ئادەمدە ئېلىشى بولۇپ، قەرزدار ئادەم ئۇنى بىر باي كىشىنىڭ بېرىپ قويۇشىغا ھاۋالە قىلسا، ئۇ بۇ ھاۋالىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ»[505].

503 بۇخارى، سەھىھ، بەدئۇلخەلق 3198؛ مۇسلىم، سەھىھ، مۇساقات 139 (1610).

504 ئىبنى ماجە، سۈنەن، رۇھۇن 4، 2443.

505 بۇخارى، سەھىھ، ھەۋالات 2287، 2288؛ مۇسلىم، سەھىھ، مۇساقات 7، 33 (1564)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، بۇيۇۋ 3345؛ تىرمىزى، سۈنەن، بۇيۇۋ 1308؛ نەسائى، سۈنەن، بۇيۇۋ 4691؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، سەدەقات 8، 2403، 2404.

### 5)- ئالداش

ئىلىم-سېتىمدا قارشى تەرەپنىڭ خەۋەرسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ بازار باھاسىدىن يۇقىرى باھادا سېتىش، مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ سېتىش، ھۈنەر-سەنئەتتە ساختىپەزلىك قىلىش، ئىشنى تەلەپكە لايىق قىلماسلىق، ئىش بەرگۈچىنىڭ ئىشەنچىسىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئىش ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار زۇلۇمدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىم بىزنى ئالدىسا، ئۇ بىزدىن ئەمەستۇر»، «كىم ئالدامچىلىق قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەستۇر»[506].

### 6)- بىئارام قىلىش

شەھەردە، ئادەملەر زىچ ئورۇنلاشقان جايلاردا ۋە قەۋەتلىك بىنالاردا گۈلدۈر-گۇپپاڭ قىلىش، توي-تۆكۈنلەردە كېچىنىڭ بىر مەھەلىگىچە داقا-دۇمباق چېلىش، ۋارقىراپ-جارقىراش، ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرىدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىش، يوللاردا ماشىنىنىڭ ياڭراتقۇسىنى يۇقىرى ئېچىپ قويۇپ بىر نەرسە ئاڭلاش، ناخشا توۋلاپ مېڭىش، ئىنسانلار مېڭىۋاتقان يوللاردا ماشىنا، موتوسىكلىت ۋەھاكازالارنى تېز سۈرئەت بىلەن ھەيدەش، ئېھتىياجدىن ئارتۇق سىگنال چېلىش قاتارلىقلار بىئارام قىلغانلىق، شۇنداقلا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، يول ۋە كوچا-كويلارغا، سۇ بويلىرىغا، دەل-دەرەخلەرنىڭ تۈۋلىرىگە تەرەت سۇندۇرۇپ قويۇش، تۈكۈرۈش، مىشقىرىش، قالايمىقان نەرسە ۋە ئەخلەت-چاۋارلارنى تاشلاش، ئومۇمىي سورۇنلاردا بۇرنىنى كولاش، چىشىنى كولاش، قۇلىقىنى كولاش، تىرنىقىنى كولاش، بەلغەم چىقىرىش، ماڭقىسىنى تارتىش، يەل قويۇۋېتىش، خورەك تارتىش، ئۈستىگە پۇراقلىق نەرسە سۈرۈپ ياكى پۈركۈپ بېرىش قاتارلىقلار بىئارام قىلغانلىق، شۇنداقلا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىدۇ، زىيان سالىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «زىيان سېلىشقا ۋە زىيان تارتىشقا بولمايدۇ»[507].

---

506 مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 164؛ تىرمىزى، سۇنەن، بۇيۇئ 74؛ ئەبۇداۋۇد، سۇنەن، بۇيۇئ 52؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تىجارەت 36.

507 ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەھكام 2341-17/2340؛ ئەھمەد، مۇسنەد 56-5/55؛ مالىك، مۇۋەتتا، ئەقدىيە 2758/600؛ بەيھەقى، سۇنەنى كۇبرا، سۇلھ 11384.

## پ- ئىش ۋە ئىشچى

ئىسلام دىنى ھەر كىشىنى ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاشقا، تىلەمچىلىكتىن ۋە تەمەخورلۇقتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. كىشىنىڭ ئۆزى ئىشلەپ ئېرىشكەن يېمەك-ئىچمىكىنىڭ ئەڭ ئوبدان يېمەك-ئىچمەك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان ئەمەل-ئىبادەتنى ھەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىشى لازىملىقىنى، دۇنيا ئىشلىرىدىمۇ ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە تايىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۆرلۈك ۋە بوشاڭلىق قىلىپ باشقىلارغا تايىنىپ ئۆزىنى خار قىلماسلىقنى تەكىتلەيدۇ، شۇنداقلا ھەر كىشىنى جانلىق، كۈچلۈك، ئىشچان ۋە پائالىيەتچان بولۇشقا، ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىدە قولىدىن كەلگەن ئىشنى قىلىپ ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى ھالال بىلەن بېقىشقا، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قولۇم-قوشنىلىرىغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. كۈندۈز ئىنسانلار ئىشلەپ ئۆز رىزىقلىرىنى قولغا كەلتۈرسۇن دەپ يارىتىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ مَكَّنَّاكُمْ فِي الأَرْضِ وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَايِشَ قَلِيلاً مَّا تَشْكُرُونَ﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرگە زېمىندا كۈچ-قۇۋۋەت بەردۇق ۋە زېمىندا سىلەرگە ھەر خىل تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى بار قىلدۇق. بەك ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر!»- ئەئراف 10/7.

﴿وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ آيَتَيْنِ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ وَجَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً لِتَبْتَغُواْ فَضْلاً مِّن رَّبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُواْ عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ وَكُلَّ شَيْءٍ فَصَّلْنَاهُ تَفْصِيلاً﴾

«بىز كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئىككى ئايەت قىلدۇق. ئاندىن كېچە ئايىتىنى ئۆچۈردۇق، كۈندۈز ئايىتىنى كۆرسەتكۈچى قىلدۇق. بۇ رەببىڭلاردىن پەزل تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر ۋە يىللارنىڭ سانى بىلەن ھېسابنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر. بىز ھەر نەرسىنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلدۇق»- ئىسرا 12/17.

﴿وَمِن رَّحْمَتِهِ جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لِتَسْكُنُوا فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«ئاللاھ رەھمەت قىلىپ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى، پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنى ياراتتى. شۈكۈر ئېيتقايسىلەر!»۔ قەسەس 73/28.

﴿وَجَعَلْنَا النَّهَارَ مَعَاشًا﴾

«بىز كۈندۈزنى مەئىشەت ۋاقتى[508] قىلدۇق»۔نەبەئ 11/78.

ئاللاھ تائالا ئىشلەشكە تەشۋىق قىلدۇ ۋە بۇيرۇيدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مۇنداق:

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِن رِّزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، زېمىننى سىلەرگە كۆنۈك بىر ئۇلاغقا ئوخشاش قىلىپ بەردى. ئۇ ھالدا زېمىننىڭ ئۈستىدە مېڭىڭلار ۋە ئۇ زاتنىڭ رىزقىدىن يەڭلار، قايتا تىرىلدۈرۈلۈپ ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر»۔ مۇلك 15/67.

﴿اللّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَّكُمْ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَسَخَّرَ لَكُمُ الأَنْهَارَ. وَسَخَّر لَكُمُ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ دَآئِبَينَ وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ. وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ الإِنسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، سىلەرگە رىزىق بولسۇن دەپ ئۇ يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك-تۈرلۈك مېۋە ۋە مەھسۇلاتلارنى چىقاردى، ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا ئېقىپ يۈرىدىغان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۆستەڭلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، تەرتىپلىك بىر شەكىلدە ئايلىنىپ تۇرىدىغان كۈننى ۋە ئاينى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى ۋە سىلەرگە سىلەر ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى بەردى. ئەگەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى سانىغىلى تۇرساڭلار، ئۇلارنى ساناپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، ئىنسان ھەقىقەتەن زالىمدۇر، تۇزكوردۇر»۔ ئىبراھىم 32/14-34.

﴿لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَبْتَغُواْ فَضْلاً مِّن رَّبِّكُمْ﴾

508 تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەش ۋاقتى.

«ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت قىلىپ رەببىڭلاردىن رىزىق تەلەپ قىلىشىڭلاردا سىلەرگە ھېچقانداق گۇناھ يوقتۇر». بەقەرە 198/2.

### 1. رۇخسەت بېرىلگەن ئىشلار

#### ئا). تىجارەت (سودىگەرچىلىك)

بۇ شەرىئەتتە مال ھېسابلىنىدىغان ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى شەرىئەت يولغا قويغان دائىرە ئىچىدە ئېلىپ-سېتىپ پايدا ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلاَّ أَن تَكُونَ تِجَارَةً عَن تَرَاضٍ مِّنكُمْ وَلاَ تَقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾

«ئى مۇئمىنلار! بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار. لېكىن ئۇ ماللارنى ئۆزئارا رازى بولۇشۇپ قىلىشقان تىجارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ يېسەڭلار بولىدۇ. ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە مېھرىباندۇر». نىسا 29/4.

﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِن فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

«ناماز ئادا قىلىنىپ بولغاندا دەرھال زېمىنغا تارقىلىڭلار، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار ۋە ئاللاھقا كۆپ زىكىر ئېيتىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر». جۇمۇئە 10/62.

#### ئە). دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە ئورمانچىلىق

بۇ ھەر تۈرلۈك ئاشلىق ۋە كۆكتاتلارنى تېرىش، كۆچەتلەرنى تىكىش، ئۇلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە باغ-بوستانلارنى بەرپا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. كۆچەتچىلىك ۋە ئۇرۇقچىلىق ئىشلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلار ۋاستە بولىدىغان پۈتۈن كەسپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَهُوَ الَّذِي أَنشَأَ جَنَّاتٍ مَّعْرُوشَاتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَاتٍ وَالنَّخْلَ وَالزَّرْعَ مُخْتَلِفًا أُكُلُهُ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُتَشَابِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ كُلُواْ مِن ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَآتُواْ حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ وَلاَ تُسْرِفُواْ إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾**

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى، تەمى ھەر خىل خورما ۋە ئېكىنلەرنى، بىر-بىرىگە ئوخشىشىدىغان ۋە ئوخشاشمايدىغان زەيتۇنلارنى ۋە ئانارلارنى بار قىلدى. ھەر بىرى مېۋە بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەڭلار، ئۇنى يىغقان كۈنى ھەققىنى بېرىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ»۔ ئەنئام 141/6.

**﴿وَآيَةٌ لَهُمُ الْأَرْضُ الْمَيْتَةُ أَحْيَيْنَاهَا وَأَخْرَجْنَا مِنْهَا حَبًّا فَمِنْهُ يَأْكُلُونَ. وَجَعَلْنَا فِيهَا جَنَّاتٍ مِنْ نَخِيلٍ وَأَعْنَابٍ وَفَجَّرْنَا فِيهَا مِنَ الْعُيُونِ. لِيَأْكُلُوا مِنْ ثَمَرِهِ وَمَا عَمِلَتْهُ أَيْدِيهِمْ أَفَلَا يَشْكُرُونَ﴾**

«ئۇلار ئۈچۈن بىر دەلىل ئۆلۈك زېمىندۇر. بىز ئۇنى تىرىلدۈردۇق ۋە ئۇنىڭدىن ئاشلىق چىقاردۇق. ئۇلار ئەنە شۇ ئاشلىقتىن يەيدۇ. بىز ئۇ زېمىندا خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردۇق، ئۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. بىز ئۇلارنى ئۇنىڭ مەھسۇلاتىدىن ۋە ئۆز قوللىرى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەردىن يېسۇن، دەپ مۇشۇنداق قىلدۇق. ئۇلار يەنىلا شۈكۈر ئېيتمامدۇ؟»۔ ياسىن 36/33-35.

**﴿وَأَنْزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً بِقَدَرٍ فَأَسْكَنَّاهُ فِي الْأَرْضِ وَإِنَّا عَلَى ذَهَابٍ بِهِ لَقَادِرُونَ. فَأَنْشَأْنَا لَكُمْ بِهِ جَنَّاتٍ مِنْ نَخِيلٍ وَأَعْنَابٍ لَكُمْ فِيهَا فَوَاكِهُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ. وَشَجَرَةً تَخْرُجُ مِنْ طُورِ سَيْنَاءَ تَنْبُتُ بِالدُّهْنِ وَصِبْغٍ لِلْآكِلِينَ﴾**

«بىز ئاسماندىن بەلگىلەنگەن مىقداردا سۇ چۈشۈرۈپ ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق. بىزنىڭ كۈچىمىز ئۇ سۇنى يوق قىلىۋېتىشكىمۇ يېتىدۇ. بىز ئۇ سۇ بىلەن سىلەرگە خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. ئۇ باغلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مېۋىلەر بار. سىلەر ئۇلاردىن يەيسىلەر. بىز يەنە ئۇ سۇ بىلەن سىنا تېغىدا چىقىدىغان بىر دەرەخ يېتىشتۈردۇق. ئۇ دەرەختىن ماي ۋە يېگۈچىلەرگە بىر خىل قوشۇمچە يېمەكلىك چىقىدۇ»۔ مۇئمىنۇن 23/18-20.

**﴿هُوَ الَّذِي أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء لَّكُم مِّنْهُ شَرَابٌ وَمِنْهُ شَجَرٌ فِيهِ تُسِيمُونَ. يُنبِتُ لَكُم بِهِ الزَّرْعَ وَالزَّيْتُونَ وَالنَّخِيلَ وَالأَعْنَابَ وَمِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾**

«ئاللاھ ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر ئۇ سۇدىن ئىچىسىلەر، ماللىرىڭلارنى ئوتلىغىلى قويۇۋېتىدىغان ئوتلاقلىرىڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ يەنە ئۇ سۇ بىلەن سىلەر ئۈچۈن ئېكىنلەر، زەيتۇنلار، خورمىلار، ئۈزۈملەر ۋە خىلمۇخىل مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرمەكتە. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەت بار[509]»- نەھل 10/16- 11.

## ب)- چارۋىچىلىق

بۇ تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى بېقىش، سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قاسساپلىق قىلىشنى، تېرە، يۇڭ، تىۋىت ۋە چۈپۈر تىجارىتى قىلىشنى، زاۋۇت ۋە فابرىكىلارنى قۇرۇپ، تېرىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى، يۇڭ، تىۋىت ۋە چۈپۈرلاردىن يىپ ئىگىرىش، شۇنداقلا توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك، كىگىزچىلىك، گىلەمچىلىك ۋە ئەدىيالچىلىق قىلىش قاتارلىق كەسىپلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تىجارىتىنى قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالأَنْعَامَ خَلَقَهَا لَكُمْ فِيهَا دِفْءٌ وَمَنَافِعُ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ﴾

«ئاللاھ تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىمۇ ياراتتى. ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن سوغۇقتىن ساقلىغۇچى نەرسىلەر ۋە باشقا نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يەيسىلەر»- نەھل 5/16.

﴿وَإِنَّ لَكُمْ فِي الأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُّسْقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهِ مِن بَيْنِ فَرْثٍ وَدَمٍ لَّبَنًا خَالِصًا سَآئِغًا لِلشَّارِبِينَ﴾

شۈبھىسىزكى، تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەردە سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار: سىلەرنى ئۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى بىلەن سۇغىرىمىز. ئۇ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئاشقازىنىدىكى ئوزۇقلۇقلار بىلەن قانىنىڭ ئارىسىدىن كېلىدىغان، ئىچكەنلەرنىڭ گاللىرىدىن سىلىق ئۆتۈپ كېتىدىغان ساپ سۈتتۇر»- نەھل 66/16.

509 يەنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل بار.

﴿وَاللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّن بُيُوتِكُمْ سَكَنًا وَجَعَلَ لَكُم مِّن جُلُودِ الأَنْعَامِ بُيُوتًا تَسْتَخِفُّونَهَا يَوْمَ ظَعْنِكُمْ وَيَوْمَ إِقَامَتِكُمْ وَمِنْ أَصْوَافِهَا وَأَوْبَارِهَا وَأَشْعَارِهَا أَثَاثًا وَمَتَاعًا إِلَى حِينٍ﴾

«ئاللاھ ئۆيلىرىڭلارنى سىلەرگە بىر ئارامگاھ قىلىپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ تېرىلىرىدىن كۆچكەن ۋە تۇرغان كۈنلىرىڭلاردا ئېلىپ مېڭىشقا ئاسان بولغان چېدىرلارنى ئۆي قىلىپ بەردى. ئاللاھ يەنە سىلەرگە ئۇ ماللارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تىۋىتلىرىدىن ۋە چۇپۇرلىرىدىن كىيىم- كېچەكلەر ۋە بىر مۇددەتكىچە پايدىلىنىدىغان ئۆي سەرەمجانلىرىنى قىلىپ بەردى»- نەھل 80/16.

﴿وَإِنَّ لَكُمْ فِي الْأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُّسْقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهَا وَلَكُمْ فِيهَا مَنَافِعُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ. وَعَلَيْهَا وَعَلَى الْفُلْكِ تُحْمَلُونَ﴾

«تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىبرەت بار. بىز سىلەرنى ئۇلارنىڭ سۈتلىرى بىلەن سۇغىرىمىز. ئۇلاردىن كۆپ پايدىلىنىسىلەر ۋە گۆشلىرىنى يەيسىلەر»- مۇئمىنۇن 23/21-22.

﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّا خَلَقْنَا لَهُمْ مِمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَا أَنْعَامًا فَهُمْ لَهَا مَالِكُونَ. وَذَلَّلْنَاهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ. وَلَهُمْ فِيهَا مَنَافِعُ وَمَشَارِبُ أَفَلَا يَشْكُرُونَ﴾

«ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۆز قوللىرىمىز بىلەن ئىشلەپ ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى ياراتتۇق. ئۇلار ئۇ ھايۋانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدۇر. بىز ئۇ ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسى ئۇلارنىڭ ئۇلىغىدۇر، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى يەيدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئۇ ھايۋانلاردا يەنە باشقا نۇرغۇن مەنپەئەتلەر ۋە ئىچىلىدىغان نەرسىلەر بار. ئۇلار يەنىلا شۈكۈر قىلمامدۇ؟»- ياسىن 36/71-73.

### پ- كىراكەشلىك

بۇ تۆگە، ئات، قېچىر ۋە ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلار، دېڭىزدا، قۇرۇقلۇقتا ۋە ھاۋادا ماڭىدىغان ھەر تۈرلۈك قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن يۈك ۋە ئادەم توشۇش كەسپىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَتَحْمِلُ أَثْقَالَكُمْ إِلَى بَلَدٍ لَمْ تَكُونُوا بَالِغِيهِ إِلَّا بِشِقِّ الْأَنْفُسِ إِنَّ رَبَّكُمْ لَرَءُوفٌ رَحِيمٌ. وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً وَيَخْلُقُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾

«هايۋانلار سىلەر ناھايىتى جاپا تارتمىساڭلار بارالمايدىغان يىراق جايلارغا يۈكلىرىڭلارنى توشۇيدۇ. رەببىڭلار ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر، مەرھەمەتلىكتۇر. ئاللاھ ئاتلارنى، قېچىرلارنى، ئېشەكلەرنى سىلەر ئۇچۇن ئۇلاغ ھەمدە زىننەت قىلىپ ياراتتى. **<u>ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىدۇ</u>**». نەھل 16/7ـ8.

﴿وَعَلَيْهَا وَعَلَى الْفُلْكِ تُحْمَلُونَ﴾

«ئۇ ھايۋانلارغا مىنىپ ۋە كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ خالىغان يەرلىرىڭلارغا بارىسىلەر ۋە ھەر ئىككىسى بىلەن يۈكلىرىڭلارنى توشۇيسىلەر». مۇئمىنۇن 23/21ـ22.

﴿وَلَكُمْ فِيهَا مَنَافِعُ وَلِتَبْلُغُوا عَلَيْهَا حَاجَةً فِي صُدُورِكُمْ وَعَلَيْهَا وَعَلَى الْفُلْكِ تُحْمَلُونَ﴾

«ئۇ ھايۋانلاردىن كۆپ پايدىلىنىسىلەر، كۆڭلۈڭلاردىكى ئارزۇيۇڭلارغا ئۇلار بىلەن يېتىسىلەر، ئۇلارغا مىنىپ ۋە كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ خالىغان يەرلىرىڭلارغا بارىسىلەر ۋە ھەر ئىككىسى بىلەن يۈكلىرىڭلارنى توشۇيسىلەر». غافىر 40/80.

﴿وَالَّذِي خَلَقَ الْأَزْوَاجَ كُلَّهَا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ الْفُلْكِ وَالْأَنْعَامِ مَا تَرْكَبُونَ﴾

«ئۇ پۈتكۈل جۈپلەرنى ياراتقان، كېمىلەرنى ۋە بىر قىسىم ھايۋانلارنى سىلەر ئۇچۇن ئۇلاغ قىلىپ بەرگەن زاتتۇر». زۇخرۇف 43/12.

**ت)ـ ھەسەلچىلىك**

بۇ ھەسەل ھەرىسى بېقىش، ھەسەل ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ تىجارىتىنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَوْحَى رَبُّكَ إِلَى النَّحْلِ أَنِ اتَّخِذِي مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا وَمِنَ الشَّجَرِ وَمِمَّا يَعْرِشُونَ. ثُمَّ كُلِي مِنْ كُلِّ الثَّمَرَاتِ فَاسْلُكِي سُبُلَ رَبِّكِ ذُلُلًا يَخْرُجُ مِنْ بُطُونِهَا شَرَابٌ مُخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ فِيهِ شِفَاءٌ لِلنَّاسِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«رەببىڭ ھەسەل ھەرىلىرىگە مۇنداق ۋەھيى قىلدى: تاغلاردا، ئورمانزارلىقلاردا ۋە ئىنسانلار تەييارلىغان ساندۇقلاردا ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئۆيلەر ياساڭلار. ئاندىن كېيىن مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدىن يەڭلار، ئاندىن رەببىڭلار سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن يوللاردا مېڭىڭلار». ئۇلارنىڭ قورساقلىرىدىن رەڭگىلىرى ھەر خىل ئىچىملىك چىقىدۇ. ئۇ ئىچىملىك ئىنسانلارغا شىپا بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەت بار»- نەھل 68/16-69.

**ج)- سانائەت**

بۇ تاش ۋە تۆمۈرلەردىن پايدىلىنىپ، زامانىۋىي ئۆي-ئىمارەت، قورال-ياراغ، ئوق-دورا ۋە مۇداپىئە ۋاستىلىرىنى ياساشنى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ھەر تۈرلۈك سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاللَّهُ جَعَلَ لَكُمْ مِمَّا خَلَقَ ظِلَالًا وَجَعَلَ لَكُمْ مِنَ الْجِبَالِ أَكْنَانًا وَجَعَلَ لَكُمْ سَرَابِيلَ تَقِيكُمُ الْحَرَّ وَسَرَابِيلَ تَقِيكُمْ بَأْسَكُمْ كَذَلِكَ يُتِمُّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تُسْلِمُونَ﴾

«ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىدا سىلەر ئۈچۈن سايىلارنى قىلىپ بەردى، تاغلارنىڭ بىر قىسمىدا سىلەر ئۈچۈن ئۇۋىلارنى قىلىپ بەردى، يەنە سىلەر ئۈچۈن سىلەرنى ئىسسىقتىن ساقلايدىغان كىيىملەرنى ۋە سىلەرنى ئۇرۇشتا ساقلايدىغان كىيىملەرنى قىلىپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە نېمىتىنى ئەنە شۇنداق تاماملايدۇ. تەسلىم بولغايسىلەر!»- نەھل 80/16-81.

﴿وَعَلَّمْنَاهُ صَنْعَةَ لَبُوسٍ لَكُمْ لِتُحْصِنَكُمْ مِنْ بَأْسِكُمْ فَهَلْ أَنْتُمْ شَاكِرُونَ﴾

«ئۇرۇشلاردا دۈشمەن زەربىلىرىدىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز داۋۇدقا ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق. شۈكۈر قىلامسىلەر؟»- ئەنبىيا 80/21.

﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا دَاوُودَ مِنَّا فَضْلًا يَا جِبَالُ أَوِّبِي مَعَهُ وَالطَّيْرَ وَأَلَنَّا لَهُ الْحَدِيدَ. أَنِ اعْمَلْ سَابِغَاتٍ وَقَدِّرْ فِي السَّرْدِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾

«بىز داۋۇتقا ئۆز تەرىپىمىزدىن بىر ئۈستۈنلۈك بەردۇق: ئى تاغلار! ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭا يۈنىلىڭلار، ئى قۇشلار! سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار، دېدۇق. ئۇنىڭغا تۆمۈرنى يۇمشاق قىلىپ بەردۇق. داۋۇتقا: كەڭ ساۋۇتلار ياسىغىن،

ئۇلارنىڭ تۇقۇلۇشىنى ئۆلچەملىك ۋە مۇستەھكەم قىلغىن، دەپ ۋەھيي قىلدۇق. داۋۇتقا ۋە ئائىلىسىگە: ياخشى ئەمەل قىلىڭلار. مەن قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن، دېدۇق»۔ سەبەئ 10/34۔11.

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ وَأَنزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ وَرُسُلَهُ بِالْغَيْبِ إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾

«بىز ئەلچىلىرىمىزنى مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ ئۇ ئەلچىلەرگە كىتابنى ۋە مىزاننى نازىل قىلدۇق. بىز تۆمۈرنىمۇ نازىل قىلدۇق، ئۇنىڭدا شىددەتلىك بىر كۈچ ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلەر بار. بۇ ئاللاھنىڭ، ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلارنى بىلىشى ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كۈچلۈك ۋە غالىبتۇر»۔ ھەدىد 25/57.

## چ)۔ ئوۋچىلىق

بۇ قارچىغا، بۈركۈت، لاچىن ۋە ئىتقا ئوخشاش ھايۋانلارنى ئۆگىتىپ ئوۋچى قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ تېخى ئۆگىتىلمىگەنلىرىنى تۇتۇشتا ۋە دېڭىز ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر تۈرلۈك قىلتاق ۋە تورلارنى ياساش ۋە ئۇلارنىڭ تىجارىتىنى قىلىش، ئۇلار ئارقىلىق ئوۋ ئوۋلاش ۋە ئوۋ تىجارىتى قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا أُحِلَّ لَهُمْ قُلْ أُحِلَّ لَكُمُ الطَّيِّبَاتُ وَمَا عَلَّمْتُم مِّنَ الْجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ اللّهُ فَكُلُواْ مِمَّا أَمْسَكْنَ عَلَيْكُمْ وَاذْكُرُواْ اسْمَ اللّهِ عَلَيْهِ وَاتَّقُواْ اللّهَ إِنَّ اللّهَ سَرِيعُ الْحِسَابِ﴾

«ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى: سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئۆگەتكىنىدىن ئۆگىتىپ ئوۋچى قىلىپ يېتىشتۈرگەن ھايۋانلارنىڭ سىلەرگە تۇتقان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى. ئۇلارنىڭ سىلەرگە تۇتقىنىدىن يەڭلار، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىڭلار ۋە ئاللاھدىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى ناھايىتى تېزدۇر»۔ مائىدە 4/5.

﴿أُحِلَّ لَكُمْ صَيْدُ الْبَحْرِ وَطَعَامُهُ مَتَاعًا لَّكُمْ وَلِلسَّيَّارَةِ وَحُرِّمَ عَلَيْكُمْ صَيْدُ الْبَرِّ مَا دُمْتُمْ حُرُمًا وَاتَّقُواْ اللّهَ الَّذِيَ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ﴾

«سىلەرگە دېڭىزنىڭ ئوۋى ۋە يېمەكلىكى ھالال قىلىندى. بۇ سىلەرنى ۋە يولۇچىلارنى مەنپەئەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا قۇرۇقلۇقنىڭ ئوۋى سىلەرگە ھارام قىلىندى. ئاللاھدىن قورقۇڭلاركى، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر»- مائىدە 96/5.

## خ)- دېڭىزچىلىق

بۇ دېڭىزدىكى ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە مارجان قاتارلىق دېڭىز ئاستى بايلىقلارنى ئىزدەپ تېپىپ چىقىش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش، ئۇلارنىڭ تىجارىتىنى قىلىش، بۇ ئىشقا ۋاستە بولىدىغان كەسىپلەرنى قىلىش، ھەر تۈرلۈك كېمە ۋە پاراخوتلارنى ياساش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَهُوَ الَّذِي سَخَّرَ الْبَحْرَ لِتَأْكُلُواْ مِنْهُ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُواْ مِنْهُ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا وَتَرَى الْفُلْكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبْتَغُواْ مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، دېڭىزنىمۇ سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا سېلىپ بەردى. ئاللاھ بۇنى، ئۇنىڭدىن يېڭى گۆش يېيىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىڭلارنى چىقىرىشىڭلار ئۈچۈن-سەن ئۇنىڭدا سۇنى يېرىپ كېتىۋاتقان كېمىلەرنى كۆرىسەن-، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن قىلدى»- نەھل 14/16.

﴿وَمَا يَسْتَوِي الْبَحْرَانِ هَذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ سَائِغٌ شَرَابُهُ وَهَذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ وَمِن كُلٍّ تَأْكُلُونَ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُونَ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا وَتَرَى الْفُلْكَ فِيهِ مَوَاخِرَ لِتَبْتَغُوا مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«ئىككى دېڭىز ئوخشاش بولمايدۇ. بىرى شېرىندۇر، تاتلىقتۇر، سۇيى ئاسان ئىچىلىدۇ. يەنە بىرى تۇزلۇقتۇر، ئاچچىقتۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن يېڭى گۆش يەيسىلەر، تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىڭلارنى چىقىرىسىلەر. سەن ئۇلاردا سۇنى يېرىپ كېتىۋاتقان كېمىلەرنى كۆرىسەن، بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر»- فاتىر 12/35.

﴿مَرَجَ الْبَحْرَيْنِ يَلْتَقِيَانِ. بَيْنَهُمَا بَرْزَخٌ لَّا يَبْغِيَانِ. فَبِأَيِّ آلَاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ. يَخْرُجُ مِنْهُمَا اللُّؤْلُؤُ وَالْمَرْجَانُ. فَبِأَيِّ آلَاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ﴾

«رەھمان ئىككى دېڭىزنى قويۇۋەتتى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. ئۇ ئىككى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توسما بار. ئۇلار بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئى جىن ۋە ئىنسانلار! رەببىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى يالغان دېيەلەيسىلەر؟ ئۇ ئىككى دېڭىزدىن مەرۋايىت ۋە مارجان چىقىدۇ. ئى جىن ۋە ئىنسانلار! رەببىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى يالغان دېيەلەيسىلەر؟»- رەھمان 55/19-23.

### د)- پۈتۈكچىلىك

بۇ كىشىلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك قەرز مۇئامىلە، ئۆتنە-يېرىم، ئېلىم-سېتىم ۋە توختام-كېلىشىملىرى توغرۇلۇق ھۆججەت يېزىپ بېرىش، ئەدلىيە گۇۋاھلىقى تۈزۈپ بېرىش، ھۆججەت ۋە ماتېرىياللىرىنىڭ نۇسخىسىنى كۆپەيتىپ چىقىرىپ بېرىش، تەرجىمە قىلىپ بېرىش قاتارلىق كەسىپلەرنى قىلىشنى، شۇنداقلا ئۇلارنى رەسمىي ۋە تەرتىپلىك شەكىلدە يۈرگۈزۈش ئۈچۈن مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى فَاكْتُبُوهُ وَلْيَكْتُب بَّيْنَكُمْ كَاتِبٌ بِالْعَدْلِ وَلاَ يَأْبَ كَاتِبٌ أَنْ يَكْتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ اللّهُ فَلْيَكْتُبْ وَلْيُمْلِلِ الَّذِي عَلَيْهِ الْحَقُّ وَلْيَتَّقِ اللّهَ رَبَّهُ وَلاَ يَبْخَسْ مِنْهُ شَيْئًا فَإن كَانَ الَّذِي عَلَيْهِ الْحَقُّ سَفِيهًا أَوْ ضَعِيفًا أَوْ لاَ يَسْتَطِيعُ أَن يُمِلَّ هُوَ فَلْيُمْلِلْ وَلِيُّهُ بِالْعَدْلِ وَاسْتَشْهِدُواْ شَهِيدَيْنِ من رِّجَالِكُمْ فَإِن لَّمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمَّن تَرْضَوْنَ مِنَ الشُّهَدَاء أَن تَضِلَّ إْحْدَاهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَاهُمَا الأُخْرَى وَلاَ يَأْبَ الشُّهَدَاء إِذَا مَا دُعُواْ وَلاَ تَسْأَمُوْاْ أَن تَكْتُبُوْهُ صَغِيرًا أَو كَبِيرًا إِلَى أَجَلِهِ ذَلِكُمْ أَقْسَطُ عِندَ اللّهِ وَأَقْومُ لِلشَّهَادَةِ وَأَدْنَى أَلاَّ تَرْتَابُواْ إِلاَّ أَن تَكُونَ تِجَارَةً حَاضِرَةً تُدِيرُونَهَا بَيْنَكُمْ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَلاَّ تَكْتُبُوهَا وَأَشْهِدُوْاْ إِذَا تَبَايَعْتُمْ وَلاَ يُضَآرَّ كَاتِبٌ وَلاَ شَهِيدٌ وَإِن تَفْعَلُواْ فَإِنَّهُ فُسُوقٌ بِكُمْ وَاتَّقُواْ اللّهَ وَيُعَلِّمُكُمُ اللّهُ وَاللّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

«ئى مۇئمىنلار! بىر-بىرىڭلارغا قەرزدار بولغان چېغىڭلاردا ئۇنى يېزىپ قويۇڭلار. ئاراڭلاردىن خەت يازالايدىغان كىشى ئۇنى ئادىللىق بىلەن يازسۇن. خەت يازالايدىغان كىشى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئۆگەتكىنىدەك يېزىشتىن باش

تارتمىسۇن، يازسۇن. ھەق زىممىسىگە يۈكلەنگەن كىشى ئېيتىپ بەرسۇن. ئۇ، رەببى ئاللاھدىن قورقسۇن، قەرزىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتمىسۇن. ئەگەر ھەق زىممىسىگە يۈكلەنگەن كىشى ئەقىلسىز ياكى كۈچسىز بولسا ۋە ياكى ئېيتىپ بېرىشكە قادىر بولالمىسا ئۇنىڭ ۋەلىيسى ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن. ئەرلىرىڭلاردىن ئىككى گۇۋاھچىنى گۇۋاھچى قىلىڭلار. ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچى ئىككى ئەر بولمىسا، ئۆزۈڭلار رازى بولىدىغان گۇۋاھچىلاردىن بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال بولسۇن. بۇ، ئۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئېزىپ قالسا يەنە بىرىنىڭ ئەسلىتىشى ئۈچۈندۇر. گۇۋاھچىلار چاقىرىلغاندا كەلمەي قالمىسۇن. سىلەر پۈتۈكچىلەر! قەرز كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن ئۇنى قەرەلى بىلەن بىرلىكتە يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ توغرا، گۇۋاھلىق ئۈچۈن ئەڭ ساغلام، شۈبھىلەنمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئەڭ ئۇيغۇن بولىدۇ. لېكىن ئۇ، ئاراڭلاردا نەق قىلىشىدىغان بىر تىجارەت بولسا، ئۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ئۇنى يازماسلىقىڭلاردا سىلەرگە بىر گۇناھ يوق. ئېلىم-سېتىم قىلىشقان چېغىڭلاردا گۇۋاھچى ھازىر قىلىڭلار. پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن. ئەگەر ئۇلارغا زىيان يەتكۈزسەڭلار توغرا يولدىن چىققان بولىسىلەر. ئاللاھدىن قورقۇڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئۆگەتمەكتىدۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر». بەقەرە 282/2.

## ر)- ئىشچىلىق

بۇ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئىشلارنىڭ بىرىنى قىلىدىغان بىر شەخسكە ياللىنىپ ياكى بىر شىركەتكە ئىشچى بولۇپ ئىشلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَهُمْ يَقْسِمُونَ رَحْمَةَ رَبِّكَ نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُم مَّعِيشَتَهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَرَفَعْنَا بَعْضَهُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ لِيَتَّخِذَ بَعْضُهُم بَعْضًا سُخْرِيًّا وَرَحْمَتُ رَبِّكَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ﴾

«ئى مۇھەممەد! رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىنىڭ دەرىجىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. بۇنى، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ھەق بېرىپ ئىشقا سالسۇن دەپ قىلدۇق. رەببىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرىدىن ياخشىدۇر». زۇخرۇف 32/43.

## مۇناسىۋەتلىك بەزى ھەدىسلەر:

ئەبۇ ئابدۇللاھ زۇبەير ئىبنى ئاۋام (ر.ئە) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ چىقىپ تاغدىن بىر باغلام ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، سېتىپ ئۆزىنى تەمىنلىسە، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنى تىلەش ۋە تەمە قىلىشتىن ساقلاپ قالسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر مەيلى بىر نەرسە بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن تىلەمچىلىك قىلغىنىدىن ياخشى»[510].

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «زەكەرىيا (ئە.س) ياغاچچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى»[511].

مىقداد ئىبنى مەئدى كەرىب (ر.ئە) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد (ئە.س) ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايتتى»[512].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنەس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ قېشىغا كېلىپ بىر نەرسە تىلىۋىدى، پەيغەمبەر (ئە.س) :«ئۆيۈڭدە ھېچ نەرسە يوقمۇ؟» دېدى ، ئۇ كىشى: «ياق (تۆگىنىڭ ئۈستىگە سالىدىغان) بىر ئۈچىلىق بار، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يېپىنچا قىلىمىز، يەنە بىر قىسمىنى ئاستىمىزغا سالىمىز، يەنە بىر جام بار، ئۇنىڭدا سۇ ئىچىمىز» دېدى . پەيغەمبەر (ئە.س) :«ئۇ ئىككى نەرسىنى مىنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەل» دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر (ئە.س) ئۇ نەرسىلەرنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ :« بۇلارنى كىم سېتىۋالىدۇ؟» دېدى ، بىر ئادەم: مەن بىر دىرھەمگە ئالاي دېدى. پەيغەمبەر (ئە.س) ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم: كىم بىر دىرھەمدىن ئارتۇق ئالىدۇ؟ دېدى. بىر ئادەم: مەن ئىككى دىرھەمگە ئالاي دېدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر (ئە.س) ئۇ نەرسىلەرنى

---

510 بۇخارى، سەھىھ، زاكات 50، بۇيۇئ 15 (2074)، مۇساقات 14 (2374) نەسائى، سۇنەن، زاكات 2589؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 459/12.

511 مۇسلىم، سەھىھ، فەدائىل 45 169 ـ (2379)؛ ئىبنى ماجە، سەھىھ، تىجارات 5/ 2150؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 329/13.

512 بۇخارى، سەھىھ، بۇيۇئ 15(2072) ئىبنى ماجە، سۇنەن، تىجارات 1 (2138)، بەيھەقى، سۇنەن 127/6؛ تەبەرانى، ئەلكەبىر 633/20؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 418/28، 427.

ئۇنىڭغا بېرىپ، ئىككى دىرھەمنى ئېلىپ پۇلنى ھېلىقى ئەنسارىغا بەردى ۋە ئۇنىڭغا: بىر دىرھەمگە تائام سېتىۋېلىپ ئائىلەڭگە ئاپىرىپ بەرگىن، يەنە بىر دىرھەمگە بىر پالتا سېتىۋېلىپ قېشىمغا كەل دېدى. ئۇ كىشى كېتىپ بىر پالتا ئېلىپ پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ قېشىغا كەلدى، پەيغەمبىرىمىز ئۆز قولى بىلەن پالتىنى دەستىلەپ بەردى، ئاندىن ئۇ كىشىگە: بېرىپ ئوتۇن يىغقىن ۋە ساتقىن، مەن سېنى ئون بەش كۈنگىچە كۆرمەي دېدى. ئۇ شۇنداق قىلدى ۋە ئون بەش دىرھەم تېپىپ كەلدى. ئۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا كىيىم كېچەك، يەنە بىر قىسمىغا تائام سېتىۋالدى. پەيغەمبەر (ئە.س): «بۇ ئىش سەن ئۈچۈن تىلەمچىلىكنىڭ قىيامەت كۈنى يۈزۈڭدە بىر داغ بولۇپ كېلىشىدىن ياخشىدۇر» دېدى[513].

## 2. چەكلەنگەن ئىشلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلاَّ أَن تَكُونَ تِجَارَةً عَن تَرَاضٍ مِّنكُمْ وَلاَ تَقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيماً﴾

«ئى مۇئمىنلار! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار. لېكىن ئۇ ماللارنى ئۆزئارا رازى بولۇشۇپ قىلىشقان تىجارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ يېسەڭلار بولىدۇ. ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە مېھرىباندۇر». نىسا 29/4.

بۇ ئايەتتە «ناھەق يول» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆز باتىل ﴿الْبَاطِلِ﴾ دۇر. باتىل دېگەن سۆز يالغان، ناھەق، ناتوغرا، ساختا، ئاساسسىز، ئويدۇرما، پايدىسىز دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ باتىل دېگەن سۆز بۇ ئايەتتە مەئرىفە (ئېنىق) ئىسىم بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن چۈشىنىشكە تىرىشىمىز. ئۇ باتىل (ناھەق يول)لار تۆۋەندىكىچە:

---

513 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 26 (1641)؛ تىرمىزى، سۇنەن، بۇيۇئ 10 (1218)؛ ئىبن ماجە، سۇنەن، تىجارەت 25 (2198).

## ئا)- قۇرئاننىڭ مەنىسىنى يوشۇرۇش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنزَلَ اللّهُ مِنَ الْكِتَابِ وَيَشْتَرُونَ بِهِ ثَمَناً قَلِيلاً أُولَئِكَ مَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ إِلاَّ النَّارَ وَلاَ يُكَلِّمُهُمُ اللّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾

«ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابتىن بىر نەرسىنى يوشۇرۇپ، ئۇنى ئازغىنە پۇلغا ساتىدىغانلار قورساقلىرىنى ئوتقا تولدۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى پاكلىمايدۇ. ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار» بەقەرە 174/2.

## ئە)- پارىخورلۇق قىلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ وَتُدْلُوا بِهَا إِلَى الْحُكَّامِ لِتَأْكُلُوا فَرِيقًا مِنْ أَمْوَالِ النَّاسِ بِالْإِثْمِ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

«بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ ئىنسانلارنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىشىڭلار ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار»- بەقەرە 188/2.

## ب)- جازانىخورلۇق قىلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَّذِينَ يَأْكُلُونَ الرِّبَا لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ الَّذِي يَتَخَبَّطُهُ الشَّيْطَانُ مِنَ الْمَسِّ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا إِنَّمَا الْبَيْعُ مِثْلُ الرِّبَا وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا﴾

«ئۆسۈم يەيدىغانلار، شەيتان چاپلىشىۋالغان ساراڭ ئادەم تۇرغاندەكلا تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ: ‹ئېلىم-سېتىم خۇددى جازانىخورلۇققا ئوخشاشتۇر›، دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ ئېلىم-سېتىمنى ھالال، جازانىخورلۇقنى ھارام قىلغان»- بەقەرە 275/2.

## پ)- ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالسَّارِقُ وَالسَّارِقَةُ فَاقْطَعُوا أَيْدِيَهُمَا جَزَاءً بِمَا كَسَبَا نَكَالًا مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾

«ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەر ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قوللىرىنى كېسىڭلار. بۇ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى جازالاش ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ غالىب كەلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». مائىدە 38/5.

**ئەسكەرتىش:**

بۇ ئايەتتە ئوغرىلىق قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنىشى بۇلاڭچىلىق قىلىشنىڭمۇ مەنئى قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئوغرىلىق قىلىش باشقىسىنىڭ مېلىنى مەخپىي ئېلىۋېلىش دېمەكتۇر. بۇلاڭچىلىق قىلىش بولسا باشقىسىنىڭ مېلىنى ئاشكارا ئېلىۋېلىش دېگەن بولىدۇ. بىر ئىشنىڭ تۆۋەن چېكىنىڭ مەنئى قىلىنىشى ئۇ ئىشنىڭ يۇقىرى چېكىنىڭمۇ مەنئى قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ج)- قىمار ئويناش**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلار! مەست قىلغۇچى نەرسە، قىمار، تىكلەپ قويۇلغان تاشلار[514]، پال ئوقلىرى ھەقىقەتەن پاسكىنا نەرسىلەردۇر، شەيتاننىڭ ئىشىدىندۇر. ئۇلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر». مائىدە 90/5.

**چ)- دىنى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئاللاھنىڭ يولىغا توسقۇنلۇق قىلىش**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

514 جاھىلىيەتتە كەبىنىڭ چۆرىسىدە تىكلەپ قويۇلغان بىر قىسىم تاشلار بولۇپ، ئۇ تاشلارنىڭ ئالدىدا بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىناتتى ۋە قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ قانلىرىدىن شۇ تاشلارغا سۈۋاپ قويۇلاتتى. مائىدە سۈرىسىنىڭ 3- ئايىتى بىلەن ئەنە شۇ تاشلارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنغان- (رازى، ئەتتەفسىرۇلكەبىر 285/11).

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّ كَثِيراً مِّنَ الأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ اللّهِ﴾

«ئى مۇئمىنلار! نۇرغۇن ھاخاموە راھىبلار ئىنسانلارنىڭ ماللىرىنى ھەقىقەتەن ناھەق يول بىلەن يەيدۇ ۋە كىشلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ»- تەۋبە 34/9.

**ئەسكەرتىش:**

ھاخام يەھۇدىيلارنىڭ موللىسى، راھىب خرىستىئانلارنىڭ موللىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇ موللىلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ موللىلىرىنى ئۇ موللىلاردەك بولماسلىققا بۇيرۇيدۇ. سۈرە ئال ئىمراننىڭ 105- ئايىتىدىمۇ مۇسۇلمانلار يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا ئوخشاپ قېلىشتىن مەنئى قىلىنغان.

## خ)- ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بېرىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيْلٌ لِلْمُطَفِّفِينَ. الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ. وَإِذَا كَالُوهُمْ أَوْ وَزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ﴾

«ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار شۇنداق كىشلەركى، ئىنسانلاردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغلىرىدا تولۇق ئۆلچەيدۇ، ئىنسانلارغا ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغلىرىدا كەم ئۆلچەيدۇ ۋە كەم تارتىدۇ»- مۇتەففىفىن 1/83-3.

ئەنە شۇ يوللارنىڭ بىرى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن نەرسە ھارامدۇر.

## 3- كاپىردىن ھەق ئېلىپ ئىشنى قىلىش

دىنىمىز ئىسلامدا، مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر يەردە ياشاش شەرت قىلىنمىغاندەك، مەلۇم بىر تەبىقىگە تەۋە بولۇپ شۇ تەبىقىنىڭ ئارىسىدا ياشاشمۇ شەرت قىلىنمايدۇ. ئەكسىچە مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن ھەر قانداق رايوندا ياشىسا بولىدۇ، ھەتتا ھەر قانداق ماقام ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشسە بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە يۇسۇف (ئە.س)نىڭ مىسىردا كاپىر بىر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىتىدە دەسلەپتە مالىيە مىنىستىرى، كېيىن باش مىنىستىر (زۇڭلى) بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقىنىڭ زىكىر قىلىنىشى بىر مۇسۇلماننىڭ كاپىر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئېلىپ خىزمەت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ قىسسەنىڭ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنىشى بىزگە ھېكايە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، يۇسۇف (ئە.س)غا ئوخشاش، بىر كاپىر ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارە ــ ئورگانلىرىدا ئىشلەشكە توغرا كېلىپ قالغانلارنىڭ ھېچ ئىككىلەنمەي ئىشلىسە بولىدىغانلىقىنى بىزگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالَ الْمَلِكُ ائْتُونِي بِهِ أَسْتَخْلِصْهُ لِنَفْسِي فَلَمَّا كَلَّمَهُ قَالَ إِنَّكَ الْيَوْمَ لَدَيْنَا مِكِينٌ أَمِينٌ. قَالَ اجْعَلْنِي عَلَى خَزَآئِنِ الأَرْضِ إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٌ. وَكَذَلِكَ مَكَّنِّا لِيُوسُفَ فِي الأَرْضِ يَتَبَوَّأُ مِنْهَا حَيْثُ يَشَاء نُصِيبُ بِرَحْمَتِنَا مَن نَّشَاء وَلاَ نُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾

«پادىشاھ: ‹ئۇنى يېنىمغا كەلتۈرۈڭلار، خاس ئادىمىم قىلىمەن› دېدى. ئاندىن پادىشاھ يۇسۇف بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇنىڭغا: ‹شۈبھىسىزكى، سەن بۈگۈن يېنىمىزدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ئىشەنچلىك ئادەمسەن› دېدى. يۇسۇف: ‹مېنى مەملىكەتنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگىن. چۈنكى مەن ئۇلارنى ئوبدان ساقلايدىغان ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەممەن› دېدى. شۇنىڭدەك، بىز يۇسۇفكە ئۇ مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردۇق. ئۇ مەملىكەتنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلاتتى[515]. بىز رەھمىتىمىزنى ئۆزىمىز خالىغان كىشىگە يەتكۈزىمىز ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيمىز»- يۇسۇف 12/54-56.

كاپىردىن ھەق ئېلىپ ئىشنى قىلىشتا ئۇ ئىشنىڭ دىنىمىزدا چەكلەنمىگەن ئىش بولۇشى شەرتتۇر.

## 4- كاپىرغا ھەق بېرىپ ئىش قىلدۇرۇش

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھەر جەھەتتىن پەرقلىق قىلىپ ياراتقان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك-ئاجىز، باي-نامرات، ئالىم-جاھىل، ھۈنەرلىك-

515 يۇسۇف (ئە.س) باشتا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى، مالىيە مىنىستىرى، كېيىن ئەزىز (باش مىنىستىر) بولغان، بۇنى بۇ ئايەت ۋە بۇ سۈرىنىڭ 78- ۋە 88- ئايەتلىرىدە يۇسۇف (ئە.س)نىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا «ئەزىز» دەپ خىتاب قىلىشى كۆرسىتىدۇ.

ھۈنەرسىز... دېگەن سىنىپلار مەۋجۇت بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. ھەر كىشىنىڭ پۈتۈن ھۈنەرلەرنى بىلمەسلىكى ۋە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ياسىيالمايدىغانلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرالمايدىغانلىقىمۇ بىر ئەمەلىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كىشى باشقا بىر كىشىنىڭ ئىشىغا، ھۈنىرىگە ۋە كەسپىگە موھتاج بولىدۇ.

دىنىمىزدا باشقىلارغا ھەق بېرىپ ئىشقا سېلىشتا لاياقەت ۋە ئىشەنچ ئاساس قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَالَ اجْعَلْنِي عَلَى خَزَآئِنِ الأَرْضِ إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٌ﴾

«يۇسۇف: ‹مېنى مەملىكەتنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگىن. چۈنكى مەن ئۇلارنى ئوبدان ساقلايدىغان ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەممەن› دېدى». يۇسۇف 55/12.

﴿قَالَتْ إِحْدَاهُمَا يَا أَبَتِ اسْتَأْجِرْهُ إِنَّ خَيْرَ مَنِ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِيُّ الْأَمِينُ﴾

«ئىككى ئايالنىڭ بىرى: ‹ئى دادىكا! بۇ كىشىنى ھەق بېرىپ ئىشلەتكىن. سەن ھەق بېرىپ ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك بولغان بۇ كىشىدۇر› دېدى». قەسەس 26/28.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئەسناسىدا يول باشلاپ مېڭىشى ئۈچۈن پۈتۈشكەن يېتەكچىسى مۇشرىك بولۇپ، ئۇ يول باشلاشنى ئوبدان بىلىدىغان ۋە لەۋزىدە تۇرىدىغان بىرى ئىدى. مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت تۆۋەندىكىچە:

ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ:... رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكىر مەككىدىكى چېغىدا ئابدۇ ئىبنى ئەدى قەبىلىسىدىن ماھىر بىر يېتەكچىنى (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىتنى) يول باشلاپ مېڭىشى ئۈچۈن ھەق بېرىپ پۈتۈشكەن ئىدى. بۇ كىشى قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ دىنىدا ئىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكىر ئۇ كىشىگە ئىشىنىپ تۆگىلىرىنى تاپشۇرغان ۋە ئۈچ كېچىدىن كېيىن تۆگىلەرنى ئېلىپ سەۋر غارىغا كېلىشكە ۋەدىلەشكەن ئىدى. بۇ كىشى ۋەدىلەشكەن بويىچە تۆگىلەرنى ئېلىپ ئۈچىنچى كېچىنىڭ ئەتىگىنى سەۋر غارىغا ئۇلارنىڭ يېنىغا

كەلدى. رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكىر بىلەن بىرلىكتە ئامىر ئىبنى فۇھەيرەمۇ ماڭدى. ھېلىقى يېتەكچى بۇلارنى ساھىللار يولىدىن ئېلىپ ماڭدى[516].

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىشنى باشقىسىغا ھەق بېرىپ قىلدۇرماقچى بولغان بىر مۇسۇلماننىڭ، ئىشچىدا لاياقەت، ئىشەنچ ۋە ئادالەتنى ئاساس قىلىشى لازىم، يەنى ئىشچى شۇ ئىشنى ئۇبدان قىلالايدىغان، باشقىسىنىڭ مال-مۈلكىدە ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتىدا كۆزى بولمىغان، مۇۋاپىق ھەق تەلەپ قىلىدىغان بىر ئۇستا بولسا كۇپايە قىلىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئىش ۋە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى كاپالەت ئاستىغا ئالىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمان ئىشچىلارنىڭ ھۇرۇنلۇقتىن، بوشاڭلىقتىن ۋە تەييارتاپلىقتىن ساقلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئىلىم-بىلىمدە، ھۈنەر-سەنئەتتە ۋە ئىش-خىزمەتتە ئىلگىرىلەپ، ھەر تۈرلۈك رىقابەتتە ئالدىدا ماڭالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

ئەگەر بىر ئىشنى قىلىدىغان ئىككى ئىشچىنىڭ بىرى مۇسۇلمان، يەنە بىرى كاپىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ لاياقىتى، ئىشەنچلىكلىكى ۋە تەلەپ قىلىدىغان ئىش ھەققى ئوخشاش بولسا، ئىشنى مۇسۇلمان ئىشچىغا بېرىش كېرەك. چۈنكى بۇ ئەھۋالدا ئىسلامىي قېرىنداشلىقتا ئىككى تەرەپ ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماستىن رىئايە قىلىنغان بولىدۇ.

## ت- كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى

قارتا، دامكا، شىشخال ۋە شاھمات... قاتارلىقلارنى پۇل تىكىشمەي ئويناش قىماردىن يىراق تۇرمىغانلىق ۋە بىھۇدە ئىشتىن يۈز ئۆرۈمىگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ ئىش ئوقۇغان نامازنىڭ ئەسقاتمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قىماردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغان، بىھۇدە ئىشتىن يۈز ئۆرۈشنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان مۆئمىنلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئوقۇلغان نامازنىڭ يامان ئىشلاردىن توسىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. تۆۋەندە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۈستىدە توختىلىمىز:

516 بۇخارى، مەناقىب، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىنىڭ بابى، 3905.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنْصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلار! مەست قىلغۇچى نەرسە، قىمار، تىكلەپ قويۇلغان تاشلار، پال ئوقلىرى ھەقىقەتەن پاسكىنا نەرسىلەردۇر، شەيتاننىڭ ئىشىدىندۇر. ئۇلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر»۔ مائىدە 90/5.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «ئۇ ئىشلارنى قىلماڭلار» دېمەستىن ﴿فَاجْتَنِبُوهُ -ئۇ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار﴾ دەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى «ئۇ ئىشلار» نىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكىدە «ئۇ ئىشلار» غا ئېلىپ بارىدىغان ۋە «ئۇ ئىشلار» غا ۋاستە بولىدىغان پۈتۈن ئىشلارنىڭمۇ مەنئى قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن «ئۇ ئىشلار» نىڭ بىرى بولغان قىمارنى ئېلىپ ئېيتساق:

قىمار ئويناش ئەسۋابلىرى بولغان دامكا، شاھمات، قارتا، شىشخال ئوشۇق ۋە كومپىيۇتېردىكى پۈتكۈل قىمار قۇراللىرىنى بىر نەرسە تىكىشىپ ئويناش قىمار ئوينىغانلىق بولىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى بىر نەرسە تىكىشمەي ئويناش قىماردىن يىراق تۇرمىغانلىق بولۇپ ئاللاھنىڭ يۇقىرىدىكى ﴿اجْتَنِبُو (يىراق تۇرۇڭلار)﴾ دېگەن بۇيرۇققا بويسۇنمىغانلىق بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىسىمۇ يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەيدۇ:

«كىم شىشخال (شاھمات) ئوينايدىكەن قولىنى چوشقىنىڭ گۆشى ۋە قېنىدا بويىغاندەك بولىدۇ»[517]، «كىم شىشخال ئوينايدىكەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ»[518].

دېمەك، قىمار ئويناش ئەسۋابىنى پۇل تىكىشىپ ئويناش چوشقىنىڭ گۆشىنى يېگەنلىك بىلەن، پۇل تىكىشمەي ئويناش چوشقىنىڭ گۆش ۋە قېنىدا قولنى بويىغانلىق بىلەن ئوخشاش ئىشتۇر، شۇنداقلا ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر.

517 مۇسلىم، سەھىھ، شېئىر 1، 10 (2260)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەدەب 4939؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئەدەب 43، 3763.

518 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەدەب 4938؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئەدەب 3762/43.

2. ئاللاھ تائالا مۆئمىنۇن (مۆئمىنلار) سۈرىسى دەپ بىر سۈرە نازىل قىلىپ، ئۇ سۈرىنىڭ بېشىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان مۆئمىنلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئايەت مۇنداق:

﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ. الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ. وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ﴾

«مۆئمىنلار ئەلۋەتتە مۇرادىغا يېتىدۇ. ئۇلار نامىزىدا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتقۇچى ۋە ئاللاھقا ئېھتىرام بىلدۈرگۈچى كىشىلەردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز-ھەرىكەتلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچى كىشىلەردۇر»- مۆئمىنۇن 23/1-3.

بۇنىڭغا ئاساسەن، بىھۇدە (دۇنياسىغا، ئاخىرىتىگە، ئۆزىگە ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا پايدىسى بولمىغان) سۆز-ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش مۆئمىنلارنىڭ نامازدىن كېيىنلا كېلىدىغان ئىككىنچى سۈپىتىدۇر.

قارتا، دامكا، شىشخال ۋە شاھمات... لارنى (پۇل تىكىشمىسىمۇ) ئويناش مۆئمىننى مۆئمىن قىلغان سۈپەتلەرنىڭ ئىككىنچىسىنى يوقاتقانلىق بولىدۇ. چۈنكى مۆئمىن دىنى نېمىگە بۇيرۇسا ئۇنى قىلغان، دىنى نېمىدىن چەكلىسە ئۇنىڭدىن يانغان، دىنى ئۇنى قانداق سۈپەتلەر بىلەن مۆئمىن دەپ ئاتىغان بولسا ئۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مەۋجۇت قىلغان كىشىدۇر. دۇنياسىغا، ئاخىرىتىگە، ئۆزىگە ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا پايدىسى بولمىغان، ھەتتا زىيىنى بولغان ئىشنى تەرك ئەتمىگەن كىشى بىھۇدە ئىشتىن يۈز ئۆرۈمىگەن بولىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدىكى ئايىتىگە ئۇيغۇن ئىش قىلمىغان بولىدۇ.

كۆنىمىزدە ئىلىم ياكى بىرەر ھۈنەر ۋە ياكى بىرەر كەسىپ ئۆگىنىپ ئۆزلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئورنىغا قاۋاقخانا، ئويۇنخانا، تاۋكا، تورخانا ۋە بەزمىخانىلاردا قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى نابۇت قىلىۋاتقان ياشلار ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

3. ئاللاھ تائالا نامازنىڭ پايدىلىرىدىن بىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿... إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ ...﴾

«... شۈبھىسىزكى، ناماز قەبىھ سۆز-ھەرىكەتلەردىن ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ...»- ئەنكەبۇت 29/45.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇكى، ناماز ئوقۇيدىغان بىر كىشىنىڭ يامان (دۇنياسىغا، ئاخىرىتىگە، ئۆزىگە ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا پايدىسى بولمىغان) ئىشلارنى قىلىشى ئوقۇغان نامىزىنىڭ تەلەپكە

لايىق ئوقۇلمىغانلىقىنىڭ، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

## ج. سەيلە-ساياھەت

### 1. سەپەر

«سەپەر» دېگەن سۆز ئەسلىدە ئەرەبچە بولۇپ مەنىسى، مەلۇم بىر ئىش ياكى زىيارەت ئۈچۈن بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىش دېگەن بولىدۇ. دىنىمىز ئىسلام بىرقانچە تۈرلۈك مەقسەت بىلەن سەپەر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**1). مەدەنىي ئاڭغا ئىگە بولۇش مەقسىتى بىلەن سەپەر قىلىش:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِن تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾**

«مۇشرىكلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ ئەگەر ئۇلار سەير قىلسا، چۈشىنىدىغان قەلبلىرى ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بولاتتى. شۈبھىسىزكى، كۆزلەر كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ». ھەج 46/22.

**2). بىلىم ۋە تەتقىقات مەقسىتى بىلەن سەپەر قىلىش:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿قُلْ سِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَانظُرُوا كَيْفَ بَدَأَ الْخَلْقَ ثُمَّ اللَّهُ يُنشِئُ النَّشْأَةَ الْآخِرَةَ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾**

«ئېيتقىنكى: ‹يەر يۈزىدە سەير قىلىپ، ئاللاھنىڭ يارىتىش ئىشىنى قانداق باشلىغانلىقىنى كۆزىتىڭلار! ئاللاھ كەلگۈسىدە بۇ يارىتىش ئىشىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر›». ئەنكەبۇت 20/29.

**3). دىنلار تارىخىنى ئۆگىنىش مەقسىتى بىلەن سەپەر قىلىش:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ فَمِنْهُم مَّنْ هَدَى اللّهُ وَمِنْهُم مَّنْ حَقَّتْ عَلَيْهِ الضَّلالَةُ فَسِيرُواْ فِي الأَرْضِ فَانظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذِّبِينَ﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز ھەر ئۈممەتكە بىر ئەلچى ئەۋەتتۇق. ئۇ ئەلچى ئۇلارغا: ‹ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن نېرى تۇرۇڭلار› دېدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشتى، بەزىسى ئازغۇنلۇققا لايىق بولدى. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ راستنى يالغان دېگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار». نەھل 36/16.

## 4)- ئىبادەت قىلىش مەقستى بىلەن سەپەر قىلىش:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِلْعَالَمِينَ. فِيهِ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ مَقَامُ إِبْرَاهِيمَ وَمَنْ دَخَلَهُ كَانَ آمِنًا وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا وَمَنْ كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾

«ئىنسانلار ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئىبادەتگاھ مەككىدىكى كەبىدۇر. ئۇ مۇبارەكتۇر، ئالەملەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر. ئۇ يەردە ئوچۇق ئالامەتلەر بار. ئىبراھىمنىڭ ماقامى بار. كىم ئۇ يەرگە كىرسە ئامانلىققا ئېرىشىدۇ. بەيتۇللاھقا بېرىشقا يول تاپالىغانلارنىڭ ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى بىر ھەققىدۇر. كىم كاپىر بولسا، بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھنىڭ ئالەملەرگە ئېھتىياجى يوقتۇر». ئال ئىمران 96/3-97.

## 5)- تىجارەت قىلىش مەقستى بىلەن سەپەر قىلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لِلْفُقَرَاء الَّذِينَ أُحصِرُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ لاَ يَسْتَطِيعُونَ ضَرْباً فِي الأَرْضِ يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاء مِنَ التَّعَفُّفِ﴾

خەير-ئېھسانلىرىڭلارنى، ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، بۇ سەۋەبتىن رىزىق ئىزدەپ زېمىندا سەپەر قىلىشقا پۇرسەت تاپالمايدىغان، تىلەمچىلىك قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن تونۇمىغانلار باي دەپ ئويلايدىغان پېقىرلەرگە بېرىڭلار». بەقەرە 273/2.

﴿وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِن فَضْلِ اللَّهِ﴾

«ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تىلەپ زېمىندا سەپەر قىلىدىغان باشقا كىشىلەر». مۇززەممىل 20/73.

## 2. ئايالLARنىڭ سەپىرىدە مەھرەم شەرتى

ئاياللار ۋۇجۇد جەھەتتىن ئەرلەرگە قارىغاندا ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن ئىپپەت-نومۇسنى، ئوغرى-قاراقچىلاردىن مال-مۈلكنى ساقلاشتا يېتەرسىز قالىدۇ. ئىنسانلار ھەر جەھەتتىن جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر زاماندا ۋە شۇنداق بىر ماكاندا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد (ئە.س)نىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا مەھرەمسىز سەپەرگە چىقماسلىق توغرىسىدا پەرقلىق تەلىماتلار بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بەزى ھەدىسلەردە پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ ئاياللارنى بىر كېچە-كۈندۈزلۈك سەپەرگە مەھرەمسىز چىقىشتىن توسقانلىقى بايان قىلىنسا، بەزى ھەدىسلەردە ئىككى كېچە-كۈندۈزلۈك سەپەرگە مەھرەمسىز چىقىشتىن توسقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. يەنە بەزى ھەدىسلەردە ئۈچ-كېچە كۈندۈزلۈك سەپەرگە مەھرەمسىز چىقىشتىن توسقانلىقى رىۋايەت قىلىنسا، بەزى ھەدىسلەردە مەھرەمسىز سەپەرگە چىقىشتىن مۇتلەق (يەنى ھېچ ۋاقىتتا باغلىق بولماستىن) توسقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بەزى ھەدىسلەردە ئاياللار يالغۇز سەپەرگە چىقالايدىغان بىر زامانلارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز سەپەرگە چىقىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر ئىشارەتنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ بۇ توغرىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكى ۋە ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز سەپەرگە چىقالايدىغانلىقى توغرىسىدا بەرگەن بىشارىتى، ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز سەپەرگە چىقىشنىڭ چەكلىنىشىنىڭ سەۋەبكە باغلىق بىر چەكلىمە ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا سەۋەب يوقالغان ھامان ئۇ چەكلىمىنىڭمۇ ئەمەلدىن قالىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. مەزكۇر ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

### 1) ـ بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەرگە مەھرەم شەرت قىلىدىغان ھەدىسلەر

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر ئايالنىڭ، بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەرگە مەھرەمسىز چىقىشى ھالال ئەمەس»[519].

### 2) ـ ئىككى كۈنلۈك سەپەرگە مەھرەم شەرت قىلىدىغان ھەدىسلەر

ئەبۇ سەئىد خۇدرى (رئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى ئىككى كۈنلۈك سەپەرگە، يېنىدا ئېرى ياكى مەھرىمى بولمىسا چىقمىسۇن»[520].

### 3) ـ ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە مەھرەم شەرت قىلىدىغان ھەدىسلەر

ئەبۇ سەئىد خۇدرى (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر ئايالنىڭ ئۈچ كۈنلۈك ۋە ئۈچ كۈنلۈكتىن ئارتۇق سەپەرگە، يېنىدا دادىسى ياكى ئوغلى ياكى ئېرى ياكى ئەر بىر تۇغقىنى ۋە ياكى ئۆزىگە مەھرەم كېلىدىغان بىر تۇغقىنى بولماستىن چىقمىسۇن»[521].

### 4) ـ ھەر قانداق سەپەرگە مەھرەم شەرت قىلىدىغان ھەدىسلەر

ئىبنى ئابباس (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر (ئە.س) نىڭ خۇتبە ئوقۇۋېتىپ: «ئايال كىشى مەھرەمسىز سەپەرگە چىقمىسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[522].

519 بۇخارى، سەھىھ، تەقسىرۇسسالات 4؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 419، 422؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 2؛ تىرمىزى، سۇنەن، رەدائ 15.

520 بۇخارى، سەھىھ، مۇھسەر 26، سەۋم 67؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 74.

521 بۇخارى، سەھىھ، تەقسىرۇسسالات 4، سەيد 26، سەۋم 67؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 413 ـ 424؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، مەناسىك 2؛ تىرمىزى، سۇنەن، رەدائ 15؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەناسىك 7؛ مالىك، مۇۋەتتا، ئىستىئزان 37.دارىمى، سۇنەن، ئىستىئزان 46؛

522 بۇخارى، سەھىھ، بابۇ ھەججىننىسائ؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج بابۇ سەفەرىلمەرئەتى مەئە مەھرەمىن؛ بۇ ھەدىسنى يەنە تەبەرانى مۇئجەمى كەبىر ناملىق كىتابىدا، بەيھەقى شۇئەبۇلئىمان ناملىق كىتابىدا ئىبنى ھىببان ئۆزىنىڭ سەھىھىدا رىۋايەت قىلىدۇ.

**5)ـ بىشارەت بەرگەن ھەدىس**

ئەدى ئىبنى ھاتىم (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر (ئە.س) نىڭ يېنىدا ئىدىم. بىر ئادەم كەلدى ۋە يېقىرلىقتىن دەرد تۆكتى. بۇ ئەسنادا يەنە بىر ئادەم كېلىپ يولدىكى بۇلاڭ ـ تالاڭلاردىن دەرد تۆكتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر (ئە.س) ماڭا قاراپ: «ئى ئەدى! سەن ھىرە شەھىرىنى كۆردۈڭمۇ؟» دېدى. مەن: ياق، كۆرمىدىم، لېكىن ئاڭلىدىم، دېدىم. پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېدى:

«ئەگەر ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، تۆگىسىنى مىنگەن بىر ئايال ھىرە[523]دىن يولغا چىقىپ، مەككىگە كېلىپ كەبىنى تاۋاپ قىلغانلىقىنى چوقۇم كۆرىسەن. ئۇ، بۇ يولۇچىلىقىدا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ». .......

ئەدى يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن تۆگىسىگە مىنىپ ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمىغان ھالدا ھىرەدىن كېلىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغان ئايالنى كۆردۈم......»[524].

**6) ـ ساھابىلەرنىڭ تەتبىقاتى**

ئۆمەر (ر.ئە)نىڭ پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ ئاياللىرىغا ھەجگە بېرىشلىرىغا رۇخسەت قىلغانلىقى، ئوسمان ئىبنى ئەففان (ر.ئە) بىلەن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف (ر.ئە)نى ئۇلارغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[525].

ئۆمەر، ئوسمان، ئابدۇراھمان، پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ ئاياللىرى (ر.ئە) بۇ ئىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىشكەندە ھېچبىر ساھابە بۇ ئىشقا قارشى چىقمىغان[526].

**خۇلاسە**

قۇرئان كەرىمدە ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشىنىڭ ھاراملىقىغا دائىر بىر ئىشارەتنىڭمۇ يوقلىقى، بۇ توغرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ پەرقلىق ۋە ھەممىسىنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ ئاياللار مەھرەمسىز سەپەرگە چىقالايدىغان بىر زاماننىڭ كېلىشىدىن بىشارەت بېرىشى ۋە بۇ

523 ھىرە بۈگۈنكى ئىراقنىڭ نەجەف ۋە كۇفە رايونلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كەنت. (تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى 18 ـ توم، 122 ـ بەت).

524 بۇخارى، سەھىھ، مەناقىب 25؛ تىرمىزى، سۈنەن، تەفسىرۇلقۇرئان 48، باب 2.

525 بۇخارى، سەھىھ، ھەج، بابۇ ھەججىننىسائ.

526 بۇخارى، سەھىھ، ھەج، بابۇ ھەججىننىسائ.

بشارەتنى ئاڭلىغان ساھابىنىڭ مەزكۇر بىشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىشى، ساھابىلەرنىڭ تەتبىقاتى قاتارلىقلار شۇنىڭغا قەتئىي دالالەت قىلىدۇكى:

ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز سەپەرگە چىقىشىنىڭ ھاراملىقى سەۋەبكە باغلانغان بىر ھاراملىق بولۇپ، سەۋەب يوق بولسا ئۇ ھاراملىقمۇ يوق بولىدۇ. سەۋەب مەۋجۇت بولسا ئۇ ھاراملىقمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ يەردىكى سەۋەب يولنىڭ خەتەرلىك بولۇشىدۇر.

### 3. ئاياللارنىڭ ماشىنا ھەيدىشى

دىنىمىز ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ماشىنا ھەيدىشى چەكلەنمەيدۇ، يەنى ئاياللار بارىدىغان يېرىگە ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپ بارسا بولىدۇ. چۈنكى ئاياللار ئىنسانىيەتنىڭ يېرىمىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يەر يۈزىدە بىرقانچە مەقسەت بىلەن سەپەر قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ، ھەتتا ئەمر قىلىدۇ. يۇقىرىدا تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىدە ئەر-ئايال ئايرىلمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللار مەھەللە ئارىسىدا قىلىدىغان سەپەر، يول بىخەتەر بولغاندا ئۆزى يالغۇز ياكى باشقا ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا قىلىدىغان، يول بىخەتەر بولمىغاندا يېنىدا بىر مەھرىمى بولغان ھالدا قىلىدىغان سەپەر قاتارلىق سەپەرلىرىدە بارىدىغان يېرىگە ئات، ئېشەككە ئوخشاش ئۇلاغلارغا مىنىپ بارسا بولىدۇ. بۇ ئەسلا چەكلەنمەيدۇ. مىنگەن ئۇلاغنىڭ باش بېغىنى قولىدا تۇتۇپ ئىككى پۇتىدا دېۋىتىپ ئۇ ئۇلاغنى تېز مېڭىشقا زورلىشى دۇرۇس بولغان بىر ئايالنىڭ، زامانىۋى ئۇلاغ بولغان ماشىنىغا چىقىپ ئۇنىڭ باش بېغى بولغان رولىنى تۇتۇپ ماڭغۇزىدىغان يېرىگە پۇتى بىلەن بېسىپ (دېۋىتىپ) بېرىشىنىڭ ھېچقانداق يامان تەرىپى يوق. ئۇ ئىككى ئۇلاغنىڭ بىرى باش بېغى بىلەن باشقۇرۇلىدۇ، يەنە بىرى رول بىلەن. بىرى دېۋىتىپ ھەيدىلىدۇ، يەنە بىرى مايغا بېسىپ ھەيدىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

مۇھىم بولغىنى ئايال كىشىنىڭ بىر يەرگە بېرىشىدىن يولدىشىنىڭ ياكى ئۆيىدىكىلىرىنىڭ خەۋىرى بولۇشى، كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ئىسلامىي ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولۇشى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىقى ۋە نازلىنىپ گەپ قىلماسلىقىدۇر.

باردىغان يېرىگە ئۇلاغقا مىنىپ ياكى زامانىۋى قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن بىرىگە ئولتۇرۇپ بارسا بولىدىغان ئايال كىشى، مىنگەن ئۇلىغىنىڭ باش بېغىنى تۇتۇپ باشقۇرۇپ بارماقچى بولغان يېرىنىڭ يولىدا ماڭدۇرغاندەك، ئولتۇرغان زامانىۋى ئۇلىغى بولغان ماشىنىسىنىڭ باش بېغى بولغان رولنى تۇتۇپ باردىغان يېرىگە ئاپىرىدىغان يولدا ماڭغۇزۇپ شۇ يەرگە بارسا نېمە ئۈچۈن بولمايدۇ؟ بۇ ئايال ئۇ ماشىنىنى ھەيدەش بىلەن نېمە گۇناھ قىلدى؟ قانداق جىنايەت ئۆتكۈزدى؟ دىنىمىزنىڭ قايسى چەكلىمىسىگە بويسۇنمىدى؟ ياكى قايسى ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىدى؟

«ئاياللارنىڭ ماشىنا ھەيدىشى ھارام» دېگۈچىلەرگە مەلۇم بولغايكى:

ئاللاھ تائالا ھالال-ھارام قىلىش ھوقۇقىنى ھېچكىمگە بەرمىگەن. دەلىلگە ئاساسلانماستىن «ماۋۇ ھالال، ئاۋۇ ھارام» دېگۈچىلەر ئاللاھقا يالغان چاپلىغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَقُولُواْ لِمَا تَصِفُ أَلْسِنَتُكُمُ الْكَذِبَ هَذَا حَلاَلٌ وَهَذَا حَرَامٌ لِّتَفْتَرُواْ عَلَى اللّهِ الْكَذِبَ إِنَّ الَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللّهِ الْكَذِبَ لاَ يُفْلِحُونَ﴾

«تىللىرىڭلار توقۇغان يالغانغا ئاساسلىنىپ: ‹ئۇ ھالال، بۇ ھارام› دېمەڭلار. بولمىسا ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان بولىسىلەر. ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغانلار ھەرگىزمۇ مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ»- نەھل 116/16.

### چ- ئەر-ئاياللارنىڭ ئايرىلىشىپ ياشىشى

ئاياللار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يېرىمىدۇر. بۇنى ئەقىل تونۇيدۇ، ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدۇ. ئەر-ئاياللارنىڭ، تۇرمۇشنىڭ ھەر ساھەسىدە بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشقا ئېھتىياجى بار. ئىسلام دىنى ئەر-ئاياللارنى ئايرىلىپ ياشاشقا بۇيرۇماستىن، ئۇلارنى مەلۇم بىر چەك-چېگرا ئىچىدە ئارىلىشىپ ياشاشقا بۇيرۇغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ. وَقُل لِّلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاء

**بِعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُوْلِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِن زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾**

«مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىن: نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئېپپىتىنى ساقلىسۇن. بۇ، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پاكتۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەرداردۇر. مۇئمىن ئاياللارغىمۇ ئېيتقىن: نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن. ئېپپىتىنى ساقلىسۇن. زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن- ئۇ زىننەتلەرنىڭ ئۆچۈق بولغان قىسمى مۇستەسنا-. ياغلىقلىرى بىلەن گەدەنلىرىنى، گاللىرىنى ۋە كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن. زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، دادىلىرىدىن، قېيناتىلىرىدىن، ئۆز ئوغۇللىرىدىن، ئۆگەي ئوغۇللىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ئاياللىرىدىن، قول ئاستىدىكىلەردىن، جىنسىي ئارزۇسى بولمىغان ئەرلەردىن ۋە ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنى تېخى پەرق ئەتمىگەن باللاردىن باشقا ھېچكىمنىڭ يېنىدا ئاچمىسۇن. يوشۇرغان زىننەتلىرىنى بىلىنسۇن دەپ پۇتلىرىنى ئۇرمىسۇن. ئى مۇئمىنلار! ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر»- نۇر 30/24-31.

بۇ ئىككى ئايەتتىن تۆۋەندىكى مەزمۇنلار چىقىدۇ:

ئا- ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىدە ئەرلەرنىڭ ئەتراپىدا ئاياللار، ئاياللارنىڭ ئەتراپىدا ئەرلەر بولىدۇ. چۈنكى بىرىنچى ئايەتنىڭ «مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىن: نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئېپپىتىنى ساقلىسۇن» دېگەن قىسمى، ئەرلەرنىڭ ئەتراپىدا نامەھرەم ئاياللارنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئەرلەرنىڭ ئۇلارغا تىكىلىپ قارىماسلىقىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي پاكلىقىنى ساقلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرلەرنىڭ نامەھرەمگە قاراش ۋە ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئېپپىتىنى ساقلىماسلىق ئىمكانىيىتى بولمىغان يەردە ئۇلارغا بۇ توغرىدا بىر چەكلىمە قويغانىنىڭ پايدىسى يوق.

ئە- «قارىمسۇن» دېگەن چەكلىمە مۇتلەق بولماستىن، «تىكىلىپ» ئىپادىسى بىلەن بىرلىكتە كەلگەن. بۇ ھەر قانداق قاراشنىڭ ئەمەس، شەھۋانىي كۆز بىلەن ۋە يامان نىيەت بىلەن قاراشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ ئەلى (ر.ئە)غا: «ئى ئەلى! ئارقا-ئارقىدىن قارىما، بىرىنچى قېتىملىقىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئىككىنچى قېتىملىقى مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن ھەدىسىمۇ بۇ مەنىنى تەكىتلەيدۇ[527].

ب- ئاياللار يۈزلىرىنى يۆگەشكە ئەمر قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى يۆگىشى پەرز بولسا ۋە ئۇلار بۇ پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يۈزلىرىنى يۆگىگەن بولسا، بۇ ئەھۋالدا ئەرلەرگە «تىكىلىپ قارىمسۇن» دېيىشنىڭ بىر مەنىسى بولمايتتى.

بۇنى (33-) سۈرە ئەھزابنىڭ 52- ئايىتىنىڭ بېشىدىكى: ﴿**لَا يَحِلُّ لَكَ النِّسَاء مِن بَعْدُ وَلَا أَن تَبَدَّلَ بِهِنَّ مِنْ أَزْوَاجٍ وَلَوْ أَعْجَبَكَ حُسْنُهُنَّ**- ئى نەبى! بۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشىڭ ساڭا ھالال بولمايدۇ. باشقا ئايالارنىڭ جامالى سېنى ئەجەبلەندۈرگەن تەقدىردىمۇ﴾ دېگەن ئىپادىمۇ تەكىتلەيدۇ. چۈنكى بۇ ئايەت (نىڭ تەرجىمىسى) دىكى «جامالى» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىسى «ھۇسن» دۇر. ئەرەبچىدىكى ھۇسن، ئۇيغۇرچىدا جامال، ھۆسن، چىراي قاتارلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى يۈزنىڭ گۈزەللىكى دېگەن مەنىنىلا ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر (ئە.س)نى ئەجەپلەندۈرىدىغان گۈزەل يۈزنىڭ ئۈچۈق يەنى يۆگەلمىگەن بولۇشى كېرەك. يۆگەلگەن يۈز قارشى جىنسنى ئەجەبلەندۈرمەيدۇ.

پ- ئىككىنچى ئايەتنىڭ بېشىدىكى «مۇئمىن ئايالارغىمۇ ئېيتقىن: نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمسۇن. ئىپپىتىنى ساقلىسۇن. زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن» دېگەن قىسىم، ئەرلەرگە قويۇلغان چەكلىمىنىڭ ئايالارغىمۇ ئوخشاش ھالدا قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ت- بۇ ئىككى ئايەت ھەر ئىككى جىنسنى زىنادىن ئىبارەت قەبىھ ئىشتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، شۇنداقلا ئىسرا سۈرىسىنىڭ 32- ئايىتىدىكى «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر ۋە يامان يولدۇر» دېگەن چەكلىمىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «زىناغا يېقىنلىشتىن توسىدۇ»

527 تىرمىزى، سۈنەن، ئەدەب 28 (2778)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، نىكاھ 44 (2149).

يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتتە بولسا، (نۇر سۈرىسىنىڭ 30- ۋە 31- ئايەتلىرىدە)، قانداق قىلسا زىناغا يېقىنلاشقانلىق بولىدىغانلىقنى بايان قىلىدۇ.

ج- زىنادىن ئىبارەت قەبىھ ئىشقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق سۆز- ھەرىكەت قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. بۇنى يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ئىككىنچىسىدە ئاياللارنىڭ زىننەتلىرىنى ئاشكارىلاشتىن ۋە زىننەتلىرىنى بىلىنسۇن دەپ يەرگە قاتتىق دەسسەپ مېڭىشتىن مەنئى قىلىنىشى ئىپادىلەيدۇ.

پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ: «ئوتتۇرىسىدا نىكاھ چۈشىدىغان بىر ئەر - ئايال يالغۇز بىر يەردە تۇرمىسۇن. ئەگەر تۇرۇپ قالسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ»[528] دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسى ئەنە شۇ ئايەتلەرنىڭ بىر مەنىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەت مەسىلىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿لَيْسَ عَلَى الْأَعْمَى حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْمَرِيضِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى أَنفُسِكُمْ أَن تَأْكُلُوا مِن بُيُوتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ آبَائِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أُمَّهَاتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ إِخْوَانِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَخَوَاتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَعْمَامِكُمْ أَوْ بُيُوتِ عَمَّاتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَخْوَالِكُمْ أَوْ بُيُوتِ خَالَاتِكُمْ أَوْ مَا مَلَكْتُم مَّفَاتِحَهُ أَوْ صَدِيقِكُمْ لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَأْكُلُوا جَمِيعًا أَوْ أَشْتَاتًا﴾**

«كور، توكۇر ۋە كېسەل كىشىلەر سىلەر بىلەن ھەمداستىخان بولسا ھېچ گۇناھكار بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، سىلەرمۇ ئۆز ئۆيلىرىڭلاردىن، ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، ھەمشىرىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئاتىلىرىڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئاتىلىرىڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئانىلىرىڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئانىلىرىڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئاچقۇچلىرىنى سىلەر باشقۇرۇۋاتقان ئۆيلەردىن ۋە دوستۇڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر نەرسە يېسەڭلار گۇناھكار بولمايسىلەر. ھەممىڭلار بىر يەرگە جەم بولۇپ يېسەڭلارمۇ، ئايرىم- ئايرىم يېسەڭلارمۇ ھېچ گۇناھكار بولمايسىلەر»- نۇر 24/61.

528 تىرمىزى، سۈنەن، رىداڭ 1171.

**خۇلاسە**

ئەر ـ ئاياللار ئىجتىمائىي ھاياتىدا بولۇپمۇ قاتناش ۋاستىلىرى، مەجلىس، يول، دوختۇرخانا، توي-تۆكۈن سورۇنلىرى ۋە ئادەمگەرچىلىك باردى-كەلدىلىرى قاتارلىق ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە يېقىن بولۇپ قالىدىغان جايلاردا ھەر ئىككى جىنسنىڭ يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا بىر يەردە تۇرۇشى مەنئى قىلىنمايدۇ.

ئەگەر بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ بىر ئىشخانىدا ئىشلىشىگە ياكى ئەر كىشىنى ئايال دوختۇرنىڭ داۋالىشى، ئايال كىشىنى ئەر دوختۇرنىڭ داۋالىشىغا توغرا كېلىپ قالسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرتلەرگە ھەر ئىككى تەرەپ رىئايە قىلغاندىن سىرت، ئىككىسى بىر جايدا يالغۇز تۇرۇپ قالماسلىق شەرتىگىمۇ رىئايە قىلىشلىرى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يا ئۇلارنىڭ يېنىدا باشقا بىرىنىڭمۇ بولۇشى ياكى ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرۇشى كېرەك.

## خ- *قوشنا ھەققى*

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالْجَنْبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ مُخْتَالًا فَخُورًا﴾**

«ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار. ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، **يېقىن قوشناڭلارغا، يىراق قوشناڭلارغا**، يېنىڭلاردىكى ھەمراھىڭلارغا، ئىبنى سەبىللەرگە ۋە قول ئاستىڭلاردىكىلەرگىمۇ ياخشىلىق قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھاكاۋۇرنى ۋە مەنمەنچىنى ياخشى كۆرمەيدۇ». نىسا 36/44.

مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:

1- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق

قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، قوشنىلارنى بىر-بىرىگە مىراسخور قىلامدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالدىم»[529].

«مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)قا: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئىككى قوشنام بار. ئالدى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا سوۋغا بەرسەم بولار؟» دېدىم، ئۇ: «ئىشىكى ساڭا يېقىنراق بولغىنىغا» دېدى[530].

2. ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، كامىل مۇئمىن بولغان بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، كامىل مۇئمىن بولغان بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، كامىل مۇئمىن بولغان بولمايدۇ» دېگەن ئىدى، بىرەيلەن، ئى رەسۇلۇللاھ! كىم كامىل مۇئمىن بولمايدۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ: «قوشنىلىرىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلىمىغان ئادەم» دېدى[531].

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئى مۇسۇلمان ئاياللار! قوشناڭلارغا قوينىڭ پاچىقى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ ئاز كۆرمەي سۇنۇڭلار»[532].

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىشى ئۆزىنىڭ تېمىغا قوشنىسىنىڭ ياغاچ قويۇۋېلىشىنى توسمىسۇن»[533].

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن»[534].

### د- توي مۇراسىمى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

529 بۇخارى، سەھىھ، ئەدەب 28؛ مۇسلىم، سەھىھ، بىرر 140 (2624)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەدەب 132 (5151)؛ تىرمىزى، سۇنەن، بىرر 28(1943).

530 بۇخارى، سەھىھ، ئەدەب 32، شۇفئە 3، ھىبە 16؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەدەب 132.

531 بۇخارى، سەھىھ، ئەدەب 6016؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 18، 73 (46).

532 بۇخارى، سەھىھ، ئەدەب 30، ھىبە 1؛ مۇسلىم، سەھىھ، زاكات 90 (1030)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ۋەلا 6 (2131).

533 بۇخارى، سەھىھ، مەزالىم، 20؛ مۇسلىم، سەھىھ، مۇساقات 36 (1609)؛ مۇۋەتتا، ئەقدىيە 32؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەقدىيە 1؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەھكام 18.

534 بۇخارى، سەھىھ، ئەدەب 31، 85، نىكاھ 80، رىقاق، 23؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 74؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەدەب 132.

﴿وَأَنكِحُوا الْأَيَامَى مِنكُمْ وَالصَّالِحِينَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَائِكُمْ إِن يَكُونُوا فُقَرَاء يُغْنِهِمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾

«ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر-ئاياللارنى ۋە لاياقەتلىك بولغان قۇل-دېدەكلىرىڭلارنى نىكاھلاندۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇلار پېقىر بولسا ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدايدۇ. ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، ئۇ بىلگۈچىدۇر». نۇر 32/24.

«نىكاھ» كەلىمىسى قۇرئان كەرىمدە پەرقلىق شەكىللىرى بىلەن 23 يەردە كېلىدۇ. بۇ كەلىمىدىن تۈرلەنگەن كەلىملەر ئۆتۈمسىز بولغاندا ئۆيلىنىش كېلىشىمى تۈزمەك، ئۆتۈملۈك بولغاندا ئۆيلىنىش كېلىشىمى تۈزدۈرمەك دېگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بويتاق ئەر-ئاياللارغا «نىكاھلىنىڭلار» دېمەستىن مۇئمىنلار جامائەسىگە «نىكاھلاندۇرۇڭلار» دېيىشى ئۇ كېلىشىمنى ئەسلىدە بويتاق ئەر-ئاياللار تۈزىدۇ، لېكىن ئى مۇئمىنلار! سىلەر ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا باشتىن-ئاخىر قول تىقىڭلار ۋە يېنىدا ھازىر بولۇڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ توي قىلىشىنىڭ مەسلىھەتلىشىشتىن تارتىپ تا كېلىشىم تۈزۈش ئەسناسىغىچە بولغان باسقۇچلاردا ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئەل-جامائەتنى ھېسابلىنىدىغان مۇئمىنلارنىڭ ئاكتىپ ھالدا قاتنىشىشىنىڭ، كېلىشىم تۈزۈش ئەسناسىدا ھەممىسىنىڭ بىردەك ھازىر بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۇ مۇئمىنلار مەزكۇر ئەر-ئايالنى «نىكاھلاندۇرغان» بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دالالەت قىلىدۇكى، ئۆيلىنىش كېلىشىمى زور كۆپچىلىكنىڭ ھۇزۇرىدا ئېلان قىلىش بىلەن تۈزۈلىدۇ. «توي» دېگەن سۆز بۇ ئېلاننىڭ خەلق تىلىدا ئىپادىلىنىشىدۇر.

**مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:**

ئائىشە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئايالنى ئەنسارلاردىن بىر كىشىگە ياتلىق قىلغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئى ئائىشە! ئويۇنۇڭلار يوقمۇ؟ چۈنكى ئەنسارلار ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى[535].

535 بۇخارى، سەھىھ، نىكاھ 63.

مۇھەممەد ئىبنى ھاتىب جۇمەھى (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «نىكاھدا ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق داپ ۋە ئاۋازدۇر»[536]. بۇ ھەدىستىكى ئاۋاز ناخشا، غەزەل، شېئىر-قوشاق قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئابباس (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە (ر.ئە) ئەنسارلاردىن بىر يېقىنىنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) كېلىپ مۇنداق دېدى: «قىزنى يولليدىڭلارمۇ؟» دېدى، ئۇلار: ھەئە، دېدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە نەغمە قىلىدىغان كىشىمۇ ئەۋەتتىڭلارمۇ؟» دېدى، ئائىشە: ياق دېدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئەنسارلار، ئارىسىدا غەزەل ئېيتىش ئادىتى بولغان بىر قەۋم، كاشكى ئۇلارغا: ‹يېنىڭلارغا بىز كەلدۇق، يېنىڭلارغا بىز كەلدۇق- بولسۇن بۇ تويى بىزلەرگە ھەمدە سىزلەرگە قۇتلۇق› دەيدىغان بىرىنى ئەۋەتكەن بولساڭلار»[537].

مۇئەۋۋىزنىڭ قىزى رۇبەييىئ (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر (ئە.س) تويۇم بولغان كۈنى ئەتىگەن يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ ئەسنادا بىرقانچە قىزچاق داپ چېلىپ بەدىردە ئۆلتۈرۈلگەن ئاتىلىرى ھەققىدە مەرسىيە ئوقۇۋاتاتتى، تاكى بىر قىز: «ئارىمىزدا نەبى بار بىلىدۇ: ئەتە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ› دېدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر (ئە.س): «ئۇنداق دېمە، دەۋاتقىنىڭنى دېگىن» دېدى[538].

ئەمر ئىبنى سەئىد (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: بىر تويى ئەسناسىدا قۇرەزە ئىبنى كەئب ۋە ئەبۇ مەسئۇد ئەلئەنسارىنىڭ يېنىغا كىردىم، بىرقانچە قىز ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، چىداپ تۇرالماي: «سىلەر رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئىككى ساھابىسى ۋە بەدىر ئەھلىدىن تۇرۇقلۇق يېنىڭلاردا مۇشۇنداق ئىش قىلىنىسا بولامدۇ؟» دەپ تاشلىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «خالىساڭ ئولتۇرۇپ بىز بىلەن ئاڭلىغىن، خالىساڭ كەتكىن، بىزگە تويدا ئويناشقا رۇخسەت بېرىلدى» دېدى[539].

536 تىرمىزى، سۇنەن، 6 (1088)؛ نەسائى، سۇنەن، نىكاھ 72 (6، 127، 128؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، نىكاھ 20 (1896)؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 189/24.

537 ئىبنى ماجە، سۇنەن، نىكاھ 21 (1900)؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 379/23، 380، 267/27؛ نەسائى، سۇنەنى كۇبرا 241/5، نىكاھ (5540).

538 بۇخارى، سەھىھ، مەغازى 4001، نىكاھ 5147؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەدەب 4922؛ تىرمىزى، سۇنەن ئەبۋابۇننىكاھ 1090.

539 نەسائى، سۇنەن، نىكاھ 80 (3383).

بۇ ئايەت-ھەدىسلەر ۋە ئەسەردىن تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر چىقىدۇ:

1- ئۆيلىنىش كېلىشىمى (نىكاھنىڭ پۈتۈن شەرتلىرى ھازىرلانغاندىن كېيىنكى ئالدىم-تەگدىم باسقۇچى) ئەل-جامائەتنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندا بىر جۈپ ئەر-ئايالنىڭ «نىكاھلىنىشى» باشقا مۇئمىنلارنىڭ «نىكاھلاندۇرۇشى» بىلەن ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

2- بۇ نىكاھنى تويغا ھازىر بولغان بولمىغان پۈتۈن ئەل-يۇرتقا ئېلان قىلىش ئۈچۈن ناغرا-سۇناي ۋە داقا-دۇمباق چېلىشقا بولىدۇ، ھەتتا ياخشى بولىدۇ.

3- دىنى تەۋەررۈكلەرگە تەنە قىلمايدىغان، مىللىي ئادەتلەرنى كەمستمەيدىغان ۋە شەرئىي قائىدىلەرگە زىت كەلمەيدىغان ناخشا، قوشاق، شېئىر، غەزەل،...لەرنى ئېيتىشقا، ئۇلارغا تەڭكەش قىلىپ مۇزىكا چېلىشقا، شۇنداقلا ئەخلاقسىزلىققا چاقىرمايدىغان، ھاياسىزلىققا ئۈندىمەيدىغان، شەھۋانىيەتنى ئېپادىلىمەيدىغان، ئەر-ئاياللار ئارىلىشىپ ئوينىمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ فىترىتىگە زىت كەلمەيدىغان ئويۇنلارنى ئويناشقا ۋە كۆرۈشكە بولىدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

تويدا ھەر ئىشتا ئىسراپتىن ساقلىنىش، دىنىمىزدا چەكلەنگەن يېمەك-ئىچمەكلەردىن يىراق تۇرۇش، كېلىننىڭ ۋە كۈيئوغۇلنىڭ توي كىيىملىرى بۇ كىتابنىڭ «كىيىم-كېچەك» بۆلۈمىدىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولۇش، غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەتلىرىنى دورىماسلىق قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

توي قىلغان قىز-يىگىتكە يېقىن-يورۇق، دوست-بۇرادەر ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىمكانىيىتىگە قاراپ كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن بىر مىقدار نەق پۇل ياكى بىرەر ماددىي بۇيۇم سوۋغات قىلسا ياخشى بولىدۇ. چۈنكى توي قىلىش ياخشى ئىشتۇر، دىنىمىز ياخشى ئىشقا ياردەملىشىشكە ئەمر قىلىدۇ. قېرىنداشقا ياردەم قىلىشقا تەشۋىق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَتَعَاوَنُواْ عَلَى الْبرِّ وَالتَّقْوَى﴾

«ياخشىلىققا ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىڭلار»- مائىدە 2/5.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆز قېرىندىشىغا يار-يۆلەك بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولىدۇ»[540].

بۇنى «هارام» دېگۈچىلەرگە مەلۇم بولغايكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَقُولُوا لِمَا تَصِفُ أَلْسِنَتُكُمُ الْكَذِبَ هَذَا حَلاَلٌ وَهَذَا حَرَامٌ لِتَفْتَرُوا عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ إِنَّ الَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ لاَ يُفْلِحُونَ﴾

«تىلىڭلار توقۇغان يالغانغا ئاساسلىنىپ: ‹ئۇ هالال، بۇ هارام› دېمەڭلار. بولمىسا ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان بولىسىلەر. ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغانلار ھەرگىزمۇ مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ»- نەھل 116/16.

## ر- ھېيت (بايرام)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ أَرَيْنَاهُ آيَاتِنَا كُلَّهَا فَكَذَّبَ وَأَبَى. قَالَ أَجِئْتَنَا لِتُخْرِجَنَا مِنْ أَرْضِنَا بِسِحْرِكَ يَا مُوسَى. فَلَنَأْتِيَنَّكَ بِسِحْرٍ مِّثْلِهِ فَاجْعَلْ بَيْنَنَا وَبَيْنَكَ مَوْعِدًا لَّا نُخْلِفُهُ نَحْنُ وَلَا أَنتَ مَكَانًا سُوًى. قَالَ مَوْعِدُكُمْ يَوْمُ الزِّينَةِ وَأَن يُحْشَرَ النَّاسُ ضُحًى﴾

«بىز فىرئەۋنگە ئايەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى كۆرسەتتۇق. لېكىن ئۇ يالغان دېدى ۋە باش تارتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: ‹ئى مۇسا! سەن سېھرىڭ بىلەن بىزنى يۇرتىمىزدىن چىقىرىۋەتكىلى كەلدىڭمۇ؟ بىزمۇ ساڭا سېنىڭكىگە ئوخشاش سېھىر كۆرسىتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئارىسىدا بىر ئۇچرىشىش ۋاقتى بەلگىلە. ئۇنىڭغا ھېچ قايسىمىز خىلاپلىق قىلمايلى. ئۇچرىشىدىغان يېرىمىزمۇ ئۇيغۇن يەر بولسۇن›. مۇسا: ‹سىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتىمىز **بايرام كۈنى** بولسۇن، خەلق چاشگاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن› دېدى»- تاھا 56/20-59.

﴿قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا أَنزِلْ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ السَّمَاء تَكُونُ لَنَا عِيداً لِّأَوَّلِنَا وَآخِرِنَا وَآيَةً مِّنكَ وَارْزُقْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ. قَالَ اللّهُ إِنِّي مُنَزِّلُهَا عَلَيْكُمْ فَمَن يَكْفُرْ بَعْدُ مِنكُمْ فَإِنِّي أُعَذِّبُهُ عَذَابًا لاَّ أُعَذِّبُهُ أَحَدًا مِّنَ الْعَالَمِينَ﴾

540 مۇسلىم، سەھىھ، زىكىر، دۇئا، تەۋبە ۋە ئىستىغفار، 11، 38 - (2699)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەدەب، 4946؛ تىرمىزى، سۇنەن، ھۇدۇد 1425، ئەبۇئابۇل بىررى ۋەسسىلە 1930، ئەبۇئابۇل قىرائات 2945؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىفتىتاھۇل كىتاب، 17/ 225.

«مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ئېيتتى: ‹ئى رەببىمىز ئاللاھ! بىزگە ئاسماندىن بىر داستىخان چۈشۈرۈپ بەرگىنكى، بىز ئۈچۈن، ئاۋۋىلىمىز ۋە ئاخىرىمىز ئۈچۈن بىر **بايرام**، سەندىن بىر مۆجىزە بولسۇن[541]. بىزگە رىزىق بەرگىن. سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن›. ئاللاھ: ‹مەن ئۇ داستىخاننى سىلەرگە چوقۇم چۈشۈرىمەن. ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەردىن كىم تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئالەملەردىن ھېچكىمنى ئۇ ئازاب بىلەن ئازابلىمايمەن› دېدى». مائىدە 14/5-115.

قۇرئان كەرىمدە ئەنە شۇ ئىككى بايرام كۈنى زىكىر قىلىنىدۇ. ئايەتتە بۇ كۈنلەرنىڭ بىرىنچىسىنىڭ زىننەت كۈنى، ئىككىنچىسىنىڭ ھېيت (بايرام) كۈنى دېيىلىشى بايرام كۈنلىرىنىڭ ئىنسانلار زىننەتلىنىپ خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كۈنلەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ھېيت كۈنلىرىدە قىلغان ئىشلىرى، ئېيتقان سۆزلىرى ۋە كۆرسەتكەن سۈكۈتلىرى ئەنە شۇ ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىدۇ.

**مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:**

1- ئىبنى ئابباس (ر.ئە)مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ روزا ھېيت كۈنى ۋە قۇربان ھېيت كۈنى غۇسۇل قىلاتتى»[542].

2- زۇھرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «رەسۇلۇللاھ روزا ھېيت نامىزىغا چىقسا نامازگاھقا كېلىپ نامازنى ئادا قىلغانغا قەدەر تەكبىر ئېيتاتتى، نامازنى ئادا قىلغان چېغىدا تەكبىر ئېيتىشنى توختىتاتتى»[543].

3- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئىككى ھېيتتا فەزل ئىبنى ئاببىاس، ئابدۇللا، ئاببىاس، ئەلى، جەئفەر ھەسەن، ھۇسەيىن ئۇسامە ئىبنى زەيد، زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئەيمەن (ر.ئە) لار بىلەن بىرلىكتە چىقاتتى ۋە نامازگاھقا كەلگەنگە قەدەر يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتاتتى[544].

541 يەنى ئۇ داستىخان چۈشكەن كۈن بىزلەر ئۈچۈن ۋە بىزدىن كېيىن قىيامەتكە قەدەر دۇنياغا كېلىدىغان پۈتۈن قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن بىر بايرام كۈنى بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سېنىڭ بىزگە بەرگەن بىر مۆجىزەڭ بولۇپ قالسۇن.

542 ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتى سالات 169 (1315).

543 ئەبۇ بەكىر ئىبنى ئەبى شەيبە، مۇسەننەف، سالاتۇل ئىيدەيىن 5 ()5621 .

544 بەيھەقى، سۈنەنى كۇبرا، سالاتۇل ئىيدەيىن 2 (6130)؛ بۇ ھەدىس بەيھەقىنىڭ سۈنەنى سۇغرا، شۇئەبۇلئىمان ۋە فەزائىلۇل ئەۋقات ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئۆتىدۇ.

4- ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «رەسۇلۇللاھ ھېيت نامىزىغا بېرىشتا بىر يولدىن باراتتى، قايتىشتا باشقا يولدىن قايتاتتى»[545].

5- رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئەرەفە كۈنى، ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ۋە تەشرىق كۈنلىرى (ھېيت كۈندىن كېيىنكى 3 كۈن) بىز ئەھلى ئىسلامنىڭ بايرىمىمىزدۇر. ئۇلار يېيىش ۋە ئىچىش كۈنلىرىدۇر»[546].

6- ئەنەس (رە.ئە) مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە مەدىنىلىكلەرنىڭ يىلدا ئوينايدىغان ئىككى كۈنى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) كېلىپ ئۇلاردىن: «بۇ قانداق ئىككى كۈن؟» دەپ سورىدى، ئۇلار: «بىز بۇ ئىككى كۈندە جاھىلىيەتتە ئويناتتۇق» دېدى، رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ سىلەرگە ئۇ ئىككى كۈننىڭ ئورنىغا ئۇلاردىن ياخشىراق ئىككى كۈننى بەردى: بىرى قۇربان ھېيت كۈنى، يەنە بىر روزا ھېيت كۈنى» دېدى[547].

7- ئائىشە (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: يېنىمدا ئەنسارلاردىن ئىككى قىز بۇئاس[548] كۈنى ئەنسارلار ئېيتىشقان سۆزلەر بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، بۇ ئەسنادا ئەبۇ بەكىر (ر.ئە) كىردى، مېنى ئازارلىدى ۋە: «رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئۆيىدە شەيتان چالغۇسىمۇ؟» دېدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئى ئەبۇ بەكىر، ئۇلارنى چالغىلى قوي، چۈنكى ھەر قەۋمنىڭ بىر بايرىمى بار، بۇ بىزنىڭ بايرىمىمىز» دېدى[549].

بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ بەزى رىۋايەتلىرىدە بۇ ئىشنىڭ مىنا كۈنلىرىدە بولغانلىقىمۇ زىكىر قىلىنىدۇ[550]. مىنا كۈنلىرى قۇربان ھېيتنىڭ 2-، 3- ۋە 4- كۈنلىرىدۇر.

---

545 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 254 (1156).

546 مۇسلىم، سەھىھ، سىيام 23، 144، (1141)، 145 (1142)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سەۋم 2419؛ تىرمىزى، سۇنەن، سەۋم، 773؛ نەسائى، سۇنەن، ھەج 3004؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، سىيام 1719/35.

547 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات، ئىيدەين 1134؛ نەسائى، سۇنەن، ئىيدەين 11556.

548 بۇئاس مەدىنىگە رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئارىسىدا بولغان ئاخىرقى ئۇرۇشتۇر، رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ مەدىنىگە كېلىشى بىلەن ئۇ ئىككى قەبىلە ئۆزئارا قېرىنداش بولۇشۇپ كونا قان دەۋالىرى تۈگىگەن.

549 بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 949، 952، مەناقىب 3931؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلئىيدەين 16/4 (892)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، نىكاھ 1898/21؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 480/41.

550 بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە، 987؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلئىيدەين 17/4 (892).

8ـ ئائىشە (ر.ئە) يەنە مۇنداق دەيدۇ: بىر ھېيت (بايرام) كۈنى ئىدى، زەڭگىلەر مەسچىتتە قىلىچ ـ قالقان ئويۇنى ئويناۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ماڭا: «كۆرەمسىز؟» دېدى، «ھەئە» دېدىم، شۇنىڭ بىلەن تۇرۇپ مېنى ئارقىسىدا تۇرغۇزدى، مەڭزىم مەڭزىگە ئۇدۇل كېلىدىغان ھالەتتە ئارقىسىدا تۇردۇم، ئىككىمىز بىرلىكتە ئۇلارنىڭ ئويۇننىنى كۆردۇق. ئۇ: «ھە، ئى ئەرفىدە ئەۋلادى، قېنى!» دەيتتى. مەن زېرىككەنگە قەدەر بۇ شەكىلدە كۆردۇق. ئۇ زېرىككىنىمنى ھېس قىلىپ: «يېتەرمۇ؟» دېدى، «ھەئە» دېدىم، «ئۇنداق بولسا كەتكىن» دېدى[551].

بۇ رىۋايەتلەردە زىكىر قىلىنغان ئىشلار زىننەتلىنىش ۋە خۇشاللىنىشنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەككى، ھېيت (بايرام)دا «تويي مۇراسىمى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا ئويناش ۋە ئويۇن كۆرۈش ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىشقا بولىدۇ[552].

---

551 بۇخارى، سەھىھ، ئىيدەين 2، 3، 25، جىھاد 81، مەناقىب 15، مەناقىبۇل ئەنسار 46، نىكاھ 82، 114؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىيدەين 19 (892)؛ نەسائى، سۇنەن، ئىدەين 35ـ36 (3، 195ـ197).

552 تويدا ۋە ھېيتتا ئويناىدىغان ئويۇن، ئېيتىدىغان ناخشا، چالىدىغان مۇزىكا ۋە ھاكازالارنىڭ دىنى تەۋەررۇكلەرگە تەنە قىلمايدىغان، مىللىي ئادەتلەرنى كەمستمەيدىغان ۋە شەرئىي قائىدىلەرگە زىت كەلمەيدىغان، ئەخلاقسىزلىققا چاقىرمايدىغان، ھاياسىزلىققا ئۈندىمەيدىغان، شەھۋانىيەتنى ئىپادىلىمەيدىغان، ئەر ـ ئاياللار ئارىلىشىپ ئوينىمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ فىترىتىگە زىت كەلمەيدىغان بولۇشى شەرت.

# ئائىلىۋى ھايات

### ئا. ئەر-خوتۇن ھەقلىرى

ئىسلام دىنىمىز ئائىلە ھاياتىنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشى ئۈچۈن ئەر-ئاياللارغا ئورتاق ھەقلەر يۈكلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم ھەقلەر يۈكلىگەن. ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپ بۇ ھەقلەرگە رىئايە قىلسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر دىنى ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلىقىنىڭ سىرتىدا تۇرمۇشلىرى كۆڭۈللۈك، ئۆيلىرىنىڭ ھۇزۇرلۇق ۋە ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولىدۇ. ئۇ ھەقلەر تۆۋەندە ئۈچكە بۆلۈپ بايان قىلىنىدۇ:

**1. ئورتاق ھەق - ھوقۇقلار**

ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا ئورتاق ھەق-ھوقۇقلار بولۇپ، بۇلارغا ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا رىئايە قىلىشى كېرەك. ئۇ ھەقلەر تۆۋەندىكىچە:

**ئا). ۋاپادارلىق**

ئەر-خوتۇنلاردىن ھەر بىرى قارشى تەرەپكە ۋاپادار بولۇشى، يەنى ئۇلار چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن ھېچقانداق سۆز ۋە ھەرىكەتتە بىر-بىرىگە خىيانەت قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى ئەر-خوتۇن، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلغان ئىككى كىشىگە ئوخشايدۇ.

شېرىكلەر ئوتتۇرىسىدا سەمىمىيەت، راستچىللىق ۋە ئۆزئارا كۆيۈنۈش بولمىسا، شىركەت ۋەيران بولغاندەك، بىر-بىرىگە سادىق بولمىغان ئەر-خوتۇندىن قۇرۇلغان ئائىلىمۇ ۋەيران بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئىشەنچ، سەمىمىيلىك، راستچىللىق، ۋاپادارلىق ۋە كۆيۈنۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەر دائىم ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە مەۋجۇت بولۇشى كېرەك.

**ئە). دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىق**

يەنى ئەر-خوتۇن بىر-بىرىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈشى، بىر-بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىشى، قىسقىسى، «مەن ئۇ، ئۇ مەن» دېگەن كۆز قاراشتا بولۇشلىرى لازىم. رۇم سۈرىسىنىڭ 26 ـ ئايىتى بۇنى كۆرسىتىدۇ. ئايەت مۇنداق:

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«ئاللاھ سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپتلەر يارىتىپ، ئاراڭلاردا دوستلۇق ۋە مېھىر-مۇھەببەت ئورناتتى؛ ئاللاھ بۇنى، سىلەرنى ھۇزۇرلۇق بىر ھايات ياشىسۇن دەپ قىلدى. بۇ، ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە مۇتلەق ھېكمىتىنىڭ دەلىلىدۇر. ئەنە شۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار»- (رۇم 21/30).

## ب) ئۆزئارا ئىشەنچ

يەنى ھەر ئىككى تەرەپ، ئوتتۇرىسىدا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىن باشقا دىنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىۋەتمەسلىكلىرى كېرەك. ئەر-خوتۇننىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىگە «بۇ مېنىڭ ھالال جۈپتۇم» دەپ قاراش بىلەن بىرگە «بۇ مېنىڭ دىنى قېرىندىشىم» دېگەن چۈشەنچىدىمۇ بولۇشى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾

«شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلار قېرىنداشلاردۇر»- ھۇجۇرات 10/49.

پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى، قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ»[553].

## پ)- ياخشى ئەخلاق

يەنى ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە مۇئامىلىسى ياخشى، چىرايى ئوچۇق، گەپ - سۆزى ئېسىل، ئەخلاقى گۈزەل بولۇشى كېرەك. بىر-بىرىنى قەدىرلىشى ۋە ھۆرمەتلىشى، ئەرلەر بۇنىڭغا بەكراق كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. ئاللاھ تائالا دەيدۇ:

﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ فَإِن كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾

«ئاياللىرىڭلار بىلەن چىرايلىقچە تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار. ئەگەر ئۇلارنى

553 بۇخارى، سەھىھ، ئىمان 6؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 71 (45)؛ نەسائى، سۈنەن، ئىمان 19 (3، 115)؛ تىرمىزى، سىفەتۇل قىيامەت 60 (3517)؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، مۇقەددىمە 9 (66).

ياقتۇرمىساڭلار، بىلىڭلاركى سىلەر بىر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئاللاھ ئۇنىڭدا كۆپ ياخشىلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن». نىسا19/4.

بۇ يەردىكى «تىرىكچىلىك قىلىڭلار» دېگەن ئىپادىنىڭ ئەرەبچىسى« ئاشىرۇ»دۇر. بۇ كەلىمىنىڭ شەكلى «چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى ئەر-ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ ئىجرا قىلىشىنىڭ لازىملىقىغا، بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتا ئايالغا قارىغاندا ئەرنىڭ بەكراق كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ مۇھىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ كەلىمە مۇفائەلە بابىدىندۇر. مۇفائەلە بابى ئەسلىدە بىر پېئىلنى فائىل بىلەن مەفئۇلنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ قىلغانلىقىغا، لېكىن فائىلنىڭ كۆپراق قىلغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ[554].

**2 ـ ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى:**

**ئا) ياخشى مۇئامىلە قىلىش**

يەنى ئەرنىڭ، ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ئايالىنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى بىر ھەققىدۇر، ياخشى مۇئامىلە قىلىش دېمەك يېگىنىدىن يىگۈزۈش، كىيگىنىدىن كىيىندۈرۈش، كۆڭلىنى ئاياش، ئۇرۇپ-تىللىماسلىق، تىل-ھاقارەت قىلماسلىق ۋە كەمستمەسلىك دېگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر (ئە.س)، «ئايالىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى قايسى يارەسۇلەللاھ؟» دەپ سورىغان بىر كىشىگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئايالىڭغا يېگەن چېغىڭدا يىگۈزىسەن، كىيىنگەن چېغىڭدا كىيىندۈرىسەن، يۈزىگە ئۇرمايسەن، تىللىمايسەن، ئۇنى ئۆيىدىن چىقىرىۋەتمەيسەن»[555].

ئەبۇ ھۇرەيرە (رە.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ھېچبىر مۇئمىن ئەر، ئۆزىنىڭ مۇئمىن ئايالىنى يامان كۆرمىسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ بىر خۇيى دېتىغا ياقمىسا، يەنە بىر خۇيى ياقىدۇ ئەمەسمۇ!»[556].

**ئە) دىنىنى ئۆگىتىش**

يەنى ئەر ئايالىنى، دىنى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغۇدەك دەرىجىدە دىنى مەلۇماتقا ئىگە قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ، دىنى ۋەزىپىلىرىنى

554 خالىغانلار مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن ئەرەبچىنىڭ مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس قائىدىلىرىگە قاراپ باقسا بولىدۇ.

555 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، نىكاھ 2142.

556 مۇسلىم، سەھىھ، نىكاھ 18، 61 ـ (1469).

تەلەپكە لايىق ئورۇنداش ئارقىلىق روھىنى غىزالاندۇرۇشقا بولغان ئېھتىياجى، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئارقىلىق بەدىنىنى غىزالاندۇرۇشقا بولغان ئېھتىياجى بىلەن ئوخشاشتۇر، بەلكىدە تېخىمۇ زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە ئائىلەڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار...». (تەھرىم 6/66).

## ب) ھىمايە قىلىش (قوغداش ۋە ساقلاش)

يەنى ئەر كىشى، ئايالىنى ئىسلام تەلىماتلىرى بويىچە ساقلىشى لازىم. بۇ، ئايالىنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى بىر ھەققىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ﴾

«ئەرلەر ئاياللىرىنى باشقۇرغۇچى ۋە ساقلىغۇچىلاردۇر». نىسا 34/4.

ئايالىنى ئىسلام تەلىماتى بويىچە ساقلىمىغان ئەر، ئۇنى ساقلىمىغان بولىدۇ.

## پ) سىررىنى ساقلاش

يەنى ئەر ئايالىنىڭ سىرلىرىنى ۋە ئەيىپلىرىنى ئاشكارىلىماسلىقى لازىم. چۈنكى ئەر-خوتۇنلارنىڭ سىرلىرى بىر-بىرىگە ئامانەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَخُونُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُواْ أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا خىيانەت قىلماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ ئامانەتلىرىڭلارغا خىيانەت قىلماڭلار». ئەنفال 27/8.

پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ:

ئەبۇ سەئىد خۇدرى (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئەڭ يامان ھېساپلىنىدىغان ئەر، ئايالىنىڭ سىررىنى ئاشكارىلىغان ئەردۇر»[557].

557 مۇسلىم، سەھىھ، نىكاھ 21، 123 - (1437).

## 3. ئايالالارنىڭ ئەرلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى:

### ئا) ئىتائەت قىلىش

يەنى ئايالنىڭ گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِنْ أَطَعْنَكُمْ فَلاَ تَبْغُواْ عَلَيْهِنَّ سَبِيلاً إِنَّ اللّهَ كَانَ عَلِيًّا كَبِيرًا﴾

«ئەگەر ئۇلار سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا قارشى باشقا بىر يول ئىزدىمەڭلار». نىسا 34/4.

يەنى ئۇلارغا يولسىزلىق قىلماڭلار، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار.

پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرى ئايەتتىكى «ئىتائەت»نىڭ گۇناھ بولمايدىغان ئىشلار بىلەن چەكلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

«ئىتائەت پەقەتلا توغرا ئىشتا بولىدۇ؛ ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھ بولىدىغان ئىشتا ھېچكىمگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ»[558]، «ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ ھېچقانداق مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ»[559].

### ئە)ـ ئابرۇي، شەرەپ ۋە مال-مۈلكىنى ساقلاش

يەنى ئايال، ئېرىنىڭ ئابرويىنى، شەرىپىنى ۋە ئىناۋىتىنى قوغدىشى، مال-مۈلكىگە، بالىلىرىغا ۋە ئۆي ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَالصَّالِحَاتُ قَانِتَاتٌ حَافِظَاتٌ لِّلْغَيْبِ بِمَا حَفِظَ اللّهُ﴾

«ياخشى ئايالالار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر ۋە ئاللاھ ساقلىغانلىقى ئۈچۈن يالغۇز چاغلىرىدا ئۆزلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر». نىسا34/4.

يەنى، ئاللاھ تائالا ئايالالارغا مىراستىن ھەسسە بەردى (نىسا 4/ 7، 11، 12، 33). ئۇلارغا چاپلانغان بوھتانلارنىڭ تۆت گۇۋاھچى بىلەن ئىسپاتلىنىشىنى تەلەپ قىلدى، ئەگەر بوھتان چاپلىغۇچى دەۋاسىنى تۆت گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق

558 مۇسلىم، سەھىھ، ئىمارەت 8، 39 ـ (1840)؛ ئەبۇ داۋۇد، جىھاد 2625؛ نەسائى، سۇنەن، بەيئەت 4205؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، جىھاد 40، 2863، 2864.

559 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 129/1، 131/1.

بېرىشى بىلەن ئىسپاتلىيالمىسا، ئۇنىڭ يالغانچى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا 80 دەررە ئۇرۇلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (نۇر 4/24). تېخى كىچىك چېغىدىلا تىرىك كۆمۈۋېتىلىدىغان ئاياللارنىڭ (نەھل 59/16) ئىنسانىيەتنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى (ئال ئىمران 195/3؛ نىسا 25/4؛ تەۋبە 71/9؛ ھۇجۇرات 13/49) ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىق قىلىنىشى پەرز بولغان ئانا (بەقەرە 83/2؛ نىسا 36/4؛ ئەنئام 151/6؛ ئەسرا 23/17؛ ئەھقاق 15/46)، ئىلاھىي ئامانەت سۈپىتىدە ساقلىنىشى پەرز بولغان رەپىقە (ۋىدا خۇتبىسى)، ئاسراپ بېقىلىشى، ھىمايە قىلىنىشى، كۆڭۈل بۆلۈنۈشى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى پەرز بولغان قىز پەرزەنت (مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر) بولغانلىقى ئەسلىتىلدى. مانا ياخشى ئاياللار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىنايەت ۋە ئىلتىپاتى سەۋەبىدىن يالغۇز چاغلىرىدا ئۆزلىرىنى ساقلايدۇ، ئۆزلىرىنى بۇلغىمايدۇ ۋە ئەرلىرىنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزمەيدۇ. قىسقىسى ياخشى ئاياللار: «ئاللاھ ماڭا نۇرغۇنلىغان ھەق-ھوقۇقلارنى بېرىپ مېنى قوغداپتۇ، مەن ئۆزۈمنى قوغداي» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ياشايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «تۆت گۇۋاھچى بىلەن ئىسپاتلاش» بۇيرۇقىنى ھەرگىزمۇ سۇيىئىستېمال قىلمايدۇ.

**ب) ئۆيىنى تەرك ئەتمەسلىك**

يەنى ئايال، ئېرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشى لازىم. ئەگەر سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلسە، ئېرىنىڭ رۇخستى ۋە رازىلىقىنى ئېلىش، ئىسلام تەلىماتىغا ئۇيغۇن كىيىنىش، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق، قولى ۋە تىلى ئارقىلىق ھېچكىمگە ئەزىيەت ۋە زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن چىقىشى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقُل لِّلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ﴾

«مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىن: نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئېپپەتلىرىنى ساقلىسۇن، زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن»- نۇر 31/24.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دەيدۇ: «قارىساڭ، سېنى خۇشال قىلىدىغان، بىر ئىشقا بۇيرىساڭ ئىتائەت قىلىدىغان، يېنىدا يوق چېغىڭدا ئۆزىنى ۋە مال-مۈلكىڭنى سەن ئۈچۈن قوغدايدىغان ئايال، ئەڭ خەيرلىك ئايالدۇر»[560].

560 ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى (ۋاپاتى: 204 ھ)، مۇسنەد، ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە) رىۋايەتلىرى 2444؛ نەسائى

## پ) ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش

يەنى ئايال، ئېرىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋە تۇغقانلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى لازىم. چۈنكى ئېرىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋە تۇغقانلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئېرىگە قىلغان ئەڭ چوڭ ياخشىلىق بولىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەر-خوتۇنلارنىڭ ھەر بىرى مەيلى ئورتاق ھەق-ھوقۇقلار بولمىسۇن، مەيلى ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىگە ئايرىم ھالدا يۈكلەنگەن ھەق-ھوقۇقلار بولمىسۇن يۇقىرىدىكى ھەقلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەستايىدىللىق بىلەن رىئايە قىلسا، ھەم ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، ھەم ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولىدۇ.

### *ئە- ئاتا-ئانا ھەقلىرى*

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ

﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾

«ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار»-نىسا 36/4.

ئاللاھ تائالانىڭ «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» ھەققىدىكى بۇ بۇيرۇقى قۇرئان كەرىمدە بىرقانچە يەردە تەكرارلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر: بەقەرە 83/2- ئايەت، ئەنئام 151/6- ئايەت، ئىسرا 23/17، ئەنكەبۇت 8/29- ئايەت، لوقمان 14/31- ئايەت، ئەھقاف 15/46.

بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى دالالەت قىلىدۇكى،

ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر. بۇ ئەمر تەۋھىدكە بولغان ئەمردىن كېيىنلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

(ۋاپاتى: 303 ھ)، سۈنەنى كۇبرا، ئىشرەتۇننىسا 8912؛ تەبەرانى (ۋاپاتى: 360 ھ)، ئەلمۇئجەمۇلكەبىر، 386؛ ھاكىم (ۋاپاتى: 405 ھ)، مۇستەدرەك، نىكاھ 2882.

## 1ـ ماددىي ياخشىلىق

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم، كېچەك ۋە دورا ـ دەرمان قاتارلىق پۈتكۈل ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قامداش، ئۇلارغا ھېچبىر جەھەتتىن كىچىككىنە بىر كەمچىللىك ھېس قىلدۇرماسلىق، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خۇشال ـ خۇرام بىر ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىش قاتارلىقلار «ئاتا ـ ئانىغا ماددىي ياخشىلىق» قىلغانلىقتۇر.

## 2ـ مەنىۋى ياخشىلىق

ئاتا ـ ئانىلارغا مېھرىبانلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، چىرايلىق سۆز قىلىش، كۆڭلىنى ئاۋايلاش، ئەتە ـ ئاخشام يوقلاپ تۇرۇش، گۇناھ بولمايدىغان بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش[561] ۋە ھەققىدە دۇئا قىلىش قاتارلىقلار «ئاتا ـ ئانىغا مەنىۋى ياخشىلىق» قىلغانلىقتۇر.

بۇ ياخشىلىقلاردا ئانا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە بىر كۈنى بىر كىشى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ قېشىغا كېلىپ: «يارەسۇلەللاھ! مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى يەنە: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى يەنە: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەردى.ئۇ ئادەم يەنە (تۆتىنچى قېتىم): «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س)بۇ قېتىم: «ئاتاڭ»، دەپ جاۋاب بەردى[562].

## 3ـ ئەسلىتىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەقلىرىنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن ئارقىسىغا بىر قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى دۇنياغا كەلتۈرۈش ۋە چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش جەريانىنى ئازغىنە تەسەۋۋۇر قىلىشى يېتەرلىكتۇر:

---

561 چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «ئىتائەت پەقەتلا توغرا ئىشتا بولىدۇ؛ ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھ بولىدىغان ئىشتا ھېچكىمگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ»ـ (مۇسلىم، سەھىھ، ئىمارەت 8، 39 ـ (1840)؛ ئەبۇ داۋۇد، جىھاد 2625؛ نەسائى، سۈنەن، بەيئەت 4205؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، جىھاد 40، 2863، 2864).

562 بۇخارى، سەھىھ، ئەدەب 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، بىرر 1 (2548)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەدەب 129 (5141)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەبۋابۇل بىررى ۋەسسىلە 1 (1897).

ئانىسى ئۇنى توققۇز ئاي ئەتراپىدا قورسىقىدا كۆتۈرگەن، بۇ ئەسنادا چەككەن جاپا-مۇشەققەتلىرىنى بىر ئاللاھ بىلگەن، بىر ئۆزى. ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قانچىلىك يوغىنىسا ئانىسىنىڭ مۇشەققىتى شۇنچىلىك ئېغىرلاشقان، ئۇ كۈچەيگەنسېرى ئانىسى ئاجىزلاشقان، ئاغرىمىغان ھېچ يېرى قالمىغان، دەرد ئۈستىگە دەرد تارتقان. ئۇنى تۇغقان چېغىدا ئۆلۈمنى كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن، لېكىن يېنىدا ئۇنى كۆرۈپلا پۈتكۈل دەرد-ئەلەملىرىنى ئۇنتۇپ بارلىق ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئۇنىڭغا باغلىغان، ھاياتىنىڭ تەمىنى ئۇنىڭدا تېپىشقان، كۆڭلىنىڭ خۇشاللىقىنى ئۇنىڭدا ھېس قىلغان.

ئاندىن كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغان: ئۇنىڭغا سۈتىنى ئوزۇق، قۇچىقىنى ئارامگاھ، سىرتىنى ئۇلاغ، قوللىرىنى پاناھگاھ قىلىپ بەرگەن. ئۇنى توپسۇن دەپ ئۆزى ئاچ قالغان، ئۇنى ئۇخلىسۇن دەپ ئۆزى ئۇيقۇسىز قالغان، ئۇنىڭ ئارامى ئۈچۈن ئۆزى بىئارام، ئۇنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن ئۆزى بىمار، ئۇنىڭ راھىتى ئۈچۈن ئۆزى بىدار بولغان، مېھرىنى ئۇنىڭغىلا بەرگەن، كۆزى ئۇنىلا كۆرگەن، تىلى ئۇنىلا كۈيلىگەن.

ئۇ ئانىسى نېرى كەتسە يىغلىغان، ئانىسىنىڭ چىرايى ئۆزگەرسە غەمكىن بولغان، كىچىككىنە قىيىنچىلىق ھېس قىلسا «ئانا!» دەپ ئىڭرىغان، پۈتكۈل ياخشىلىقنىڭ ئانىسىدا ئىكەنلىكىنى ئويلىغان، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياكى يېنىدا بولسىلا ئۆزىگە بىر يامانلىق يەتمەيدۇ دەپ چۈشەنگەن. قىسقىسى كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى ئۇنىڭ ھەر نەرسىسى ۋە ھەممە نەرسىسى.

ئاتىسىغا كەلسەك، ئاتىسى ئۇنى دەپ جاپالىق ئىشلەيدۇ، ئۇنى دەپ ئۇزۇن سەپەرلەرگە چىقىدۇ، ئۇنى دەپ بارمىغان چۆل، ئاياغ باسمىغان شەھەر قالمىغىلى تاس قالىدۇ، بالامنى ئوبدان باقىمەن دەپ ئۆزىنى خەتەرلەرگە ئاتىدۇ، مىڭ بىر قىيىنچىلىق بىلەن تاپقان پۇلىنى ئۇنىڭغا چىقىم قىلىدۇ، ئۇنى تەربىيىلەيدۇ، ئۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان ھەر ئىشنى قىلىپ بېرىدۇ، يېنىغا كىرسە سۆيۈنۈپ كېتىدۇ، خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ، قۇچاقلاپ يۈز-كۆزلىرىگە سۆيىدۇ، باغرىغا باسىدۇ، يېنىدىن چىقسا يۈرىكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىدۇ.

ئەنە شۇ ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئەنە شۇ بالىغا پەرز قىلغان دىن نېمىدېگەن مۇقەددەس-ھە!

**ئەسكەرتىش:**

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئەمەس، ئاتا-ئانا بولۇشى ئاساس قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

**﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْناً عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ. وَإِن جَاهَدَاكَ عَلى أَن تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفاً وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾**

«بىز ئىنسانغا مۇنداق دەپ بۇيرۇق چۈشۈردۇق. ئانىسى ئۇنى ئۇستى-ئۇستىلەپ ئاجىزلىق بىلەن قورسىقىدا كۆتۈردى. ئۇ ئىككى يىلدا ئەمچەكتىن ئايرىلىدۇ: ‹ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن. ئاخىرى مېنىڭ دەرگاھىمغا كېلىسىلەر. ئەگەر ئۇلار سېنى، سەن بىلمەيدىغان بىر نەرسىنى ماڭا شېرىك قىلىشقا زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، لېكىن دۇنيا ئىشلىرىدا ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتكىن. ماڭا ئۆزلۈكسىز يۈزلەنگەن كىشىنىڭ يولىغا ئەگەشكىن. ھەممىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، ئاندىن مەن سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن›.»- لۇقمان 31/14-15.

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئاتا-ئانا بالىنى گۇناھ قىلىشقا زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلماسلىقى، يەنىلا دۇنيالىق ئىشلاردا ئۇلارغا قولىدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىلىشى كېرەك. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

ئەبۇ بەكر (ر.ئە)نىڭ قىزى ئەسما (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىك بولغان ئانام يېنىمغا كەلگەن ئىدى، مەن ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن: «ئانام يېنىمغا كەلدى، مېنىڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئانامغا ياخشى مۇئامىلە قىلسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم، ئۇ: «بولىدۇ، ئاناڭغا ياخشى مۇئامىلە قىل» دېدى[563].

## ب- بالا تەربىيەسى

باللار ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا-ئانىلارغا بەرگەن ھەدىيەسى، ئاتا قىلغان نېمىتى ۋە قويغان ئامانىتىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

563 بۇخارى، سەھىھ، ھىبە 28، ئەدەب 8، زاكات 50؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 34.

﴿لِلَّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يَخْلُقُ مَا يَشَاء يَهَبُ لِمَنْ يَشَاء إِنَاثًا وَيَهَبُ لِمَن يَشَاء الذُّكُورَ. أَوْ يُزَوِّجُهُمْ ذُكْرَانًا وَإِنَاثًا وَيَجْعَلُ مَن يَشَاء عَقِيمًا إِنَّهُ عَلِيمٌ قَدِيرٌ﴾

«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى پەقەتلا ئاللاھتۇر. ئۇ خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ ياكى ئۇلارغا ئوغۇل ـ قىز ئارىلاش پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. ئۇ خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ. ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر»ـ شۇرا 42/49ـ50.

﴿وَاللّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجاً وَجَعَلَ لَكُم مِّنْ أَزْوَاجِكُم بَنِينَ وَحَفَدَةً﴾

«ئاللاھ سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن جۈپتىلەرنى يارىتىپ بەردى، جۈپتىلىرىڭلاردىن سىلەرگە بالىلار ۋە نەۋرىلەرنى يارىتىپ بەردى»ـ نەھل 16/ 72.

﴿الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾

«مال ـ دۇنيالار ۋە ئوغۇللار دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننىتىدۇر»ـ كەھف 18/46.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَخُونُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُواْ أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ. وَاعْلَمُواْ أَنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلاَدُكُمْ فِتْنَةٌ وَأَنَّ اللّهَ عِندَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا خىيانەت قىلماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ ئامانەتلىرىڭلارغا خىيانەت قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار بىر سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بۈيۈك مۇكاپات بار»ـ ئەنفال 8/27ـ 28.

ئاللاھ تائالا بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيراً﴾

«ئاتا ـ ئاناڭ ئۈچۈن مۇنداق دەپ دۇئا قىلغىن: رەببىم! ئاتا ـ ئانامغا، ئىككىسى مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگەندەك مەرھەمەت قىل»ـ ئىسرا 17/23ـ 24.

بۇ ئايەت ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى كىچىك چاغلىرىدا ياخشى

تەربىيەلىشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى پەقەت ياخشى تەربىيەلەنگەن پەرزەنتلەرلا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن خەيرلىك دۇئا قىلىدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە ئائىلەڭلەرنى دوزاختىن ساقلاڭلار»- تەھرىم 6/66.

بۇ ئايەت بولسا مۇئمىن ئاتا-ئانىلارغا ئۆز پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدە ياخشى تەربىيەلەش ۋە ئۆزلىرىدىن ئايرىلغاندا ئۇلارغا دائىم كۆز-قۇلاق بولۇش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەيدۇ.

پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش ئاللاھنىڭ ھەدىيەسىگە تەشەككۈر ئېيتقانلىق، نېمىتىگە شۈكۈر قىلغانلىق ۋە ئامانەتنى ساقلىغانلىق، شۇنداقلا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ.

## 1- تەربىيە سۆزىنىڭ مەنىسى

تەربىيە سۆزى «ر ب و»دىن ئېلىنغان ئۆتۈملۈك مەسدەر بولۇپ كۆپتۈرمەك، ئۆستۈرمەك، زىيادە قىلماق، چوڭايتماق، يېتىلدۈرمەك ۋە ئۆرلەتمەك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ[564]. قۇرئان كەرىمدە، «ر ب و» دىن تۈرلەنگەن 17 دانە سۆز شەكلى كەلگەن بولۇپ[565]، ھەممىسى بۇ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەت-ھەدىسلەردە بالا تەربىيىلەش بالىنى جىسمانىي، ئەقلىي، روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن كامىل بىر ئىنسان قىلىپ يېتىلدۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ[566]. تەربىيە سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ.

564 مۇفرەداتۇ ئەلفازىل قۇرئان، ئەلمۇھىت، مۇھىتۇلمۇھىت، ئەلغەنى، ئەلۋەسىت، مۇئجەمى ئەرەبىي (لارۇس) ۋە لىسانۇلئەرەب.

565 ھەج سۈرىسىنىڭ 5- ئايىتى، فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ 39- ئايىتى، رۇم سۈرىسىنىڭ 39- ئايىتى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ265، 275، 276، 278- ئايەتلىرى، ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 130- ئايىتى، نىسا سۈرىسىنىڭ 161- ئايىتى، نەھل سۈرىسىنىڭ 92- ئايىتى، رۇم سۈرىسىنىڭ 39- ئايىتى، رەئد سۈرىسىنىڭ 17- ئايىتى، ھاققە سۈرىسىنىڭ 10- ئايىتى، نەھل سۈرىسىنىڭ 92- ئايىتى،ۋە مۇئمىنۇن سۈرىسىنىڭ 50- ئايىتى.

566 ئىسرا سۈرىسىنىڭ 24- ئايىتىدە ۋە شۇئەرا سۈرىسىنىڭ 18- ئايىتىدە كەلگەن تەربىيە كەلىمىسى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بالىلارنىڭ ئاتا-ئانا ئۇستىدىكى ھەقلىرىنى ئۇتتۇرىغا قويىدىغان ھەدىسلەرمۇ بۇنى كۆرسىتىدۇ.

## 2ـ تەربىيە:

### ئا)ـ تۇغۇلغان ھامان قۇلىقىغا ئەزان ئوقۇش

ئەبۇ رافىئ (ر.ئە)مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ نەۋرىسى ھەسەن تۇغۇلغاندا قۇلىقىغا نامازغا ئوقۇغاندەك ئەزان ئوقۇغىنىنى كۆردۈم»[567].

بالا تۇغۇلغاندا قۇلىقىغا ئەزان ئوقۇش، بالىنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقانلىق ھەمدە بالىغا تۇنجى قېتىم ئىسلامنىڭ شۇئارىنى ۋە ئىمانىنىڭ شەرتىنى ئاڭلاتقانلىق بولىدۇ.

### ئە)ـ ئېغىزلاندۇرۇش ۋە بەرىكەت تىلەش

ئېغىزلاندۇرۇش- بالىنى تازىلاپ ئاغزىغا بىرىنچى قېتىم يېمەكلىك سالماق (خورما سالسا تېخىمۇ ياخشى) دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: خورما ياكى باشقا بىر يېمەكلىك ناھايىتى يۇمشاق چاينىلىپ بالىنىڭ ئاغزىغا سېلىنىدۇ، ئاندىن ناھايىتى مۇلايىم بىر شەكىلدە بالىنىڭ ئاغزى ئوڭ-سولغا ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ، نەتىجىدە بالىنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان نەرسە گېلىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا چاغدا كىندىك نەيچىسى ئارقىلىق، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئېغىزى ئارقىلىق ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئېغىزى ئارقىلىق ئالىدىغان ئوزۇقى دەسلەپتە ئانىسىنىڭ سۈتى، كېينچە ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە ياراتقان يېمەك-ئىچمەك بولىدۇ. ئۇنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى بولۇپ ئېغىزى ئارقىلىق ئوزۇقلىنىشى ئەنە شۇ شەكىلدە باشلىنىدۇ.

ئىغىزلاندۇرۇشنى تەقۋادار، سالىھ بىر كىشىنىڭ قىلىشى ئەۋزەل. بالىنى ئېغىزلاندۇرغان كىشى ئۇنىڭغا ئاللاھتىن بەرىكەت تىلەيدۇ.

ئەبۇ بەكرى سىددىق (ر.ئە)نىڭ قىزى ئەسما (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: ھامىلىدارلىق مۇددىتىنى تاماملىغان چېغىمدا مەككىدىن چىقتىم، مەدىنىگە كېلىپ قۇباغا چۈشتۈم، قۇبادا تۇغدۇم، ئاندىن بالىنى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بالىنى قۇچىقىدا قويدى، ئاندىن خورما تەلەپ قىلدى، خورما كەلتۈرۈلگەن ئىدى، ئۇنى چايناپ بالىنىڭ ئاغزىغا قويدى، بالىنىڭ قورسىقىغا تۇنجى بولۇپ كىرگەن نەرسە رەسۇلۇللاھ (ئە.س)

567 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەدەب 5105؛ تىرمىزى، سۈنەن، داھايا 1514؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 297/39؛ بەيھەقى، سۈنەنى كۇبرا، 513/9.

نىڭ تۇكۇرۇكى بولدى، ئاندىن بالىنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى، ئاندىن بالا ئۈچۈن دۇئا قىلدى ۋە بەرىكەت تىلىدى[568].

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بىر ئوغلۇم تۇغۇلغان ئىدى. ئۇنى پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر (ئە.س) ئوغلۇمغا ئىبراھىم دەپ ئىسىم قويدى، ئاندىن ئېغىزلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلىدى[569].

### ب)- ئېمىتىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلاَدَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَن يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ وَعلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ لاَ تُكَلَّفُ نَفْسٌ إِلاَّ وُسْعَهَا لاَ تُضَآرَّ وَالِدَةٌ بِوَلَدِهَا وَلاَ مَوْلُودٌ لَّهُ بِوَلَدِهِ وَعَلَى الْوَارِثِ مِثْلُ ذَلِكَ فَإِنْ أَرَادَا فِصَالاً عَن تَرَاضٍ مِّنْهُمَا وَتَشَاوُرٍ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْهِمَا وَإِنْ أَرَدتُّمْ أَن تَسْتَرْضِعُواْ أَوْلاَدَكُمْ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِذَا سَلَّمْتُم مَّآ آتَيْتُم بِالْمَعْرُوفِ وَاتَّقُواْ اللّهَ وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾

«ئانىلار بالىلىرىنى تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىدۇ. بۇ ئېمىتىشنى تاماملىماقچى بولغانلار ئۈچۈندۇر. ئاتىلار ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بېرىشى كېرەك. ھېچكىم كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىنمايدۇ. ئانا بولغۇچى بالىسى سەۋەبلىك زىيانغا ئۇچرىتىلمىسۇن، دادىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيانغا ئۇچرىتىلمىسۇن. مىراسخورنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئەگەر ئاتا-ئانا ئۆز-ئارا كېڭىشىپ ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن بالىنى ئىككى يىل توشماستىن ئەمچەكتىن ئايرىۋەتسە، ھېچ گۇناھكار بولمايدۇ. ئەگەر بالىلىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، بېرىدىغىنىڭلارنى مەئرۇف بويىچە تاپشۇرساڭلار ھېچ گۇناھكار بولمايسىلەر. ئاللاھدىن قورقۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تورغۇچىدۇر»- بەقەرە 233/2.

بۇ ئايەت دالالەت قىلىدۇكى، بالىنىڭ ئانىسىنى ئېمىش ھەققى بار. ئېنىكئانىلارغا ئېمىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ بالىنىڭ تۇغۇلۇپ بىر مۇددەت ئانىسىنى ياكى ئىنىكئانىسىنى ئېمىش ھەققى بار. ئەگەر بالىنى تالاق قىلىنغان

568 بۇخارى، سەھىھ، مەناقىب 3909، ئەقىقە 5469؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئاداب 5، 26 ـ (2146).

569 بۇخارى، سەھىھ، ئەقىقە 5467، ئەدەب 6198 ، مۇسلىم، سەھىھ، ئاداب 5، 24 ـ (2145).

ئانىسى ئېمىتسە، بۇ ئانىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى ۋە كىيىم-كېچىكىنى بالىنىڭ ئانىسى بېرىشى كېرەك. ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ۋارىسلىرى بېرىدۇ. ئەگەر ئاتا بالىنى بىر ئىنىكئانىغا ئېمىتمەكچى بولسا، ئىنىكئانىنىڭ ھەققىنى (دېيىشكەن بويىچە ئېمىتىش ھەققىنى) تولۇق بېرىشى كېرەك. بۇ ئىشنى سۈت پاراشوكى (نەيغىن) ياكى ھايۋان سۈتى بىلەن «بېجىرگەنلەر» بالىنىڭ ئېمىش ھەققىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.

ئىككى يىل توشماستىن ئانا قايتا ھامىلدار بولۇپ بالىغا سۈتى زىيان قىلىش ۋە ياكى قانداقلا بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاتا-ئانا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ۋە رازى بولۇشۇپ بالىنى ئەمچەكتىن بۇرۇن ئايرىۋەتسە ھەر ئىككىلىسى گۇناھكار بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر ئانا كېسەللىكى سەۋەبىدىن بالىنى ھېچ ئېمىتەلمىسە ياكى ۋاقتىن ئىلگىرى ئايرىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئايرىۋەتسە گۇناھكار بولمايدۇ. چۈنكى «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ». بەقەرە 286/2.

### پ)- ئىسىم قويۇش

ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە: «مەن لايدىن بىر ئىنسان يارىتىمەن»[570] دېگەن. يارىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى «ئى ئادەم!»[571] دەپ چاقىرغان. يەر يۈزىدە ئاپىرىدە بولغان تۇنجى ئىنسانغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بۇ شەكىلدە ئىسىم قويۇلغان. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆگىتىشى ۋە ئىلھام قىلىشى بىلەن ئادەم (ئە.س) ئۆز بالىلىرىغا، ئادەم (ئە.س)نىڭ بالىلىرى ئۆز بالىلىرىغا ئىسىم قويغان ۋە بۇ ئىش ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ زەكەرىييا (ئە.س)غا قىلغان مۇنۇ سۆزى كۆرسىتىدۇ:

﴿يَا زَكَرِيَّا إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَامٍ اسْمُهُ يَحْيَى لَمْ نَجْعَل لَّهُ مِن قَبْلُ سَمِيًّا﴾

«««ئى زەكەرىييا! ساڭا خۇش خەۋەر: يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغلۇڭ بولىدۇ. بىز ئىلگىرى ھېچكىمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق»- مەريەم 7/19.

دېمەك، شۇ ۋاقىتقىچە دۇنياغا كەلگەن ھەر ئىنساننىڭ ئىسمى بار، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەھيا ئىسىملىك ھېچكىم يوق.

---

570 ساد 71/38.

571 بەقەرە 33/2، 36، ئەئراف 19/7، تاھا 117/20، 120.

مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر ئايەت مۇنداق:

﴿فَلَمَّا وَضَعَتْهَا قَالَتْ رَبِّ إِنِّي وَضَعْتُهَا أُنثَى وَاللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا وَضَعَتْ وَلَيْسَ الذَّكَرُ كَالأُنثَى وَإِنِّي سَمَّيْتُهَا مَرْيَمَ وِإِنِّي أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾

«ئۇ ئايال قىزنى تۇغقاندا: ‹رەببىم! بۇنى قىز تۇغدۇم›. ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ‹ئوغۇل قىزغا ئوخشاش ئەمەس. مەن بۇنىڭ ئىسمىنى مەريەم قويدۇم. رەببىم! سەن بۇنى ۋە بۇنىڭ ئەۋلادىنى ئۆز پاناھىڭغا ئېلىپ تاش ئېتىلگۈچى شەيتاندىن ساقلىغىن› دېدى». ئال ئىمران 36/3.

بۇ ئايەتلەر دالالەت قىلىدۇكى، تۇغۇلغان ھەر بالىغا دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسىم قويۇلىدۇ ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدۇ.

**مۇناسىۋەتلىك بەزى ھەدىسلەر:**

1. ئەبۇ دەردا (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، سىلەر قىيامەت كۈنى ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىلىسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن چىرايلىق ئىسىم قويۇڭلار»[572].

2. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىسىملارنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغىنى ‹ئابدۇللاھ› ۋە ‹ئابدۇررەھمان›دۇر»[573].

3. ئەبى ۋەھب (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئىسىم قويۇڭلار، ئىسىملارنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغىنى ‹ئابدۇللاھ› ۋە ‹ئابدۇررەھمان›دۇر، ئەڭ توغرىسى ھارىس (دېھقان) ۋە ھەممام (ھىممەتلىك)دۇر، ئەڭ سەت بولغىنى ھەرب (ئۇرۇش، جەڭ) ۋە مۇررە (ئاچچىق)دۇر»[574].

دېمەككى، ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرەر ئىسمىنىڭ بېشىغا ئابدۇ (بەندە) قوشۇپ قويۇش ياكى قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان

---

572 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەدەب 4948؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 23/36؛ دارىمى، سۇنەن، ئىستئزان 2736؛ بەيھەقى، سۇنەنى كۇبرا، داھايا 19308.

573 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەدەب 4949؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەدەب 2833؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەدەب 30 (3728).

574 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەدەب 4950.

پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇش ۋە ياكى ھەر مۇسۇلمان ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە يامانلىق ئىپادىلىمەيدىغان بىر ئىسمنى قويۇش چىرايلىق ئىسىم قويغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىغا ئىسىم تاللىغاندا ئىسمىنىڭ مەنىسىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

قىز بالىغا كەلسەك، قىز بالىغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزلىرىدىن ياكى ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمىنى ياكى باشقا ساھابە ئاياللاردىن بىرىنىڭ ئىسمىنى ۋە ياكى ھەر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتى بويىچە ياخشى مەنە ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئىسمىنى قويسا چىرايلىق ئىسىم قويغان بولىدۇ.

ئىسىم قويۇش بالىنىڭ ئەقىقىسىنى بەرگەن كۈنى (تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى تاق كۈنلەرنىڭ بىرى) ئائىلە-تاۋابىئات ۋە يېقىن-يورۇقلارنىڭ ئىچىدە بۇ بالىنىڭ ئىسمى مۇنداق بولسۇن دەپ بىر ئىسمىنى ئېلان قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بۇ ئىش بىزنىڭ دىيارىمىزدا بالا تۇغۇلۇپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن بىر كۈن تەيىنلەپ شۇ كۈنى يىغىلغان يېقىن-يورۇق ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە مەھەللىنىڭ ئىمامى ياكى باشقا بىر ئەھلى ئىلىمنىڭ بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ ئۆرە تۇرۇپ ئەزان-تەكبىر ئوقۇپ ئېلان قىلىشى بىلەن قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ئادەت باشتا بالا تۇغۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ئەزاننى توغرا ئوقۇلسۇن دېگەن ئۈمىد بىلەن بىرەر ئەھلى ئىلىمگە ياكى تەقۋادار بىر كىشىگە ۋە ياكى ياشتا چوڭراق بىر كىشىگە ئوقۇتۇش ۋە بالىنىڭ ئىسمىنى مۇشۇ چاغدا شۇ كىشىگە ئېلان قىلدۇرۇش بىلەن باشلىنىپ زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈنىمىزدىكى شەكلىنى ئالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ ئادەت مۇشۇ بويىچە داۋاملاشسىمۇ يەنى بالىنىڭ ئىسمىنى بۇ شەكىلدە قويۇشقىمۇ بولىدۇ.

**ت)- ئەقىقىسىنى بېرىش**

بالا تۇغۇلغان ھەپتىسى سويۇلىدىغان قۇربانلىق ئەقىقە، ئۇنى شۇ چاغدا سويۇش ئەقىقە قىلىش، ئەقىقە بېرىش دەپ ئاتىلىدۇ[575]. بۇ ئىش ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇرۇن بىلىنمىگەن ۋە ئادەت بولمىغان بولسىمۇ يېقىنقى زامانلاردا پەيدا بولدى ۋە كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھە دەپ «تەبلىغ» قىلىۋاتقانلارنىڭ بەزىسى ئۇ قەدەر

575 ۋەھبە زۇھەيلى، ئەلفىقھۇل ئىسلامىييۇ ۋە ئەدىللەتۇھۇ 284/4.

ئاشۇرۇۋەتتىكى، ئۆز ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسى ئەقىقىسىنى بەرمىگەن كىشىلەرنى قانچە ياشقا كىرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئەقىقىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا «ئەمىر» قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە 40، 50... ياشلارغا كىرىپ قالغان ئادەملەر ئۆز ئەقىقىلىرىنى بېرىدىغان ئادەت پەيدا بولدى. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسى ئادا قىلمىغان بۇ خىل سۈننەتنىڭ (سۈننەت دېيىلگەن تەقدىردە) قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسى ئادا قىلمىغان پەرزنىڭ قازاسىنى قىلىشقىمۇ بۇيرۇمايدۇ. چۈنكى بۇ دىن ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى ھېچكىمگە يۈكلىمەيدۇ[576].

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولغان قۇرئان كەرىمدە ئەقىقە توغرىسىدا بىرەر ئىشارەتمۇ يوق. لېكىن ھەدىس كىتابلىرىدا پەرقلىق بىرقانچە رىۋايەت زىكىر قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلىرىمۇ پەرقلىق بولغان. مەزكۇر رىۋايەت ۋە كۆزقاراشلار تۆۋەندىكىچە:

**مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر:**

1- سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن: بالا ئەقىقىسىگە باغلىنىپ قالىدۇ. (يەنى بالىنىڭ ياخشى يېتىلىشى ئەقىقىسىگە باغلىق) ئەقىقە بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى بوغۇزلىنىدۇ، ئۇ كۈنى بالىنىڭ چېچى چۈشۈرىلىدۇ ۋە ئىسمى قويۇلىدۇ[577].

2- ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س) بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئىسمىنى قويۇشقا، يۇيۇپ پاكلاشقا ۋە ئەقىقىسىنى بېرىشكە بۇيرۇدى[578].

3- رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇممۇ كۇرز (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ئاڭلىدىم: ئوغۇل بالا ئۈچۈن بىر-بىرىگە ئوخشاش ئىككى قوي، قىز بالا ئۈچۈن بىر قوي سويۇلىدۇ، قويلارنىڭ ئەركەك ياكى چىشى بولۇشىنىڭ پەرقى يوق[579].

---

576 ئەنئام 164/6، ئىسرا 15/17، فاتىر 18/35، زۇمەر 7/39، نەجم 38/53.

577 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەداھى 21 (2837، 2838)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەداھى 23 (1572)؛ نەسائى، سۈنەن، ئەقىقە 5 (7، 166).

578 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەداھى 21 (2837)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەداھى 23 (1522)، ئەدەب 63 (2834)؛ نەسائى، سۈنەن، ئەقىقە 5 (7، 166)؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، زەبائىھ 1 (3165).

579 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەداھى 21 (2834، 2835، 2836)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەداھى 17 (1516)؛ نەسائى، سۈنەن، ئەقىقە 3 (7، 165).

4- رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس (r.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ئۈچۈن بىردىن قوچقار ئەقىقە بەردى[580].

نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە «ئىككىدىن قوچقار ئەقىقە بەردى» دەپ زىكىر قىلىنىدۇ.

5- ئەمر ئىبنى شۇئەيبتىن، ئۇ دادىسىدىن، ئۇمۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن ئەقىقە توغرىسىدا سوئال سورالغان ئىدى، «ئاللاھ ئۇقۇق (مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش)نى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېدى، ئۇ بۇ ئىسمنى ياقتۇرمىغاندەك كۆرۈنەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «بىر كىشىنىڭ بالىسى تۇغۇلسا ۋە بالىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنى خالىسا قۇربانلىق قىلسۇن، ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئوخشاش ئىككى قوي، قىز بالا ئۈچۈن بىر قوي»[581].

ئىمام مالىكنىڭ رىۋايىتىدە «رەسۇلۇللاھ (ئە.س): ‹مەن ئۇقۇقنى (مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش) ياخشى كۆرمەيمەن› دېدى» دېگەن پەرقلىق ئىپادە زىكىر قىلىنىدۇ. رىۋايەتنىڭ قالغان يەرلىرى يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.

6- رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بۇرەيدە (r.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە ئارىمىزدىن بىرىنىڭ ئوغۇل بالىسى تۇغۇلسا بىر قوي سوياتتى ۋە قوينىڭ قېنىنى بالىنىڭ بېشىغا سۈۋايتتى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن بىر قوي بوغۇزلايدىغان، بېشىنى چۈشۈرىدىغان ۋە زەپەر سۈۋايدىغان بولدۇق[582].

7- ئەبى رافىئ (r.ئە) مۇنداق دەيدۇ: فاتىمە ھەسەننى تۇغقاندا رەسۇلۇللاھقا: يا رەسۇلەللاھ! ئوغلۇم ئۈچۈن يەتتىنچى كۈنى ئەقىقە بېرەيمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: «ياق، لېكىن ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرتكىن، چاچنىڭ ئېغىرلىقىدەك كۈمۈشنى ئەھلى سۇففىگە ياكى مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلغىن» دېدى، فاتىمە بۇنى قىلدى، كېيىن ھۈسەيىننى تۇغقاندىمۇ شۇنداق قىلدى[583].

580 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەداھى 21 (2841)؛ نەسائى، سۇنەن، ئەقىقە 4 (7، 166).

581 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، داھايا 2842؛ ئىمام مالىك، مۇۋەتتا، ئەقىقە 1 (2، 2، 500).

582 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، داھايا 2843.

583 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 1/334، 45/163؛ تەبەرانى، مۇئجەمى كەبىر، 1/310؛ بەيھەقى، سۇنەنى كۇبرا 9/512؛ بەغەۋى، شەرھۇسسۇننە 11/279.

## مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ كۆزقاراشلىرى:

### ھەنەفىيلەر مۇنداق دەيدۇ:

ئەقىقە جاھىلىيەتتە بار ئىدى، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇسۇلمانلار ئەقىقە قىلغان ۋە قۇربان ھېيت قۇربانلىقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالغان. شۇڭا ئۇنى خالىغان كىشى قىلسۇن، خالىغان كىشى قىلمىسۇن. ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئائىشە (ر.ئە)نىڭ: «قۇربان ھېيت قۇربانلىقى ئىلگىرىكى پۈتۈن قۇربانلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى» دېگەن سۆزى ئىسپاتلايدۇ. ئائىشە (ر.ئە)نىڭ بۇنى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)دىن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن دېگەنلىكى ئېنىق، چۈنكى بىر ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئىجتىھات بىلەن بىلگىلى بولمايدۇ[584].

ھەنەفىي مەزھىپىدە كۈچكە ئىگە بولغان كۆزقاراش ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. يەنى بۇ مەزھەپتە ئەقىقە قىلىشنىڭ ھۆكمى مۇباھتۇر. لېكىن ئەبۇ ھەنىفە (ر.ئە)نىڭ چوڭ تالىپلىرىدىن ۋە مەزھەپنىڭ پېشقەدەم ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان ئىمامى مۇھەممەد (ر.ئە) ئەقىقە قىلىشنى مەكرۇھ دەپ قارايدۇ. كاسانى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

مۇھەممەد (ر.ئە) ئەلجامىئۇسسەغىر (ناملىق كىتابى)دا: «ئوغۇل بالا ئۈچۈنمۇ، قىز بالا ئۈچۈنمۇ ئەقىقە قىلىنمايدۇ» دېدى ۋە ئەقىقە قىلىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ دەلىلى مۇنداق: ئەقىقە نەپلە ئەمەل ئىدى، بىر ئىشنىڭ نەپلىلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا مەكرۇھلۇقى مۇئەييەنلىشىدۇ[585].

### مالىكىيلار مۇنداق دەيدۇ:

ئەقىقە قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىلىدىن بولۇپ كەلگەن مۇستەھەپ ئىشتۇر. ئۇ پەرزمۇ ئەمەستۇر، مۇھىم سۈننەتمۇ ئەمەستۇر. لېكىن ئۇنى قىلىش مۇستەھەپ (ياخشى) بولىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ قىزى فاتىمە (ر.ئە)نىڭ ئىككى ئوغلى ھەسەن ۋە ھۈسەين ئۈچۈن ئەقىقە بېرىلگەن. ئەقىقە قىلىنىدىغان مالنىڭ قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان مال بولۇشى لازىم، كور،

584 ئالائۇددىن ئەبۇ بەكر ئىبنى مەسئۇد ئىبنى ئەھمەد ئەلكاسانى ئەلھەنەفىي (ۋاپاتى: 578 ھ)، بەدائىئۇسسانائىئ في تەرتىيبىششەرائىئ 5، 69.

585 كاسانى، بەدائىئ 69/5، 127.

توكۇر، قوتۇر، مۈڭگۈزى سۇنۇق ياكى كېسەك مالنى ئەقىقە قىلىشقا بولمايدۇ. يۈڭى قىرقىلمايدۇ، تېرىسى سېتىلمايدۇ، گۆشىدىن ھېچ نەرسە سېتىلمايدۇ. ئەقىقىنى بوغۇزلاش ۋاقتى قۇربانلىقنى بوغۇزلاش ۋاقتىدۇر، يەنى بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنىنىڭ چاشگاھ ۋاقتىدۇر. بالا قىز بولسۇن، ئوغۇل بولسۇن پەرقى يوق، ھەر بىرى ئۈچۈن بىر ئەقىقە قىلىنىدۇ. ئەگەر بالا قوشكېزەك بولسا، ھەر بالا ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم بىردىن ئەقىقە قىلىش كېرەك[586].

ئەقىقىنىڭ گۆشىدىن ئۆي ئەھلى، قوشنىلار، بايلار ۋە پېقىرلەر يېسە بولىدۇ. ئىنسانلارغا سۇنۇشقا بولىدۇ. يەنى ئەقىقىنىڭ گۆشىنى خۇددى قۇربانلىقنىڭ گۆشىگە ئوخشاش خالىغانىنى يېيىشكە، خالىغانىنى سەدىقە قىلىشقا، خالىغانىنى باشقىلارغا سۇنۇشقا بولىدۇ. ئەقىقە قىلغان ئۆيگە باشقىلارنى چاقىرىپ يېگۈزۈشتىن گۆشنى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بېرىش ياخشىدۇر[587].

**شافىئىيلار بىلەن ھەنبەلىيلەر مۇنداق دەيدۇ:**

ئەقىقە سۈننەتتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر (ئە.س) ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ئۈچۈن ئەقىقە قىلغان. ئەقىقە پەرز ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەر (ئە.س) ئۇنىڭ توغرىسىدا سورالغاندا: «مەن ئۇقۇق (مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش)نى ياخشى كۆرمەيمەن. بىر كىشىنىڭ بالىسى تۇغۇلسا ۋە بالىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنى خالىسا قۇربانلىق قىلسۇن» دېگەن. رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ بۇ ئىشنى بالىسى تۇغۇلغان كىشىنىڭ خاھىشىغا قويۇشى ئۇنىڭ پەرز ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

سۈننەت ئوغۇل بالىغا ئىككى قوي، قىز بالىغا بىر قوي ئەقىقە قىلىشتۇر. چۈنكى ئۇممۇ كۇرزنىڭ ئېيتىشىچە رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئوغۇل بالىغا ئوخشاش ئىككى قوي، قىز بالىغا بىر قوي» دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەقىقە تۇغۇلغان بالىغا سۆيۈنگەنلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. ئوغۇل بالىغا سۆيۈنۈش كۈچلۈك بولىدۇ، شۇڭا ئوغۇل بالا ئۈچۈن مال سويۇشمۇ كۆپ بولىدۇ. ئوغۇلغا بىر قوي، قىزغا بىر قوي سويۇشمۇ جايىز بولىدۇ، چۈنكى ئىبنى ئابباس (ر.ئە)

586 ئەبۇ ئابدۇللاھ مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك ئىبنى ئامىر ئەلئەسبەھى ئەلمەدەنى (ۋاپاتى: 179 ھ)، مۇدەۋۋەنە، 1/554.

587 ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەلمالىكى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد (ۋاپاتى: 1299 ھ)، مىنەھۇل جەلىل شەرھۇ مۇختەسەر خەلىل 106/2.

نىڭ ئېيتىشىچە رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ئۈچۈن بىردىن قوچقار ئەقىقە قىلغان[588].

ئەقىقىدە قۇربانلىقتا تەلەپ قىلىنىدىغان شەرتلەر تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەقىقىنىڭ گۆشى قۇربانلىقنىڭ گۆشىگە ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىنىدۇ: ئۆي ئىگىسى يەيدۇ، يېقىن يورۇقلىرىغا يېگۈزىدۇ ۋە سەدىقە قىلىدۇ[589].

**خۇلاسە:**

ئەقىقە قىلىش بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قادىر بولالىغان ئاتىنىڭ قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان مالدىن بىرنى سويۇشىدۇر. گۆشىنى ئائىلىسى ۋە يېقىن-يورۇقلىرى يىغىلىپ يەيدۇ، باشقىلارغا سۇنىدۇ ۋە سەدىقە قىلىدۇ.

ئەقىقە قىلىشنىڭ ھۆكمى يۇقىرى بولغاندا سۈننەتتۇر، خالىغان ئاتىلار شۇ كۈنى قىلسا ياخشى بولىدۇ، خالىغان ئاتىلار قىلمىسا يامان بولمايدۇ. تۆۋەن بولغاندا مەكرۇھتۇر، قىلماسلىق ياخشىدۇر.

## ج)- چېچىنى چۈشۈرۈش

بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى چېچىنى چۈشۈرۈش ياخشى بولىدۇ. «ئەقىقە» مەسىلىسىدە زىكىر قىلىنغان ھەدىسلەر بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

## چ)- خەتنە قىلىش

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «بەش تۈرلۈك ئىش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ» دېگەن ۋە خەتنە قىلىشنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا سانىغان[590].

## خ)- مېھىر-شەپقەت بىلەن بېقىش

588 ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ئەلى ئىبنى يۇسۇف ئەششىرازى (ۋاپاتى: 476 ھ)، ئەلمۇھەززەب في فىقھىل ئىمامى شافئىي 438/1؛ ئەبۇ مۇھەممەد مۇۋەففەقۇددىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى قۇدامە ئەلجەمائىلى ئەلمەقدىسى ئەددەمەشقى ئەلھەنبەلى (ۋاپاتى: 620 ھ)، ئەلكافى في فىقھىل ئىمام ئەھمەد 546/1؛ ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن ئەسسەلمان (ۋاپاتى: 1422 ھ)، ئەلئەسئىلەتۇ ۋەلئەجۋىبەتۇلفىقھىييەتۇ 35/3.

589 ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ئەلى ئىبنى يۇسۇف شىرازى (ۋاپاتى: 476 ھ)، ئەلمۇھەززەب فى فىقھىل ئىمامى شافئى، 1- باسمىسى، 1412ھ/1992 م، دارۇلقەلەم، بېيرۇت، 2-جىلد، 743- بەت؛ ئىبنى قۇدامە، مۇغنى، 124/11-125.

590 بۇخارى، سەھىھ، لىباس 63، 64، ئىستىئزان 51؛ مۇسلىم، تاھارەت 39؛ مۇۋەتتا، سىفاتۇننەبىي 3؛ تىرمىزى، ئەدەب 14؛ ئەبۇداۋۇد، تەرەججۇل 16؛ نەسائى، تاھارەت 10، 11.

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س) ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەننى سۆيگەنىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ يېنىدا ئەقرە ئىبنى ھابىس ئولتۇراتتى. ئەقرە: «مېنىڭ ئون بالام بار، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى سۆيگەن ئەمەسمەن» دېدى. پەيغەمبەر (ئە.س) ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن: «مەرھەمەت قىلمىغان ئادەمگە مەرھەمەت قىلىنمايدۇ» دېدى[591].

**د)ـ قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىش ۋە بەزى سۇرىلەرنى يادلىتىش**

بالا ئەقىل تېپىشقا باشلىغاندىن تارتىپ قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىشقا تىرىشىش، نەتىجىدە ئۇنى تەجۋىد قائىدىلىرى بويىچە قۇرئان ئوقۇيالايدىغان قىلىش لازىم، پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلىرىڭلاردۇر»[592].

ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا ئەمىر قىلىنىدۇ، ئۇ چاغقىچە بالىغا قۇرئان ساۋادىنى چىقارغاننىڭ سىرتىدا ھېچبولمىغاندا قىسقا سۇرىلەردىن بىرقانچىنى، نامازدا ئوقۇلىدىغان زىكىر، تەسبىھ، دۇئا ۋە دۇرۇت... لارنى يادلىتىش كېرەك.

**ر)ـ ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش**

يەتتە يېشىدا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىش ۋە ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش، مەسچىت ـ جامەلەرگە ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت سورۇنلىرىغا بىللە ئاپىرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا لَا نَسْأَلُكَ رِزْقًا نَّحْنُ نَرْزُقُكَ وَالْعَاقِبَةُ لِلتَّقْوَى﴾

«ئائىلەڭنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغىن»ـ تاھا 132/20.

بۇ ئايەت بالىنى ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا دالالەت قىلىش بىلەن بىرگە، بالا ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسا كۈيپايىلىنىپ تۇرماسلىق، بەلكىدە

---

591 بۇخارى، سەھىھ، ئەدەب 5997؛ مۇسلىم، سەھىھ، فەزائىل 65 ـ (2318)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەدەب 5218؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەبۋابۇل بىررى ۋەسسىلە 1911.

592 بۇخارى، سەھىھ، فەزائىلۇل قۇرئان 21؛ تىرمىزى، فەزائىلۇل قۇرئان 15؛ ئەبۇ داۋۇد، سالات 249؛ ئىبنى ماجە، مۇقەددىمە 16.

ئۇنىڭغا ئىبادەتتە ۋە ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىگىمۇ دالالەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ: «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلار»[593] دېگەن مەزمۇندىكى سۆزى بۇ ئىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەزرىتى لوقمان بۇ توغرىدا بالىسىغا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئوقۇغىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن ۋە يامانلىقتىن توسقىن»[594].

### ز)- روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈش

يەنە يەتتە يېشىدا روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرۈش، زولۇققا ئويغىتىپ داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ زولۇق يېگۈزۈش، كۈندۈزى كۈچى يەتكەن يەرگىچە روزا تۇتقۇزۇش، ئەگەر پۈتۈن بىر كۈن روزا تۇتۇشقا كۈچى يېتىدىغانلىقى بايقالسا كۈن بويى روزا تۇتۇشقا زورلاش. چۈنكى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش دىنىمىزنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى. بۇ بالاغەتكە يەتكەن ھەر مۇسۇلمانغا پەرز. بالىنىڭ بۇ پەرزنى بالاغەتكە يەتكەندە ئوبدان ئورۇندىيالىشى ئۈچۈن بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى ئادەتلىنىشى ياخشى. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپلا بۇ پەرزنى ئادا قىلىشقا كۆندۈرۈشى كېرەك.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئەۋۋىزنىڭ قىزى رۇبەييىئ (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئاشۇرا كۈنى ئەتىگەن مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەنسار كەنتلىرىگە مۇنۇ خەۋەرنى يوللىدى: «كىم روزا تۇتۇپ تاڭ ئاتقۇزغان بولسا روزىسىنى تاماملىسۇن، كىم روزا تۇتماي تاڭ ئاتقۇزغان بولسا كۈنىنىڭ قالغان قىسمىنى تۇتسۇن».

رۇبەييىئ ئېيتىدۇ: بىز ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتاتتۇق، كىچىك بالىلىرىمىزنىمۇ تۇتقۇزاتتۇق. روزىدار بالىلىرىمىزغا يۇڭدىن ئويۇنچۇق قىلىپ بېرەتتۇق. ئۇلارنىڭ بىرى تاماق دەپ يىغلىسا ئىپتار ۋاقتى بولغۇچە ئۇنىڭغا بۇ ئويۇنچۇقنى بېرەتتۇق[595].

---

593 ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 495.

594 لۇقمان 17/31.

595 بۇخارى، سەھىھ، سەۋم 1960؛ مۇسلىم، سەھىھ، سىيام 21، 136 ـ (1136).

### ژ)- ياخشى ئۈلگە بولۇش

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئۆي ئىچىدە ۋە سىرتتا ياخشى ئۈلگە بولۇش كېرەك. پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلى توختايدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەمەلىنىڭ ساۋابى توختىماي نامۇئەمالىغا يېزىلىپ تۇرىدۇ: بىرىنچى، ساۋابى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان سەدىقە. ئىككىنچى، ئەلگە پايدىلىق ئىلىم. ئۈچىنچى، ئارقىسىدىن ئاتا-ئانىسى ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى بالا»[596].

بالىنىڭ «ياخشى بالا» بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇنجى ئۇستازى ھېسابلىنىدىغان ئاتا-ئانىسى يامان تەسىر بەرمەسلىكى، ھەر دائىم ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە بولۇشى لازىم.

### س)- ئائىلىۋى ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىش

ئاتا-ئانا بالىغا ئۆيگە كىرگەندە ئىشىكنى چېكىپ رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن كىرىشنى، كىرىپلا ئۆيدىكىلەرگە سالام بېرىشنى ئۆگىتىشى ۋە بۇ توغرىدا بالىغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك[597]. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَى أَهْلِهَا ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئۆز ئۆيلىرىڭلاردىن باشقا ئۆيلەرگە ئۆزلىرىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ، ئىجازەت ئالماستىن ۋە ئۆي ئەھلىگە سالام بەرمەستىن كىرمەڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. بۇ نەسىھەتنى ئېسىڭلاردا تۇتۇپ ئەمەل قىلغايسىلەر!»- نۇر 27/24.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِيَسْتَأْذِنكُمُ الَّذِينَ مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ وَالَّذِينَ لَمْ يَبْلُغُوا الْحُلُمَ مِنكُمْ ثَلَاثَ مَرَّاتٍ مِن قَبْلِ صَلَاةِ الْفَجْرِ وَحِينَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُم مِّنَ الظَّهِيرَةِ وَمِن بَعْدِ صَلَاةِ الْعِشَاء ثَلَاثُ عَوْرَاتٍ لَّكُمْ لَيْسَ عَلَيْكُمْ وَلَا عَلَيْهِمْ جُنَاحٌ بَعْدَهُنَّ طَوَّافُونَ عَلَيْكُم بَعْضُكُمْ عَلَى بَعْضٍ كَذَلِكَ

---

596 مۇسلىم، سەھىھ، ۋەسىيەت 14 (1631)؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەھكام 1297. نەسائى، سۇنەن، ۋەسايا 3591. ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ۋەسايا 2494.

597 نۇر سۈرىسىنىڭ 27- ۋە 58-61 ئايەتلىرى بۇنى كۆرسىتىدۇ.

يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمُ الْآيَاتِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ. وَإِذَا بَلَغَ الْأَطْفَالُ مِنكُمُ الْحُلُمَ فَلْيَسْتَأْذِنُوا كَمَا اسْتَأْذَنَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمْ آيَاتِهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾

«ئى مۆئمىنلار! قۇللىرىڭلار، دېدەكلىرىڭلار ۋە تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلىرىڭلار مۇنۇ ئۈچ ۋاقىتتا يېنىڭلارغا كىرمەكچى بولسا سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن: بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى، چۈشلۈك ئىستىراھەت ئۈچۈن كىيىملىرىڭلارنى سالىدىغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن. بۇ ئۈچ ۋاقىت، ئەۋرەتلىرىڭلار[598] ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتلاردۇر. بۇلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇلار يېنىڭلارغا ئىجازەتسىز كىرسە سىلەرگىمۇ ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار يېنىڭلارغا كۆپ كىرىپ-چىقىدىغانلاردۇر. سىلەر بىر-بىرىڭلارنىڭ يېنىغا كىرىپ-چىقىپ تۇرىسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ. ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە يېنىڭلارغا كىرىش ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەر ئىجازەت سورىغاندەك ئىجازەت سورىسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ. ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». نۇر 24/58-59.

**ش)- ئوقۇتۇش**

بالا ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە مەكتەپكە بېرىش، ئوقۇش لازىمەتلىكلىرىنى تولۇق قىلىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ دەسلەپتە نازىل بولغان ئايىتى ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ ۋە نۇرغۇنلىغان ئايەتلىرى[599] ئىلىمنىڭ بەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئالىملارنىڭ دەرىجىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر (ئە.س): «ئىلىم تەلەپ قىلىش ئەر-ئايال بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرز» دېگەن[600].

بۇنىڭغا ئاساسەن ئاتا-ئانىلارنىڭ، بالىلىرىنى ئوقۇتۇشى، ئوقۇش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تولۇق قىلىپ بېرىشى، بالىلىرىنىڭ ئىلىملىك، ياراملىق ئادەم بولۇشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىشى لازىم.

598 ئالدى ۋە ئارقاڭلار.

599 بەقەرە 2/247، ئال ئىمران 3/7، نىسا 4/162، ئەنكەبۇت 29/49، سەبەئ 34/6، فاتىر 35/28، زۇمەر 39/9، مۇجادەلە 5/11.

600 ئىبنى ماجە، سۈنەن، 17 ئىفتىتاھۇل كىتاب 17/ 224.

### غ)- باللارنى تەڭ كۆرۈش

نۇئمان ئىبنى بەشىر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاتىسى ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: «مەن بۇ ئوغلۇمغا مېنىڭ خىزمەتكارىمنى بېرىۋەتتىم» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «سەن باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق خىزمەتكار بەردىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ: «ياق»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى قايتۇرۇۋالغىن» دېدى.

بۇ ھەقتىكى پەرقلىق رىۋايەتلەر:

«ئاللاھتىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار»،

- «ئى بەشىر! بۇنىڭدىن باشقا باللىرىڭ بارمۇ؟»

- «ھەئە»

- «ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق بەردىڭمۇ؟»

- «ياق»

- «ئۇنداقتا مېنى گۇۋاھلىققا تارتمىغىن، چۈنكى مەن زۇلۇمغا گۇۋاھ بولمايمەن».

- «باشقا ئادەمنى گۇۋاھ قىلغىن»

- «باللىرىڭنىڭ ھەممىسىنىڭ ساڭا ئوخشاش ياخشىلىق قىلىشىدىن خۇشال بولامسەن؟»

- «شۇنداق»

- «ئۇنداقتا سەنمۇ ئۇلارنى باراۋەر كۆرگىن»[601].

### ف)- ئومۇمي ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ﴾

601 بۇخارى، سەھىھ، ھىبە 2586، 2587، شاھادات 2650؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھىبات 3.

«سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر، يامانلىقتىن توسىسىلەر، ئاللاھقا ئىشىنىسىلەر»- ئال ئىمران 110/3.

رەسۇلۇللاھنىڭ تەربىيەسىدە بولغان ئۆمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە (ر.ئە) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ تەربىيەسىدىكى بالا ئىدىم. تاماق يەۋاتقان چاغدا قولۇم لىگەندە چېپىپ يۈرەتتى. رەسۇلۇللاھ (ئە.س): «ئى بالا! بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن، ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن» دېگەن. شۇنىڭدىن بۇيان تاماق يېيىش ئۇسۇلۇم ھەر دائىم رەسۇلۇللاھ دېگەندەك بولۇپ كەلدى[602].

**ق)- ئەقىدە توغرىسىدا ئالاھىدە تەربىيە بېرىش**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾**

«ئۆز ۋاقتىدا لۇقمان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، مۇنداق دېگەن: ئى ئوغۇلچىقىم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمە، چۈنكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ناھايىتى چوڭ زۇلۇمدۇر»- لۇقمان13/31.

**﴿يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِن تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ فَتَكُن فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِي الْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ﴾**

«ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ بىر دانە قىچا چاغلىق بولۇپ، ئۇ بىر تاشنىڭ ئىچىدە ياكى ئاسمانلاردا ۋە ياكى يەر ئاستىدا بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىپ سەندىن ھېسابىنى ئالىدۇ. ئاللاھ ئىنچىكىلەپ كۆزەتكۈچىدۇر، تولۇق خەۋەرداردۇر»- لۇقمان 16/31.

بىر ئىنساننىڭ ئەمەل-ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەقىدىسىنىڭ توغرا بولۇشى شەرت[603]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ ئاللاھنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچىسى، باققۇچىسى

602 بۇخارى، سەھىھ، ئەتئىمە 5376؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئەشرىبە 13، 108 - (2022).

603 نىسا سۈرىسىنىڭ 124- ئايىتى، نەھل سۈرىسىنىڭ 97- ئايىتى، ئىسرا سۈرىسىنىڭ 19- ئايىتى، تاھا سۈرىسىنىڭ 112- ئايىتى، ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ 94- ئايىتى ۋە غافىر سۈرىسىنىڭ 40- ئايىتى قاتارلىق ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى بۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ.

ۋە باشقۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى، چەكسىز قۇدرەت ۋە مۇتلەق ھاكىمىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئىبادىتىگە لايىق بولۇشتا يالغۇز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە ئائىلەڭلەرنى دوزاختىن ساقلاڭلار». تەھرىم 6/66.

بالا-چاقىنى دوزاختىن ساقلاش ئۇلارغا توغرا ئەقىدە ئۆگىتىش بىلەن بولىدۇ. شېرىك ئەقىدىسى بىلەن ئۆلگەنلەرنى ئاللاھ ھەرگىزمۇ ئەپۇ قىلمايدۇ[604]. شۇڭا ھەزرىتى لوقمان ئوغلىغا ئالدى بىلەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ناھايىتى چوڭ زۇلۇم ئىكەنلىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى كىچىك باللار چۈشىنەلەيدىغان بىر مىسال بىلەن ئۇقتۇرىدۇ.

**ك)- باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىش**

بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1- ئۆز ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىتىش، ئاتا-ئانىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى ۋە بۇ ھەقلەرنى ئادا قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇتۇش[605]. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

604 نىسا سۈرىسىنىڭ 48- ۋە 116- ئايەتلىرى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

605 بۇ توغرىدىكى ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈستىدە تۆۋەندىكى ھەقلىرىنىڭ بارلىقى چىقىدۇ: 1- ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش، 2- ئۇلارنى كىچىككىنە بىر سۆز ياكى ئاددىي بىر ھەرىكەت بىلەن بولسىمۇ رەنجىتمەسلىك، 3- ئۇلارنى ئازارلىماسلىق، يەنى ئۇلارغا ۋارقىراش ياكى قوپال گەپ-سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق، 4- ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەمتەر بولۇش، 5- ئۇلارغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىش، 6- ئۇلارغا رەھمەت ۋە تەشەككۇر ئېيتىش، يەنى ئۇلاردىن مىننەتدار ئىكەنلىكىمىزنى سۆز-ھەرىكەتلىرىمىز بىلەن ھەر دائىم ئىپادىلەپ تۇرۇش، 7- ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش؛ ئەسكەرتىش: ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ، پەقەت ئۇلار بۇيرۇغان ئىشنىڭ دىنىمىزدا گۇناھ ھېسابلانماسلىقى لازىم. 8- باشقىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللىماسلىق، سۆكمەسلىك ۋە ھاقارەت قىلماسلىق. 9- ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش، يەنى ئۇلار مەيلى ھايات بولسۇن مەيلى ھايات بولمىسۇن ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش. 10- ئۇلارنىڭ قەرزى بولسا تۆلەپ قويۇش. 11 ئۇلارنىڭ دوست-يارەنلىرىگە ياخشىلىق قىلىپ تۇرۇش.

**﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاَهُمَا فَلاَ تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلاَ تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلاً كَرِيمًا. وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾**

«رەببىڭ مۇنداق ھۆكۈم قىلدى: ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلماڭلار. ئاتا- ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. ئەگەر ئاتا-ئاناڭنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ يېنىڭدا قېرىپ قالسا، ئۇلارغا: ‹ئۇف!›[606] دېگەن سۆزنىمۇ قىلما. ئۇلارغا ئازار بەرمە، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىل. ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىبان ۋە كەمتەر بول، ئۇلار ئۈچۈن مۇنداق دەپ دۇئا قىل: ‹رەببىم! ئاتا- ئانام مېنى كىچىكىمدە تەربىيەلىگەندەك سەن ئۇلارغا مەرھەمەت قىل!›.»- ئىسرا 23/17-24.

**﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ﴾**

«بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئانىسى ئۇنى قورسىقىدا قاتمۇقات ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى ۋە ئىككى يىل ئېمىتتى. ئى ئىنسان! ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىل. ئاخىرى كېلىپ ماڭا ھېساب بېرىسەن»- لۇقمان 14/31.

2- ئىنسانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنى ئۆگىتىش.

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىغا بۇ توغرىدىمۇ نەسىھەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ. وَاقْصِدْ فِي مَشْيِكَ وَاغْضُضْ مِن صَوْتِكَ إِنَّ أَنكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيرِ﴾**

«ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ ئىنسانلارنى كەمسىتمە، زېمىندا غادىيىپ ماڭما، ئاللاھ ھاكاۋۇرلارنى ۋە مەنمەنچىلەرنى ھەرگىزمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. تەبىئىي ماڭغىن، ئاۋازىڭنى بىرئاز پەسەيتكىن، چۈنكى ئەڭ يامان ئاۋاز ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر»- لۇقمان 18/31-19.

---

606 ئۇف دېگەن سۆز زېرىككەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

### گ)ـ دۇنيانىڭ ماھىيىتى چۈشەندۈرۈش

نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ راھەت-پاراغەت ئىچىدە چوڭ بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەتتا ئۆزلىرى قىيىنچىلىق تارتسىمۇ بالىلىرىغا سەزدۈرمەي ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل بالىلار، دۇنيا ھاياتىنى راھەت-پاراغەت، باياشاتچىلىق، ئويۇن-تاماشا دەپ چۈشىنىدۇ ۋە بۇ چۈشەنچە ئىچىدە چوڭ بولىدۇ. بۇ ئاتا-ئانىلار: «بىز بالىلىرىمىزنى ئوبدان باقتۇق» دەپ ئويلايدۇ، لېكىن بۇنداق بالىلار ئاتا-ئانىسىدىن قالسا نېمە ئىش قىلىشلىرىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالىدۇ، ئۆزى كەسىپ قىلىپ تۇرمۇشىنى قامداشنى بىلمەيدۇ، ئاتا-ئانىسىدىن قالغىنى تۈگەيدۇ، نەتىجىدە جەمئىيەتتە قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشايدىغان نۇرغۇن «بايۋەچچە» لەر پەيدا بولىدۇ. دېمەك، بالىلارنى ماددىي جەھەتتىن بېقىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ تەربىيەلەش كېرەك.

دىنىمىز ئاتا-ئانىلاردىن بالىلىرىغا دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى ۋە كېلەچەك ئەھۋالىنى تونۇتۇشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىپ دۇنيانىڭ ئۇلارغا قالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تايىنىشلىرىنىڭ لازىملىقىنى ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لۇقمان ئوغلىغا بۇ توغرىدىمۇ نەسىھەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾

«ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئوقۇغىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن ۋە بېشىڭغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغىن. مانا بۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر».ـ لۇقمان 17/31.

ھەزرىتى لۇقمان بۇ يەردە ئوغلىنى نامازنى ئۈزلۈكسىز ئوقۇشقا يەنى ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئىبادىتىنى تولۇق، داۋاملىق ۋە تەلەپكە لايىق ئورۇنداشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشقا يەنى جەمئىيەتكە ئارىلىششقا، شۇنداقلا توغرىنى تەشۋىق قىلىپ خاتاغا قارشى تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىشقا يەنى جەمئىيەتتە ھەققانىيەتچى ۋە دادىل بىر كىشى بولۇپ ھايات كەچۈرۈشىنىڭ بەدىلىنى تۆلەشكە ۋە ئەسلا بۇ يولدىن قايتماسلىققا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭدەك، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ

دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاتىسىز قالىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە تايىنىشىنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ.

ھەزرىتى لۇقماننىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنىڭ قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنىشى قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرگەن بارلىق مۇئمىنلارنىڭ باللىرىغا شۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ڭ)ـ دائىم كۆز ـ قۇلاق بولۇش**

ئاتا ـ ئانا باللىرى چوڭ بولۇپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىنمۇ ھەر دائىم ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، نەسىھەت قىلىشى ۋە يول كۆرسىتىشى لازىم. چۈنكى مۇسۇلمانىنىڭ باشقىلارنى، بولۇپمۇ ئۆز يېقىنلىرىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ۋە ھەقنى تەۋسىيە قىلىش ۋەزىپىسى بار[607]. ئىبراھىم ۋە يەئقۇب (ئە.س) بۇ ھەقتە ئاتا ـ ئانىلارغا ئۈلگە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَوَصَّى بِهَا إِبْرَاهِيمُ بَنِيهِ وَيَعْقُوبُ يَا بَنِيَّ إِنَّ اللّهَ اصْطَفَى لَكُمُ الدِّينَ فَلاَ تَمُوتُنَّ إَلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ﴾

«بۇ دىننى ئىبراھىم ئۆز باللىرىغا ۋەسىيەت قىلدى، يەئقۇبمۇ شۇنداق قىلدى، ئۇلار: ‹ئى باللىرىم! ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن بۇ دىننى تاللىدى. ئاخىرقى نەپەسىڭلارغا قەدەر مۇسۇلمان بولۇڭلار!› دېدى»ـ بەقەرە 132/2.

**خۇلاسە**

بالىنى پەقەت يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ بىسات ۋە دورا ـ دەرمان...لار بىلەن تەمىنلەشلا ئۇنى تەربىيەلىگەنلىك بولمايدۇ، بەلكىدە تەربىيە بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۇنى دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر تەرەپتىن بېقىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ ئىمان شەرتلىرىنى، ئىسلام ئاساسلىرىنى، ئىبادەت ئۇسۇللىرىنى، ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ۋە مۇئامىلە قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش، ئۇنىڭغا ياخشى ئۈلگە بولۇش، قايسى ئىبادەتكە كۈچى

607 ئال ئىمران 104/3، 110، تەۋبە 71/9، 112، سۈرە ئەسر (103ـ سۈرە).

يەتسە شۇنى قىلدۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي تەرەپلىرىنى ئوخشاشلا ئۆستۈرۈش، يېتىلدۈرۈش، كامالەتكە يەتكۈزۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

# بىدئەت ۋە خۇراپاتلار

## ئا- پال

پالچىلىق بەزى ئۇسۇللار بىلەن كەلگۈسىدە بولىدىغان بەزى ھادىسىلەرنى ئالدىن ئېيتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، مۇھەممەد (ئە.س) پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن، جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ ئىچىدە ئومۇملاشقان ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا پالچى ۋە رەمچىلەرنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارى بار ئىدى، ئىنسانلار مۇشكۇللىرىنى ئاسان قىلىش ئۈچۈن ۋە مۇھىم مەسىلىلىرى توغرۇلۇق مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ پال باقتۇراتتى.

ئىسلام كېلىپ، بۇ شېرىك ئېتىقادقا كەسكىن قارشى تۇردى، پال باققۇچى ۋە باقتۇرغۇچىنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلدى: پال بېقىش، پال باقتۇرۇش ئاللاھتىن غەيرىيگە تايانغانلىق ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا شېرىك. پال باققۇچى ۋە باقتۇرغۇچىلارغا مۇشرىك دەپ ھۆكۈم قىلدى. چۈنكى پالچىلىق قىلغانلار غەيبنى بىلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان كىشىلەردۇر، شۇنداقلا كاپىرلاردۇر. قۇرئان كەرىمدە غەيبنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، غەيبنى مۇھەممەد (ئە.س)مۇ بىلمەيدۇ، باشقىلار تېخىمۇ بىلمەيدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مۇناسىۋەتلىك بىر ئايەت مۇنداق:

**﴿قُل لاَّ أَقُولُ لَكُمْ عِندِي خَزَآئِنُ اللّهِ وَلا أَعْلَمُ الْغَيْبَ وَلا أَقُولُ لَكُمْ إِنِّي مَلَكٌ إِنْ أَتَّبِعُ إِلاَّ مَا يُوحَى إِلَيَّ قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الأَعْمَى وَالْبَصِيرُ أَفَلاَ تَتَفَكَّرُونَ﴾**

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: ‹مەن سىلەرگە، مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار دېمەيمەن، مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن، سىلەرگە، مەن بولسام ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن›»- ئەنئام 50/6.

بۇ توغرىدا خالىغانلار ئەنئام 59/6، 73؛ ئەئراف 188/7؛ يۇنۇس 20/10؛ ھۇد 31/11؛ سەبەئ 3/34- قاتارلىق ئايەتلەرگە قارىسا بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پالچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلايدىكەن مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا كاپىر بولغان بولىدۇ»[608].

### ئە- كۆز تېگىش

كۆز بىلەن ھەسەت بىر-بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بولغان ئىككى ئاتالغۇ بولۇپ، بىرىنىڭ يېنىدا يەنە بىرىمۇ زىكىر قىلىنىدۇ ياكى بىرى زىكىر قىلىنسا يەنە بىرى ئەسكە كېلىدۇ. چۈنكى كۆز قەلبنىڭ ئەڭ مۇھىم قورالىدۇر. مەسىلەن: كۆزى، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەردە بىر نېمەتنى كۆرگەن شەخسنىڭ قەلبى ئۇلارغا ھەسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەخسنىڭ قاراشلىرى غەزەپلىك ھومىيىشلارغا ئۆزگىرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆزلىرى قەلبىدە يوشۇرۇلغان ھەسەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ھەسەت بەزەن ھەسەت قىلىنغۇچىغا يامانلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار: «غەزەپلىك قاراش قارالغان كىشىگە تەسىر قىلىدۇ (يەنى كۆز تېگىدۇ، كۆز تېگىش بار)» دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ بۇ توغرىدىكى كۆزقارىشىمىز مۇنداق:

كۆز تېگىشنىڭ ئاساسى يوق، ئۇ بىر خۇراپات بولۇپ، كۆز تېگىش ئەسلىدە ھەسەتتىن ئىبارەتتۇر. كۆز تېگىش ھەققىدىكى ھەدىسلەر ئىككى نۇقتىدىن كۆزنىڭ ھەسەتتىكى رولىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى شۇكى، كۆز قەلبنىڭ ئەلچىسى ۋە قورالىدۇر. ھەسەت، بىراۋدىكى نېمەتنى تونۇغاندىن كېيىن قەلبتە ھاسىل بولىدىغان چىدىماسلىق تۇيغۇسىدۇر. كۆز بۇ تونۇشنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىسىدۇر. ئىككىنچىسى ھەسەتنىڭ تەسىرى كۆزدە ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئارىسىدا ھەسەت قىلىش كۆز تېگىش بىلەن ئىپادىلەنگەن. چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك زىچ مۇناسىۋەت بار.

ھەر مۇسۇلمان كائىناتتا ئاللاھتىن باشقا تەسىر قىلغۇچىنىڭ يوقلىقىغا ئىشىنىدۇ، يەنى پايدا-زىيان ئاللاھتىن بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ بىكىتىپ قويغان قانۇن ۋە بەلگىلەپ قويغان يول بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا زىيان

608 ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى (ۋاپاتى: 204 ھ)، مۇسنەد، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (ر.ئە) رىۋايەتلىرى 381؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تىب 3904؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 15/331.

كېلىش ئۈچۈن بىكىتىپ قويغان قانۇنلارنىڭ ۋە بەلگىلەپ قويغان يوللارنىڭ ئىچىدە يامان كۆز بىلەن قاراش يوق.

ئەسلىدە كۆز تېگىشكە ئىشىنىش باشقا دىنلاردىن سىڭىپ كىرگەن بىر ئېتىقاد بولۇپ ئۇنىڭ، مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتۇر. كۆز تېگىشكە ئىشىنىش پىرىنسىپى دەلىل، ئىسپات، پاكىت ۋە ھۆججەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئىلىمگە، تەپەككۇرغا ۋە چۈشىنىشكە چاقىرىدىغان ئىسلامنىڭ مەنتىقى بىلەن قارىمۇقارشى كېلىدۇ. بىز بۇ تەتقىقاتىمىزدا ئالدى بىلەن كۆز تېگىدۇ، دەپ قارىغۇچىلارنىڭ دەلىللىرىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز، ئاندىن كۆز تېگىشنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى دەلىللىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## 1ـ كۆز تېگىشكە دەلىل قىلىنغان ئايەتلەر:

**﴿وَإِن يَكَادُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَيُزْلِقُونَكَ بِأَبْصَارِهِمْ لَمَّا سَمِعُوا الذِّكْرَ وَيَقُولُونَ إِنَّهُ لَمَجْنُونٌ﴾**

«كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا سېنى كۆزلىرى بىلەن يىقىتىۋەتكىلى تاس قالىدۇ ۋە سېنىڭ ھەققىدە: ‹ئۇ ھەقىقەتەن جىن چاپلىشۋالغان ئادەمدۇر› دېيدۇ»ـ قەلەم 51/68.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: كاپىرلار رەسۇلۇللاھ (ئە.س)غا قاتتىق غەزەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نەپرەت كۆزلىرى بىلەن قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ پۇتلىرىنى تېيىلدۇرۇپ يىقىتىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. لېكىن يىقىتىۋېتەلمەيدۇ.

بۇ ئايەت كۆز تېگىشكە دالالەت قىلمايدۇ. ئەگەر كۆپچىلىك ئۆلىمالار دېگەندەك كۆز تېگىش دەيدىغان ئىش مەۋجۇت بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھقا ئۇ كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى تېگىپ يىقىلغان، ھەتتا كېسەل بولۇپ يېتىپ كەتكەن بولاتتى. ئىشىنىڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھقا كاپىرلارنىڭ يامان كۆزلىرىنىڭ تەگمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى كۆز تېگىدىغانلىققا دەلىل قىلىدۇ.

ئەسلىدە بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا قاتتىق ھەسەت قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بۇ ھەسەتنىڭ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇنى مۇنۇ ئايەتمۇ تەكىتلەيدۇ:

﴿وَإِنْ كَادُوا لَيَفْتِنُونَكَ عَنِ الَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ لِتَفْتَرِيَ عَلَيْنَا غَيْرَهُ وَإِذًا لَاتَّخَذُوكَ خَلِيلًا. وَلَوْلَا أَنْ ثَبَّتْنَاكَ لَقَدْ كِدْتَ تَرْكَنُ إِلَيْهِمْ شَيْئًا قَلِيلًا﴾

«ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلار، قۇرئاندىن غەيرىينى ئويدۇرۇپ بىزگە چاپلىشىڭ ئۈچۈن سېنى قۇرئاندىن ئايرىۋېتىشقا تاس قالدى. ئۇلار ئۇ تەقدىردىلا سېنى دوست تۇتاتتى. ئەگەر بىز سېنى ئىرادىلىك ۋە چىدامىلىق قىلمىغان بولساق، ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدىڭ». ئىسرا 73/17ـ74.

بۇ ئىككى ئايەتنى بىرلىكتە مۇلاھىزە قىلساق ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿لَيُزْلِقُونَكَ بِأَبْصَارِهِمْ (سېنى كۆزلىرى بىلەن يىقىتىۋەتكىلى)﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيمىز. ئەرەبچىدە بۇ سۆز ئىشلىتىلسە قاراشنىڭ سەلبىي تەسىرى ئەمەس، بەلكىدە قاراشنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە قارىغان كىشىنىڭ پەسكەشلىكى مەقسەت قىلىنىدۇ. ئادەتتە نەپرەتلىك قاراشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خەلق ئارىسىدا «كۆزى بىلەن يەپ كەتكىلى تاس قالدى» دېگەن سۆزمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

﴿وَقَالَ يَا بَنِيَّ لَا تَدْخُلُوا مِنْ بَابٍ وَاحِدٍ وَادْخُلُوا مِنْ أَبْوَابٍ مُتَفَرِّقَةٍ وَمَا أُغْنِي عَنْكُمْ مِنَ اللَّهِ مِنْ شَيْءٍ إِنِ الْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَعَلَيْهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُتَوَكِّلُونَ﴾

«يەقۇب يەنە مۇنداق دېدى: ‹ئى ئوغۇللىرىم! شەھەرگە ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا-باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار. مەن ئاللاھدىن كېلىدىغان ھېچبىر نەرسىنى سىلەردىن دەپئى قىلالمايمەن. ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. مەن ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلدىم. تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمۇ ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن›.». يۇسۇف 67/12.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى كۆز تېگىشكە دەلىل قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

يەقۇب (ئە.س) بالىلىرىغا كۆز تېگىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى شەھەرگە بىر دەرۋازىدىن كىرىشتىن توسۇپ، باشقا-باشقا دەرۋازىلەردىن كىرىشكە بۇيرۇغان.

بىزنىڭچە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق:

يەقۇب (ئە.س)نىڭ بالىلىرىنى باشقا-باشقا دەرۋازىلەردىن كىرىشكە بۇيرۇشى ئۇلارغا كۆز تېگىپ كېتىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكىدە ئۇلارغا مىسىر پادىشاھىنىڭ ياكى باشقا بىر دۈشمەننىڭ تەرىپىدىن بىرەر

مۇسىبەت كېلىپ، بۇ مۇسىبەتتىن ھەممەيلەننىڭ زىيان تارتىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئىدى. بۇنى يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ داۋامىدىكى ئايەتمۇ تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئايەت مۇنداق:

**﴿وَلَمَّا دَخَلُواْ مِنْ حَيْثُ أَمَرَهُمْ أَبُوهُم مَّا كَانَ يُغْنِي عَنْهُم مِّنَ اللّهِ مِن شَيْءٍ إِلاَّ حَاجَةً فِي نَفْسِ يَعْقُوبَ قَضَاهَا وَإِنَّهُ لَذُو عِلْمٍ لِّمَا عَلَّمْنَاهُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ﴾**

«ئۇلار شەھەرگە دادىسى بۇيرۇغان يەردىن كىرگەندە، بۇ ئاللاھتىن كېلىدىغان ھېچبىر نەرسىنى ئۇلاردىن دەپئى قىلالمايتتى. لېكىن يەقۇب، ئىچىدىكى بىر ئارزۇنى ئوتتۇرىغا قويغان بولدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىلىم ئىگىسى ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭغا بىز ئۆگەتكەن ئىدۇق. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ»ـ يۇسۇف 68/12.

بۇ ئايەت دالالەت قىلىدۇكى، مىسىردا ئۇ باللارنىڭ بېشىغا كەلگىنى كۆز تېگىش ئەمەس، مۇسىبەت بولدى. يەقۇب (ئە.س)نىڭ ئەندىشە قىلغىنىمۇ بۇ ئىدى. يەقۇب (ئە.س) بۇ مۇسىبەتنىڭ كەلمەسلىكى ئۈچۈن ھەرقانچە ئېھتىيات قىلغان بولسىمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مۇسىبەتكە توسالغۇ بولالمىدى. لېكىن يەقۇب (ئە.س) بالىلىرى يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا كۆڭلىدىكى بىر ئارزۇسىنى ئۇلارغا ئېيتقان بولدى، خالاس.

### 2ـ كۆز تېگىشكە دەلىل قىلىنغان ھەدىسلەر

كۆز تېگىش ھەققىدە بىرقانچە ھەدىس بار. ئۇ ھەدىسلەردىكى «كۆز»نى ھەسەت دەپ چۈشىنىش توغرا بولىدۇ. مەسىلەن:

رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ «كۆز ھەقتۇر» دىكى «كۆز»نى ھەسەت دەپ چۈشىنىش كېرەك. بۇ ھەدىستە ھەسەت دېمەي كۆز دېيىلدى. چۈنكى كۆز قەلبنىڭ ئەلچىسىدۇر. باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك قەلبتىكى ھەسەت كۆز بىلەن كۆرگەندىن كېيىن باشلىنىدۇ ۋە كۆزدە ئەكس ئېتىدۇ. كۆز ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئىپادىلەيدۇ. دەرۋەقە، ھەسەت قىلغۇچى، غەمكىن بولغۇچى، خۇشال بولغۇچى، ياخشى كۆرگۈچى، يامان كۆرگۈچى، قورققۇچى، يالغان ئېيتقۇچى، تەكەببۇرلۇق قىلغۇچى... بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىدىن تونۇلىدۇ. دېمەككى، «كۆز ھەقتۇر»، ئەسلا يالغان سۆزلىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ھەدىستە كۆز تېگىشكە دەلىل يوق. ئەكسىچە ئۇ ھەدىستە غەزەپلىك قاراش

بىلەن قارىغۇچىنىڭ قەلبىدە ھەسەت بارلىقىغا ۋە بۇ ھەسەتنىڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىدىغانلىقىغا دەلىل بار.

## 3ـ كۆز تەگمەيدىغانلىقىغا دائىر دەلىللەر

1ـ قۇرئان كەرىم ھەر ئىشتا ئىلمنى، دەلىلنى ۋە تەپەككۇرنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئىنسانىنىڭ كۈچىگە، ئىشلەش روھىغا ۋە ئاكتىپلىقىغا توسالغۇ بولىدىغان ھەر قانداق خىيالىي كۈچ ۋە سىرلىق نەرسىلەرگە ئىشىنىشكە قارشى تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن يوليورۇقلىرى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدە گۇماندىن، شۈبھىدىن ۋە شەكتىن يىراق ساغلام ئەقىللەرنى بىنا قىلىشقا قارىتىلغان. بۇنى ھەر مۇسۇلمان بىلىدۇ ۋە بىلىشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً﴾

«ئۆزۈڭ بىلمىگەن نەرسىگە ئەگەشمە. شۈبھىسىزكى، قۇلاق، كۆز ۋە قەلب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سوراققا تارتىلىدۇ»ـ ئىسرا 36/17.

بۇ ئالەمدە بىزنىڭ ھاياتىمىزغا تەسىر قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە ئىنسان چۈشىنەلەيدىغان قانۇن ۋە سەۋەبلەرگە باغلىق قىلىنغان. ئاللاھ تائالا بىزنى مەخپىي ئالەمدىن كېلىدىغان ھەر قانداق يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرغان. مەسىلەن: شەيتاننىڭ ھىيلىسىدىن ئاگاھلاندۇرغان. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شەيتاننىڭ ھىيلىسىنىڭ بەك ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. چۈنكى شەيتاننىڭ تەسىرى ماددىي ئەمەس، بەلكىدە ۋەسۋەسە قىلىش، كۈشكۈرتۈش، قىزىقتۇرۇش ۋە قۇترىتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن چەكلىك بولىدۇ.

«كۆز تېگىدۇ» دەپ قارايدىغانلار قارىغۇچىنىڭ قارالغۇچىغا پەقەت كۆزلىرى بىلەن قاراش ئارقىلىقلا زىيان يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلار كۆز تېگىش بىلەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆلۈپ قەبرىستانلىققا ئۇزىتىلغان، دەيدۇ. ئۇلار بۇ سەپسەتىنى بىر ھەدىس سۈپىتىدە رىۋايەت قىلىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار كۆز تېگىپ ئەمەس، ھەسەتنىڭ نەتىجىسىدە باشقا بىر نەرسە تېگىپ ئۆلگەن. ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۈزەتكەن ھەر كىشى بۇنى شۇنداق بىلىدۇ. مەسىلەن:

مىليونلارچە ئىنساننىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ۋە سەۋەبچى بولۇۋاتقان جەڭلەر، ئۇرۇشلار ۋە جېدەل-ماجىرالارنىڭ ئاساسلىق ئامىلى

هەسەتتۇر. جۈملىدىن ئىبلىسنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلماسلىقى، يەھۇدىيلارنىڭ مۇھەممەد (ئە.س)غا ئىمان كەلتۈرمەسلىكى هەسەتتىن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «كۆز»دىن مەقسەت هەسەتتۇر. كۆز تېگىشتىن مەقسەت هەسەت قىلىشتۇر. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر (ئە.س) كۆزدىن (هەسەتتىن) ئاگاهلاندۇرغان ۋە ئۇنى هالاك بولۇشنىڭ سەۋەبى دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى كۆز يەنى هەسەت توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولىدۇ، قانلىق ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدۇكى، كۆزنىڭ يەنى قاراشنىڭ قارىغۇچىغا هېچقانداق تەسىرى يوق. ئەگەر كۆز بىلەن قاراشنىڭ هەتتا غەزەپلىك ۋە نەپرەتلىك قاراشنىڭ يامان تەسىرى بولسا ئىدى، هېچبىر ئادەمزاتتا هېچبىر نېمەت داۋاملاشمىغان بولاتتى ۋە يەر يۈزىدە ئىنسانىيەت قالمىغان بولاتتى. چۈنكى يەر يۈزىدىكى هەر كىشىنىڭ دۈشمىنى بار، يەنى هەر كىشىگە يامان كۆز بىلەن قارىغان بىر قارىغۇچى، هەتتا بىرقانچە قارىغۇچىلار بار. لېكىن يوللاردا كۆز تېگىپ يېتىپ كەتكەن ياكى مال-مۈلكى كۆز تېگىپ هالاك بولۇپ كەتكەن ۋە ياكى ئۆزى كۆز تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن بىرمۇ ئىنسان يوق. بەزى مۇسىبەتلەرنىڭ بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەندەك كۆرۈنىشى بىر تاسادىپىيلىق بولۇپ ئەسلىدە ئۇنىڭ باشقا سەۋەبلىرى بار.

3. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ-هەسەتخورنىڭ هەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن قېچىپ سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن﴾. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿إِذَا حَسَدَ (هەسەت قىلغان چاغدىكى)﴾ دېگەن سۆزى ئارتۇق سۆز بولماستىن، بەلكىدە ئۇ سۆز هەسەتخورنىڭ قانداق چاغدىكى يامانلىقىدىن پاناھ تەلەپ قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆزدۇر. دېمەك، هەسەتخورنىڭ قەلبىدىكى هەسىتىنىڭ هەسەت قىلىنغۇچىغا بىر يامانلىقى بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەشنىڭمۇ هاجىتى يوق، لېكىن ئۇ هەسەت هەسەتخورنى هەسەت قىلىنغۇچىغا قارشى بىر هەرىكەت قىلىشقا ئېلىپ ماڭسا، ئۇنىڭ مانا مۇشۇ چاغدىكى يامانلىقى هەسەت قىلىنغۇچىغا زىيان يەتكۈزەلەيدۇ. بولمىسا ئۇنىڭ قەلبىدىكى هەسەت، ئۇنىڭ ئەلچىسى بولغان هومىيىشلار هەسەت قىلىنغۇچىغا بىر زىيان يەتكۈزەمەيدۇ.

ئەبى ئۇمامە مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك بىلەن ئاھالىسى هالاك قىلىنغان، ئۆزى خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن بىر كەنتتىن ئۆتكەن ئىدۇق.

ئۇ مەندىن بۇ يۇرتلارنى تونۇمسەن؟ دەپ سورىدى. مەن تونۇمايمەن، دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇنداق دېدى:

بۇ زۇلۇم بىلەن ھەسەت ھالاك قىلىۋەتكەن بىر قەۋمنىڭ يۇرتلىرىدۇر. ھەسەت ياخشىلىقلارنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ . زۇلۇم ئۇنى تەستىقلايدۇ ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ...[609]

ئەنەس (ر.ئە)نىڭ بۇ سۆزىدىنمۇ قەلبتىكى ھەسەتنىڭ ھەسەت قىلىنغۇچىغا بىر زىيىنىنىڭ بولمايدىغانلىقى، ھەسەت قەلبتىن چىقىپ پۇت-قول ئەزالاردا زىيانكەشلىك قىلىش، تاجاۋۇز قىلىش، كۈشكۈرتۈش... قاتارلىق ھەرىكەتكە ئايلانسا، ئاندىن ئۇنىڭ زىيىنى بولىدىغانلىقى بىلىنىدۇ.

## ب- تۇمار ئېسىش

قۇرئان-ھەدىستىكى ئىسلامدىن يىراقلىشىپ، ئۆزىنىڭ بىدئەت، خۇراپات ۋە شېرىكلەرنىڭ ئىچىدە ئۈزۈۋاتقانلىقىنى «مۇسۇلمانلىق» دەپ چۈشىنىپ قالغان نادانلار، ئادەتتە ئۇنداق نەرسىلەرنى كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ ياكى بالايى - ئاپەتلەردىن ساقلايدۇ ۋە ياكى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ زىيانكەشلىكى، كۆز تېگىش ۋە ھەسەت قاتارلىق يامانلىقلاردىن ساقلايدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن بويۇنلىرىغا ئېسىۋالىدۇ ياكى بالىلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىپ قويىدۇ.

بۇلارنىڭ بۇ باتىل ئېتىقادىدىن پايدىلىنىۋاتقان ئىنسانىي شەيتانلار، بۇ ھەقتە ھېكايە-چۆچەكلەرنى توقۇپ ئۇ ئىشلارنىڭ تىجارىتىنى قىلىپ جان بېقىپ كەلمەكتە. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ دىنىدىن يىراقلاشقان ئۇ ئىنسانلار بۇ شەيتانلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ھەم دۇنيالىق ھەم ئاخىرەتلىك زىيانلارغا ئۇچرىماقتا.

بۇ ئىشنىڭ دىنىمىزدىكى ھۆكمىگە كەلسەك،

بۇ، شېرىك ئىش بولۇپ، تەۋھىدكە خىلاپتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِن يَمْسَسْكَ اللّهُ بِضُرٍّ فَلاَ كَاشِفَ لَهُ إِلاَّ هُوَ
وَإِن يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ فَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدُيرٌ﴾

609 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ھەسەد 4258.

«ئەگەر ئاللاھ سېنى بىر زەرەرگە ئۇچراتسا، ئۇنى يەنە ئاللاھتىن باشقا كۆتۈرۈۋېتىدىغان ھېچكىم يوق. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىر ياخشىلىق يەتكۈزسە، شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر». ئەنئام 17/6.

﴿وَإِن يَمْسَسْكَ اللّهُ بِضُرٍّ فَلاَ كَاشِفَ لَهُ إِلاَّ هُوَ وَإِن يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلاَ رَآدَّ لِفَضْلِهِ يُصَيبُ بِهِ مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ وَهُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾

«ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىر زەرەر يەتكۈزسە، ئۇنى يەنە ئاللاھتىن باشقا كۆتۈرۈۋېتىدىغان ھېچكىم يوق. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىر ياخشىلىق ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ پەزلىنى قايتۇرۇۋېتىدىغان ھېچكىم يوق. ئاللاھ ياخشىلىقنى بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە يەتكۈزىدۇ. ئۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر». يۇنۇس 107/10.

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، پايدا-زىيان ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، بىزگە پايدا يەتكۈزۈش، بىزنى زىياندىن ساقلاش پەقەتلا ئاللاھ قىلىدىغان ئىشتۇر. ئاللاھنىڭ بۇ ئىشىغا ھېچ نەرسە ۋە ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ.

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر مۇنداق:

ئۇقبە ئىبنى ئامىر (ر.ئە)نىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ قېشىغا كەلگەن ئون كىشىلىك بىر ھەيئەتنىڭ ئىچىدە ئىدى، پەيغەمبەر (ئە.س) ئۇلارنىڭ توققۇزىدىن بەيئەت قوبۇل قىلىپ، بىرسىدىن بەيئەت قوبۇل قىلمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا، پەيغەمبەر (ئە.س): «ئۇنىڭ قولىدا تۇمار بار» دەپ جاۋاب بەرگەن، ئۇ كىشى قولىدىكى تۇمارنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغان. ۋە: «كىمكى تۇمار ئاسىدىكەن، ئۇ شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېگەن[610].

پەيغەمبەر (ئە.س) يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن

«كىمكى تۇمار ئېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىشىنى پۈتتۈرمەيدۇ»[611].

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن (ر.ئە)رىۋايەت قىلىشىچە: پەيغەمبەر (ئە.س) بىر ئادەمنىڭ قولىدا ھالقا كۆرۈپ ئاچچىقلاپ ئۇنىڭدىن: «بۇ نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: «ئاجىزلىقتىن ساقلايدىغان نەرسە» دەپ جاۋاب بەردى.

610 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل . مۇسنەد 637/28.

611 ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل . مۇسنەد 623/28.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر (ئە.س) ئۇ كىشىگە: «بۇ نەرسىنىڭ تېخىمۇ بەكراق ئاجىزلاشتۇرۇشتىن باشقا پايدىسى يوق، ئۇنى چۆرىۋەتكىن! چۈنكى سەن ئۇنى ئاسقان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسەڭ، مەڭگۈ نىجاتلىق تاپالمايسەن»[612].

## پ- دېمىدە قىلىش

جەمئىيەتتە نان، سۇ ۋە مېۋە قاتارلىق بىرەر نەرسىگە بەزى دۇئا ۋە ئايەتلەرنى ئوقۇپ سۈپكۈچ قىلىش ئادىتى بار. بۇ ئىش دەمىدە قىلىش، دەم سېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى بەزىلەر ئۆزى قىلىدۇ، بەزىلەر باشقىلارغا قىلدۇرىدۇ، ھەتتا بەزى جايلاردا بەزىلەر مەسچىتنىڭ ئالدىدا بىرەر قاچىغا سۇ ئېلىپ مەسچىتتىن چىققان جامائەتكە تەڭلەپ تۇرىدىغان، چىققان ھەر كىشى قاچىنىڭ ئوچۇق ئېغىزىغا سۈپ ياكى سۈپكۈچ دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بار. بۇ ئىشنىڭ تېگىنى ئاۋام خەلق ئۇنچە بىلىپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى «ئاخۇنۇم»لار، بولۇپمۇ بۇ ئىشنىڭ «نېمىنى يەپ» ئادەتلەنگەنلەر بۇ ئىشقا سۈرە يۇنۇسنىڭ 57- ئايىتى، سۈرە ئىسرانىڭ 82- ئايىتى ۋە سۈرە فۇسسىلەتنىڭ 44 - ئايىتى قاتارلىق ئۈچ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ. ئەسلىدە مەزكۇر ئايەتلەر بۇ ئىشقا ھەرگىزمۇ دەلىل بولمايدۇ. تۆۋەندە ئۇ ئايەتلەر ئۈستىدە توختىلىمىز:

**1- ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَتْكُمْ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّكُمْ وَشِفَاءٌ لِمَا فِي الصُّدُورِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾**

«ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلاردىن بىر نەسىھەت، دىللاردىكى دەردلەرگە بىر شىپا، مۇئمىنلارغا بىر ھىدايەت ۋە بىر رەھمەت كەلدى»- يۇنۇس 57/10.

بۇ سۈرىنىڭ (يۇنۇس سۈرىسىنىڭ) 45- ئايىتىدىن باشلاپ 56- ئايىتىگىچە بولغان ئايەتلىرىدە ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بايان ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار زىكىر قىلىنىدۇ. ئاندىن 57- ئايەتتە قۇرئان كەرىمنىڭ نەسىھەت، شىپا، ھىدايەت ۋە رەھمەت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە قىلىنغان بايان ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈنكى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىش، شۇنداقلا ئاخىرەتتىكى ھېسابنى ئويلىماي ياشاش ئىمان ۋە ئەمەلدە ئازغۇنلۇق دېمەكتۇر.

612 ئىبنى ماجە، سۇنەن، تىب 39، 3531.

قۇرئان كەرىم بۇ 57- ئايەتتە ئالدى بىلەن بۇ خەتەرلىك ئەھۋالغا قارشى ئىنسانلارغا نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ۋاقىپلاندۇرىدۇ. ئاندىن ھەر ئىنساننىڭ كۆڭۈل دۇنياسىدىكى مەنىۋى كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا يۆنىلىدۇ، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى پاكلاپ، ئۇ يەرگە توغرا ئېتىقاد ۋە ياخشى خىسلەتلەرنىڭ يەرلىشىشىگە سەۋەبچى بولغۇچى ھۆكۈملەرنى كەلتۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە نەسىھەتلەرگە قۇلاق سېلىپ قۇرئان كەرىمنىڭ شىپا بولغۇچى ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلغان مۇئمىننىڭ ھەقىقەتنى كۆرۈشىگە، ئەبەدىي نىجاتلىققا يۆنىلىشىگە، ھەق يولدا مېڭىشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئاخىرىدا بۇ كامال دەرىجىلىرىنى ھاسىل قىلغان مۇئمىنلارنىڭ ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىشىنى كاپالەت ئاستىغا ئالىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ خۇسۇسەن مۇئمىنلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلىپ كۆرسىتىلىشى ئىنسانلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى تەرسالىق ۋە ئۇيىلىمايلا ئالدىن ھۆكۈم قىلىۋېتىش خۇيى بىلەن باشتىلا توغرا ۋە خەيرلىك نەرسىلەرگە «ئىشىكلىرىنى تاقىۋەتكەنلەر» قۇرئاننىڭ نۇرىدىن پايدىلىنالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان قۇرئان كەرىم ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ. ئەئراف سۈرىسىنىڭ 179- ئايىتى بۇ ئەھۋالنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئۇ ئايەت مۇنداق:

﴿وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيراً مِّنَ الْجِنِّ وَالإِنسِ لَهُمْ قُلُوبٌ لاَّ يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لاَّ يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ آذَانٌ لاَّ يَسْمَعُونَ بِهَا أُوْلَئِكَ كَالأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُوْلَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى يارىتىپ جەھەننەم ئۈچۈن بېكىتۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى بار، ئۇلار ئۇ قەلبلەر بىلەن چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بار، ئۇلار ئۇ كۆزلەر بىلەن كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى بار، ئۇلار ئۇ قۇلاقلار بىلەن ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار تۆگە، كالا ۋە قويغا ئوخشاشتۇر. بەلكىدە، ئۇلار تېخىمۇ تۆۋەندۇر. ئەنە شۇلار ھەقىقەتەن غاپىللاردۇر»- ئەئراف 179/7.

دېمەككى، يۇنۇس سۈرىسىنىڭ 57- ئايىتى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى دېمىدە قىلىپ ئىچىشكە دەلىل بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرىنى تاللاپ دېمىدە قىلىش ۋە قىلدۇرۇپ ئىچىش بىدئەتتۇر، خۇراپاتتۇر، قۇرئان

كەرىمنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە خىلاپتۇر، ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا زىتتۇر، ئەقىلگە، مەنتىقكە ۋە ئىلىمگە ھۆرمەت قىلمىغانلىقتۇر.

2-﴿وَنُنَزِّلُ مِنَ الْقُرْآنِ مَا هُوَ شِفَاءٌ وَرَحْمَةٌ لِلْمُؤْمِنِينَ وَلَا يَزِيدُ الظَّالِمِينَ إِلَّا خَسَارًا﴾

«بىز نازىل قىلغان قۇرئان مۇئمىنلارغا شىپا ۋە رەھمەت بولىدۇ، زالىملارنىڭ تېخىمۇ كۆپ زىيان تارتىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ». ئىسرا 82/17.

ئىلگىرىكى (سۈرە ئىسرا 81- ) ئايەتتىكى «ھەق» قۇرئان كەرىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئېلىپ كەلگەن دىن ھەق، بەرگەن مەلۇمات راست، كۆرسەتكەن يول توغرىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەقنى يەنى پاك ئېتىقاد، كېرەككە كېلىدىغان ئەمەل، دۇرۇس مۇئامىلە، گۈزەل ئەخلاقلار قاتارلىق توغرىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باتىل ئېتىقاد، ساختا ئىبادەت، يامان مۇئامىلە، ناچار ئەخلاق قاتارلىق ناتوغرىلارنىڭ ھەقىقىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن 82- ئايەتتە قۇرئان كەرىم «شىپا ۋە رەھمەت» دەپ ئىپادىلەنگەن. تۆۋەندە بۇ ئىككى سۆزنى چۈشىنىشكە تىرىشىمىز:

1- «قۇرئان شىپادۇر» يەنى قۇرئان كەرىم دورىدۇر، كېسەلنىڭ ساقىيىشىغا سەۋەب بولغۇچى نەرسىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى: «قۇرئان مۇئمىنلارنى يەنى ئۆزىگە (قۇرئانغا) ئىشەنگەن ۋە ئىشەنچ قىلغانلارنى بۇزۇق ئېتىقاد، يامان نىيەت، ناتوغرا چۈشەنچە ۋە خاتا تەسەۋۋۇر قاتارلىق روھىي كېسەللىكلەردىن، ئەمەل-ئىبادەتتىكى بىدئەت، ئەدەپ-ئەخلاقتىكى ناچارلىق، مۇئامىلە-مۇناسىۋەتتىكى ساختىلىق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەردىن ساقايتىدىغان ۋە ساقلايدىغان مەنىۋى بىر دورىدۇر» دېگەن بولىدۇ.

2- «قۇرئان رەھمەتتۇر» يەنى قۇرئان كەرىم ئىلاھى ئىنئام، ئىلاھى ئېھسان ۋە ئىلاھى ئىلتىپاتتۇر. بۇنىڭ مەنىسى: «قۇرئان ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، لايىق رەۋىشتە ئوقۇغۇچىلىرىغا ساۋاب قازاندۇرىدىغان، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر ۋە تەدەببۇر قىلغۇچىلارنى ھەر جەھەتتىن توغرا ئىلىمگە ئىگە قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىغا لايىق قىلىدىغان، تەسلىكنى ئاسانلاشتۇرىدىغان، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان، خاتالىقلىرىنىڭ ئەپۇ

قىلىنىش، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىش ۋە يامانلىقلىرىنىڭ ياخشىلىقلارغا ئايلاندۇرۇلۇش يوللىرىنى كۆرسىتىدىغان ئىلاھىي ئىنئامدۇر» دېگەن بولىدۇ.

دېمەككى، قۇرئان كەرىم بەزى تەييارتاپلارنىڭ ئىسسىتقۇ-سوۋۇتقۇ قىلىش سەرمايىسى، بەزى ئالدامچىلارنىڭ سۇف-كۆچلەش قۇرالى، بەزى قىزىل كۆزلەرنىڭ ساددا مۇسۇلمانلارنى تۇزاققا چۈشۈرۈش يەمچۈكى ئەمەس. ئەكسىچە، قۇرئان مۆئمىنلارغا مەنىۋى شىپا، مۇتتەقىيلەرگە ھىدايەت رەھبىرى، مۇسۇلمانلارغا دەستۇردۇر.

ئۇنىڭ «شىپا» بولۇشى مانا مۇشۇنداق مەنىۋىدۇر. ئايەتنىڭ ئاخىرىدا قۇرئاننىڭ «زالىملارنىڭ زىيىنىنى ئارتتۇرىدۇ»غانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ يەردىكى زالىملار تەرسالىق ۋە ئاگسىزلىق بىلەن قۇرئاننىڭ ھەقىقەتلىرىنى قوبۇل قىلمىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلار ئۈچۈن قۇرئاننىڭ «شىپا ۋە رەھمەت» بولۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن، قۇرئان ئۇلارنىڭ مەنىۋى زىيىنىنى ئارتتۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلار قۇرئاننىڭ ھەقىقەتلىرى شۇنچىۋالا ئوچۇق تۇرسىمۇ يەنىلا باتىل ئېتىقاد ۋە يامان ئەمەللىرىدە ئەزۋەيلىگەن. قۇرئان ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ئەزۋەيلىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەنىۋى زىيىنىنى ئارتتۇرغان.

بۇ ئايەتتىكى (ئىسرا سۈرىسىنىڭ 82- ئايىتىدىكى) «شىپا»مۇ مەنىۋى شىپادۇر، «زىيان»مۇ مەنىۋى زىياندۇر.

**3–﴿وَلَوْ جَعَلْنَاهُ قُرْآنًا أَعْجَمِيًّا لَقَالُوا لَوْلَا فُصِّلَتْ آيَاتُهُ أَأَعْجَمِيٌّ وَعَرَبِيٌّ قُلْ هُوَ لِلَّذِينَ آمَنُوا هُدًى وَشِفَاءٌ وَالَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ فِي آذَانِهِمْ وَقْرٌ وَهُوَ عَلَيْهِمْ عَمًى أُولَئِكَ يُنَادَوْنَ مِنْ مَكَانٍ بَعِيدٍ﴾**

«ئەگەر بىز ئۇ قۇرئاننى ئەجەمچە بىر قۇرئان قىلغان بولساق، ئۇلار: ‹بۇنىڭ ئايەتلىرى نېمىشقا بىز چۈشىنىدىغان تىلدا بايان قىلىنمىدى؟ ئەرەبكە ئەجەمچە كىتاب نازىل قىلىنامدۇ؟› دەيتتى. ئېيتقىنكى: ‹ئۇ ئىمان ئېيتقانلارغا ھىدايەت ۋە شىپادۇر. ئىمان ئېيتمىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدا بىر ئېغىرلىق بار. قۇرئان ئۇلارغا بىر كورلۇقتۇر. ئەنە شۇلار يىراقتىن چاقىرىلىۋاتقان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ›»- فۇسسىلەت 44/41.

سۈرە يۇنۇسنىڭ 57- ۋە سۈرە ئىسرانىڭ 82- ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك بۇ ئايەتتىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەن ۋە ئىشەنچ قىلغان (مۇئمىنلار)غا مەنىۋى شىپا بولىدىغانلىقى، ئىشەنمىگەن ۋە ئىشەنچ قىلمىغان (كاپىرلار)غا مەنىۋى گاسلىق ۋە كورلۇق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

مەزكۇر ئۈچ ئايەتتىكى «شىپا»، بىر ئايەتتىكى «زىيان»، بىر ئايەتتىكى «گاسلىق» ۋە «كورلۇق» مەنىۋى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئانغا ئىمان ئېيتقانلار كېسەل بولمايدىغان ئىش يوق، قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىغانلار كېسەل بولۇپ يېتىپ كېتىدىغان ياكى نېمە ئىش قىلسا زىيان تارتىپ ئالدىغا ماڭالمايدىغان ۋە ياكى قۇلىقى ئىشتمەس، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدىغان ئىشمۇ يوق.

بۇ تۆت ئەھۋال مەنىۋىدۇر، يەنى قۇرئان مۇئمىنلارنىڭ قەلبىدىكى شەك-شۈبھە، كۆڭلىدىكى يامان غەرەز، تەسەۋۋۇرىدىكى خۇراپات، چۈشەنچىسىدىكى جاھالەت ۋە نادانلىق پەردىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى توغرا چۈشىنىدىغان، شۇنداقلا ئىككىلىسىدە بەختلىك ياشاش ئۈچۈن ساغلام ئېتىقاد بىلەن، شەرىئەت دائىرىسى ئىچىدە، سالىھ (كېرەككە كېلىدىغان) ئەمەللەرنى قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ قۇرئاننىڭ ئىچكى كېسەللىكلەرگە شىپا بولۇشىدۇر.

شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىم مۇئمىنلارنىڭ ئەخلاقىدىكى ناچارلىق، مۇئامىلىسىدىكى ئوساللىق، سۆز-ھەرىكىتىدىكى يامانلىق قاتارلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ئۇلارنى ئەخلاقى گۈزەل، مۇئامىلىسى دۇرۇس، سۆز-ھەرىكىتى ياخشى ئالىيجاناب كىشىلەر ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تاشقى كېسەللىكلەرگە شىپا بولۇشىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئەنە شۇنداق شىپا بولۇشىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەكچى بولغانلار ئۇنىڭ نازىل بولغان چېغىدىكى جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ نادانلىق ۋە جاھىللىق، قالاقلىق ۋە مەدەنىيەتسىزلىك، شەپقەتسىزلىك ۋە مەرھەمەتسىزلىك قاتارلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ، ئۇلارنى قانداق ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمغا ئايلاندۇرغانلىقىنى ئىسلام تارىخىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەتلىرىدىن ئوقۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغان تەقدىردە ئۇلار 7- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا قىساس ئېلىش

ئۆچۈن ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ھېسابلىنىدىغان ئىنسانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈۋاتقان، نومۇستىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسى بولغان قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋاتقان جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئىچىدىن قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىۋى دورىسى بىلەن پۈتۈن كېسەللىكلىرىدىن ساقىيىپ قىيامەتكە قەدەر ئادالەت تىمسالى، ۋاپاكارلىق ئۈلگىسى، مېھرى-شەپقەت ئۆرنىكى ۋە كۆيۈمچانلىق نەمۇنىسى بولغان كىشىلەرنىڭ چىققانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئايەتتە قۇرئاننىڭ «شىپا»لىقىنىڭ «ئىمان ئېيتقانلارغا» خاس ئىكەنلىكىنىڭ بايان قىلىنىشىمۇ، ئۇنىڭ «شىپا»لىقىنىڭ مەنىۋى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەگەر قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى تېۋىپنىڭ ياكى دوختۇرنىڭ دورىلىرىدەك ماددىي شىپا بولسا ئىدى، ئۇنىڭ مۇئمىن، كاپىر دەپ ئايرىماي ھەر كىشىنىڭ ھەر تۈرلۈك كېسەللىكى (ئاغرىقى) غا پايدا قىلىدىغان بىر پارچىسى بولغان بولاتتى، ئۇ نازىل بولغاندىن بۇيان ئۆتكەن 14 ئەسىرلىك بىر زاماندا ئىنسانىيەت ئۇنى تەجرىبە قىلىپ كۆنىمىزگە كەلگەندە ئۇ دېمىدە قىلىنغان سۇ ياكى نان ۋە ياكى باشقا نەرسە ئېلىنغان قۇتىلار تىزىلىپ سېتىلىدىغان دۇكانلار تەرەپ-تەرەپتە ئېچىلغان بولاتتى، ھەتتا كۈنىمىزدىكى تاللا بازىرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا «قۇرئان دېمىدىسى» بۆلۈمى بولغان ۋە ئۇ يەردە «جىگەر كېسلى دېمىدىسى، ئۆپكە كېسلى دېمىدىسى، باش ئاغرىق دېمىدىسى، قورساق ئاغرىقى دېمىدىسى....» دېگەندەك خەتلەر يېزىلغان قۇتىلار ئۆز رېتى بويىچە تىزىلغان بولاتتى. لېكىن ئىنسانىيەت ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئاللاھ بەرگەن دەردنىڭ داۋاسىنى، ئاللاھ سالغان كېسەللىكنىڭ شىپاسىنى ئاللاھ ياراتقان ھەر تۈرلۈك ئوت-چۆپ ۋە ماددىلاردىن ئىزدەپ، كېسەل داۋالاشتا كۈنىمىزدىكى سەۋىيەگە يەتتى.

دېمەككى، كېسەللىكنىڭ شىپاسى قۇرئاننىڭ لەۋزىنى ئوقۇپ سۈف-كۆچلەپ ئىچىشتە ئەمەس، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوقۇپ ئەمەل قىلىشتىدۇر. دەرۋەقە ھېچبىر كېسەل كىشى دوختۇر يېزىپ بەرگەن رېتسېپنى ئوقۇپ دېمىدە قىلىپ ئىچمەيدۇ ياكى ساقىيىش ئۈچۈن ھەر كۈنى بىرقانچە قېتىم رېتسېپنى ئوقۇمايدۇ. ئەكسىچە، رېتسېپتىكى دورىلارنى ئېلىپ دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىستېمال قىلىدۇ.

زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالا-مۇسىبەتلەردىن قۇتۇلۇپ دۇنيادا ئىنسانچە ياشىشى ئۈچۈن ئىلاھى دورا بولغان قۇرئان كەرىمنى

ساۋاب قازىنىش ئۈچۈن ئوقۇشتىن كۆپراق ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوقۇشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇشى، نەھيىلىرىدىن يىراق تۇرۇشى، ۋەز-نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىشى ۋە قىسسەلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشى لازىم.

مۇسۇلمانلار ئەسىرلەردىن بېرى قۇرئان كەرىمنى لايىق رەۋىشتە ئوقۇپ ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىمىغانلىقى ئۈچۈن ئىجتىمائىي جەھەتتە ئىتتىپاقسىز، ئىقتىسادىي جەھەتتە پېقىر، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق، سىياسىي جەھەتتە دوگما ھالەتتە ياشاپ كەلمەكتە. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كەلگەن نۇقتا شۇكى:

بۈگۈن يەر يۈزىدە پارتلىغان ھەر بومبا مۇسۇلمانىنىڭ دىيارىدا پارتلىماقتا، ئاققان كۆز ياشلىرى مۇسۇلمانىنىڭ كۆزىدىن ئاقماقتا، مۇسۇلمانىنىڭ بالىلىرى ئۆلتۈرۈلمەكتە، مۇسۇلمانىنىڭ شەرىپى دەپسەندە قىلىنماقتا، مۇسۇلمانىنىڭ غۇرۇرى ئاياغ ئاستى قىلىنماقتا.

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا ئىززەت ۋەدە قىلغان تۇرۇقلۇق كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ئىچىدە ياشىماسلىقىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ ؟!

ئادەتتە زىيان تارتقان شىركەتنىڭ قۇرغۇچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ شىركەتنى پايدا تېپىش يولىغا يۆنەلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمىمىز مۇسۇلمان تۇرۇپ زىيان تارتىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى بىر تەكشۈرۈپ بېقىشىمىزنىڭ زامانى كەلمىدىمۇ؟!

ئاللاھ تەۋپىق بەرگەي!!!

### ت ـ خەتمە ئوقۇش

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بىرقانچە كىشى بىر يەرگە جەم بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىن بىر قانچە سۈرە ۋە بىرقانچە ئايەت تاللاپ، بۇنىڭغا ئەرەبچە، پارىسچە ۋە چاغاتايچە بىرقانچە سۆزنى قوشۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىر كىشىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەلۇم بىر ساندا ئوقۇش «خەتمە ئوقۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

خەتمىخانلار ئوقۇلغان نەرسىلەرنىڭ سانىنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئۆرۈك ئۇرۇقچىسىدەك ياكى ئۇنىڭدىن سەل كىچىكراق تاشلار بىلەن ھېسابلايدۇ.

بۇ تاشلار «خەتمە تېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. «خەتمە تېشى» بىر مەھەللىدە بىر ياكى ئىككى كىشىنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. بۇ تاشنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا مىڭ بولىدۇ. بەزىلەر بۇ تاشلارنى ياغلاپ قويىدۇ. تولا ياغلانغانلىقتىنمۇ ياكى كۆپ ئىشلەتكەنلىكتىنمۇ بۇ تاشلار پارقىراپ چىرايلىقلىشىپ قالىدۇ. بۇ تاشلار بىر خالتىدا ساقلىنىدۇ.

ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنى مانا مۇشۇ تاشلار بىلەن ساناپ 7 قېتىم ئوقۇش «كىچىك خەتمە» ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىر كەپتەر ياكى بىر توخۇ قان قىلىنىدۇ (ئۆلتۈرۈلىدۇ). 11 قېتىم ئوقۇش «چوڭ خەتمە» ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىر قوي ياكى بىر ئۆچكە قان قىلىنىدۇ. بەزىدە بۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياكى قاتناشقۇچىلارنىڭ سانىغا قاراپ كالىمۇ قان قىلىنىدۇ (ئۆلتۈرۈلىدۇ).

قان قىلىنغان مالنىڭ گۆشى پىشۇرۇلۇپ شۇ خەتمنى ئوقۇغۇچىلارغا ۋە شۇ سورۇنغا ھازىر بولغۇچىلارغا يېگۈزۈلىدۇ.

خەتمە ئوقۇشنىڭ دىنىمىزدا ھېچقانداق ئاساسى يوق. خەتمىنىڭ ئىچىدە ئىنسانىنى مۇشرىك قىلىۋېتىدىغان سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

1ـ يا ھەزرەتى سەييىدى شەيخ مۇھيىددىن، مۇشكىل كۇشايى بىلخەيرى ئەلمەدەد.

تەرجىمىسى: ئى مۇھيىددىن غوجام ئالىيلىرى! مۇشكۇلۇمنى ياخشىلىق بىلەن ھەل قىلىپ بەر، ماڭا ياردەم قىل.

2 ـ يا ھەزرەتى غەۋس ئەغىسنا!

تەرجىمىسى: ئى دادقا يەتكۈچى ئالىيلىرى، دادىمىزغا يەت.

دېمەك، ئۇلار مۇھيىددىن ئىسىملىك بىر ئىشاندىن ياردەم تىلەيدۇ. ئابدۇلقادىر جىيلانى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشىدىن دادىغا يېتىشنى تىلەيدۇ.

بۇ ئىش فاتىھە سۈرىسىنىڭ ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ـ ئى ئاللاھ! بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەن ئايىتىگە خىلاپتۇر، شۇنداقلا ئاللاھقا ئوچۇق ـ ئاشكارا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بۇنىڭدىن باشقا «رەدنامە ئوقۇش»، «قەسىدە ئوقۇش»، «مەۋلۇت ئوقۇش»... دېگەندەك بىرقانچە تۈرلۈك

«ئوقۇش»لار بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىدئەت ئىشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

خەتمىنىڭ پايدا-زىيىنىغا كەلسەك، ئوقۇتقۇچى قان قىلىمەن دەپ بىر توخۇسىدىن ياكى بىر قويىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھېلىقى شېرىك سۆزلەرنى قىلىش ۋە قىلىشقا ياردەملىشىش تۈپەيلىدىن ئىمانىغا دەخلى يېتىدۇ.

ئوقۇغۇچى مۇشۇ باھانە بىلەن گۆش يەۋالىدۇ ۋە بىر مىقدار پۇلغا «دۇئا» قىلىدۇ، لېكىن مەزكۇر شېرىك سۆزلەرنى قىلىپ مۇشرىك بولۇپ كېتىدۇ.

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى شېرىك، بىدئەت ۋە خۇراپاتتىن ساقلىسۇن!

## ج. مەۋلۇت ئوقۇش

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا مەۋلۇت ئوقۇش دەپ بىر ئوقۇش بار. بۇ ئوقۇش رەبىئۇلئەۋۋەل (ھىجرىيىنىڭ 3. ئېيى)دە كۆپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ ئىشنى پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغانلىقى دەۋا قىلىدۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ ۋاپاتىمۇ رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا بولغان[613]. ئەسلىدە بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن كىرگەن. تۆۋەندە مەۋلۇتنىڭ مەنىسى، مەۋلۇت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنىڭ تارىخى ۋە ھۆكمى قاتارلىق ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

### 1. «مەۋلۇت»نىڭ لۇغەت مەنىسى

تۇغماق، تۇغقان ۋە تۇغۇلغان ۋاقىت، تۇغقان ۋە تۇغۇلغان ئورۇن دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان مەۋلۇت (مەۋلىد) كەلىمىسى دەسلەپتە پەيغەمبەر (ئەس)نىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. كېيىنچە ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى، سۈپەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا يېزىلغان نەزملەرگە «مەۋلۇت» دېيىلگەن[614].

613 پەيغەمبەر (ئە.س) پىل ۋەقەسى بولغان يىلى، رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 9. كۈنى، دۈشەنبە ئەتىگەن (بۇ مىلادىيە 571. يىلى، 4. ئاينىڭ 22. كۈنىگە توغرا كېلىدۇ) تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 11. يىلى، رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12. كۈنى دۈشەنبە چاشگاھ ۋاقتىدا (بۇ مىلادىيە 632. يىلى، 6. ئاينىڭ 8. كۈنىگە توغرا كېلىدۇ) ۋاپات بولغان. بۇ ھەقتە سىيەر ۋە تارىخ كىتابلىرىدا ئىختىلاپ يوق.

614 شامىل ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى ۋە ئىقرائ ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى.

## 2ـ مەۋلۇت ئوقۇش ئادىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى

پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئادىتى ھىجرىيە تۆتىنچى ئەسىردە فاتىمىيلاردا باشلانغان[615]. فاتىمىيلار پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش بىلەن بىرلىكتە ئەلى، فاتىمە، ھەسەن، ھۈسەيىن ۋە خەلىپىلەر (ر.ئە)نىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مەۋلۇت ئوقۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى.

## 3ـ مەۋلۇت ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇشنىڭ شەرئىي ھۆكمى

مەۋلۇت ئوقۇش بىدئەتتۇر. ئوقۇغۇچى بىدئەت ئىش قىلغان بولىدۇ، ئوقۇتقۇچى بىدئەتكە ياردەملەشكەن بولىدۇ. دەلىللەر تۆۋەندىكىچە:

مەۋلۇت ئوقۇش ۋە مەلۇت ئوقۇتۇش قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە ئاساسى يوق ئىش بولۇپ، بىدئەت ھېسابلىنىدۇ . پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

«ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى، كېيىن پەيدا قىلىنغان ئىشتۇر»[616]، «كېيىن پەيدا قىلىنغان ھەر ئىش بىدئەتتۇر»[617]،

«ھەر بىدئەت زالالەتتۇر، ھەر زالالەت دوزاختىدۇر»[618].

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەۋلۇتنىڭ ئىچىدە شېرىك ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەرنى ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلاپ تەستىقلىغۇچى مۇشرىك بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان مەۋلۇتلاردا تۆۋەندىكى سۆزلەر بار:

«ئى خۇدانىڭ ئەلچىسى! پەيغەمبەرلەر ياخشىسى!

تارتقىن بىزنى دوزاختىن، ئى ھەبىبىم، ئى رەسۇل!».

---

615 فاتىمىيلار مىلادىيىنىڭ 909 ـ 1171 يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 297 ـ567) ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئەرەب خەلىپىلىرى بولۇپ، بۇلار ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر (ئەس)نىڭ قىزى فاتىمە (ر.ئە)نىڭ ئەۋلادى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇلار دەسلەپتە شىمالىي ئافرىقىدا، كېيىن مىسىردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مەۋلۇت ئوقۇش ئادىتى فاتىمىيلاردىن مەغرىب رايونلىرىغا، ئەرەبىستانغا ۋە ئوسمانلى دۆلىتىگە كىرگەن. ئاندىن كېيىن پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا تارقالدى. ـ (تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى).

616 مۇسلىم، سەھىھ، جۈمە 43.

617 نەسائى، سۇنەن، ئەلئىيدەين 22؛ ئىبنى ماجە، مۇقەددىمە 7.

618 مۇسلىم، سەھىھ، جۈمە 43؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈننەت 6.

بىزنى دوزاختىن پەيغەمبەر ئەمەس، ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ قۇتقۇزۇشى، بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن بولۇشىمىزغا باغلىقتۇر[619].

شۇنىڭدەك، مەۋلۇت ئوقۇش مۇراسىمىنىڭ ئاخىرىدا «مەھەللى قىيام» دەپ بىر يەر بار. مەۋلۇت بۇ يەرگە كەلگەندە شۇ سورۇندا بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرىدۇ. چۈنكى مەۋلۇت ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بۇ چاغدا پەيغەمبەر (ئە.س)نىڭ شۇ سورۇنغا، شۇ چاغدا كەلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇڭا بۇ چاغدا «مەرھابا يا مەرھەبا، مەرھەبا جەددەلھۇسەينى مەرھەبا» دېگەن نەزمىلەر ئوقۇلىدۇ. مانا بۇمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. چۈنكى قىيام (ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىش) پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر[620].

619 مەريەم 72/19؛ ئەنبىيا 101/21ـ102.

620 بەقەرە 238/2.

# ھايۋانلار

قۇرئان كەرىمدە 26 تۈرلۈك ھايۋاننىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنىدۇ[621] ۋە ئالتە دانە سۈرە ھايۋان ئىسىملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ[622]. بۇ ھايۋانلارنىڭ نەقەدەر مۇھىم مەخلۇقاتلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ھەقلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. بىز قۇرئان ۋە ھەدىس پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا ئۇ ھەقلەرنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگەنگىنىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتۇق.

## ***ئا- ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن پايدىلىرى***

### 1- ئىنسانلارغا قۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئەسلىتىش

كائىناتتا يەر بېغىرلىغۇچى، سۈت ئەمگۈچى ۋە ئۇچقۇچى پۈتۈن ھايۋانلار ئۆز قۇرۇلمىسىغا ماس ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلماقتا. بۇنىڭ قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنىشى ئىنسانلارغا ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئەسلىتىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَسْجُدُ لَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ وَالنُّجُومُ وَالْجِبَالُ وَالشَّجَرُ وَالدَّوَابُّ وَكَثِيرٌ مِّنَ النَّاسِ وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيْهِ الْعَذَابُ وَمَن يُهِنِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِن مُّكْرِمٍ إِنَّ اللَّهَ يَفْعَلُ مَا يَشَاءُ﴾**

«قارىمامسەن: ئاسمانلاردىكى كىشىلەر، زېمىندىكى كىشىلەر، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، پۈتكۈل جانلىقلار ۋە نۇرغۇن ئىنسانلار ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئازابقا لايىق بولماقتىدۇر. ئاللاھ خار قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ»- ھەج 18/22.

**﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُسَبِّحُ لَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالطَّيْرُ صَافَّاتٍ كُلٌّ قَدْ عَلِمَ صَلَاتَهُ وَتَسْبِيحَهُ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ﴾**

621 تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە، پاشا، ئات، ئېشەك، قېچىر، ئەجدىھا، چىكەتكە، بېلىق، توڭگۇز، بۆرە، چىۋىن، بۆدۈنە، پاقا، ئۆمۈچۈك، قاغا، پەرۋانە، پىل، مايمۇن، يولۋاس، ئىت، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ، پىت قاتارلىقلاردۇر.

622 بەقەرە، ئەنئام، نەھل، نەمل، ئەنكەبۇت ۋە فىل سۈرىلىرىدۇر.

«قارىمامسەن، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى كىشىلەر، هاۋادىكى قۇشلار ئاللاهقا تەسبىهـ ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ هەر بىرى ئاللاهقا قانداق دۇئا قىلىدىغانلىقىنى ۋە قانداق تەسبىهـ ئېيتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاهـ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» نۇر 41/24.

**2ـ هەقتىن يۈز ئۆرىگەنلەرنى هوشنى تېپىشقا دەۋەت قىلىش**

ئاللاهـ تائالا قۇرئان كەرىمدە هەقتىن يۈز ئۆرۈگەن ئىنسانلارنىڭ ئەهۋالىنى بەزى هايۋانلارنىڭ ئالاهىدىلىكلىرى بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىگە يارىشا ئىش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئاللاهـ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ الَّذِي آتَيْنَاهُ آيَاتِنَا فَانْسَلَخَ مِنْهَا فَأَتْبَعَهُ الشَّيْطَانُ فَكَانَ مِنَ الْغَاوِينَ. وَلَوْ شِئْنَا لَرَفَعْنَاهُ بِهَا وَلَكِنَّهُ أَخْلَدَ إِلَى الْأَرْضِ وَاتَّبَعَ هَوَاهُ فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ الْكَلْبِ إِنْ تَحْمِلْ عَلَيْهِ يَلْهَثْ أَوْ تَتْرُكْهُ يَلْهَثْ ذَلِكَ مَثَلُ الْقَوْمِ الَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا فَاقْصُصِ الْقَصَصَ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾**

«ئى مۇهەممەد! ئۇ يەهۇدىيلارغا مۇنۇ ئادەمنىڭ خەۋىرىنى ئېيتىپ بەرگىن: بىز ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەرگەنىدۇق، ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئايرىلىپ چىقتى. شەيتان ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈردى، ئۇ گۇمراهلاردىن بولۇپ كەتتى. ئەگەر بىز خالىغان بولساق ئۇنى ئايەتلىرىمىز بىلەن يۈكسەلدۈرەتتۇق. لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى ۋە هاۋايى-هەۋەسكە ئەگەشتى. ئۇنىڭ ئەهۋالى خۇددى شۇ ئىتنىڭ ئەهۋالىغا ئوخشاش: ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى ساڭگىلىتىپ هاسرايدۇ، ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتسەڭمۇ تىلىنى ساڭگىلىتىپ هاسرايدۇ. ئەنە شۇ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەن قەۋمنىڭ ئەهۋالىدۇر. ئى مۇهەممەد! سەن ئۇلارغا بۇ قىسسەنى بايان قىلغىن، تەپەككۇر قىلغايلار». ئەئراف 175/7ـ176.

ئاللاهـ تائالا هەر كىشىگە ئۆزىنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىنىڭ ئايەتلىرىنى (دەلىللىرىنى) بىلدۈرگەن، بۇسۇرىنىڭ (ئەئراف سۈرىسىنىڭ) 172ـ ئايىتىدە بايان قىلىنغاندەك هەر كىشىنىڭ پىترىتىگە ئۆزىنىڭ رەب (ياراتقۇچى، باشقۇرغۇچى ۋە باققۇچى) ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش قابىلىيىتىنى يەرلەشتۈرگەن. لېكىن بەزى كىشىلەر ئاللاهـ بىلدۈرگەن ئۇ دەلىللەردىن، ئۆزىنىڭ پىترىتىگە ئاللاهـ تەرىپىدىن يەرلەشتۈرۈلگەن ئۇ قابىلىيەتتىن ئايرىلىپ چىقىدۇ، دەلىللەرنى دىققەتكە ئالمايدۇ، ئىشىنىش قابىلىيىتىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەيتان ئۇنى ئارقىسىغا سالىدۇ-دە، ئۇ ئازغۇنلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ.

ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇ كىشىنى مەزكۇر ئايەتلىرىدىن پايدىلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۈكسەلدۈرەتتى. لېكىن ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ بۇنى خالىشىنى خالىمىدى ۋە كىبىرەكلىك غەيرەتنى كۆرسەتمىدى. ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىنى ئويلاپ دۇنياغا بېرىلىشنى تاللىدى، ئۆزىنى ۋاقىتلىق مەنپەئەتنىڭ ئەسىرى قىلدى، پېترىتىدىكى پاكىز روھ ۋە زېھنىدىكى ئالىي قابىلىيەتلەر ئۇنى ئىمانغا چاقىرىۋاتقان تۇرۇقلۇق ئۇ نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا ۋە كۆڭلىنىڭ ئارزۇلىرىغا بويسۇندى.

ئۇ بۇ ئەھۋالدا ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانلىق قىممىتىنى ۋە ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىكىنىمۇ يوقاتقانلىقى ئۈچۈن 176- ئايەتتە ئۇنىڭ پسىخولوگىيەلىك ئەھۋالى ئىسسىقتىن ياكى باشقا بىر قىيىنچىلىقتىن تىلىنى ساڭگىلىتىپ داۋاملىق ھاسىرايدىغان، قوغلانسىمۇ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلسىمۇ بىر خىل تۇرىدىغان ئىتنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَمَا لَهُمْ عَنِ التَّذْكِرَةِ مُعْرِضِينَ. كَأَنَّهُمْ حُمُرٌ مُّسْتَنفِرَةٌ. فَرَّتْ مِن قَسْوَرَةٍ﴾

«مۇشرىكلارغا نېمە بولدىكىن، قۇرئاننىڭ نەسىھىتىدىن يۈز ئۆرۈۋاتىدۇ؟ ئۇلار خۇددى يولۋاستىن قاچقان ياۋا ئېشەكلەردۇر». مۇددەسسىر 49/74-51.

## 3- قاتناش ۋە ئۇرۇش ۋاستىسى بولۇش

تۆگە، ئات، قېچىر ۋە ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار ئىنسانلارغا ئۇلاغ ۋە ئۇرۇش ۋاستىسى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَذِّن فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ﴾

«ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ھەجنى ئېلان قىلغىن. ئۇلار پىيادە ۋە يىراق يوللاردىن كەلگەن ئۇرۇق ئۇلاغلار ئۈستىدە يېنىڭغا كېلىدۇ». ھەج 27/22.

﴿وَالَّذِي خَلَقَ الْأَزْوَاجَ كُلَّهَا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ الْفُلْكِ وَالْأَنْعَامِ مَا تَرْكَبُونَ﴾

«ئاللاھ پۈتكۈل جۈپلەرنى ياراتقان، كېمىلەرنى ۋە بىر قىسىم ھايۋانلارنى سىلەر ئۈچۈن ئۇلاغ قىلىپ بەرگەن زاتتۇر». زۇخرۇف 12/43.

﴿أَوَلَمْ يرَوْا أَنَّا خَلَقْنَا لَهُمْ مِمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَا أَنْعَامًا فَهُمْ لَهَا مَالِكُونَ. وَذَلَّلْنَاهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ﴾

«ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئىشلەپ ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى ياراتتۇق. ئۇلار ئۇ ھايۋانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدۇر. بىز ئۇ ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسى ئۇلارنىڭ ئۇلىغىدۇر، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى يەيدۇ». ياسىن 71/36-72.

﴿وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا اسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ الْخَيْلِ﴾

«دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قۇۋۋەت ۋە جەڭ ئاتلىرى تەييارلاڭلار». ئەنفال 60/8.

﴿وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً وَيَخْلُقُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ﴾

«ئاللاھ ئاتلارنى، قېچىرلارنى، ئېشەكلەرنى سىلەر ئۈچۈن ئۇلاغ ھەمدە زىننەت قىلىپ ياراتتى. ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىدۇ». نەھل 8/16.

## 4- گۆش-ياغ ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش

تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە ئىنسانلارنى گۆش-ياغ ۋە سۈت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭدەك بېلىق گۆش-ياغ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنَّ لَكُمْ فِي الأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُّسْقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهِ مِن بَيْنِ فَرْثٍ وَدَمٍ لَّبَنًا خَالِصًا سَآئِغًا لِلشَّارِبِينَ﴾

«شۈبھىسىزكى، تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەردە سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار: سىلەرنى ئۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى بىلەن سۇغىرىمىز. ئۇ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئاشقازىنىدىكى ئوزۇقلۇقلار بىلەن قاننىڭ ئارىسىدىن كېلىدىغان، ئىچكەنلەرنىڭ گاللىرىدىن سىلىق ئۆتۈپ كېتىدىغان ساپ سۈتتۇر». نەھل 66/16.

﴿وَإِنَّ لَكُمْ فِي الْأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُّسْقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهَا وَلَكُمْ فِيهَا مَنَافِعُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ. وَعَلَيْهَا وَعَلَى الْفُلْكِ تُحْمَلُونَ﴾

«تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىبرەت بار. بىز سىلەرنى ئۇلارنىڭ سۈتلىرى بىلەن سۇغىرىمىز. ئۇلاردىن كۆپ پايدىلىنىسىلەر ۋە گۆشلىرىنى يەيسىلەر. ئۇلارغا مىنىپ ۋە كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ خالىغان يەرلىرىڭلارغا بارىسىلەر ۋە ھەر ئىككىسى بىلەن يۈكلىرىڭلارنى توشۇيسىلەر»- مۆئمىنۇن 23/21-22.

﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّا خَلَقْنَا لَهُمْ مِمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَا أَنْعَامًا فَهُمْ لَهَا مَالِكُونَ. وَذَلَّلْنَاهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ. وَلَهُمْ فِيهَا مَنَافِعُ وَمَشَارِبُ أَفَلَا يَشْكُرُونَ﴾

«ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۆز قوللىرىمىز بىلەن ئىشلەپ ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى ياراتتۇق. ئۇلار ئۇ ھايۋانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدۇر. بىز ئۇ ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسى ئۇلارنىڭ ئۇلىغىدۇر، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى يەيدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئۇ ھايۋانلاردا يەنە باشقا نۇرغۇن مەنپەئەتلەر ۋە ئىچىلىدىغان نەرسىلەر بار. ئۇلار يەنىلا شۈكۈر قىلمامدۇ؟»- ياسىن 36/71-73.

﴿وَمَا يَسْتَوِي الْبَحْرَانِ هَذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ سَائِغٌ شَرَابُهُ وَهَذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ وَمِن كُلٍّ تَأْكُلُونَ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُونَ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا وَتَرَى الْفُلْكَ فِيهِ مَوَاخِرَ لِتَبْتَغُوا مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«ئىككى دېڭىز ئوخشاش بولمايدۇ. بىرى شېرىندۇر، تاتلىقتۇر، سۈيى ئاسان ئىچىلىدۇ. يەنە بىرى تۇزلۇقتۇر، ئاچچىقتۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن يېڭى گۆش يەيسىلەر، تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىڭلارنى چىقىرىسىلەر. سەن ئۇلاردا سۇنى يېرىپ كېتىۋاتقان كېمىلەرنى كۆرىسەن، بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر»- فاتىر 12/35.

### 5ـ شىپالىق ئىچىملىك بىلەن تەمىنلەش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَوْحَى رَبُّكَ إِلَى النَّحْلِ أَنِ اتَّخِذِي مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا وَمِنَ الشَّجَرِ وَمِمَّا يَعْرِشُونَ. ثُمَّ كُلِي مِنْ كُلِّ الثَّمَرَاتِ فَاسْلُكِي سُبُلَ رَبِّكِ ذُلُلًا يَخْرُجُ مِنْ بُطُونِهَا شَرَابٌ مُخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ فِيهِ شِفَاءٌ لِلنَّاسِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«رەببىڭ ھەسەل ھەرىلىرىگە مۇنداق ۋەھيى قىلدى: «تاغلاردا، ئورمانزارلىقلاردا ۋە ئىنسانلار تەييارلىغان ساندۇقلاردا ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئۆيلەر ياساڭلار. ئاندىن كېيىن مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدىن يەڭلار، ئاندىن رەببىڭلار سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن يوللاردا مېڭىڭلار». ئۇلارنىڭ قورساقلىرىدىن رەڭگىلىرى ھەر خىل ئىچىملىك چىقىدۇ. ئۇ ئىچىملىك ئىنسانلارغا شىپا بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەت بار»- نەھل 68/16-69.

### 6ـ خام ماددا بىلەن تەمىنلەش

بەزى ھايۋانلار كىيىم-كېچەك، ئۆي سەرەمجانلىرى ۋە چېدىر ئۈچۈن لازىمەتلىك ماددىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاللَّهُ جَعَلَ لَكُمْ مِنْ بُيُوتِكُمْ سَكَنًا وَجَعَلَ لَكُمْ مِنْ جُلُودِ الْأَنْعَامِ بُيُوتًا تَسْتَخِفُّونَهَا يَوْمَ ظَعْنِكُمْ وَيَوْمَ إِقَامَتِكُمْ وَمِنْ أَصْوَافِهَا وَأَوْبَارِهَا وَأَشْعَارِهَا أَثَاثًا وَمَتَاعًا إِلَى حِينٍ﴾

«ئاللاھ ئۆيلىرىڭلارنى سىلەرگە بىر ئارامگاھ قىلىپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ تېرىلىرىدىن كۆچكەن ۋە تۇرغان كۈنلىرىڭلاردا ئېلىپ مېڭىشقا ئاسان بولغان يېنىك ئۆيلەرنى قىلىپ بەردى. ئاللاھ يەنە سىلەرگە ئۇ ماللارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تىۋىتلىرىدىن ۋە چۇپۇرلىرىدىن كىيىم- كېچەكلەر ۋە بىر مۇددەتكىچە چىدايدىغان ئۆي سەرەمجانلىرى قىلىپ بەردى»- نەھل 80/16.

### 7ـ خۇش پۇراقلىق ماددا، يىپەك ۋە ئۈنچە-مارجانلار بىلەن تەمىنلەش

كېيىكتىن ئىپار، كىتتىن ئەنبەر، پىلە قۇرتىدىن يىپەك ۋە بەزى دېڭىز ھايۋانلىرىدىن ئۈنچە-مارجانلار چىقىدۇ. يىپەك، مەرۋايىت ۋە خۇش پۇراقلىق ماددىلار قۇرئان كەرىمدە جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيادىمۇ بارلىقنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇلارغا قىزىقىدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجْرَ مَنْ أَحْسَنَ عَمَلًا. أُولَئِكَ لَهُمْ جَنَّاتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهِمُ الْأَنْهَارُ يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِنْ ذَهَبٍ وَيَلْبَسُونَ ثِيَابًا خُضْرًا مِنْ سُنْدُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُتَّكِئِينَ فِيهَا عَلَى الْأَرَائِكِ نِعْمَ الثَّوَابُ وَحَسُنَتْ مُرْتَفَقًا﴾.

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، بىز ياخشى ئىش قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىنى ھەرگىزمۇ زايە قىلىۋەتمەيمىز. ئەنە شۇلار ئۈچۈن ئاستىدىن ھەر خىل ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئەدن جەننەتلىرى بار. ئۇلارغا ئۇ جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەر سېلىپ قويۇلىدۇ. ئۇلار نېپىز ۋە قېلىن يېپەكتىن يېشىل كىيىملەرنى كىيىپ، تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! ئۇ نېمىدېگەن ياخشى جاي!»- كەھف 18/30-31.

﴿إِنَّ اللَّهَ يُدْخِلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٍ وَلُؤْلُؤاً وَلِبَاسُهُمْ فِيهَا حَرِيرٌ﴾

«ئاللاھ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلار پىرقىسىنى، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەر ۋە مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يىپەكتىن بولىدۇ»- ھەج 22/23.

ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: فاتىر 35/33؛ دۇخان 44/51-53؛ ئىنسان 76/12، 21.

مارجانغا كەلسەك، ئۇ رەھمان سۈرىسىنىڭ 22- ئايىتىدە زىكىر قىلىنىدۇ.

﴿إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ. عَلَى الْأَرَائِكِ يَنْظُرُونَ. تَعْرِفُ فِي وُجُوهِهِمْ نَضْرَةَ النَّعِيمِ. يُسْقَوْنَ مِنْ رَحِيقٍ مَخْتُومٍ. خِتَامُهُ مِسْكٌ وَفِي ذَلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ الْمُتَنَافِسُونَ﴾

«شۈبھىسىزكى، ياخشىلار نەئىمدە بولىدۇ[623]. ئۇلار تەختلەرنىڭ ئۈستىدە قارايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە نېمەتنىڭ گۈزەللىكىنى تونۇيسەن. ئۇلار ئاغزى

623 يەنى نەئىم جەننەتلىرىدە بولىدۇ، نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

پىچەتلەنگەن ساپ بىر ئىچىملىكتىن سۇغىرىلىدۇ. **ئۇنىڭ ئاخىرى ئىپاردۇر.** بەسلەشكۈچىلەر ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن بەسلەشسۇن»- مۇتەففىفىن 83/22-26.

## 8- ئاللاھقا يېقىنلىششى ۋاستىسى بولۇش

تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلار قۇربانلىق قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ابْنَيْ آدَمَ بِالْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ مِن أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ الآخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ﴾**

«ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى ئەينەن ئوقۇپ بەرگىن: ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن بىردىن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرىنىڭ قوبۇل قىلىندى، يەنە بىرىنىڭ قوبۇل قىلىنمىدى. قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنمىغىنى: ‹مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن› دېۋىدى، قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنغىنى مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنىلا قوبۇل قىلىدۇ››»- مائىدە 5/27.

**﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنْسَكًا لِيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَى مَا رَزَقَهُمْ مِنْ بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ فَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَلَهُ أَسْلِمُوا وَبَشِّرِ الْمُخْبِتِينَ﴾**

«بىز ھەر ئۈممەتكە قۇربانلىق قىلىشنى بەلگىلىدۇق. بىز بۇنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەردىن ئىبارەت تۆت پۇتلۇق ھايۋانلىرىنى بىسمىللاھ دەپ قۇربانلىق قىلىشى ئۈچۈن قىلدۇق. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر. ئۇنداقتا پەقەت ئۇنىڭغىلا بويسۇنۇڭلار. ئاللاھقا چىن قەلبىدىن بويسۇنغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن»- ھەج 22/34.

## 9- ئوۋ تۇتۇپ بېرىش

ئىنسانلار ئىت ۋە قارچىغىغا ئوخشاش بەزى ھايۋانلارنى ئۆگىتىپ ئوۋچى قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋانلار بۇلارغا ئوۋ تۇتۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا أُحِلَّ لَهُمْ قُلْ أُحِلَّ لَكُمُ الطَّيِّبَاتُ وَمَا عَلَّمْتُم مِّنَ الْجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ اللّهُ فَكُلُواْ مِمَّا أَمْسَكْنَ عَلَيْكُمْ وَاذْكُرُواْ اسْمَ اللّهِ عَلَيْهِ وَاتَّقُواْ اللّهَ إِنَّ اللّهَ سَرِيعُ الْحِسَابِ﴾

«ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى: ‹سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئۆگەتكىنىدىن ئۆگىتىپ، ئوۋچى قىلىپ يېتىشتۈرگەن ھايۋانلار سىلەرگە تۇتۇپ بەرگەن ھايۋانلار ھالال قىلىندى. ئۇلار سىلەرگە تۇتۇپ بەرگەن ھايۋاندىن يەڭلار، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىڭلار ۋە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى ناھايىتى تېزدۇر›»- مائىدە 4/5.

## 10- زىننەت بولۇش ۋە زوق بېرىش

ئىنسانلارغا ئات، قېچىر ۋە ئېشەك ئۇلاغ بولۇش بىلەن بىرگە زىننەت بولىدۇ. تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە يۇقىرىدىكى پايدىلىرىدىن باشقا ئۆز ئىگىسىگە زوق بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالأَنْعَامَ خَلَقَهَا لَكُمْ فِيهَا دِفْءٌ وَمَنَافِعُ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ. وَلَكُمْ فِيهَا جَمَالٌ حِينَ تُرِيحُونَ وَحِينَ تَسْرَحُونَ. وَتَحْمِلُ أَثْقَالَكُمْ إِلَى بَلَدٍ لَمْ تَكُونُوا بَالِغِيهِ إِلَّا بِشِقِّ الْأَنْفُسِ إِنَّ رَبَّكُمْ لَرَءُوفٌ رَحِيمٌ. وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً وَيَخْلُقُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾

«ئاللاھ تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنى ياراتتى. ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن سوغۇقتىن ساقلىغۇچى نەرسىلەر ۋە باشقا نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار: ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يەيسىلەر. ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن ئەكەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئاپارغان چاغلىرىڭلاردا باشقىچە بىر زوق ئالىسىلەر. ئۇلار سىلەر ناھايىتى جاپا تارتمىساڭلار بارالمايدىغان يىراق جايلارغا يۈكلىرىڭلارنى توشۇيدۇ. رەببىڭلار ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر، مەرھەمەتلىكتۇر. ئاللاھ ئاتلارنى، قېچىرلارنى، ئېشەكلەرنى سىلەر ئۇچۇن ئۇلاغ ھەمدە زىننەت قىلىپ ياراتتى. ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىدۇ» نەھل 5/16-8.

## 11ـ قاراۋۇللۇق قىلىش

بەزى ھايۋانلار خەتەرنى ئىنسانلاردىن ئىلگىرى ھېس قىلىدۇ ۋە بۇنى بىر شەكىلدە ئۇلارغا خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ئىنسانلاردىن پەرقلىق بولۇشىدىن ھاسىل بولغان ئالاھىدىلىكىدۇر. بولۇپمۇ ئىت ۋە غازغا ئوخشاش ھايۋانلار ئامانلىق ساقلاش ۋە كۆزەتچىلىك ئىشلىرىنى ئوبدان قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ ئىشقا ئەسھابى كەھفنىڭ ئىتى مىسال قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَتَحْسَبُهُمْ أَيْقَاظاً وَهُمْ رُقُودٌ وَنُقَلِّبُهُمْ ذَاتَ الْيَمِينِ وَذَاتَ الشِّمَالِ وَكَلْبُهُم بَاسِطٌ ذِرَاعَيْهِ بِالْوَصِيدِ لَوِ اطَّلَعْتَ عَلَيْهِمْ لَوَلَّيْتَ مِنْهُمْ فِرَاراً وَلَمُلِئْتَ مِنْهُمْ رُعْباً﴾

«ئۇلارنى كۆرسەڭ ئويغاق دەپ ئويلايتتىڭ. ھالبۇكى، ئۇلار ئۇيقۇدا ئىدى. بىز ئۇلارنى گاھ ئوڭ يېنىغا، گاھ سول يېنىغا ئۆرۈپ تۇراتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىتى بولسا، غارنىڭ بوسۇغىسىغا ئالدى پۇتلىرىنى سوزغان ھالەتتە ئىدى. ئۇلارنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن بولساڭ، دەرھال ئارقاڭغا قاراپ قاچاتتىڭ ۋە ئىچىڭگە قورقۇنچ تولۇپ كېتەتتى»ـ كەھف 18/18.

## 12ـ ئىلىم ئۆگىتىش

ھايۋانلار ئۆزلىرىنىڭ بەزى ئاجايىب ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىنسانلارغا بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ، ئۇلارغا بەزى ئىلھاملارنىڭ كېلىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا قاغا مىسال قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَبَعَثَ اللّهُ غُرَاباً يَبْحَثُ فِي الأَرْضِ لِيُرِيَهُ كَيْفَ يُوَارِي سَوْءَةَ أَخِيهِ قَالَ يَا وَيْلَتَا أَعَجَزْتُ أَنْ أَكُونَ مِثْلَ هَذَا الْغُرَابِ فَأُوَارِيَ سَوْءَةَ أَخِي فَأَصْبَحَ مِنَ النَّادِمِينَ﴾

«ئۇ ئەسنادا ئاللاھ بىر قاغا ئەۋەتتى، قاغا يەرگە چوقۇيتتى. بۇ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ: ‹ۋاي ئىسىت! مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇپ، قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمەلمەپتىمەن!› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى»ـ مائىدە 31/5.

### ئە- ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي ھەقلىرى

#### 1- ياشاش ھەققى

ھايۋانلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش جانلىقلاردۇر. ئۇلارمۇ بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىگە بەلگىلەنگەن مۇئەييەن مۇددەت ياشاش ھەققىگە ئىگىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَقْتُلُواْ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللّهُ إِلاَّ بِالْحَقِّ﴾

«ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەڭلار»- ئەنئام 151/6.

#### 2- نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغان ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى سۇ ئاپىتى بىلەن جازالاندۇرۇشنى ئىرادە قىلغان ۋە بۇنى ئەلچىسى نۇھ (ئە.س)غا بىلدۈرگەن. نۇھ (ئە.س)نى بۇيرۇقى كەلگەن چاغدا كېمىسىگە ھەر تۈرلۈك ھايۋاندىن بىر ئەركەك ۋە بىر چىشىنى ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇغان. بۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆز نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿حَتَّى إِذَا جَاء أَمْرُنَا وَفَارَ التَّنُّورُ قُلْنَا احْمِلْ فِيهَا مِن كُلٍّ زَوْجَيْنِ اثْنَيْنِ وَأَهْلَكَ إِلاَّ مَن سَبَقَ عَلَيْهِ الْقَوْلُ وَمَنْ آمَنَ وَمَا آمَنَ مَعَهُ إِلاَّ قَلِيلٌ﴾

«ئاخىرى ئەمرىمىز كەلگەن ۋە تونۇر قايىنىغان[624] چاغدا نۇھقا: «ھەر تۈرلۈك ھايۋاندىن ئەركەك-چىشى بولۇپ بىر جۈپنى يەنى ئىككىنى، ئائىلەڭنى-ئۇلارنىڭ ئىچىدىن غەرق قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلىنغانلار مۇستەسنا- ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى كېمىگە ئېلىپ چىق!» دېدۇق. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتقان ئىدى»- ھۇد 40/11.

مۇئمىنۇن سۈرىسىنىڭ 27- ئايىتىمۇ بۇ مەنىدە كەلگەن.

﴿وَإِذَا تَوَلَّى سَعَى فِي الأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيِهَا وَيُهْلِكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ وَاللّهُ لاَ يُحِبُّ الفَسَادَ﴾

624 تونۇرنىڭ قايىنىشى ھەر تەرەپتىن سۇنىڭ ئېتىلىپ چىققانلىقىنى ياكى كېمىنىڭ پار قازىنىنىڭ قايناپ كېمە مېڭىشقا تەييار ھالەتكە كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئۇ ئەمەلدار بولسا زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، مەھسۇلات مەنبەلىرىنى ۋە نەسىللەرنى نابۇت قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئاللاھ بۇزغۇنچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ»- بەقەرە 205/2.

بۇ ئايەتتىكى «نەسىللەر» ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ نەسىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەككى، نەسىللەرنى نابۇت قىلىش بۇزغۇنچىلارنىڭ، ئۇلارنىڭ داۋاملىشىشىغا توسالغۇ بولماسلىق ياخشى ئادەملەرنىڭ ئىشىدۇر.

### 3- يەرلىشىش ھەققى

زېمىندا پەقەت ئىنسانلارلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلار، قۇشلار ۋە پۈتۈن جانلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئورۇنلىشىدىغان يەرلىرى بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِي الأَرْضِ إِلاَّ عَلَى اللّهِ رِزْقُهَا وَيَعْلَمُ مُسْتَقَرَّهَا وَمُسْتَوْدَعَهَا كُلٌّ فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ﴾

«زېمىندا رىزقىنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالمىغان بىرمۇ جانلىق يوق. ئاللاھ ھەربىرىنىڭ يەرلەشكەن يېرىنى ۋە ۋاقىتلىق تۇرغان يېرىنى بىلىدۇ. ھەممىسى روشەن كىتابتىدۇر»- ھۇد 6/11.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھەر جانلىقنىڭ، جۈملىدىن ھايۋانلارنىڭ رىزقىنى ۋە يەرلىشىدىغان يېرىنى زىكىر قىلىدۇ. بۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن يەر يۈزىدە خالىغان يەرلىرىدە خالىغان شەكىللەردە يەرلىشىپ خاتىرجەم تۇرىدىغان جايلار ياساش ھەققى ۋە رىزقىنى ئىزدەش ئۈچۈن خالىغانچە ھەرىكەت قىلىش ھەققى بارلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭغا توسالغۇ بولماسلىقنىڭ لازىملىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنى سۈرە رەھماننىڭ 10- ئايىتىمۇ تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئايەتتە زېمىننىڭ پۈتكۈل مەخلۇقات ئۈچۈن قويۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ھەسەل ھەرىسىگە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆي ياساش توغرىسىدا ۋەھيى قىلىنىشى (نەھل 68/16)، چۈمۈلىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بارلىقىنىڭ زىكىر قىلىنىشى (نەمل 18/27) ۋە ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى بارلىقىنىڭ زىكىر قىلىنىشى (ئەنكەبۇت 41/29) بۇنىڭ مىساللىرىدۇر.

## 4ـ داۋالىنىش ھەققى

قۇربانلىق ھۆكۈملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە[625] قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ گەۋدىلىك، سېپەتلىك، ساغلام، بېجىرىم، چىرايلىق سېمىز ۋە تېنى ساق ماللار بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ (ئە.س) كور، توكۇر، قۇلىقى كېسىك، مۈڭگۈزى سۇنۇق، كېسەل ۋە بەك ئورۇق ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن[626].

بۇ، ھايۋانلارنىڭ تېنى ساق تۇرۇشىنىڭ ۋە كېسەل بولۇپ قالسا داۋالاشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ «تۆگىلىرى كېسەل كىشى ئۇ تۆگىلىرىنى تۆگىلىرى ساق كىشىنىڭ تۆگىلىرىنىڭ يېنىغا ئەكەلمىسۇن»[627] دېگەن سۆزىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ.

### ب ـ ھالال ھايۋانلار

1)ـ تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أُحِلَّتْ لَكُم بَهِيمَةُ الأَنْعَامِ﴾

«سىلەرگە تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلار ھالال قىلىندى».ـ مائىدە 1/5.

2)ـ ئۇلارنىڭ ياۋايىلىرى ۋە يېگۈچىگە زىيانلىق بولمىغان باشقا ياۋايى ھايۋانلار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا أُحِلَّ لَهُمْ قُلْ أُحِلَّ لَكُمُ الطَّيِّبَاتُ وَمَا عَلَّمْتُم مِّنَ الْجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ اللّهُ فَكُلُواْ مِمَّا أَمْسَكْنَ عَلَيْكُمْ﴾

«ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى: «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئۆگەتكىنىدىن ئۆگىتىپ، ئوۋچى قىلىپ يېتىشتۈرگەن ھايۋانلار سىلەرگە تۇتۇپ

625 ھەج 22/36ـ37.

626 تىرمىزى، سۇنەن، ئەداھى 6 (1497، 1498)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، داھايا 6 (2802، 2803، 2804، 2805، 2806)؛ نەسائى، سۇنەن، داھايا 5، 6، 7 (7،214، 215) (7، 217) 10؛11،12؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەداھى 8 (3142).

627 بۇخارى، سەھىھ، تىب، 5771 ؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئاداب 33.

بەرگەن ھايۋانلار ھالال قىلىندى. ئۇلار سىلەرگە تۇتۇپ بەرگەن ھايۋاندىن يەڭلار، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىڭلار ۋە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى ناھايىتى تېزدۇر»۔ مائىدە 4/5.

3)۔ دېڭىز ھايۋانلىرى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أُحِلَّ لَكُمْ صَيْدُ الْبَحْرِ وَطَعَامُهُ مَتَاعاً لَّكُمْ وَلِلسَّيَّارَةِ﴾

«سىلەرگە دېڭىزنىڭ ئوۋى ۋە يېمەكلىكى ھالال قىلىندى. بۇ سىلەرنى ۋە يولۇچىلارنى مەنپەئەتلەندۇرۇش ئۈچۈندۇر»۔ مائىدە 96/5.

## ب۔ ھارام ھايۋانلار

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، چوشقا گۆشى، باتىل ئىلاھلارنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلار ۋە ھالال ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا تومۇرلىرىدىن ئېقىپ چىققان قان ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةَ وَالدَّمَ وَلَحْمَ الْخِنزِيرِ وَمَا أُهِلَّ بِهِ لِغَيْرِ اللّهِ فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلاَ عَادٍ فَلا إِثْمَ عَلَيْهِ إِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

«ئاللاھ سىلەرگە پەقەت تۆۋەندىكىلەرنىلا ھارام قىلدى: ئۆلتۈرۈپ يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغىنىنى، قاننى، توڭگۇز گۆشىنى ۋە ئاللاھتىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى»۔ بەقەرە 173/2.

﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالْدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنْزِيرِ وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللّهِ بِهِ وَالْمُنْخَنِقَةُ وَالْمَوْقُوذَةُ وَالْمُتَرَدِّيَةُ وَالنَّطِيحَةُ وَمَا أَكَلَ السَّبُعُ إِلاَّ مَا ذَكَّيْتُمْ وَمَا ذُبِحَ عَلَى النُّصُبِ وَأَن تَسْتَقْسِمُواْ بِالأَزْلاَمِ ذَلِكُمْ فِسْقٌ﴾

«ئۆلتۈرۈپ يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغىنى، قان، توڭگۇزنىڭ گۆشى، ئاللاھتىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئېگىزدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن ھايۋان، باشقا ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچلار يەپ قويغان ھايۋان قاتارلىقلار سىلەرگە ھارام قىلىندى. بۇلاردىن جېنى چىقىپ بولغىچە بوغۇزلىۋالغىنىڭلار مۇستەسنا. شۇنىڭدەك، تىكلەپ

قويۇلغان تاشلارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار[628] ۋە پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىشىڭلار سىلەرگە ھارام قىلىندى. ئەنە شۇلار پىسقتۇر[629]»- مائىدە 3/5.

﴿قُل لاَّ أَجِدُ فِي مَا أُوْحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّماً عَلَى طَاعِمٍ يَطْعَمُهُ إِلاَّ أَن يَكُونَ مَيْتَةً أَوْ دَماً مَّسْفُوحاً أَوْ لَحْمَ خِنزِيرٍ فَإِنَّهُ رِجْسٌ أَوْ فِسْقاً أُهِلَّ لِغَيْرِ اللّهِ بِهِ﴾

ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: «ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ھۆكۈملەرنىڭ ئىچىدە، يەيدىغان كىشىگە ئۆلتۈرۈلۈپ يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلاردىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغىنى، ئېقىتىلغان قان، چوشقا گۆشى-چۈنكى ئۇ پاسكىنىدۇر- ۋە ئاللاھتىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان پىسق قاتارلىقلاردىن باشقا ھارام قىلىنغان بىر نەرسە تاپالمايمەن»- ئەنئام 145/6.

﴿إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةَ وَالْدَّمَ وَلَحْمَ الْخَنزِيرِ وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللّهِ بِهِ فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلاَ عَادٍ فَإِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

«ئاللاھ سىلەرگە پەقەت شۇلارنىلا ھارام قىلدى: ئۆلتۈرۈلۈپ يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلاردىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغىنىنى، قاننى، توڭگۇزنىڭ گۆشىنى ۋە ئاللاھتىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى»- نەھل 115/16.

## ت- ھەدىسلەردە چەكلەنگەن ھايۋانلار

### 1- يىرتقۇچ ھايۋانلار

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئەبۇ سەئلەبە ئەلخۇشەنى (ر.ئە)لەردىن رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ خەيبەردە ئۆتكۈر چىشلىق يۈتكۈل ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى ۋە تىرنىقى بىلەن تۇتۇپ يەيدىغان يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشتىن «چەكلىگەنلىكى»[630] ياكى «ھارام قىلغانلىقى»[631] رىۋايەت قىلىنىدۇ.

628 جاھىلىيەتتە كەبىنىڭ چۆرىسىدە تىكلەپ قويۇلغان بىر قىسىم تاشلار بولۇپ، ئۇ تاشلارنىڭ ئالدىدا بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىناتتى ۋە قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ قانلىرىدىن شۇ تاشلارغا سۈۋاپ قويۇلاتتى. بۇ ئايەت بىلەن ئەنە شۇ تاشلارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنغان- (رازى، تەپسىرى كەبىر 285/11).

629 بۇ ھاراملارغا يېقىنلىششىش توغرا يولدىن چىققانلىقتۇر.

630 بۇخارى، سەھىھ، زابائىھ 28-29؛ مۇسلىم، سەھىھ، سەيد 12 (1932)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەتئىمە 25؛ تىرمىزى، سۇنەن ئەتئىمە 3؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، سەيد 13؛ نەسائى، بۇيۇئ 79.

631 مۇسلىم، سەيد 15 (1933)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، سەيد 13.

جۇمھۇر ئالىملار (ئىچىدە تۆت مەزھەپ ئالىملىرىمۇ بولغان كۆپچىلىك ئۆلىمالار) يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ئاساسلىنىپ شىر، يولۋاس، يىلپىز، ئېيىق، بۆرە، ئىت ۋە ھاكازاغا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ، بۈركۈت، قارچىغا، قۇرغۇي، لاچىن ۋە ھاكازاغا ئوخشاش يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ «ھارام» ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ[632].

مالىكىيلارنىڭ كۆپچىلىكى ۋە بەزى ئالىملار ھەدىسلەردىكى چەكلىمىنى ھاراملىقنى ئەمەس، مەكرۇھلۇقنى ئىپادىلەيدىغانلىقنى ئېيتىدۇ. ئەنئام سۈرىسىنىڭ 145- ئايىتىنى ئۆزىگە دەلىل قىلغان ئائىشە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئە)دەك پېشقەدەم ساھابىلەرنىڭ بۇ ھايۋانلارنى «مۇباھ» كۆرىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[633].

## 2- ئەھلىي ئېشەك

«ئەھلىي» ئۆيگە ۋە ئادەمگە كۆندۈرۈلگەن دېگەن بولۇپ «ياۋايى»نىڭ زىددىدۇر. بىرقانچە ھەدىستە خەيبەردە ئەھلىي ئېشەك گۆشلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكى ياكى ھارام قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) خەيبەر كۈنى ئەھلىي ئېشەك گۆشلىرىنى يېيىشتىن چەكلىدى»[634].

ئەبۇ سەئلەبە ئەلخۇشەنىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «رەسۇلۇللاھ (ئە.س) خەيبەر كۈنى ئەھلىي ئېشەك گۆشلىرىنى ھارام قىلدى»[635].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە خەيبەرگە چىقتۇق، ئاللاھ خەيبەرنى مۇسۇلمانلارغا پەتھ قىلىپ بەردى، پەتھ كۈنى ئاخشىمى ساھابىلەر بىرقانچە يەرگە ئوت قالىدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ: «بۇ قانداق ئوتلار؟ ئۇلارنى نېمىشقا قالايسىلەر؟»

632 شافىئىي، ئۇم، 2- جىلد، 390- بەت؛ ئىبنۇلئەرەبى، ئەھكامۇل قۇرئان، 1- جىلد، 51- بەت، 2- جىلد، 766- بەت؛ كاسانى، بەدائىئۇسسەنائىئ، 6- جىلد، 196- ۋە 197- بەتلەر؛ ئىبنى رۇشد، بىدايەتۇلمۇجتەھىد، 1- جىلد، 380- بەت؛ ئىبنى قۇدامە، ئەلمۇغنى، 11- جىلد، 67- ۋە 69- بەتلەر.

633 ئىبنى رۇشد، بىدايەتۇل مۇجتەھىد، 380/1؛ نەۋەۋى، سەھىھى مۇسلىم بىشەرھىننەۋەۋى، 83/13.

634 بۇخارى، سەھىھ، زەبائىھ 28؛ مۇسلىم سەيد 25.

635 بۇخارى، سەھىھ، زەبائىھ 28؛ مۇسلىم سەيد 23 (1936).

دەپ سورىدى. ساھابىلەر: «گۆش پىشۇرۇش ئۈچۈن» دېدى، رەسۇلۇللاھ: «نېمە گۆشى؟» دەپ سورىدى، ئۇلار: «ئەھلىي ئېشەك گۆشى» دەپ جاۋاب بەردى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارنى تۆكۈۋېتىڭلار ۋە چېقىۋېتىڭلار» دېدى، بىر ئادەم: «يارەسۇلەللاھ! ئۇلارنى تۆكۈۋېتىپ قازانلارنى يۇيۇۋەتسەك بولامدۇ؟» دېدى، رەسۇلۇللاھ: «يا شۇنداق قىلىڭلار، يەنى قازانلارنى چېقىۋەتمەي يۇيۇۋېتىڭلار» دېدى[636].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا مۇنداق دەيدۇ: خەيبەر كۈنى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ئاچ قالدۇق، دۈشمەنىنىڭ شەھەردىن چىققان ئېشەكلىرىنى تۇتۇۋېلىپ بوغۇزلىدۇق، قازانلىرىمىز قايناۋاتاتتى، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھنىڭ جاكارچىسى: «قازانلارنى كۆمتۈرۈڭلار، ئېشەك گۆشلىرىدىن ھېچ نەرسە يېمەڭلار!» دەپ جاكارلىدى. سەلەمە: «مەن ئۇلارنى نېمشقا قىلغاندۇ؟» دەپ سورىدىم، ئابدۇللاھ مۇنداق جاۋاب بەردى: «بىزمۇ ئارىمىزدا بۇ ھەقتە سۆزلەشتۇق: بەزىمىز «رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى قەتئىي ھارام قىلدى» دېدۇق، بەزىمىز «رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى بەشتە بىرى ئېلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ھارام قىلدى» دېدۇق[637].

دېمەك، ساھابىلەرنىڭ بەزىسى رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئەھلىي ئېشەكنى چەكلىگەنلىكىنى «قەتئىي ھارام قىلغانلىقى» دەپ چۈشەنگەن، بەزىلىرى مەزكۇر ئېشەكلەر غەنىيمەت بولغانلىقى ئۈچۈن تەقسىم قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلىق ھارام قىلغانلىقى دەپ چۈشەنگەن.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئېشەكلەرنى نىجاسەت يېگەنلىكى ئۈچۈن چەكلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان رىۋايەتلەرمۇ بار[638].

ئەھلىي ئېشەك توغرۇلۇق يۇقىرىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئەكسىچە مۇنداق رىۋايەتلەرمۇ بار:

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، غالىب ئىبنى ئەبجەر مۇنداق دەيدۇ: «بىزگە قەھەتچىلىك يەتكەن ئىدى، ئىلكىمدە بولغان ماللىرىمنىڭ ئىچىدە ئەھلىي ئېشەكتىن باشقا ئائىلەمگە يېگۈزگۈدەك بىر نەرسەم يوق ئىدى، رەسۇلۇللاھ

636 بۇخارى، سەھىھ، مەغازى 38؛ مۇسلىم، سەھىھ، سەيد 33 (1802).

637 مۇسلىم، سەھىھ، سەيد 26 (1937).

638 ئىبنى ماجە، سۈنەن، زەبائىھ 13؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەتئىمە 33.

ئەھلىي ئېشەك گۆشىنى چەكلىگەن ئىدى، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يارەسۇلەللاھ! بىزگە قەھەتچىلىك يەتتى، ماللىرىمىنىڭ ئىچىدە سېمىز ئېشەكلەردىن باشقا ئائىلەمگە يېگۈزگۈدەك بىر نەرسەم قالمىدى، سەن ئېشەك گۆشىنى چەكلىگەن ئىدىڭ، قانداق قىلاي؟» دېدىم، ئۇ: «ئائىلەڭگە سېمىز ئېشەكلىرىڭنىڭ گۆشلىرىدىن يېگۈزگىن، مەن ئۇلارنى پەقەت نىجاسەت يەيدىغان ھايۋانلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا چەكلىگەن ئىدىم» دېدى[639].

بەنى مۇررە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ــ بىر رىۋايەتتە ئۇممۇ نەسر مۇھارىبىييە-رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مېنىڭ مېلىمىنىڭ تولىسىنى ئېشەكلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنى يېسەك بولامدۇ؟» دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارنى يايلاقتا ئوتلىتىسەن، ئۇلار ئوت-چۆپ يەيدۇ، شۇنداقمۇ؟» دېدى، ئۇ كىشى: «شۇنداق» دېدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداقتا ئۇلارنى يېسەڭ بولىدۇ» دېدى[640].

ئەھلىي ئېشەكنى ھارام دەپ قوبۇل قىلىدىغانلار بۇ ئىككى رىۋايەتنى سەنەد جەھەتتىن «زەئىپ»، «سەھىھ» دەپ قوبۇل قىلىنغان تەقدىردىمۇ بۇلارنىڭ زۆرۈرەت ئەھۋالىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى، شۇڭا نورمال ئەھۋاللار ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەمر ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر ئىبنى زەيدكە: «بەزى ئىنسانلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھلىي ئېشەكلەرنى يېيىشنى چەكلىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ» دېدىم، جابىر: «بۇنى بەسرەدە بىزنىڭ يېنىمىزدا ھەكەم ئىبنى ئەمر غىفارى دېگەن ئىدى، لېكىن بۇ كۆزقاراشنى ئىلىمدە بىر دېڭىز بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قوبۇل قىلمىدى ۋە: «**ئېيتقىنكى، ماڭا ۋەھىي قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە يېگۈچىگە يېيىشى ھارام قىلىنغان بىر نەرسە تاپالمايمەن...**»[641] دېگەن مەنىدىكى ئايەتنى ئوقۇدى[642].

يۇقىرىدا ئۆتكەن ۋە چەكلىمە ئىپادىلەيدىغان رىۋايەتلەرنى ئاساس قىلىدىغان ئۆلىمالارنىڭ كۆپچىلىكى ئەھلىي ئېشەك گۆشىنى «ھارام» دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئىمام مالىك بولسا «مەكرۇھ» دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

---

639 ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ئەتئىمە 33.

640 ئىبنى ئەبىي شەيبە، مۇسەننەف 12/354-355.

641 ئەنئام 6/145.

642 بۇخارى، سەھىھ، زەبائىھ 28، 5529.

ساھابىلەردىن ئائىشە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس[643]، تابىئىنلاردىن ئەبۇ ۋائىل شەقىق ئىبنى سەلەمە، ئىكرەمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە شەئبى، ھەنەفىيە فەقىھلىرىدىن بىشر ئىبنى غىياس مەرىسىدەك ئۆلىمالارنىڭ[644]، ئەنئام سۈرىسىنىڭ 145۔ ئايىتىنى دەلىل قىلىپ ئەھلىي ئېشەكنى «مۇباھ» كۆرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئىمام ماتۇرىيدىي ئەنئام سۈرىسىنىڭ 145۔ ئايىتىدە زىكىر قىلىنمىغان يېمەكلىكلەرگە كەسكىن «ھارام» دېيىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى مۇنۇ سۆزى بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«ھايۋانلار توغرىسىدا ‹ھارام› دېگەن سۆز پەقەت بۇ ئايەتتە زىكىر قىلىنغان مەيتە (ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشى)، ئېقىتىلغان قان ۋە چوشقا گۆشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ تېشىدا قالغان ھايۋانلار ئۈچۈن ‹چەكلەنگەن›، ‹مەكرۇھ› دېيىلىدۇ. لېكىن ھېچبىر شەكىلدە كەسكىن قىلىپ ‹ھارامدۇر› دېيىلمەيدۇ»[645].

ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ پېشقەدەم ئىماملىرىدىن بىرى بولغان كاسانى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ئەھلىي ئېشەك گۆشىنى ‹ھارام› دەپ ئاتىمايمىز، چۈنكى قەتئىي ھارام، ھاراملىقى قەتئىي دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان نەرسىدۇر. ھاراملىقى ئىجتىھات ماۋزۇسى بولغان نەرسىلەر قەتئىي بىر شەكىلدە ھارام دېيىلمەيدۇ، بىز ئۇلارنى ‹مەكرۇھ› دەپ ئاتايمىز، ھالال ۋە ھارام ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش مەسىلىسىدە قەتئىي بىر ھۆكۈم بەرمەسلىك بىلەن بىرلىكتە ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى يېيىشتىن ساقلىنىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىمىز»[646].

643 جەسساس، ئەھكامۇل قۇرئان 17/3؛ سەرەخسى، مەبسۇت 232/11؛ ئىبنى رۇشد، بىدايەتۇلمۇجتەھىد، 381/1؛ ئىبنى قۇدامە، مۇغنى، 66/11، 250/17.

644 سەرەخسى، مەبسۇت 232/11؛ كاسانى، بەدائىئ 189/6؛ ئەھمەت سائىم كىلاۋۇز، «بىشر ئىبنى غىياس»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل، 1992، 6۔ جىلد، 221۔ بەت؛ شەنەر «ھايۋان»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 95/17.

645 ماتۇرىيدىي، تەئۋىلاتۇل قۇرئان 241/5.

646 كاسانى، بەدائىئۇسسەنائىئ 191/6.

**ئەسكەرتىش:**

ئېشەك گۆشىنى يېيىشنى چەكلەيدىغان ھەدىسلەر ۋە ئۇلار توغرىسىدىكى پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەر ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

ئايەتلەردە ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ ھارام قىلىنىشى «پەقەت شۇلارلا ھارام، بۇلاردىن باشقىسى ھارام ئەمەس» دېگەن مەنىدىكى ئىپادىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى، چەكلىگەنلىكنى ئىپادىلەيدىغان ھەدىسلەردە مەسىلە بارلىقى، شۇنداقلا ئۇلارغا زىت كېلىدىغان باشقا ھەدىسلەرنىڭمۇ بارلىقى، بولۇپمۇ ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ئايەتتە زىكىر قىلىنمىغان يېڭى ھۆكۈم ئىپادىلىشى ۋە ئەڭ ئاخىردا نازىل بولغان مائىدە سۈرىسى 3- ئايەتتىمۇ ئىلگىرى نازىل بولغان ئۈچ ئايەتتە[647] ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ ئەينىسىنىڭ زىكىر قىلىنىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇقىرىدىكى ئىختىلاپلار مەيدانغا كەلگەن.

## *ج- ئايەت-ھەدىستە زىكىر قىلىنمىغان ھايۋانلار*

شۇ بىر ئەمەلىيەتكى، يەر يۈزىدە ئىنسان بىلەن بىرلىكتە مىليونلارچە تۈرلۈك ھايۋان ياشايدۇ. مۇتەخەسسىس ئالىملار ھازىرغىچە پەقەت بىر مىليون ئەتراپىدا ھايۋان تۈرىنىڭ بارلىقىنى تەتقىق قىلغان[648]. ئۇلارنىڭ ھالاللىقىنى ياكى ھاراملىقىنى مۇناسىۋەتلىك ئايەت-ھەدىسلەردىكى ئومۇمىي قائىدىلەر ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ قائىدىلەر تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾

«ئۆزۈڭلارنى تەھلىكىگە ئاتماڭلار». بەقەرە 195/2.

﴿وَلاَ تَقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾

«ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە مەرھەمەتلىكتۇر». نىسا 29/4.

---

647 بۇلار مەككىدە نازىل بولغان ئەنئام سۈرىسىنىڭ 145- ئايىتى ۋە نەھل سۈرىسىنىڭ 115- ئايىتى، مەدىنىدە نازىل بولغان بەقەرە سۈرىسىنىڭ 177- ئايىتى قاتارلىق ئۈچ ئايەتتۇر.

648 تەتقىقات ھەيئىتى، قامۇسۇل قۇرئان- مۇئجەمۇل ھايۋان، 1- باسمىسى، كۇۋەيت، مۇئەسسەسەتۇلكۇۋەيت لىتتەقەددۇمىل ئىلمىي، 1999، 14- بەت.

رەسۇلۇللاھ (ئە.س) مۇنداق دېگەن:

«زىيان سېلىشقا ۋە زىيان تارتىشقا بولمايدۇ»[649].

«كىم زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالىدىكەن، قىيامەت كۈنى دوزاختا زەھەر ئىچىپ مەڭگۈ قالىدۇ»[650].

بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شېرىپلەردە زىكىر قىلىنمىغان ھايۋانلاردىن ئىنسانغا زىيانلىق بولغانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىش ھارام بولىدۇ. زىيانسىز بولغانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىش مۇباھ (رۇخسەت) بولىدۇ. بۇنى تىببىي تەتقىق ياكى ئەمەلىي تەجرىبە ئىسپاتلايدۇ.

## ***چ- سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش***

ھايۋانلارنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن نەسىللەندۇرۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿جَعَلَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجاً وَمِنَ الْأَنْعَامِ أَزْوَاجاً يَذْرَؤُكُمْ فِيهِ لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ البَصِيرُ﴾

«ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئۆزۈڭلاردىن جۈپتىلەر يارىتىپ بەردى. تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى جۈپلۈك قىلىپ يارىتىپ بەردى. **ئۇ بۇ ئارقىلىق سىلەرنى كۆپەيتىدۇ.** ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېچبىر نەرسە يوقتۇر. ئۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»- شۇرا 11/42.

بۇ ئايەت كۆپىيىشنى، يەنى نەسلىنىڭ داۋاملىشىشنى ئىنسانلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ جۈپ يارىتىلىشىنىڭ ھېكمىتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ بوغاز بولۇشى ۋە كۆپىيىشى تەبىئىي ھالدا بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ تەبىئىي يول ئېھتىياجنى قامداشتا يېتەرسىز قالسا بۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراش كېرەك:

649 ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئەھكام 17/2340-2341؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 5/55-56؛ مالىك، مۇۋەتتا، ئەقدىيە 600/2758؛ بەيھەقى، سۈنەنى كۇبرا، سۇلھ 11384.

650 بۇخارى، سەھىھ، تىب 5778؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 175/47 (109)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تىب 3872؛ نەسائى، سۈنەن، جەنائىز 1965؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، تىب 3460/11.

ئەگەر سۈنئى ئۇسۇل بىلەن نەسىللەندۈرۈشنىڭ ھايۋانلارغا ياكى ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا ۋە ياكى ئۇلارنىڭ نەسلىنىڭ داۋاملىششىغا سالىدىغان زىيىنى كەلتۈرىدىغان پايدىسىدىن كۆپ بولسا، ياكى بۇنداق ئۇسۇل بىلەن نەسىللىنىپ تۇغقان ھايۋاننىڭ سۈتى ۋە مەھسۇلاتلىرى، تۇغۇلغان بالىسىنىڭ گۆش-يېغى ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان بولسا، ھايۋانلارنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن نەسىللەندۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (ئە.س) «زىيان سېلىشقا ۋە زىيان تارتىشقا بولمايدۇ» دېگەن[651].

ئەگەر سۈنئىي نەسىللەندۈرۈشنىڭ ھايۋانلارغا ياكى ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا ۋە ياكى ئىنسانلارغا زىيىنى بولمىسا ياكى بولغان تەقدىردىمۇ زىيىنى پايدىسىغا قارىغاندا بەك ئاز بولسا، سۈنئىي نەسىللەندۈرۈشكە بولىدۇ.

### خ- نىجاسەت يېگەن ھايۋاننىڭ ھۆكمى

توخۇ، غاز، ئۆردەك قاتارلىق ئۆي قۇشلىرىدىن؛ تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن نىجاسەت يەپ ئوزۇقلانغانلىرى «جەللالە» دەپ ئاتىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ (ئە.س)نىڭ ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشنى، سۈتلىرىنى ئىچىشنى ۋە ئۇستىگە مىنىشنى ياقتۇرمىغانلىقى ۋە چەكلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[652].

بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، پۈتۈن ئوزۇقلىقىغا ھېچ ئارىلاشمىسى يوق خالىس نىجاسەت يەيدىغان ھايۋانلارنى بىر مۇددەت ساقلاتماستىن ئۆلتۈرۈپ يېيىش مەكرۇھتۇر. ئەگەر ساقلاتمايلا ئۆلتۈرسە ئەۋزەلنى تەرك ئەتكەنلىك بولىدۇ، لېكىن ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئىشنىڭ ئەسلى شۇكى: ھايۋانلارنىڭ يېيىشى ۋە ئىچىشى ئۈچۈن ھالال، ھارام دەپ بىر چەكلىمە يوق. يەنى ھايۋانلار خالىغىنىنى يەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىز ئىنسانلار ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەرگەن ھايۋانلارنى خالىغان ۋاقتىمىزدا ئۆلتۈرۈپ يېيىشىمىزنىڭ ھېچبىر يامان تەرىپى يوق. لېكىن نىجاسەت يەيدىغان ھايۋاننىڭ گۆشى پۇرايدۇ ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە خۇش كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ھايۋانلارنى بىرقانچە كۈن

---

651 ئىبىن ماجە، سۈنەن، ئەھكام 2340/17ـ2341؛ ئەھمەد ئىبىن ھەنبەل، مۇسنەد 55/5ـ56؛ مالىك، مۇۋەتتا، ئەقدىيە 600/2758؛ بەيھەقى، سۈنەنى كۇبرا، سۇلھ 11384.

652 مالىك، مۇۋەتتا، ئەداھى 28؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ، مۇسنەد 219/1ـ 226؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، زەبائىھ 11؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەتئىمە 25؛ نەسائى، سۈنەن، داھايا 43 ــ 44.

ساقلىتىپ، بۇ ئەسنادا ئۇلارنى پاك نەرسىلەر بىلەن بېقىپ ئاندىن ئۆلتۈرۈپ يېيىش ياخشىدۇر.

### د- ھايۋاننى سولاپ بېقىش ۋە ئېلىپ سېتىش

ئاللاھ تائالا بىر ئايەتتە (مائىدە 4/5) بەزى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، ئۇلارنى ئوۋچى قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىڭ جائىزلىقىنى، باشقا بىر ئايەتتە (نەھل 5/16): تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ ئەتىگەن-كەچتە ئوتلاققا ئاپارغان ۋە ئوتلاقتىن ئەكەلگەن چاغلاردا ئىگىلىرىگە زوق بېرىدىغانلىقىنى يەنە باشقا بىر ئايەتتە (نەھل 9/16) بولسا، ئۆزىنىڭ ئات، قېچىر ۋە ئېشەكلەرنى ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلاغ ھەمدە زىنەت قىلىپ ياراتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ ئەنئام تۈرى ھايۋانلارنى[653]، ئات، قېچىر ۋە ئېشەكلەرنى، باشقا زىنەت بولىدىغان ھايۋان ۋە قۇشلارنى، ئوۋچى قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولىدىغان ھايۋانلارنى سولاپ بېقىشنىڭ ۋە ئېلىپ سېتىشنىڭ جائىزلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، كۆندۈرۈپ ئوۋچى قىلىنماقچى بولغان يىرتقۇچ ھايۋان ۋە قۇشلار ھېچكىمنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدىغان بولسا، ئۇلارنى تۇتۇشقا ۋە تۇتۇپ سېتىشقا بولىدىغانلىقىنىڭ جايىزلىقىغىمۇ دالالەت قىلىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ئىككى ھەدىس:

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنەس ئىبنى مالىك (ر.ئە) مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئەبا ئۇمەير دەپ بىر كىچىك قېرىندىشىم بار ئىدى، ئۇنىڭ نۇغەير ئىسىملىك بىر قۇشى بار ئىدى، بۇ قېرىندىشىم ئۇ قۇش بىلەن ئوينايتتى، رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندە ئۇ ئۇكامنى كۆرسە: «ئى ئابا ئۇمەير، نېمە قىلدى نۇغەير!» دەيتتى[654].

ئىبنى ئۇمەر (ر.ئە)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر (ئە.س) مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى تاماقمۇ بەرمەي ۋە زېمىندىكى ھاشارەتلەرنىمۇ

---

653 تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە.

654 بۇخارى، سەھىھ ئىمان 31؛ مۇسلىم، سەھىھ، فىتەن 2888؛ نەسائىي، سۈنەن، تەھرىمۇددەم 4121؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، فىتەن ۋە مەلاھىم 4268؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، فىتەن 3965؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 51/5.

يېگىلى قويماي باغلاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋېتكەنلىكى ئۈچۈن دوۋزىخقا كىرىپ كەتكەن»[655].

دېمەك، ھايۋانلارنى سولاپ باققاندا ئۇلارغا راھەت ياشىيالايدىغان مۇھىت تەييارلاپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ساقلىق ۋە توقلۇقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى كېسەل ياكى ئاچ ھايۋان ئوينىيالمايدۇ.

655 بۇخارى، سەھىھ، بەدئۇلخەلق، 17، شرب 9، ئەنبىيا 50؛ مۇسلىم، سەھىھ، بىرر، 151 (2242).

# پايدىلانغان كىتابلار

**قۇرئان كەرىم**

ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەد ئىبىن مەھمۇد ماتۇرىيدىي (ۋاپاتى: 333 ھ)، **تەئۋىلاتۇل قۇرئان.**

ئەبۇلقاسىم مەھمۇد ئىبىن ئەمر ئىبىن ئەھمەد ئەززەمەخشەرى (ۋاپاتى: 538 ھ) **تەپسىرى كەششاف.**

ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبىن ئۆمەر ئىبىن ھەسەن ئىبىن ھۇسەيىن تەيمى رازى (606 ھ)، **تەپسىرى كەبىر،**

ناسىرۇددىن ئەبۇ سەئىد ئابدۇللاھ ئىبن ئۆمەر ئىبن مۇھەممەد شىرازى بەيداۋى (ۋاپاتى 685 ھ)، **ئەنۋارۇتتەنزىل ۋەئەسرارۇتتەئۋىل.**

مۇھيىددىن ئىبىن ئەھمەد مۇستەفا دەرۋىش (ۋاپاتى: 1403 ھ)، **ئىئرابۇلقۇرئان ۋە بەيانۇھۇ.**

شەيخ مۇھەممەد ھەسەنەين مەخلۇف (ۋاپاتى: 1410 ھ)، **سەفۋەتۇلبايان لىمەئانىلقۇرئان.**

ئەبۇ ئابدىللاھ مۇھەممەد ئىبىن ئىسمائىل بۇخارى (ۋاپاتى: 256 ھ)، **جامىئۇ سسەھىھ،**

ئەبۇل ھۇسەيىن مۇسلىم ئىبىن ھەججاج قۇشەيرى نىيسابۇرى (ۋاپاتى: 261 ھ)، **سەھىھ.**

ئەبۇ داۋۇد سۇلەيمان ئىبىن ئەشئەس ئىبىن ئىسھاق ئىبىن بەشىر ئىبىن شەدداد ئىبىن ئەمر ئەزدى سىجستانى (ۋاپاتى: 275 ھ)، **سۇنەن.**

ئەبۇ ئىيسا مۇھەممەد ئىبىن ئىيسا ئىبىن سەۋرە ئىبىن مۇسا ئىبىن زەھھاك تىرمىزى (ۋاپاتى: 279 ھ)، **سۇنەن.**

ئەبۇ ئابدۇراھمان ئەھمەد ئىبىن شۇئەيب ئىبىن ئەلى خۇراسانى نەسائى (ۋاپاتى 303 ھ)، **سۇنەنى سۇغرا، سۇنەنى كۇبرا.**

ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبىن ماجە (273 ھ)، **سۇنەن.**

مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك ئىبنى ئامىر ئەسبەهى مەدەنى (179 ھ)، **مۇۋەتتا**،

ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ھەنبەل ئىبنى ھىلال ئىبنى ئەسەد شىيبانى (241 ھ)، **مۇسنەد**.

ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى فەزل ئىبنى بەھرام ئىبنى ئابدۇ سەمەد دارىمى تەممى سەمەرقەندى (ۋاپاتى: 255 ھ)، **سۇنەن**.

ئىبراھىم جانان، ھەدىس ئېنسىكلوپېدىيەسى (تۈركچە) **كۇتۇبى سىتتە**، ئاقچاغ-زامان، ئىستانبۇل.

ئەبۇ بەكىر ئەھمەد ئىبنى ھۇسەين ئەلى ئىبنى مۇسا بەيھەقى (ۋاپاتى: 458 ھ)، **سۇنەنى كۇبرا**.

سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئىبنى جارۇد، ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى (ۋاپاتى: 204 ھ/819.م)، **مۇسنەد**.

سۇلايمان ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەييۇب ئىبنى مۇتىر لەخمى،ئەبۇ قاسىم تەبەرانى (ۋاپاتى: 360 ھ)، **مۇئجەمۇلكەبىر**، 386؛

ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ھاكىم نىيسابۇرى (ۋاپاتى: 405 ھ)، **مۇستەدرەك**، نىكاھ 2882.

ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى (ۋاپاتى: 852 ھ)، **فەتھۇلبارى شەرھۇ سەھىھ بۇخارى**،

خەلىل ئەھمەد ئىبنى مەجىد ئەلى ئىبنى ئەھمەد ئەلى سەھارەنفورى (ۋاپاتى: 1346 ھ)، **بەزلۇلمەجھۇد فى ھەللى سۇنەنى ئەبى داۋۇد**.

مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەبى ئەشھەل شەمسۇل ئەئىممە سەرەخسي (483 ھ)، **مەبسۇت**.

ئەبۇ مۇھەممەد مۇۋەففەقۇددىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھنەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى قۇدامە جەمائىلى، مەقدىسى، دەمەشقى، ھەنبەلى (ۋاپاتى: 620 ھ)، **مۇغنى، ئەلكافى في فىقھىل ئىمام ئەھمەد**.

ئەلائۇددىن ئەبۇ بەكىر ئىبنى مەسئۇد ئىبنى ئەھمەد كاسانىي ھەنەفىي (ۋاپاتى: 587)، **بەدائىئۇسسەنائىئ** .

ئەبۇ ئىسهاق ئىبراهىم ئىبنى ئەلى ئىبنى يۇسۇف شىرازى (ۋاپاتى: 476 ھ)، **ئەلمۇھەززەب فىي فىقهىل ئىمامى شافىئىي 438/1؛**

ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن سەلمان (ۋاپاتى: 1422 ھ)، **ئەلئەسئىلەتۇ ۋەلئەجۋىبەتۇلفىقهىييەتۇ.**

ۋەهبە ئىبنى مۇستەفا زۇھەيلى (ۋاپاتى: 1436 ھ)، **ئەلفىقهۇلئىسلامىي ۋە ئەدىللەتۇهۇ.**

ئەبۇلهۇسەيىن ئەھمەد ئىبنى فارىس ئىبنى زەكەرىييا قوزۋىنى (ۋاپاتى: 395 ھ)، **مۇئجەمۇ مەقايىسسللۇغە.**

ئەبۇلقاسىم ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد راغىب ئىسفەھانى (ۋاپاتى: 502)، **مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان.**

مۇھەممەد ئىبنى مۇكەررەم ئىبنى ئەلى ئەبۇلفەزل جەمالۇددىن ئىبنى مەنزۇر ئەنسارى رۇۋەيفئى ئىفرىقى (ۋاپاتى: 711 ھ)، **لىسانۇلئەرەب.**

ئىمام ھافىز ئىمادۇددىن ئەبۇ فىدا ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر دىمەشقى (ۋاپاتى: 774 ھ)، **بىدايە ۋە نىهايە.**

ئەبۇل ۋەلىد مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەزرەقىي (ۋاپاتى: 250 ھ)، **ئەخبارۇ مەككە ۋەما فىيها مىنەل ئاسارى.**

تەتقىقات ھەيئىتى، **قامۇسۇل قۇرئان- مۇئجەمۇل ھايۋان**، 1- باسمىسى، كۇۋەيت، مۇئەسسەسەتۇلكۇۋەيت لىتتەقەددۇمىل ئىلمىي، 1999، 14- بەت.

تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى.

ئەنەس ئالىم، **قۇرئان كەرىم ئىزاھلىق تەرجىمىسى**، 2017- يىلى 1- نەشرى، سۈلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى.

مۇھەررىرى: **مىھرنىسا ئەنەس ئالىم**
كوررېكتورى: **باتۇر قاراخانلى**
بەت ۋە مۇقاۋىسىنى لاھىيلىگۈچى: **راسىم شاكىر ئوغلۇ**


# لازىملىق دىنى ئىلىملەر

-1-

تۈزگۈچى: **ئەنەس ئالىم**

*


نەشر قىلغۇچى: سۇلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى
ئادرېسى:
Süleymaniye, Hoca Gıyasettin Mah. Şifahane Sok.
No:14 34134 Fatih / İstanbul
تېلېفون: 0212 5130093
فاكس: 0212 5112169
ئېلخەت ئادرېس: info@suleymaniyevakfi.com
تور ئادرېسى: www.musulmanlar.com www.suleymaniyevakfi.com
نەشرى: 2017- يىلى 7- ئاي 1- نەشرى.
باسمىسى: 2017- يىلى 7- ئاي 1- بېسىلىشى.
نەشر نومۇرى: 53
باسقۇچى: ماتسىز باسما زاۋۇتى (Matsiz Matbaa Sistemleri)
Tevfikbey Mahallesi. Dr. Ali Demir Caddesi. NO: 51 34290 Sefaköy/İstanbul.
Tel: 0212 6242111

ساتقۇچى: سۇلەيمانىيە ۋەقفى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-975-2423-11-4



بۇ ئەسەرنىڭ نەشر ھوقۇقى سۇلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتىغا ئائىتتۇر. نەشرىياتنىڭ رۇخسىتىسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ.


Süleymaniye Vakfı
Din ve Fıtrat Araştırmaları Merkezi

Süleymaniye Vakfı
YAYINLARI

Yayın No: 53
Süleymaniye Vakfı Yayınları

Her Musulman Üçün

# LAZİMLİK DİNİ İLİMLER

Kuran-Hedis Pütünlüki Asasida Fikih

**-1-**

**Enes Alimoğlu**

**Tasarım:** Rasim Şakiroğlu

**Birinci Baskı:** Ağustos 2017

**ISBN:** 978-975-2423-11-4

**SÜLEYMANİYE VAKFI YAYINLARI**
Süleymaniye, Hoca Gıyaseddin Mh.
Şifahane Cd. No: 14 / 34134 Fatih / İstanbul
**Tel:** 0 (212) 513 00 93 • **Fax:** 0 (212) 511 21 69
Yayıncı Sertifika No: 12628
www.suleymaniyevakfi.com
info@suleymaniyevakfi.com

**Baskı ve Cilt:**
Matsis Matbaa Sistemleri
Tevfikbey Mahallesi Dr. Ali Demir Caddesi No: 51
34290 Sefaköy/İstanbul Tel: 0 (212) 624 21 11

**Genel Dağıtım:**
Süleymaniye Vakfı Yayınları
Tel: 0 (212) 513 00 93 Fax: 0 (212) 511 21 69
www.suleymaniyevakfi.com
info@suleymaniyevakfi.com

**Copyright© Süleymaniye Vakfı Yayınları 2017**
*Bu eserin tüm hakları Süleymaniye Vakfı Yayınları'na aittir.*
*Yayıncının izni olmaksızın tümüyle veya kısmen yayınlanamaz,*
*kısmen de olsa fotokopi, film vb. tekniklerle*
*çoğaltılamaz ve elektronik ortamlarda yayınlanamaz..*

Süleymaniye Vakfı
Din ve Fıtrat Araştırmaları Merkezi
1993

Süleymaniye Vakfı
YAYINLARI